


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن سكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرى 2



# كونا-يېڭى ئىشلار

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئابلىكىم ھەسەن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئابلىز ئابباس**
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غالىب شاھ**

مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىدىن تاللانما (2)

# كونا - يېڭى ئىشلار

ئاپتورى: **مەمتىمىن ھوشۇر**

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 - نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar @126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىنبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 12.125
2009 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى
2015 - يىلى 4 - ئاي 3 - بېسىلىشى
ISBN978-7-5371-8022-1
باھاسى: 30.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

## مۇندەرىجە

### ھېكايىلەر

ئاخىرقى سىناق ........ 1
ئىككى پارچە خەت ........ 25
سودىسى ئاقىقان بىر دۇكان ........ 37
مەنمۇ قىزاردىم ........ 53
كونا - يېڭى ئىشلار ........ 57
يېڭى كېسەل ........ 77
شاھ ۋە قاغا ........ 88
غەلىتە قىلىق ........ 111
ئۆلۈككە خەت ........ 115
«تەكشۈرۈش» ........ 148
ئادەت ........ 152
بىر مەشھۇر كىشى ........ 164
«مۇساپىرلار قاۋىقى»دا ........ 176
ئاق مەسچىت ........ 199

### ئەسلىمە

ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنى ئەسلەيمەن ........ 252

ئوچېرك

ئاتاقلىق مۇقامچى كارۇشاڭ ئاخۇنۇم …………… 264

پوۋېست

خاسىيەتلىك قار ……………………………… 284

# ئاخىرقى سىناق

گۇلى !

ئىككىمىز تەڭ ئوتۇن تاشلاپ يالقۇنجاتقان مۇھەببەت يالقۇنى ھازىر ئۆچۈش ئالدىدا تۇرۇپتۇ . گويا ئىككىمىزنىڭ قانچە ئايدىڭ كېچىلەرنى سەيلە بىلەن ئۆتكۈزگەنلىرىمىز ، باغچىلارنىڭ ئورۇندۇقلىرىدا بىر گەۋدە بولۇپ ئولتۇرۇپ سىرداشقانلىرىمىز ، كەلگۈسى ھاياتىمىزنىڭ چىرايلىق پىلانلىرىنى قۇرۇشقانلىرىمىز ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك ، خەيرلىشىش كېچىلىرىدىكى ۋەدىلەر ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك ، سىز : «… بۇ قانداق سۇس ، يېقىمسىز مۇھەببەت ـ ھە !… مۇھەببەتنىڭ بۇنچىلىك ئوتى بىلەن قانداقمۇ ئاداققىچە بىللە ياشىيالايمىز ؟ قوشۇلسىڭىز ، ئاۋۋالقىدەكلا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالساق ، بۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدىغان ئوخشايدۇ ، ئويلىشىپ بېقىڭ !» دەپ يېزىپسىز .

سىزنىڭ خەتلىرىمگە جاۋاب بەرمەي ، ئۇزاق جىمىپ كەتكەندىن كېيىن يازغان بۇ خېتىڭىز مېنى كۆپ ئويلاندۇردى . مەن سىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن . سىزنىڭمۇ مېنى چىن يۈرىكىڭىزدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى . قاراڭغۇ كېچىلەردە ، تۇن يېرىمىدىن ئۆتكۈچە سانسىز

يۇلتۇزلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ، كەچۇرمىشلىرىمىزنى ھېكايە قىلىشقانلىرىمىز ئېسىمگە كەلسە، ھېلىمۇ يۈرىكىم ھاياجاندىن دۇپۇلدەپ ئۇرىدۇ. سىزنىڭ يازغانلىرىڭىزغا ھەيران بولدۇم. سىز شەبنەم تامچىسىدەك تازا مۇھەببىتىمىزنى قارىلاپسىز. كىشى ئىختىيارسىز «گۈلى باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا، مۇناسىۋەتنى مۇشۇنداق باھانىلەر بىلەن ئۈزمەكچىمۇ، قانداق؟» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. لېكىن سىزنىڭ ئۇنداق بىمەنە قىز ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ...

يېقىندا، ياشانغان بىر كىشى بىلەن سەپەر ئۈستىدە تونۇشۇپ قالدىم، ئۇ مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بىر ئىشنى ئېسىمگە ئالغاندەك بولدى ـ دە، بىر چاغلاردا قولىغا قانداقتۇر ياشلارنىڭ ئۆزئارا يېزىشقان خەتلىرى چۈشۈپ قالغانلىقىنى، بۇ خەتلەر ناھايىتى قىزىقارلىق بولغاچقا ھازىرغىچە ساقلاپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ، خەتلەرنى ماڭا بەرمەكچى بولدى. كېيىن مەن كۆرسىتىلگەن ئادرېس بويىچە ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىنى تېپىپ، ھېلىقى خەتلەرنى ئالغاندىم. شۇ خەتلەرنى سىزگە ئەۋەتتىم. كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن خەتلەرنى ماڭا قايتۇرۇۋېتەرسىز. بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان مۇھەببىتىمىز ھەققىدە بۇ خەتلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىرنېمە دېيىشەرمىز.

سىزنى ھېلىمۇ قەدىرلەپ:

ئوبۇل.



× ×

راھىلە، سالامەتمۇسەن؟

بۇ خەتنى ساڭا ئالدىراش يېزىۋاتىمەن. 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئىلى دەرياسىدا بىر قىز ئېقىپ ئۆلدى. «بۇ كىم؟» دېمەمسەن، بۇ ھەممىمىز ياخشى كۆرىدىغان قىز، سېنىڭ سىرداش دوستۇڭ زاھىدە. ۋەقە مۇنداق بولغان:

شۇ كۈنى يەكشەنبە بولغاچقا قىزلار يىغىلىپ سەيلىگە چىقىشقان. چۈشتىن كېيىن دەريا بويىغا كېلىپ سۇغا چۆمۈلۈشكەن. زاھىدە سۇغا ئۈچىنچى قېتىم چۈشكەندە كۈچلۈك ئېقىن تەرەپكە كېتىپ قالغان. گويا ئۇ قىرغاقتىكى دوستلىرى بىلەن ۋىدالاشماقچى بولغاندەك قولىنى بىرلا پۇلاڭلىتىپ دولقۇن ئىچىدە غايىب بولغان. قىزلار چۇرقىرىشىپ، تېپىرلىشىپلا قالغان. مەن بۇ خەۋەرنى كەچقۇرۇن ئاڭلىدىم. ئىنتايىن قايغۇردۇم. ئەجەب ياخشى قىز ئىدى. ئۇنىڭ جەسىتى بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن دەريانىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدىن تېپىلدى...

بىزنىڭ يېقىن دوستىمىز ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرغان ھالدا ئارىمىزدىن ئەنە شۇنداق كەتتى. مەن بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقە ئۈستىدە كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىدىم، ئويلىغانسېرى كاللامغا «زاھىدە ئېھتىياتسىزلىقتىن كۈچلۈك ئېقىن تەرەپكە كېتىپ قالغان ئەمەس، ئۇ ئەتەي ئۆزىنى ئەجەل قوينىغا ئاتقان» دېگەن پىكىر كەلدى. مېنىڭدە ئۆز گۇمانىمنى ئەستىقلايدىغان مۇنداق پاكىتلار بار: زاھىدە شۇ كۈنى ناھايىتى مەيۇس يۈرگەن. بۇ كۆلگۈنچەك قىزدىكى ئۆزگىرىشنى دوستلىرى دەرھاللا سەزگەن ۋە ھەيران بولۇشقان. شۇ كۈنى كۈن

قاتتىق ئىسسىپ كەتكەچكە، قىزلار سۇغا چۆمۈلۈپ سالقىنلاپ قايتماقچى بولۇشقان. باشقا قىزلار سۇغا بىر ـ ئىككى قېتىمدىن چۆشۈپلا بولدى قىلىشقان. لېكىن، زاھىدە ھەممە قىزلار كېيىنىۋاتقاندا، يەنە ئۈچىنچى قېتىم سۇغا قاراپ ماڭغان…

زاھىدە دەپنە قىلىنغان كۈننىڭ ئەتىسى مەن زاھىدە بىلەن تىككۈچىلىك ئىشخانىسىدا بىللە ئىشلەيدىغان رىزۋان دېگەن قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بىز زاھىدە توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. ئۇ ماڭا زاھىدەنىڭ تېخى يېزىپ تۈگىتىشكە ئۈلگۈرمىگەن بىر پارچە خېتىنى بەردى (مەرھۇمنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە يازغان بۇ خېتىنىڭ پوچتىدا تاسادىپىي يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ساڭا خەتنىڭ ئۆزىنى ئەۋەتمىدىم. مەزمۇنىنى تولۇق كۆچۈردۈم). خەتتە مانا مۇنداق دېيىلگەن:

«زوردۇن!

ھېلىقى كىشىدىن ئەۋەتكەن خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالدىم ۋە سېنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقلىرىڭ ھەققىدە ئۇ كىشىدىن تولۇق ئاڭلىدىم. خەۋەر ماڭا ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلدى. قەلبىمدىكى چىگىش ھېسسىياتلارنى قەغەزگە يېزىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن… مەن سېنى كۈتتۈم، لېكىن سەن كۈتەلمىدىڭ؛ قانچە كېچىلەر قايتا ـ قايتا قىلىنغان ۋەدىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن مەن چىقالىدىم، ئەمما سەن چىقالمىدىڭ؛ مۇشۇ بىرنەچچە يىللىق ئايرىلىش جەريانىمىزدا مەن قىلالىغان ساداقەت، سەۋر ـ تاقەتنى سەن قىلالمىدىڭ.

زوردۇن، مەن سېنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرىمەن. ساڭا بولغان



ئوتلۇق مۇھەببىتىم بىلەن سېنىڭ خاتالىقىڭغا ئېچىنىمەن. جازالىنىشتىن قۇتۇلۇش يولى پەقەت سېنىڭ شۇ قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشۇڭ ۋە بىزنىڭ «ئۆمۈرلۈك» دەپ ۋەدە قىلىشقان مۇھەببىتىمىزنىڭ لەيلىقازاقتەك توزۇپ كېتىشى بىلەن ھەل بولىدىغان بولسا، مەيلى، مەن سېنىڭ مۈشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلۇشۇڭ ئۈچۈن ھەممىنى قۇربام قىلىشقا رازى. ئەمدى مەن سېنى ئۇ قىزدىن تارتىۋېلىشنى خالىمايمەن. مېنى دەپ ئازابلانما، سىلەر بەختلىك بولۇڭلار!

زوردۇن، يالغۇزلۇقتا تارتقان كۈلپەتلىرىمنى، سەن ئۈچۈن تارتقان ئېغىرچىلىقلىرىمنى ئېيتىپ ئولتۇرۇش ئەمدى ھاجەتسىز. ئارىمىزدىكى ھەممە نەرسە تامام بولدى… ئەمدى بىز ئائىلە قۇرغىنىمىز بىلەنمۇ ئائىلىمىز بىز ئويلىغاندەك بەختلىك ئائىلە بولمىغان بولاتتى. چۈنكى مۇھەببەتنىڭ ساپ مىنۇتلىرى ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ بولغانىكەن. مەن ھەقىقەتەنمۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا ئىكەنمەن. شۇنداق بولار دەپ پەقەتلا ئويلىماپتىمەن. ئەمدى ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش… »

خەت مانا مۇشۇ يەردە تۈگەيدۇ. خەتنىڭ داۋامىدا ئېيتىلىدىغان دەردلىك سۆزلەرنى زاھىدە ئۆز يۈرىكىدە ئەكەتكەن.

راھىلە، قانداق؟ مېنىڭ گۇمانىمنىڭ توغرىلىقىغا ئەمدى ئىشەنگەنسەن؟

ئېھتىمال، مېنىڭ پەرىزىم خاتادۇ. چۈنكى، زاھىدە ھاياتتىن ئۇڭايلا ۋاز كېچىدىغان ئۇنداق بوش، ئىرادىسىز قىزلاردىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن ئېغىر زەربىلەرنى ياش قىزغا تەسىر قىلمىدى، دەپ كىم

ئېيتالايدۇ ؟… زاھىدە زوردۇننىڭ خېتىنى ئېلىشتىن ئىلگىرى ئائىلىدە قىيىن كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن . خەتنى ئالغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىگە يېڭى ھەسرەتلەر كېلىپ قوشۇلغان . زاھىدە ئاخىرىدا ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كەلگەن . ئۇ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى زوردۇنغا پۈتۈن دەرد ـ ئەلەملىرىنى ، ئۆز مۇھەببىتىنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇشنى ئويلىغان . 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى كۈتۈلمىگەن ساياھەت ئۇنىڭ ئۆلۈم سائىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن . زاھىدە دولقۇنلاپ تۇرغان دەريانى كۆرۈپلا مۇنداق قۇلاي پۇرسەتنى قولدىن بېرىشنى خالىمىغان . شۇنداقتىمۇ ئۇ ھاياتتىن تەسلىكتە ئۈمىد ئۈزگەن (بولمىسا ئۇ بىرىنچى قېتىم سۇغا چۈشكەندىلا كېتىپ قالغان بولاتتى ) . قىز ئۆلگەن ، زوردۇنغا بېغىشلانغان خەتنىڭ داۋامى يېزىلماي قالغان…

راھىلە ، سەنمۇ ئۆز پىكرىڭنى يازارسەن . ئەمدى مەن ئىككىنچى شەخس زوردۇن توغرىسىدا ئازراق سۆزلەي : زوردۇننى بىز «ئوبدان بىلمىز» دەپ ئويلايتتۇق . ئۇ ياخشى پىكىرلىك دوست ئىدى . زاھىدە ئىككىسىنىڭ مىجەزى ئوخشىشىپ كېتەتتى . زوردۇن ئوغۇللار ئىچىدە ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى . بىز زوردۇن بىلەن زاھىدە ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى دەسلەپتە ئاڭلىغىنىمىزدا ھېچقايسىمىز ئەجەبلەنمىگەنىدۇق . بىزگە خۇددى شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك تۇيۇلغانىدى . چۈنكى ، ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ناھايىتى ئامراق ، خۇددى زوردۇن زاھىدە ئۈچۈن ، زاھىدە زوردۇن ئۈچۈن تۇغۇلغاندەكلا ئىدى… ئارىدىن يىللار ئۆتتى . زوردۇن ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمىدى . ئاقىۋەتتە سۆيگەن قىزنىڭ جېنىغا



زامىن بولدى . ھازىر مەن زوردۇننى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم نەپرەتلىنىمەن . ئۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى تارتىشى كېرەك . ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى بىلىدىغان ئاز سانلىقلاردىن باشقا ھەممە كىشى زاھىدەنى «ئېھتىياتسىزلىقتىن ئېقىپ ئۆلدى» دەپ ھېسابلايدۇ . بىزمۇ «ياق ، ئۇنداق ئەمەس» دەپ داۋراڭ سالالمىغاچقا ئەمەسمىز ، شۇڭا ، ئۇنىڭ جىنايىتى قانۇن ئالدىدا يېپىق پېتى قالىدۇ . ئەمما ، دوستلارنىڭ ئۇنىڭغا جازاسى بار ، ئۇ بولسىمۇ زوردۇندىن مەڭگۈ نەپرەتلىنىش !

راھىلە ، سالامەت بول .

ئابلىز .

× ×

ئابلىز !

يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم . زاھىدەنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ يىغلىۋەتتىم . ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى قىز ئىدى . سىزنىڭ خېتىڭىز يېتىپ كېلىشىنىڭ ئالدىدىلا مەن ئۇنىڭ 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدە يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالغانىدىم . ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرى ھەققىدە يازغانىكەن . ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇپ يۈرەكلىرىم مۇجۇلغانىدى .

ئابلىز ، سىزنىڭ زاھىدەنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى پەرەزلىرىڭىزگە قوشۇلىمەن . سىز ئۇنىڭ ماڭا يازغان خېتىنى ئوقۇپ كۆرۈڭ :

«دوستۇم راھىلە !

ساڭا ئۇزاقتىن بېرى خەت يازالمىدىم ، رەنجىمىگەنسەن ؛

زاھىدەخانغا نېمە بولدى ، دەپ ئويلىغانسەن؟ دوستۇم ، بۇ ئارىلىقلاردا مېنىڭ بېشىمغا ئېغىر كۈلپەتلەر چۈشتى . ئىلگىرى مەن نېمىدېگەن خاتىرجەم ئىدىم . يېقىن دوستلىرىم ، مېھرىبان ئاتا ـ ئانام ، ياخشى كۆرگەن يىگىتىم بار ئىدى . ئەڭ مۇھىمى مەن ئەركىن قىز ئىدىم . بىر قىز ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق بەخت بولامدۇ؟ !...

راھىلە ، سەن بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىسەن . شۇنداق قىلىپ ، زوردۇن ئالىي مەكتەپكە كەتتى ، مەن ئۆيدە قالدىم . ئۆزۈڭ بىلىسەن ، دادام كونا قائىدىلەرنى ياقلايدىغان ئادەم . ئاپاممۇ ئۇنىڭغا يول قويىدۇ . مەن ئائىلىدە بارغانسېرى قىسىلىشقا باشلىدىم . مېنى ئىشخانىغا بېرىشتىن توسۇپ قويۇشتى ، مەن ئۈچۈن زېرىكەرلىك كۈنلەر باشلاندى . بىكارچىلىقتا ئۆگەنمىگەن ئادەمگە بىكارچىلىقنىڭ بىر زۇلۇم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . ھېچنېمىدىن غەمسىز چۇرقىرىشىپ ئوينىغان ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمىزنىڭ قەدرىگە يەتتىم . شۇ كۈنلەردە مەن قىزلارغا خاس ئۆزۈن قۇلاقلىقىم بىلەن ئائىلىدىكىلەرنىڭ مېنى تۇرمۇشقا چىقىرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدىم . بۇ ئىش توغرىسىدا زوردۇنغا ئېغىز ئاچمىدىم . ئاخىرىدا ھەممىنى ھەل قىلىدىغان ئۆزۈمغۇ . مەنلا چىڭ تۇرسام ، كىممۇ مېنى مەجبۇرلىيالايتتى؟ دەپ ئويلايتتىم . زوردۇن تۈز كۆڭۈل يىگىت ، مەن ئۇنى جېنىمدىن ياخشى كۆرىمەن . شۇڭا ئائىلىدىكى مۈشكۈلچىلىكلەرنى ئۆزۈملا تارتاي ، زوردۇن بولسىمۇ خاتىرجەم ئوقۇسۇن ، ئۇ قايتىپ كەلگەندە ، سۆيگەن قىزىنىڭ قانداقلىقىنى ئاندىن بىلسۇن ، ھەقىقىي ساپ مۇھەببەتنى چۈشەنسۇن ،



دېدىم...

كۈنلەر ئېغىر ئۆتتى . مېنى تۇرمۇشقا چىقىرىش توغرىسىدىكى گەپلەر بارغانسېرى راستقا ئايلاندى . ھەربىر كېچىنى تەشۋىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم . ئالدىمدا مېنى كۈتۈپ تۇرغان سىناقلارنى ئويلىسام قورقاتتىم . بۇ توقۇنۇشتا چوقۇم يېڭىپ چىقىشىم كېرەك ، دەپ غەيرەتلىنەتتىم... ئاشۇ كۈنلەردە ئاپام ماڭا بەك سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ كەتتى . كۆلكىسى بەكمۇ قىممەت دادام مېنى كۆرگەندە «قىزىم !» دەپ كۈلۈپ قوياتتى . ئون بەش ياشلىق سىڭلىممۇ ماڭا غەلىتە قارايدىغان بولۇپ قالدى . ماڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . پەقەت ، ئۈچ ياشلىق ئىنىم رىشاتلا ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز ، ماڭا ئىلگىرىكىدەكلا مۇلايىم ئەركىلەيتتى...

ئۇلار ماڭا توي توغرىسىدا مەسلىھەت سالىدىغان دەھشەتلىك كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى . مەن تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلدىم . چۈشەندۈرۈش ، ئىشەندۈرۈش ، دوق قىلىشلار بىر ھەپتە داۋاملاشتى . مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەس ، ھېچنېمىگە ئىشەنمەس بولۇۋالدىم ؛ دوقلارغا تەرسالىق بىلەن جاۋاب قىلاتتىم . شۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنىدە تاماق يېيىشتىنمۇ باش تارتتىم . ئۆيدىكىلەر ئاخىر مېنىڭ كۆڭلۈمدە ۋەدىلىشىپ قويغان بىر ئادىمىمنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىشتى ، دادامنىڭ بۇ ئىشقا قاتتىق غەزىپى كەلدى . ئۇ ماڭا دارتىملاپ ، سىڭلىمغا : «قىز بالا دېگەننى خۇدايىم ئىت ـ ئېشەككە بەرسۇن ، نېمىشقىمۇ ھەرقايسىڭنى كىچىكىڭدىلا تىرىك كۆمۈپ تاشلىمىغاندىمەن !» دەپ ۋارقىرايتتى . ئاپام ماڭا قېيىداپ ھېچ

ئىشنى قىلدۇرمايدىغان بولدى . ئۇ : «بولدى ، سەن يەپ ـ ئىچىپ قاراپلا ئولتۇر ، ئۆيىنىڭ ئىشىغا ئۆزىمىز يېتىشىمىز » ، دەيتتى . يېگەن تاماقلىرىم گېلىمدىن زەھەر بولۇپ ئۆتىدىغان بولدى . ئۆيدىكىلەر مەن بىلەن تۈزۈك گەپلەشمەيتتى . ھەتتا رىشاتمۇ ماڭا كېلىپ ئەركىلىگىنى ئۈچۈن بىرنەچچە قېتىم تاياق يېدى . ماڭا بۇ ئۆيدە كىتابتىن باشقا دوست قالمىغانىدى . كېيىن ، دادامنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ، «ئادەم بۇزىدىغان » بۇ كـــــتابلارمۇ تىقىۋېتىلدى . ئەلەمگە چىدىماي چوڭ دادامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھالىمنى ئېيتتىم ، يىغلىدىم . بىر كۈنى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە ، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي ، دەپ ئىشخانـــــغا كېـتىۋەردىم . ئـۆيدىكىلەر چــرايمۇ ئېچـــشمــــــــدى ، گەپمۇ قىلمىدى... شۇنداق قىلىپ مەن قاراڭغۇ زىنداندىن ، بىكارچىلىق ئازابىدىن قۇتۇلۇپ ، يەنە ئىشخانىغا بېرىپ ئىشلەشكە باشلىدىم .

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى . ئائىلىدىكى توك ئاستا ـ ئاستا ئېرىشكە باشلىدى . ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈرىكى ئۆز پەرزەنتىنـــى ئازابلاشقا چىـــــدامدۇ ؟ ! ئۇلار مەن بىـــــلەن ئانچە ـ مۇنچە پاراڭلىشىدىغان بولدى . بىر قېتىم ، ئۇزاقتىن بۇيان ئويۇنغا بارمىغانلىقىمىزنى ئەسلەپ ، رىزۋان ئىككىمىز «رىزۋان بىلەن ئىشخانىدا ئىشلەپ يۈرۈپ دوست بولۇپ قالدىم . ئۇ ئىش تىكىشكە ئۇستا ، سەن كەلگەندە تونۇشتۇرۇپ قويىمەن » ، كىنوغا باردۇق . كىنودىن يېنىپ ، رىزۋاننى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتـــپ كېلىۋاتاتتىم ، ئاي ئەتراپنـــى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتـــى . قورققۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى . ئۆيگە ئاز قالغاندا تۇيۇقسىز ئالدىمدىن ئېگىز بويلۇق بىرى چىقىپ ئۇدۇللاپ كېلىـــــشكە باشلىدى . مەن ئۇنىڭغا يول بوشاتتىم . لېكىن ئۇ توپتوغرىلا



ئالدىمغا بېسىپ كېلىپ ، يۈزۈمگە بىر كاچات سالدى ـ دە ، تېز مېڭىپ ئۆتۈپ كەتتى . تاياق تەگكەن مەڭزىم ئوت بولۇپ ياندى . يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالدى .

دوستۇم ، ئۆيگە كېلىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ كېچىچە يىغلىدىم . ئەمما ، بۇ ئىش توغرىسىـــدا رىزۋاندىن باشقا ھېچ كىشىگە ئېغىز ئاچمىدىم . كېيىن ئۇقسام ، مېنى ئۇرغان ھېلىقى لۈكچەك ئۆيدىكىلەرنىڭ مېنى بەرمەكچى بولغان ئادىمى ئىكەن ، شۇنىڭدىن كېيىن كىنوغىمۇ بارماس بولدۇم .

راھىلە ، ئەنە شۇنداق كۈنلەر بېشىمدىن ئۆتتى . ھەممىنى يەڭدىم . ئويلىغىـــنا ، مەن نېمە ئۈچۈن ، كـــــم ئۈچۈن شۇ كۈلپەتلەرنـــى تارتتىــــــم ؟ شۇ ئۇنتۇلماس ئېغىـــــر كۈنلەر ، ئۆيدىكىلەرنىڭ سالغان خورلۇقى ۋە بىگۇناھ يېگەن بىر شاپىلاقنى ئويلىسام ھېلىمۇ ئىچىم ئېچىشىدۇ ، لېكىن بۇ ئىشلارغا قىلچە مەيۈسلەنمىدىم . چۈنكى ، سۆيگەن ئادىمـــــــمگە سادىق بولۇپ قالغانلىقىمنى ئويلىســام كۆڭلـۈم كۆتۈرۈلەتتــى . لېكـــن ، مـــەن يېڭىلگەنىكەنمەن...

مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا ماڭا بىر كىشى زوردۇندىن بىر پارچە خەت ئەكېلىپ بەردى . خەت مۇنداق قىسقىلا يېزىلغان :

«راھىلە ! مەن خاتالاشتىم . ئالدىڭدا تۈزىتىـــپ بولماس ئېغىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزدۈم . بۇ ئىشنى ئۆز ئاغزىم بىـــلەن ئېيتىشقا قانداقمۇ يۈزۈم چىدىسۇن ! قالغان گەپنى بۇ خەتنى ئېلىپ بارغان كىشىـــدىن ئۇقارسەن . ئەھۋال شۇنداق . مەن ئۇنىڭغا باغلىنىشىم كېرەك . سەن مېنى كۈتمىگىن... »

بۇ خەتنى ئەكەلگەن كىشىنىڭ ئېيتىشىـــچە ، زوردۇن ئۇرۇمچىدە بىر قىز بىلەن تونۇشقانىكەن . ھازىر قىز ئۇنىڭدىن

هامىلدار بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىككىسى توي قىلمىسا بولمايدىكەن .

دوستۇم ، مەن زوردۇننى «ئۆزۈمنىڭ» دەپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ھەممە ئېغىرچىلىقلارنى تەمتىرىمەي يەڭگەنىدىم . لېكىن ، بۇ قېتىم نېمە قىلىشىمنى بىلمەي گاڭگىراپلا قالدىم . مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم . ئالىبۇرۇنلا كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈرلۈك بولۇشنى قارار قىلىپ بولغانىدىم . ئارىمىزدىكى مۇھەببەتنىڭ چىنلىقىغا قىلچىمۇ گۇمانىم يوق ئىدى . ھەتتا ، ھازىرمۇ زوردۇننىڭ ئاشۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ... قىسقىسى ، مەن ئالدانغانىكەنمەن . مەن ئەمدى ئىككىنچى بىر كىشىنى زوردۇننى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەلەرمەنمۇ ؟... بۇنداق بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن . ھەسرەتلىك قەلبىمگە تەسەللى بولغۇدەك ھېچ نەرسە يوق !

خەير ، راھىلە ، سۆزلىرىم تۈگەپمۇ قالدى . سەن بەختلىكسەن . بۇرۇن مەن سېنىڭ تۇرمۇشۇڭغا قىزىقمايتتىم . ئۆزۈم بەختلىك چاغلاردا سېنىڭ بەختىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنمىگەنىدى . ئەمدى ئويلىسام ، سەن ھەقىقەتەن بەختلىك ئىكەنسەن . سېنىڭ ئابلىزىڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئەھۋالىمنى سوراپ تۇرىدۇ . ئۇ ياخشى يىگىت . سەن دەم ئېلىشقا كەلگەندە بىللە بولارسىلەر ، ئۆتكەن ئىشلارنى — بىللە ئوقۇغان چاغلىرىمىزنى ، مېنىڭ بىچارە بولۇپ سۇنغان مۇھەببىتىمنى ئەسلەرسىلەر . سەن ئۇنىڭ كۆكرىكىگە بېشىڭنى قويىسەن . جېنىم دوستۇم ! مەن ئۇنداق بەختتىن مەھرۇم بولدۇم . زوردۇننىڭ كەڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويغان نامەلۇم قىزنى ئويلىسام ، ئۇنى بوغۇپ قويغۇم كېلىدۇ . بىراق ، ئۇ قىزدا نېمە



گۇناھ ؟... ئاھ ، تونۇش كۆكرەككە ئەمدى يات بىر قىز بېشىنى قويىدۇ . ئۆزۈمنىڭ دەپ ئىشەنگەن قوي كۆزلەر ئەمدى يات قىزنىڭ بېشى ئۈستىگە تىكىلىدۇ . ئويلىساڭ قانچىلىك ئەلەم - ھە ! ؟

خەير ، راھىلە ، بەختلىكسەن . يېرىم يولدا ئۈچۈپ كېتىدىغان بەختتىن خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن . مەڭگۈ بەختلىك بول .

ھەسرەتلىك دوستۇڭ زاھىدە . »

ئابلىز ، سىز ئېيتقاندەك زاھىدەنىڭ ئۆلۈمىگە زوردۇن سەۋەبچى بولغان . بىز ئۇنىڭدىن مەڭگۈ نەپرەتلىنىمىز . بولغان ۋەقەگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ . مانا ، تۈنۈگۈنلا ماڭا ئۆز ھەسرەتلىرىنى تۆكۈپ خەت يازغان ، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان ، كۆزلىرى دائىم كۈلۈپ تۇرىدىغان ئاشۇ قىز بۈگۈن دۇنيادا يوق ، ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرىدىغان ئاشۇ كۆزلىرى مەڭگۈ يۇمۇلغان ، دېسە كىممۇ ئىشىنىدۇ ! ؟ ماڭا ئەتىلا ئۇنىڭدىن يەنە خەت كېلىپ قالىدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ . ھەي ، ئىسىت !...

ئابلىز ، بولغان ۋەقەلەر توغرىسىدا زوردۇن تېخى ھېچنېمە ئۇقماسلىقى مۇمكىن . ئۇ تېخى ئۆزىنىڭ ھېلىقى نامەلۇم كىشىدىن ئەۋەتكەن خېتىگە زاھىدەنىڭ نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ . ئۇنىڭغا سادىر بولغان ھەممە ئىشنى قاتتىق ئۇقتۇرۇش كېرەك . مېنىڭچە ، بۇنى سۆز بىلەن ئېيتقاندىن كۆرە ، ئاشۇ ۋەقەدىن كېيىن بىزنىڭ يېزىشقان خەتلىرىمىزنى ۋە زاھىدەنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا يازغان خەتلىرىنى ئۇنىڭغا بەرسەك ، ئۇ ئۆزى ئوقۇپ چۈشەنسۇن ، دوستلار ئالدىدا قانچىلىك نەپرەتلىك

ئورنۇغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلسۇن . بۇ ئۇسۇلنى مۇۋاپىق دەپ قارىسىڭىز ، قولىڭىزدىكى خەتلەرنى ماڭا ئەۋەتەرسىز . ئۇنى قولۇمدىكى خەتلەر بىلەن قوشۇپ زوردۇنغا بېرىمەن .

سالامەت بولۇڭ .

سىزنىڭ راھىلە .

× ×

ئابلىز ، سالامەتمۇسەن ؟

تۈنۈگۈن راھىلە ماڭا ھەممە خەتلەرنى ئەكېلىپ بەردى . راھىلەنىڭ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولدۇم . لېكىن ، ئۇنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى مېنى ھەيران قالدۇردى . پەقەت ئۇ كېتىپ ، بارلىق خەتلەرنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىققاندىن كېيىنلا ھەممىنى چۈشەندىم .

ئابلىز ، مەن ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدىم . سىلەر مېنىڭدىن نەپرەتلىنىشكە ھەقلىقسىلەر . مەن جىنايەتچىمەن . سىلەرنىڭ نەپرەت بىلەن قارىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىمەن ۋە يەنە ئۆز ۋىجدانىم تەرىپىدىن ئازابلىنىمەن...

ئابلىز ، چۈشىنەمسەن ؟ كاشكى مەن راستتىنلا شۇنداق غەيرىي بىر قىز بىلەن يۈرۈپ ، زاھىدە بىلەن بولغان مۇھەببىتىمىزگە خىيانەت قىلغان بولسام ، ئۇ چاغدا ئۆز سۆيگىنىمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ۋە سىلەرنىڭ نەپرەتلىك قاراشلىرىڭلارنىڭ ئازابى ماڭا مۇنچە ئېغىر چۈشمىگەن بولاتتى . ھازىرمۇ مەن زاھىدەگە بولغان مۇھەببىتىمنى پاك ساقلاپ كەلمەكتىمەن . لېكىن ، مېنىڭدە ئۇنىڭ ماڭا بولغان



ياخشى كۆرۈشىگە ئىشەنچ كەم ئىدى . مانا شۇ ئىشەنچسىزلىك مېنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشۈمگە ، زاھىدەنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولدى . زاھىدەگە بولغان مۇھەببىتىم ئاشقانسېرى ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىم كېمىيىپ باراتتى . گويا ئۇ مېنى ئاخىرغىچە كۈتەلمەيدىغاندەك ، ئاخىرىدا مېنى ئېغىر نادامەتتە قويىدىغاندەك سېزىلەتتى . ھەتتا بەزىدە : ئۇ ھازىر باشقا بىرى بىلەن يۈرۈۋاتامدىغاندۇ ؟ دەپ ئويلايتتىم . ئۇنىڭ كېلىشكەن قامىتى ، بۇلاقتەك چىرايلىق كۆزلىرى ۋە يېيىلىپ چۈشكەن بوستان چاچلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم چۆچۈپ كېتەتتىم . شۇ قامەت ، شۇ ئاجايىپ كۆزلەرنىڭ كەلگۈسىدە ماڭا تەئەللۇق بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى . قىسقىسى ، مەن ئۆز قولۇمدىكى بەختىمنى پېتىنىپ ئۆزۈمنىڭ دېيەلمىدىم . ئەنە شۇنداق گۇمانىي پىكىرلەر نەتىجىسىدە زاھىدەنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنى سىناپ باقماقچى بولدۇم . نامەلۇم بىر قىز بىلەن بولغان ۋەقەنى توقۇپ چىقاردىم . زاھىدەنى بۇ ئىشلاردىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشنى بىر كىشىگە مۇراجىئەت قىلدىم ۋە ھېلىقى كىچىككىنە بىر پارچە خەتنى قوشۇپ ئەۋەتتىم . مەن : زاھىدەنىڭ بۇ ئىشقا قايتۇرغان ئىنكاسىدىن ئۇنىڭ مېنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرىدىغان ياكى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ ، دەپ ئويلىغانىدىم . ئەمما ، بۇ سىناق مەن خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىنتايىن دەھشەتلىك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى... سىلەر ئەۋەتكەن خەتلەرنى ئوقۇپ كېچىچە كۆز يۇممىدىم ، قانچە قېتىم كۆزلىرىمدىن ئىسسىق ياش تۆكۈلدى . مانا ئەمدى زاھىدەنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنىڭ قانچىلىك پاك ، كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ۋاقتىمدا ئۇ

يوق . بۇ نېمىدېگەن ئېغىر ئاقىۋەت ـ ھە !...

ئەمدى زاھىدە يوق . ئۇ بولغان بولسا مەن ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلغان بولاتتىم . ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن قۇچاقلايتتىم . ئۇنىڭ ھاياتىغا ئۆزۈم زامىن بولدۇم ، سۆيگەن ئادىمىمنىڭ مۇھەببىتىگە ئىشەنچسىز قارىغانلىقىم بەدىلىگە تەقدىر ماڭا شۇنداق ئېغىر جازا بەردى . بارلىق دوستلار ، سىلەر مەندىن نەپرەتلىنىڭلار ، ئۆزۈمنى ياخشى كۆرگەن ۋاپادار قىزنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن قاتىلمەن ! !...

ئابلىز ، سەن بولساڭمۇ مېنى توغرا چۈشەن . مۇھەببەتكە خىيانەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئەمەس ، مۇھەببەتكە ئىشەنچسىز قارىغانلىقىم ئۈچۈن زاھىدەنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇم . ھاياتىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمدىن ئايرىلدىم . قايغۇلىرىمنى ساڭا خەت يۈزىدە سۆزلەپ تۈگىتىشىم قىيىن . قالغان گەپلەرنى كۆرۈشكەن چاغلاردا سۆزلەپ بېرەرمەن . لېكىن ، ئالدىمىزدىكى كانىكۇلدا بارالمايمەن . زاھىدە بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلەرنى ئەسلەش ، ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاش ، باغچىلاردىكى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئولتۇرغان ئورۇندۇقلارنى ، تونۇش يوللارنى كۆرۈش ، دوستلار بىلەن يۈزلىشىش ماڭا ناھايىتىمۇ ئېغىر كېلىدۇ . باشقا يىراق يۇرتلارغا كېتىمەن .

زوردۇن .

× ×

ئابلىز !

يازغان خېتىڭنى راھىلە ئارقىلىق تاپشۇرۇۋالدىم . سېنىڭ



راھىلەڭ ياخشى قىز . ئۇ ماڭا زادىلا چىراي ئاچمايدۇ . مەيلى ، بۇ مەن ئۈچۈن تېگىشلىك جازا !

خېتىڭنى ئوقۇپ ، مېنى توغرا چۈشەنگىنىڭگە خۇرسەن بولدۇم . خېتىڭدە سەن ماڭا تەسەللى بېرىپ : «زوردۇن ، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ . ئەمدى ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاۋېرىپ ، ياشلىق ھاياتىڭنى خاراب قىلىشتىن ساقلان . ئوينا ، كۈل ؛ ئۆزۈڭگە جۈپ بولالايدىغان بىر قىزنى تاللاپ يۈرىكىڭگە داۋا تاپ . شۇ چاغدا ھەسرەتلىرىڭ يېنىكلىشىدۇ...» دەپ يېزىپسەن . مەسلىھەتىڭگە رەھمەت ! ئەمدى ھەرقانداق بىر قىز مېنىڭ ھەسرەتلىرىمنى يېنىكلىتەلمەيدۇ . مەن كۆپ ئويلاندىم . سەن ئېيتقاندەك ياشلىق ھاياتىمنىمۇ خاراب قىلمايمەن . يارىلانغان يۈرىكىمگە داۋا ئىزدەپ قىزلارنىڭ ئارقىسىدىمۇ پالاقلاپ يۈرمەيمەن . زاھىدەگە بولغان مۇھەببىتىمنى مەڭگۈ پاك ساقلاش قارارىغا كەلدىم . ئېسىمدە تۇرۇپتۇ ، ئايرىلىش ۋاقتىمىزدا زاھىدە ماڭا چاقچاق قىلىپ :

— ئالىي مەكتەپكە بارغانغا تۇشلۇق ياخشى ئوقۇڭ ـ ھە ! — دېگەنىدى . مەن ئۇنىڭغا :

— كۆرىسىز ، تويىمىزغىچە مەن سىزگە بىر كىتاب يېزىپ سوۋغا قىلىمەن ، — دېگەنىدىم .

بىر كىتاب يازماق ئوڭاي ئىشمۇ ؟ بۇ شۇ چاغدىكى بالىلارچە بىر خىيال ئىدى . لېكىن ، ئەمدى مەن بۇ خىيالنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىمەن . بىر ئەمەس ، بىرقانچە كىتاب يازىمەن . مەن ئىجتىھات بىلەن ئىشلەۋاتقان چاغلىرىمدا زاھىدە بېشىمدا قاراپ تۇرغاندەك بىلىنىدۇ . ھەربىر كىتابىم پۈتكەندە ئۆزۈمنى ئۇنىڭ بىلەن تويلاشقاندەك ھېس قىلىمەن . مانا مۇشۇلا

مېنىڭ يۈرىكىمگە تەسەللىي بېرىدۇ ، ھەسرەتلىرىمنى يەڭگىللەشتۈرىدۇ .

خەير ، زاھىدەنىڭ سۆيگەن يىگىتىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى كېيىن كۆرەرسەن .

زوردۇن .

× ×

زوردۇن ، ياخشىمۇسىز ؟

سىز مېنى تونۇمايسىز ، مەن سىزنى سىرتىڭىزدىن خېلى بىلىمەن ، زاھىدە بىلەن يېقىن دوست بولغانلىقىم ئۈچۈن سىلەرنىڭ مۇھەببىتىڭلار توغرىسىدا خېلى كۆپ ئىشلاردىن خەۋىرىم بار . زاھىدە ئوتتۇراڭلاردىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە سىر ساقلايتتى . ئەمما ، ئۇ ۋاپاتىدىن بىر كۈن ئىلگىرى ، ماڭا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ھەممىنى سۆزلەپ بەرگەن . ئۇ چاغدا مەن بۇ قىزنى ئۆلۈپ كېتەر ، دەپ زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن . قىز ۋاپات بولدى . قىزنىڭ ئۆلۈمىگە سىزنىڭ جاۋابكارلىقىڭىز بارلىقىنى بىلىمەن . شۇڭا سىزدىن قاتتىق نەپرەتلەنگۈچىلەرنىڭ بىرىمەن .

زاھىدە بىزنىڭ ئىشخانىدا ئىشلىگەنىدى . ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بىز ئىنتايىن قايغۇردۇق . مەن سىزنىڭ يېقىندا ئابلىزغا يازغان خېتىڭىزنى ئوقۇپ ، ئۆلۈم ۋەقەسىنىڭ سىزنىڭ ئويلاپ چىقارغان بىمەنە چاقچىقىڭىزدىن چىققانلىقىنى بىلىپ ئىنتايىن غەزەپلەندىم . سىز نېمىدېگەن گۇمانخور ئادەمسىز ـ ھە ؟ مۇبادا ،



زاھىدە ھايات بولۇپ ، سىلەر توي قىلىشقان تەقدىردىمۇ ، سىز شۇ گۇمانخورلۇقىڭىز بىلەن كەلگۈسىدە ئەشەددىي بىر كۈنچىگە ئايلىنىپ ، بىچارە دوستىمىزنى بىر ئۆمۈر قىيىنىغان بولاتتىڭىزكەن... ئەگەر سىز ئاراڭلاردا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا ئىنچىكىلەپ قارىغان بولسىڭىز ، زاھىدەنىڭ سىزنىڭ بۇ سىناقلىرىڭىزدىن باشقىمۇ يەنە قانچە سىناقلاردىن تەۋرەنمەي ئۆتكەنلىكىنى بىلەتتىڭىز ، سىلەر يېڭىدىن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن چېغىڭلاردا سىز زاھىدەگە :

«زاھىدە !

سېنىڭ مېنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭگە رەھمەت . مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن . بىراق ، چوڭقۇر ئويلىسام ، ئىككىمىزنىڭ ئىشىنىڭ ئاخىرىغا چىقىشىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ . سەن ھەممە نېمىسى تەل ، باي ئائىلىنىڭ قىزى ؛ مەن بولسام ھېچنېمىسى يوق بىر يېتىممەن . مېنىڭ ئوقۇپ ، جەمئىيەتكە چىقىپ ، مۇستەقىل بىر ئائىلىنىڭ ئۇلىنى قۇرۇپ چىقىشىمغا تېخى ئۇزاق بىر جەريان لازىم . مېنى كۈتمەكچى بولساڭ ئېغىر كۈنلەرگە قالىسەن . ئۆز بەختىڭنىلا دەپ سېنى قىيناپ قويۇشنى خالىمايمەن... » دەپ خەت يازغانلىقىڭىز ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك . شۇ چاغدا زاھىدە سىزگە :

«زوردۇن !

خاتىرجەم بولۇڭ . مەن سىز ئۈچۈن ھەممىنى يېڭىمەن ، ئىككىمىزنىڭ بىرگە بولۇشى مېنىڭ بەختىم . مېنى بەختلىك قىلىمەن ، دېسىڭىز ، ئىككىلەنمەي ئاداققىچە ماڭا ۋاپادار بولۇڭ» دېگەن قىسقىلا جاۋابنى بەرگەن . بۇنىڭ ئۆزى بىر سىناق ئىدى . زاھىدە بۇ سىنىقىڭىزدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى ، ۋەدىلىرىگە ۋاپا

قىلدى . سىزنىڭ بىمەنە چاقچىقىڭىز يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا ئۇ ئائىلىسىنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا دۇچ كەلگەنىدى . بىلەمسىز ؟ بۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا قاراپ ياشاۋاتقان ئاجىز بىر قىز ئۈچۈن ئېيتقاندا قورقۇنچلۇق سىناق . زاھىدەنىڭ ئائىلىسىدىكى ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرغاندىمۇ ئۇ يەنە يېڭىپ چىقتى . بۇ ھەممىلا قىزلارنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس ، پەقەت زاھىدەگە ئوخشاش مۇھەببەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىدىغان ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلالايدىغان ئىرادىلىك قىزلارلا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان سىناق ئىدى . سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا مۇھەببەت تىكلەنگەندىن بۇيان ئۇنىڭ بىزگە نامەلۇم يەنە قانچە سىناقلاردىن ئۆتكەنلىكىنى كىم بىلسۇن ؟ !...

ئەپسۇسكى ، شۇنچىلىك جاسارەت بىلەن سىزگە سادىق بولغان ئاشۇ قىز ئۆلدى . سىزنىڭ زاھىدە ئۇستىدە ئېلىپ بارغان بۇ قېتىمقى سىنىقىڭىز ھەممىنى ۋەيران قىلغۇچى ئەڭ ئاخىرقى سىناق بولۇپ قالدى . سىزنىڭ ئىشەنچسىزلىكىڭىز دوستىمىزنىمۇ بىزدىن ئايرىدى . سىز ئابلىزغا يازغان خېتىڭىزدە يەنە : «بۇ كانىكولدا غۇلجىغا بارمايمەن ، دوستلارنىڭ يۈزىگە قاراش ماڭا ئېغىر كېلىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپسىز . سىزنىڭ نومۇس ۋە ئەلەمدىن ئۆزىڭىزنى ئېيسۇۋالمىغىنىڭىزغا ھەيرانمەن . خەير ، بىز ئۆلگەنگە قوشۇلۇپ ئۆلۈشنى تەشەببۇس قىلمايمىز . بىراق ، سىزنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىشتىن باش تارتىشىڭىزمۇ ناھايىتى ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭىزنى ئىسپاتلىمايدۇ . ئەركەك بولسىڭىز ۋاپادارىڭىزنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياقىلىرىڭىزنى يىرتىپ يىغلاڭ ، يۈرىكىڭىزدىكى قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىڭىز چىن بولسا ياش تامچىلىرىغا ئايلىنىپ ،



مەرھۇمەنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە تامسۇن !...

زوردۇن ، كانىكولدا جەزمەن كېلىڭ . مەن زاھىدەنىڭ سىزگە تېگىشلىك بەزى ئامانەتلىرىنى تاپشۇرىمەن . كەلمىسىڭىز بۇ سىز ئۈچۈن يەنە بىر جىنايەت بولۇپ قالىدۇ .

خەير ، سالامەت بولۇڭ .

رىزۋان .

× ×

ئاچچىقى يامان راھىلە !

سالامەتمۇ سىز ؟ كانىكولدا كېلەلمىگەنلىكىڭىزگە ھەممىمىز ئەپسۇسلاندۇق . مەن سۆيۈملۈك شەھىرىمىزگە 7 ـ ئاينىڭ 29- كۈنى يېتىپ كەلدىم . ماشىنىدىن چۈشۈشۈم بىلەنلا رىزۋان بىلەن ئۇچراشتىم . رىزۋان ماڭا بىر پارچە خەت بەردى . خەتكە :

«زوردۇن !

مېنى كەچۈرۈڭ . سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم . سىزگە ئۆمۈر بويى ئاچچىق قىلماس ئىدىم ، لېكىن مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئېلىپ بارماقچى بولغان سىنىقىڭىز ماڭا ئېغىر كەلدى . سىزنىڭ ئۇنداق رەسۋاچىلىقلارنى قىلىشىڭىزغا ئۆزۈمنى ئىشەندۈرەلمىدىم . بۇنىڭ پەقەت توقۇپ چىقىرىلغان گەپ ئىكەنلىكىنى سەزدىم . سىزگە شۇنچە ۋاپادار بولساممۇ ، سىزنىڭ ماڭا مۇنداق ئىشەنچسىز قارىشىڭىز مېنى رەنجىتتى . مەن كۆپ ئويلاندىم . تۇيۇقسىز مېڭەمگە : ‹زوردۇن مەندىن قۇتۇلالماي شۇنداق قىلىپ يۈرەمدۇ ، قانداق ؟ !› ، دېگەن دەھشەتلىك پىكىر كەلدى . شۇ كېچە تاڭ

ئاتقۇچە يىغلاپ چىقتىم ۋە سىزنى مەنمۇ بىر قېتىم سىناپ بېقىشنى لازىم تاپتىم . شۇنداق قىلىپ ، ئابلىز ۋە رىزۋانلارنىڭ ياردىمى بىلەن سىزنى سىناشقا باشلىدىم . راھىلە ۋەقەنى راست ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ تېخىمۇ ياخشى رول ئوينىدى . سىز مېنى راستىنلا ئۆلگەن ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلاپ كۆپ ئازابلاندىڭىز . بۇ سىزنىڭ سۆيگىنىڭىزگە گۇمان بىلەن قارىغانلىقىڭىز ئۈچۈن بېرىلگەن جازا بولدى…

زوردۇن ، بىز بىر - بىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۇق ، سىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزۈم چىقماقچىدىم . بىراق ، ‹ئۆلگەن ئادەم›نىڭ ئالدىڭىزدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشى سىزنى ھودۇقتۇرۇپ قويمىسۇن ، دەپ ئويلاپ ، بۇ خەت بىلەن رىزۋاننى ئالدىڭىزغا چىقاردىم . ئەتە چۈشتىن كېيىن توپتوغرا بىزنىڭ ئۆيگە كېلىڭ . ھەيران بولماڭ ، ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئاپامغا يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتىم . ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاخىر بۇ ئىشقا قوشۇلدى . تارتىنماي كېلىۋېرىڭ .

سىزنىڭ زاھىدە»

دەپ يېزىلغانىكەن . ئۈچقۇر شاماللار قارا بۇلۇتلارنى قوغلاپ ، پاللىدە كۈن نۇرى پەيدا بولغاندەك ، مېنىڭ ھەسرەت چىرماپ تۇرغان قەلبىم بىردىنلا يورۇپ كەتتى . ئۆزۈمنى بىر قۇر تەرتىپكە سېلىپ ، ئەتىسى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا زاھىدەنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردىم . مېنى دەرۋازا ئالدىدا يەنە شۇ رىزۋان كۈتۈۋېلىپ ئۆيگە باشلىدى . ھويلىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى . مەن خىجالەتچىلىكتە ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدىم . بىر توپ



ئادەمنىڭ قاتتىق كۈلكىسى مېنى چۆچۈتۈۋەتتى . ئۆيگە بىرمۇنچە ئوغۇل - قىزلار يىغىلغانىكەن . شەرقىي تام تەرەپتە زاھىدە — شۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك زاھىدەم كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۆرە تۇراتتى . يۈزلىرىم قىزىرىپ ئوت ئالدى . يۈرەكلىرىمنىڭ شۇ مىنۇتتا قانداق دۈپۈلدىگەنلىكىنى تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن…

راھىلە ، سىزنىڭ ھېلىقى نەپرەتلىك قاراشلىرىڭىزنى ئويلىسام ھازىر كۈلگۈم كېلىدۇ . خەير ، راھىلە ، خەتنى ئالدىراشلا يازدىم . كېيىن زاھىدە ئىككىمىز ئايرىم خەت يازىمىز .

سىزنى ھۆرمەتلەپ :

زوردۇن .

× ×

قەدىرلىك ئوبۇل !

خېتىڭىزنى ۋە شۇ خەتكە قوشۇپ ئەۋەتكەن نامەلۇم يىگىت - قىزلار يېزىشقان خەتلەرنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ چىقتىم . بۇ خەتلەرنى ماڭا نېمە ئۈچۈن «ئوقۇپ بېقىڭ» دەپ ئەۋەتكەنلىكىڭىزنى چۈشەندىم .

ئوبۇل ، سىز ھەقلىقسىز . بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز قانداقمۇ سۇس ، يېقىمسىز بولسۇن ؟ ! شەبنەم تامچىسىدەك تازا مۇھەببىتىمىز توغرىسىدا شۇ گەپلەرنى قىلغانلىقىمدا سىز ئېيتقاندەك باشقا سەۋەب بار ئىدى ، زوردۇنغا ئوخشاش مېنىڭمۇ مۇھەببەتكە ئىشەنچىم يوق ئىدى . مېنى كەچۈرۈڭ ، ئۆز ئارا ئىشەنچ بولمىغاندا ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ ئورۇنسىز ھالاكەتكە

ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشەندىم…

سىزنى ئۆمۈرۋايەت — زاھىدە زوردۇننى ياخشى كۆرگەندىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرۈپ :

سىزنىڭ گۈلىڭىز .

1963 ـ يىل ، ئۈرۈمچى



# ئىككى پارچە خەت

ئايشەم مۇئەللىم ، ياخشىمۇسىز ؟

مەن ئۈرۈمچىگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ كېلىپ ، ئۇنىۋېرسىتېتقا ئورۇنلاشتىم . سىزنىڭ سۆزىڭىز بىلەن ئېيتقاندا ، خاتىرجەم بولدۇم . سىز مېنى تەربىيىلىگەن شۇ بىرقانچە يىل ئىچىدە مېنىڭ كەلگۈسۈم ئۈچۈن كۆپ غەم يېدىڭىز . ئېسىڭىزدىمۇ ، مەن ئالىي مەكتەپكە تاللانغان چېغىمدا سىز ماڭا : ئامىنە ، ئەمدى خاتىرجەم بولدىڭىز ، مەنمۇ خاتىرجەم بولدۇم ، دېگەنىدىڭىز .

تۈنۈگۈن بىزنى يېڭى ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇردى . بالىلار تولۇق يىغىلىپ بولماپتۇ . دەرس يەنە ئىككى ھەپتىلەردىن كېيىن باشلىنىدىغان ئوخشايدۇ . بۈگۈن ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپلا سىزگە خەت يېزىۋېتىشنى ئويلىدىم ، تاماقتىن قايتىپ كىرىپ ، ياتاق دېرىزىسى ئالدىغا قويۇلغان ئۈستەل يېنىدا قەلىمىمنى تۇتقىنىمچە يىراقلارغا قاراپ خىيال سۈردۈم . ئوچۇق دېرىزىدىن كۆك ئاسمان ۋە يىراقتىكى بىنالارنىڭ ئۆگزىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ . ھازىر ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىدا نەچچە يۈز كىلومېتىرلىق ئۇزۇن يول سوزۇلۇپ يېتىپتۇ . لېكىن ، سىزنىڭ مېھرىبان چىرايىڭىز كۆز ئالدىمدىلا تۇرىدۇ ، قىلغان سۆزلىرىڭىز ھېلىمۇ قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇرغاندەكلا بىلىنىدۇ .

ئويلىسام ، سىزگە بەكمۇ ئۆگىنىپ قالغانىكەنمەن .
سىزگە ئېيتىدىغان سۆزلىرىم ناھايىتىمۇ تولا ، گەپنى قەيەردىن باشلاپ يازسام بولىدىكىن ؟... ھە ، راست ، سىز بىر چاغدا مېنىڭدىن ئانامنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانىدىڭىز . ئۇ چاغدا مەن ئانام توغرىسىدا سۆزلىشىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرغان ، سىزمۇ مېنىڭ رايىمغا بېقىپ ، ئانام توغرىسىدا ئىككىنچىلەپ ئېغىز ئاچمىدىڭىز . ئانامنى ئەسلەش ماڭا ھەسرەت ئەكېلىدۇ . مەن ئېسىمنى تاپقاندا ، كىشىلەر ماڭا ، سىزنىڭ ئانىڭىزغا يامان ئادەملەر زىيانكەشلىك قىلغان ، دېيىشتى . موماملنىڭ ئېيتىشىچە ، ئانامنى قانداقتۇر بىر «ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ»نىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بىلىدۇ ، دەپ تۇتۇپ ، ئۇ بۇزۇقلار ئۇدا بىرقانچە ھەپتە قىيىنىغان . ئانام يالغان گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشنى رەت قىلغان ۋە شۇ ئازابلار تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەن . مەن ئۇ چاغدا تېخى ئەمدىلا يەتتە ياشقا قەدەم قويغانىدىم .
مەن ئانام ۋاپات بولغان يىلى مەكتەپكە كىرەلمىدىم . موموام سېغىپ بەرگەن سۈتنى سېتىش مېنىڭ ئۈستۈمگە يۈكلەنگەنىدى . ئائىلىمىز ئاشۇ بىر كالىنىڭ سۈتىدىن بولغان كىرىمگە قاراشلىق ئىدى . ئۇمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان پۇل بولاتتى . شۇ قاتتىق كۈنلەردە ،موموام شۇ ئازغىنە پۇلنى ئائىلىنىڭ خىراجىتىگە قانداق يەتكۈزگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيمەن . ئېسىمدە قالغىنى قىش كۈنلىرى يەرگە يورۇق چۈشمەستىنلا كۆزۈمنى يىرتىپ ئېچىپ قوپۇپ ، كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە سۈت تارقىتاتتىم . سۈت چۆگۈننى تۇتقان قولۇم مۇزلاپ قېتىپ كېتەتتى . چۆگۈننى ئۇ قولۇمدىن بۇ قولۇمغا يۆتكەپ ، مۇزلىغان قولۇمنى ھورداپ ئىسسىتىشقا تىرىشاتتىم . ئەنە شۇنداق چاغلاردا ، سۈت ساتقىلى



كىرگەن ئۆيلەردىكى بەخىرامان ئوخلاۋاتقان بەختلىك بالىلارنى كۆرگىنىمدە ، ماڭا يىغا ئولىشاتتى . مەنمۇ ئاشۇنداق ئىسسىق ئورۇنغا يۆگىنىپ يېتىپ ، تېخى كۆزۈمدىلا تۇرغان ئۇيقۇمنى داۋاملاشتۇرۇشنى قانچىلىك خالايتتىم ـ ھە !...
ھۆرمەتلىك مۇئەللىم ، شۇ چاغدىكى تەتۈر زامان ۋە كۆڭلىدىكى قارا مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن ھېچنېمىدىن قايتمايدىغان فاشىستلار مېنى ئانامنىڭ ئىسسىق قۇچىقىدىن ئەنە شۇنداق ئەتىگەنلا مەھرۇم قىلىپ ، مېنى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن تەمتىرەپ يۈرۈشكە كوچىغا تاشلىۋەتكەنىدى... سۈتنى سېتىپ بولۇپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىمدا ، ھېلىقى توققۇزى تەل باللار ئىسسىق ئۆيىنىڭ دېرىزىلىرىدىن ماڭا قاراپ ، تىللىرىنى چىقىرىپ زاڭلىق قىلىشاتتى . جىلتىلىرىنى ئېسىپ مەكتەپكە كېتىپ بارغان بەزى بەڭباش باللارغا ئۇچراپ قالسام ، ئۇلار ماڭا قارنى پومداقلاپ ئېتىشاتتى...
سىز مېنى «ئامىنە ، سىزنىڭ مىجەزىڭىزدە ئاجايىپ بىر تەرسالىق بار» دەيتتىڭىز ، ئاشۇ ئېغىر تۇرمۇش سىز ئېيتقان تەرسالىقنى مېنىڭدە كىچىكىمدىلا يېتىشتۈرگەن . مەن دائىم : «مېنىڭ باشقىلاردىن نەرىم كەم ؟ نېمە ئۈچۈن مېنى باشقىلار بوزەك قىلىدۇ ؟» دەپ ئويلايتتىم . ئاشۇ ئاتا ـ ئانىسى بار باللاردەك مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم .
ئىككىنچى يىلى موموام «ئاناڭنىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن ، ئوقۇۋال» دەپ مېنى مەكتەپكە بەردى . ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى سۈت سېتىپ ، جىلتام بىلەن سۈت چۆگۈننى كۆتۈرۈپ ، دەرسكە ئارانلا ئۈلگۈرۈپ كېلەتتىم . سىنىپتىكى باللار ماڭا «سۈتچى» دەپ لەقەم قويۇشتى . لېكىن ، ئۇلار نېمە

دېيىشسە دېيىشسۇن ، مەن تەرسالىق بىلەن تىرىشىپ ئوقۇدۇم .

ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ ، سىزنىڭ قولىڭىزغا ئۆتكەن چېغىمدا ، سىز مېنىڭ تۇرقۇمغا قاراپلا بىر نەرسە سەزگەندەك بولدىڭىز ، مەكتەپكە يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىپ ، ياسىنىپ كېلىشكەن قىزلاردىن مەن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتىم . ئۇستۇمدە ئانامدىن قالغان ئۇزۇن كۆڭلەك ۋە كېلەڭسىز چاپان ، ئايىغىمدا يوغان ئۆتۈك ، بېشىمدا گۇللىرى ئۆڭۈپ كەتكەن يىپ ياغلىق بار ئىدى . ئوغۇل بالىلار بۇ يەردە ماڭا دەرھاللا «موماي» دېگەن يېڭى لەقەمنى ئويلاپ تېپىشتى . هامان باشقىلارنىڭ زاڭلىق قىلىشى ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرىغان چېغىمدا ، تەرسالىقىم كۆچىيىپ ، غەيرەتكە كېلەتتىم . بالىلار ئىچىدە ئاز ۋاقىتتىن كېيىنلا ياخشى نەتىجەم بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدىم ، ئاستا ـ ئاستا باشقىلارمۇ مېنى سەل چاغلىمايدىغان بولۇشتى .

شۇ دەسلەپكى يىلىلا سىزمۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى ، مىجەزىمنى چۈشىنىپ يەتتىڭىز . سىز مېنىڭ ئوقۇشتىكى ھەربىر نەتىجەمگە ئۆز قېرىنداشىمدەك خۇشال بولاتتىڭىز ، ھەر قېتىم ئاتا ـ ئانىلار يىغىنى بولغاندا ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ياخشى نەتىجىلىرىنى ئاڭلىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق چاقنايدىغۇ ؟ لېكىن مېنىڭ نەتىجىلىرىمنى ئاڭلاپ خۇشال بولىدىغان كىمىم بار ؟ بىچارە مومامنىڭ بولسا مېنىڭ قانداق ئوقۇۋاتقانلىقىمنى سۈرۈشتۈرۈشكە چولىسىمۇ يوق ئىدى . سىز ، پەقەت سىزلا مېنىڭ نەتىجىلىرىم ئۈچۈن ئالاھىدە خۇشال بولاتتىڭىز . بۇنى سىزنىڭ خۇرسەنچىلىك بىلەن قارىغان كۆزلىرىڭىزدىن مېنىڭ يۈرىكىم سېزەتتى .

ھېلىقى شىۋىرغانلىق بىر كۈنى ، مەكتەپكە مۈزلاپ



كەلگىنىمدە ، مېنى ئوقۇتقۇچىلار بۆلۈمىگە چاقىرتىپ چىقىپ ، ئۆزىڭىزنىڭ بېشىدىكى ئىسسىق يۇڭ ياغلىقىڭىزنى ماڭا بەرگىنىڭىز زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ ، باشقا ئادەم بەرگەن بولسا ، مەن ئالمايتتىم . لېكىن ، سىز ياغلىقنى مېھرىبان ئانامدەك بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ چىگىپ قويدىڭىز ، مەن رەت قىلىشقا ئاجىزلىق قىلدىم ، ھاياجانلانغىنىمدىن خالىي يەرگە بېرىپ تازا يىغلىدىم . مەن ئۇ ياغلىقنى قەدىرلەپ بىرقانچە يىل سالدىم ، ھەر قېتىم ئۇ ياغلىقنى قولۇمغا ئالسام ، بۇرنۇمغا ئۆز ئانام پۇرىغاندەك بولاتتى .

ساۋاقداشلار ھېيت ـ بايرامنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ . لېكىن ، مەن ئۈچۈن ھېيت ـ بايرام ئەڭ كۆڭۈلسىز كۈنلەر بولىدۇ . ھەممە بالىلار چىرايلىق ياسىنىشىپ يۈرگەن كۈنلەردە ، مېنى غېرىبلىق بېسىپ ، كۆڭلۈم ئىختىيارسىز يېرىم بولىدۇ . مەكتەپ دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن ھېلىقى كۈن ئېسىڭىزدىمۇ ؟ شۇ كۈنى سىز مېنى سىنىپتا يالغۇز ئولتۇرغان يېرىمدىن تاپتىڭىز ، سىز : «ئامىنە ، نېمىشقا چىقىپ كۆڭۈل ئاچمايسىز ؟» دېدىڭىز ، مەن تەرسالىق بىلەن «ياق !» دەپ رەت قىلدىم . سىزمۇ مېنىڭ ئۈستىبېشىمغا بىر قارىدىڭىز ـ دە ، چىقىپ كەتتىڭىز . سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچى ! مەن قوللىرىم قاداقلىشىپ كەتكەن بىر نامرات «سۈتچى» ، ئانامدىن قالغان كېلەڭسىز كىيىملەرنى تۈزەشتۈرۈپ كىيىپ يۈرگەن بىر «موماي» تۇرسام ماڭا كۆڭۈل ئېچىش قانداقمۇ ياراشسۇن ؟ !...
شۇ بايرامدا مومام ماڭا يارىشىملىق بىر كۆڭلەك تىكىپ بېرىپ ، مېنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى . مەن كۆڭلەكنى كىيىپ شادلىققا

چۈمۈپ ، مومامنى قۇچاقلاپ سۆيدۈم ، ئەسلىدە بۇ كۆڭلەكنى سىزنىڭ ئەۋەتىپ بەرگەنلىكىڭىزنى كېيىنلا ئۇقتۇم .

قىممەتلىك ئوقۇتقۇچى ! بىز ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئاخىرقى يىلى مەن ئۈچۈن قانچىلىك جاپا چەككەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن . سىز دائىم ماڭا : «ئالىي مەكتەپكە كىرەلىسىڭىز تۇرمۇشىڭىز خاتىرجەم بولاتتى» دەيتتىڭىز ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىڭىز . لېكىن ، يەنە ئەندىشە قىلاتتىڭىز . دېگەندەك شۇ يىلى مېنىڭ بېشىمغا ئېغىر كۈنلەر كەلدى . ئانامنىڭ ئورنىدىكى ئانام ، ھاياتىمدىكى بىردىنبىر ھەمراھىم — مومام ئۆلۈپ كەتتى . مەن بېشىمغا ئاق چىكىلەپ ، كالىنى سېتىپ ، بۇ ئۆلۈمنى ئۇزاتتىم . مەن شۇ قېتىمدا مومام ئۈچۈنمۇ ، ھېلىقى ئالا كالا ئۈچۈنمۇ يىغلىدىم . ئۇمۇ بىز بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتنى تەڭ تارتقان ۋاپادار جانىۋار ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ، مەن ئۆيدە تىكەندەكلا يالغۇز قالدىم . سىز مېنى ئۆز ئۆيىڭىزدە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىڭىز ، لېكىن سىز ئۆمرىڭىز بالىلار ئۈچۈن سەرپ بولۇۋاتقان جاپاكەش ئوقۇتقۇچىغۇ ، سىزنىڭ كۆزلىرىڭىز ئەتراپىدىكى قارا داغ ۋە چاچلىرىڭىزنى ئارىلىغان ئاشۇ ئاقلار سىز چېكىۋاتقان مۇشەققەتلەرنىڭ يادنامىسىغۇ ؟ ! مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە تۇرۇپ ، ئېغىرچىلىقىمنى سېلىشنى خالىمىدىم . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئانام بىلەن مومام تۇتقان ئاشۇ قەدىناس ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەسلىكنى ئويلىدىم . سىز بېشىمغا كەلگەن بۇ كۈلپەتلەرنىڭ مېنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش ۋە يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمتىھانىغا تەييارلىنىشىمغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتىڭىز . بىر ئايدىن كېيىن مەكتەپكە قايتىپ



بارغىنىمدا ، سىز يەنە قانچە كېچىلەرنى ماڭا دەرس تولۇقلاپ بېرىش بىلەن ئۆتكۈزدىڭىز ، مەن سىزنىڭ ئۈمىدىڭىزنى ئاقلاشقا تىرىشتىم ، كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ ، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغانسېرى كۈچىيىدىغان ھېلىقى تەرسالىقىمغا ئېلىپ تىرىشتىم...

ئېسىمدە تۇرۇپتۇ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى شۇنچىلىك پاتىپاراق بولۇشتى . مەكتەپ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا پىكاپلارمۇ پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالدى . ھەممىسى ئۆز پەرزەنتلىرى ئۈچۈن يول مېڭىپ يۈرەتتى ، شۇ چاغلاردا سىزمۇ جىددىيلىشىپ كەتتىڭىز . مېنىڭ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتەلىشىمگە ئىشەنسىڭىزمۇ ، يەنە مېنىڭدەك بىر يېتىم بىچارىنىڭ نەتىجىسىگە سوغۇق قول تېگىپ ، بۇ نەتىجىنىڭ باشقىلار نامىغا يېزىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتىڭىز . مەن سىزنىڭ ماڭا ئوخشاشلا مەن ئۈچۈن غەم يەپ ، ئىمتىھان زالىدا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنلىكىڭىزنى ئويلىسام ، ئىمتىھاندا ئولتۇرۇپ غەيرەتكە كېلەتتىم ، يۈرىكىمگە ئىسسىق بىر ئېقىم قۇيۇلغاندەك بولاتتى .

ئاخىر ئىمتىھاندىن ئۆتتۈم . مېنىڭ ئىمتىھان نەتىجەم غۇلغۇلا كۆتۈردى . بۇ باشقىلار ئوڭايلىقچە ئۆزىنىڭ قىلىۋالمايدىغان ئالاھىدە نەتىجە ئىدى ، بۇ سىزنىڭ كۆپ يىللىق ئەجرىڭىزنىڭ مېۋىسى ئىدى... سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچى ، ئېسىڭىزدىمۇ ؟ شۇ چاغدا مەن كۆزۈمگە لىققىدە ياش ئېلىپ ، «ئانام بولغان بولسا قانچىلىك خۇشال بولغان بولاتتى ـ ھە !» دېگىنىمدە ، سىز چاچلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ : «ئامىنە ، نېمىشقا كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلىسىز ، مەن سىزنىڭ ئۆز ئانىڭىزدەك ئەمەسمۇ ؟» دېدىڭىز . ئېسىڭىزدىمۇ ؟ سىز دائىم مېنى :

«ئامىنە ، سىز نېمانچە ئورۇق ، نېمانچە ئاجىز ؟» دەپ ماڭا ئېچىناتتىڭىز . مەن بەختىنىڭ ، ئانا مېھرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي چوڭ بولغان قىز تۇرسام ، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ بەدەنلىرىم ئورۇق ، چىرايىم سولغۇن بولمىسۇن ؟ ! لېكىن ، شۇ قېتىم سىزنىڭ : «مەن سىزنىڭ ئۆز ئانىڭىزدەك ئەمەسمۇ ؟» دېگەن سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىغىنىمدا ، يۈزلىرىم ئوت ئېلىپ ، چىرايىمغا قان يۈگۈردى . مەن ئۆزۈمنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلدىم...

مەن دادامنى بىلمەيمەن ، ئۇنى مۇشۇ ئورۇمچىدە بىر ئىدارىدە چوڭ باشلىق ، دېيىشىدۇ . لېكىن ، ئۇ كىشى ئەزەلدىن بىزنى ئىزدەپ باققان ئەمەس . ئېھتىمال ، ئۇ ھازىر ماڭا يېقىنلا بىر يەردە تۇرىدىغاندۇ ، ئەمما ئارىلىقىمىز قانچىلىك يىراق بولسىمۇ ، سىز مېنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىمسىز . سىز مېنىڭ قايغۇمنى قايغۇرغان ، خۇشاللىقىمغا خۇشال بولغان ھەقىقىي ئانامسىز . مەن بۇ قېتىمقى كانكولدا قېشىڭىزغا چوقۇم بارىمەن ، شۇ چاغدا سىزنى ئۆز ئۆيىڭىزنىڭ بوسۇغىسىدا ، ئۆز ئانامنى قۇچاقلىغاندەك قاتتىق - قاتتىق قۇچاقلايمەن .

تېنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەپ :

ئۆز قىزىڭىز ئامىنە .

## 2

قىزىم ئامىنە !

خېتىڭىزنى ئوقۇپ ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي يىغلىۋەتتىم . تاڭ ئاتقۇچە خىيال بىلەن ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىدىم . سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار ئىدى ، سىز مېنىڭ قولۇمدا



ئوقۇغان شۇ يىللار ئىچىدە بۇ سۆزلەرنى سىزگە ئېيتىشقا قانچە تەمشەلگەن بولسامۇ ئېيتالمىدىم . ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك ، بىز ئانا - بالىدەك بولۇپ قېلىشقانىدۇق . مەن ئۇ گەپلەرنى ئېيتسام ئوتتۇرىمىزدىكى مۇھەببەتكە تەسىر يېتەمدىكىن ، دەپ ئەنسىرىدىم ، بىلەمسىز ؟ سىز مېنىڭ ئالدىمدا بولغان شۇ يىللار ئىچىدە مەن سىزگە قاراپ ھەم خۇشال بولدۇم ، ھەم ئازابلاندىم ، ئەمدى ئويلىسام ، بۇ سۆزلەرنى ئېيتمىغاندىن ئېيتقان ياخشىراقتەك تۇرىدۇ . ھازىر چوڭ بولۇپ قالدىڭىز ، سىزنى مەسىلىلەرگە توغرا قارىيالايدۇ ، دەپ ئىشىنىمەن .

ئامىنە ، مەن سىزنىڭ دادىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن ، ئۇ پۈتۈن ئۆمرى يۇقىرىغا يامىشىش بىلەن ئۆتكەن ئادەم . ئۇ ئۆزىنىلا ئويلايدۇ ، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن تۇتقان ئالاھىدە يولى بار . شۇڭا ئۇ ھازىرغىچە پۈتلاشماي بالداقمۇ بالداق ئۆرلەۋەردى . دادىڭىزنىڭ خاراكتېرى ئۈستىدە بۇنچىۋالا گەپلەرنى قىلىپ كەتكىنىمگە ھەيران بولماڭ ، ئۇ مېنىڭ تۇنجى يولدىشىم ئىدى . بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بىر ئوغۇل بولغان ، بالا ئون ياشلاردىن ئاشقاندا بىز ئاجرىشىپ كەتتۇق . ئۇ ئىككىنچى قېتىمدا سىزنىڭ ئانىڭىز بىلەن توي قىلدى . سىزنىڭ ئانىڭىز ماڭا قارىغاندا ياش ھەم چىرايلىق ئىدى . مەن بۇ ئىشلار ئۈچۈن ھېچقانداق ھەسەت قىلمىدىم . مەن ئۇ ئادەمدىن قۇتۇلغىنىمغىلا خۇش ئىدىم . شۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق مېھرىمنى بىر تال ئوغلۇمنىڭ ئۈستىگە تۆكۈپ يالغۇز ياشىدىم . كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ مەنسىپى يوغىنىغانسېرى ئاياللارغا بولغان تەلىپىمۇ يوغىناشقا باشلىدى . سىزنىڭ ئانىڭىز گۈزەل ، لېكىن ئاددىي ئائىلە ئايالى ئىدى ،

دادىڭىزغا بولسا ئۆزىنىڭ مەنسىپىگە ماسلىشىدىغان «ئوقۇمۇشلۇق» ئايال لازىم بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئادەم سىزنىڭ ئانىڭىزغىمۇ ۋاپا قىلماي ئۇنى تاشلاپ كەتتى. ئۇ چاغدا سىز تېخى ئىككى ياشتا ئىدىڭىز... ئەسلىدە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۇرمۇشتا بولۇپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى ئىشلار، دەپلا قاراشقا بولاتتىيۇ، لېكىن يەنە ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ، بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى بىر - بىرىگە باغلىنىپ قالدى. كىشىلىك تۇرمۇش بىر كومېدىيىگە ئوخشايدۇ، دېگەن سۆزنى ئاڭلىغانىدىم. توپتوغرا ئون يىل ھۆكۈم سۈرگەن ھېلىقى چوڭ قالايمىقانچىلىقتا بۇ كومېدىيە دەھشەتلىك تۈس ئېلىپ، قىزىپ كەتتى. شۇ يىللاردا مېنىڭ ئوغلۇم باشتىن - ئاياغ ماش رەڭ كىيىم كىيىپ، يېنىغا يان قورال ئېسىپ، نەق ھېلىقى سىز ئېيتقان فاشىستلارنىڭ چوماقچىلىرىدىن بولۇپ چىقتى. مەن ئۇنى بىر تال ئوغلۇم، دەپ ئەركە باققانىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇيىقەستچىلەر بۇ بالىلارنىڭ دولىسىغا قېقىپ قويۇشى بىلەن ئۇ ئۇچۇپ نەگە چۈشۈشنى بىلمەي قالدى. ئۇ نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلدى. ئېھتىمال، سىزنىڭ ئانىڭىزغا ئوخشاش قانچە بىگۇناھلارغا زىيانكەشلىك قىلغانمۇ بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بىر قانچە قېتىم قاتتىق گەپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئۇ ئىككى يىلغىچە ئۆيگە دەسسىمىدى. شۇ قاتتىق كۈنلەرنىڭ قارا كېچىلىرىنى مەن كىرپىك قاقماي تاڭغا ئۇلاشتۇردۇم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىمنى، بالا تەربىيىلەش ئۈچۈن ئاتىنىڭ رولىنىڭمۇ چوڭ بولىدىغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم چۈشىنىپ يەتتىم. مەن بالىنىڭ ئاتىسىنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش قارارىغا كەلدىم. بۇ سوغۇق كۆز شامىلى كوچىلاردا چوڭ خەتلىك



گېزىتنىڭ پارچىلىرىنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇرتۇپ يۈرگەن كۆڭۈلسىز بىر كۈز كۈنى ئىدى. مەن دادىڭىز ئىشلەۋاتقان ئىدارە بىناسىنىڭ پەلەمپەيلىرىگە قەدەم قويدۇم، ئىدارىنىڭ ئىچى - تېشى چوڭ خەتلىك گېزىتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى، شۇ چاغدا، بىردىنلا، ئۇ ۋاپاسىز ئاتىنىڭ ئالدىغا كىرىش نىيىتىدىن يالتايدىم. كۆڭلىدە «ئۆزۈم» دىن باشقا ئۇقۇم بولمىغان، ھازىر بولسا ئۆزىنى قوغداش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ قالغان ئۇ ئادەمنىڭ ماڭا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشى ئايدىڭ ئىدى. مەن قايتتىم، ئەتىسى ئۆيگە ئوغلۇمنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ كىرىشتى. ئىككى تەرەپ قاتتىق توقۇنۇشقان بىر قېتىملىق ئەلەم كۈرىشىدە تەگكەن ئوق نەق بۇ «قەھرىمان»نىڭ يۈرىكىنى يۇلۇپ كەتكەنىدى. ۋاقتى كېلىپ، مېنىڭ ئۇ گەپ يېمەس ئوغلۇم ئۆز جىنايەتلىرىدىن ھېساب بەرگۈچە تەقدىر ئۇنى ئەنە شۇنداق جازالاپ بولدى... قاتتىق يىغلىدىم. يامان بولسىمۇ ئۇ مېنىڭ باغرىمنى يېرىپ چىققان بالا ئىدىغۇ؟ بىر چاغلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە قوللىرى بىلەن بوينۇمغا گىرە سېلىپ، يېنىمدا پۇشۇلداپ ئۇخلىغانىدىغۇ؟ مەن ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن يېتىلەپ مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگەنغۇ؟ قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ھاياتى، ياشلىقى مۇشۇ پاجىئەگە بېرىپ يەتتى - ھە؟!... قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، بالىلارنى ئازدۇرۇۋاتقان چوڭ - كىچىك ئەبلەخلەرنىڭ ھەممىسىگە لەنەت ئوقۇدۇم.

ئامىنە، ئارىدىن تۆت - بەش يىلچە ئۆتۈپ، بۇ ھەسرەتلەر ئۇنتۇلۇشقا باشلىغاندا، سىز مېنىڭ ئالدىمدا پەيدا بولدىڭىز. مەن يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆگىنىپ، سىزنىڭ كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ قالغان كۈنى كېچىسى تاڭغىچە

ئۇخلىيالمىدىم . تۇرمۇش كومېدىيىسىنىڭ بۇ يېڭى ، ئاجايىپ ئۇچراشتۇرۇشىغا ھەيران بولۇپ ، كۆپ ئىشلارنى ئويلىدىم . سىز ئېزىتقۇلار ئىش تەۋرەتكەن قارا يىللار ئىگىسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان بىگۇناھ گۆدەك ئىدىڭىز . شۇلارنى ئويلىغىنىمدا ، يۈرىكىمگە ئوت تۇتىشىپ ، مېنىڭدە سىزگە ئانا بولۇپ قېلىش ھېسسىياتى ئويغاندى . مەن سىزنىڭ مېنى ئۆز ئانىڭىزدەك كۆرۈشىڭىزنى ئىستەيتتىم . شۇڭا سىز ھېلىقى چاغدا «ئۆز ئانام بولغان بولسا قانچىلىك خۇشال بولغان بولاتتى - ھە !» دېگىنىڭىزدە ، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي : «ئامىنە ، مەن سىزنىڭ ئۆز ئانىڭىز ئەمەسمۇ !» دەۋەتتىم...

ئامىنە ، سىز ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ ئۆز قىزىمغۇ ؟ تۇرمۇش دېگىنىڭ قايناملىرى سىزنى ئانىڭىزدىن ، مېنى ئوغلۇمدىن ئايرىدى . بىز ھەر ئىككىمىز يېتىمغۇ ؟ !... ئالدىمىزدا تۇرمۇش يولى تېخى ئۇزۇن ، نېمە ئۈچۈن بىز ئانا - بالا بولۇپ بىللە ماڭالمايمىز ؟ ! جېنىم قىزىم ، سىز كېلىڭ ، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا چىقىمەن ، ماشىنىدىن چۈشۈشىڭىز بىلەنلا ، باغرىمغا بېسىپ ، يېنىپ - يېنىپ قۇچاقلاپ سۆيىمەن .

سىزگە سالامەتلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ :

ئانىڭىز ئايشەم .

1980 - يىل ، غۇلجا



# سودىسى ئاققان بىر دۇكان

دۇنيادا پۇلدىنمۇ ئاجايىپ نەرسە بارمىدۇ ! ؟ ئۇ ئالىمنىڭمۇ زالىمنىڭمۇ ، باينىڭمۇ - كەمبەغەلنىڭمۇ ، ئاغرىقنىڭمۇ - ساقنىڭمۇ ، پاسكىنىنىڭمۇ - پاكىزنىڭمۇ قولىدىن - قولغا ئۆتۈپ ، يانچۇقتىن - يانچۇققا چۈشۈپ ، جەمئىيەتنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە پىرقىراپ يۈرىدىغان سىرلىق قەغەز . بازاردىكى ئالدى - ساتتى قىلىشۋاتقان ئادەملەرگە قارايدىغان بولسىڭىز ، قايسىبىر ئېلىپساتار بۇ پۇلنى چاپىنىنىڭ تۆش يانچۇقىدىن ، قايسىبىر بايۋەچچە قىرلىق شىمىنىڭ ئارقا يانچۇقىدىن ، قايسىبىر دېھقان قوينىدىن ، قايسىبىر بېخىل ئىشتانبېغىنىڭ يېنىدىن ، قايسىبىر چوكان ئاپئاق يوتىلىرىنى ئېچىپ پايپىقىنىڭ ئېچىدىن ئېلىپ ، بىر - بىرىگە تەڭلىشىدۇ . ئايھاي ! ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا . ئىشقىلىپ ، پۇل دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئاجايىپ قەغەزنىڭ بارمايدىغان يېرى ، چۈشمەيدىغان تۆشۈكى يوق .

كىشىنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىتىدىغان ئاشۇ بىر پارچە قەغەزگە بۇ جەرياندا قانچىلىك مەينەتچىلىك سىڭىپ كېتىدۇ - ھە ! شۇنداق بولسىمۇ پۇل تاپقاندا خۇشال بولۇپ كېتىپ ، قولىنى يۇيۇپ پۇل سانايدىغان كىشىلەر ئاز ئەمەس .

بىر چاغدا مەنمۇ پۇل بىلەن قولۇمنى يۇيۇپ كۆرۈشكۈدەك

ئەھۋالغا كەلگەنىدىم . ئەخمەقلىقىمدىن ئەمەس ، پۇلنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈپ كەتكەنلىكتىن شۇنداق بولغانىدى . ئۇ چاغدا مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرغانىدىم . دادام ئىشلەيدىغان شەھەرلىك باسما زاۋۇتىغا بارسام ، ئىش باشقۇرغۇچى ماڭا كۆزەينىكىنى پېشانىسىگە سۈرۈپ قويۇپ بىر قارىۋېتىپ :

— ئۇكام ، سەن داۋۇتئاخۇننىڭ يالغۇز ئوغلىغۇ ، دەيمەن ؟ خاتىرجەم بول . جەزمەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىمىز . لېكىن ، ئازراق كۈتۈپ تۇرىسەن - دە ، — دېدى .

ۋەدە دېگەن ۋەدە ، «ئازراق كۈتۈپ تۇرىسەن» دېگەن گەپنىڭ مەنىسى نېمە ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ...

ئويلىغىنىمدەك بولدى ، «يولى» بارلارنىڭ بالىلىرى بىر - بىرلەپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كەتتى . دادام زاۋۇتنىڭ پارخانىسىغا ئوت قالايدىغان ياۋاش ئادەم ئىدى ، مۇنداق بىر ئورۇندىكى ئىشچىنىڭ بالىسى كىمنىڭمۇ ئېسىگە كەلسۇن ، دەيسىز ؟ مەن توپتوغرا ئىككى يىل لەلەڭلەپ يۈردۈم .

چوڭ بولۇپ قالغاندا ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇش تەس گەپ ئىكەن . تولىراق تامىقىمنى يەپلا كوچىغا چىقىپ كېتەتتىم . كوچىدا مەن ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش - ماگىزىن ئارىلاپ ، بازار چۆرگىلەش ئىدى . ماگىزىننىڭ پوكىيگە يۆلىنىپ رەڭگارەڭ رەخت ، تۈرلۈك كىيىم - كېچەك ، ئالىيىشىل قەغەزلىك كەمپۈت ، مەززىلىك پېچىنىلەرگە زېرىكمەي قارايتتىم . بۇ يەردە پۇلنى غازاڭدەك شاراقلىتىپ خەجلەۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ ھەۋىسىم كېلەتتى .

ئاۋات بازارغا كىرسىڭىز ، ئاشپەزلەرنىڭ خېرىدار چاقىرىپ



ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى قۇلاقنى يېرىپ ، ھەر خىل تائاملارنىڭ خۇش پۇرىقى ئىشتىھانى غىدىقلاپ ، كىشىنىڭ قورسىقىنى غۇلدۇرلىتىۋېتەتتى . بۇ ئوتتۇرىدا ئېقىپ يۈرگەن پۇللارنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ ئاغزىم ئېچىلىپلا قالاتتى . تەڭسىز ئالەم ، بۇ يەردە پۇل دېگەن سۇدەك ئېقىپ تۇرۇپتۇ ، مېنىڭ يانچۇقۇمدا بولسا بىر تىيىنمۇ يوق !

ئۆيىمىزنىڭ كۈنى دادامنىڭ مائاشىغىلا قاراشلىق بولغاچقا ، ئۆيدە پۇل توغرىسىدا زادى ئېغىز ئاچمايتتىم . ئىشلەپ دادامنىڭ قولىنى سوۋۇتىدىغان ۋاقتىم - دە... بەزى چاغلاردا ئاشخانىلارغا كۆزۈم چۈشۈپ قالسا ، بولۇتتەك ئىسسىق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مانتىلار ، قىزلارنىڭ مەڭزىدەك قىزىرىپ پىشقان سامسىلار ، مومايلارنىڭ يۈزىدەك قاتلىشىپ تۇرغان مايلىق يۇتازىلار ماڭا زاڭلىق قىلىپ قاراۋاتقاندەك بىلىنەتتى .

ئاخىر ، بىر كۈنى ئىش باشقۇرغۇچىنىڭ ئالدىغا توپتوغرىلا باردىم . ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ، ئائىلەمنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتتىم ، بۇ قېتىم ئىش باشقۇرغۇچى قېيۇم ئاكام كۆزەينىكىنى قولىغا ئېلىپ ، يۇمشاق لاتا بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ ئۇزاق ئويلاندى - دە :

— بولمىسا ، زاۋۇتنىڭ باغاق ساتىدىغان دۇكىنىدا ئىشلەپ تۇرامسەن - يە ؟ — دېدى .

— باغاق ساتىدىغان ؟ !... مەيلى ، — دېدىم .

باغاق ساتماقچى بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ زاۋۇتتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىپ بولغان ھېلىقى بالىلارنىڭ ھەممىسى كۈلدى ، بەزىلەر :

— باغاق سېتىشمۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئىشىمۇ ؟ — دېدى . يەنە

بەزىلەر ئارقامدىن :

— ئۇنىڭ باغاق ساتماقچى بولغىنىدا گەپ بار . باغاق دۇكىنىدىكى زەينەپنى قولغا كەلتۈرمەكچى ، — دېيىشتى .

«توۋا !» دەيمەن ، مەن ئۇ قىزنى كۆرۈپ باققان بولسام كاشكى ، راستىنى ئېيتسام ، باغاق دۇكىنىدا يەنە بىر قىزنىڭمۇ بولۇشى مېنىڭدە قىزىقىش پەيدا قىلدى . خەق نېمە دېسە دېمەمدۇ ، مەن ئۈچۈن باغاق سېتىش بولامدۇ ، ئىشقىلىپ ، ئىشلەيدىغان بىر ئىش بولسىلا ، ئۆز ئەجرىم بىلەن پۇل تاپسامىلا بولاتتى .

بۇ دۇكان قايناق بازار ئىچىدە ئىككى چوڭ ماگىزىننىڭ ئېگىز بىنالىرى ئوتتۇرىسىدىكى كەڭلىكى ئۈچ مېتىرغا يەتمەيدىغان تار ئارىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر ياغاچ بوتكا ئىدى . سىرتتىن قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىگە ئانچىمۇ چېلىقمايتتى . ئۇ ماگىزىنغا ئەمەس ، بىرەر شەخسنىڭ ساتىراشخانىسىغا ياكى مەھەللە دوقمۇشلىرىدىكى شىمشىكە ، پۇرچاق ، تاماكا ، قەغەز ساتىدىغان كىچىك دۇكانلارغا ئوخشىشىپ كېتەتتى . زاۋۇتنىڭ بۇ دۇكاننى ئىش كۈتۈپ تۇرغان بىرەر ياشنى ۋاقىتلىق گالۋاڭ قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈنلا ئاچقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

ئەتىسى ئۇستىباشلىرىمنى تۈزەشتۈرۈپ ، روھلۇق مېڭىپ دۇكانغا باردىم ۋە دۇكاندا ئولتۇرغان قىزغا قىزغىن سالام بېرىپ كىرىپ كەلدىم .

— ياخشىمۇسىز ؟ مەنمۇ سىز بىلەن ئىشلەيدىغان بولدۇم .

— ھە ، — دېدى پوكەينىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان قىز خۇشياقماسلىق بىلەن ماڭا بىر قاراپ ، ئاندىن ئۇ قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ قاتتىق بىر ئەسنىدى ـ دە ، ھەدەپ



قولىدىكى تورنى توقۇغىلى تۇردى .

قىزنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ماڭا بىرئاز ئېغىر كەلدى . ئۇنىڭ بوي ـ تۇرقىغا قاراپ : ھېلىقى ئاغىنىلەرنىڭ ھەسەت قىلغىنى بىكار ئەمەسكەن ـ دە ، دەپ ئويلىدىم . زەينەپ قەددى-قامىتى كېلىشكەن ، ئاق سېرىق ، زىلۋا قىز ئىكەن ، لېكىن بۇ دۇكاندا ئىشنىڭ تايىنى بولمىغاچقا بىكارچىلىقتا ئۇنىڭ نېرۋىلىرى بوشىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك ، ئاچ كىرىپ قالغان ئادەمدەك ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئەسنەپ تۇراتتى .

«سېنىڭ ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلىشىڭ بىلەن نېمە كارىم» دېدىم ـ دە ، سەكرەپ پوكەينىڭ ئىچىگە چۈشتۈم ، زەينەپ چۆچۈگەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە ، ئورۇندۇقنى نېرىراق تارتىپ ئولتۇرۇپ ، مېنىڭ باش ـ ئايىغىمغا يەنە ئالىيىپ قاراپ قويدى .

بۇ قىز ئىش باشقۇرغۇچىنىڭ قىزى ئىدى . قېيۇم ئاكا قىزىنى زاۋۇتتىكى قارا ئىشتىن قاچۇرۇپ ، ۋاقىتلىق مۇشۇ دۇكانغا ئورۇنلاشتۇرغان بولسا كېرەك . ئەلۋەتتە ، ئۇنىڭ مېنى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشىدا پىلانى بار ئىدى . قىزىغا مۇۋاپىق ئورۇن تاپقاندا ، بۇ دۇكانغا ئىككى ئادەم ئوشۇقچە بولۇپ قالدى ، دەپ بۇ سودىسى ئاقماس دۇكاننى ماڭا تاشلاپ ، قىزىنى ئەكېتىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ…

بىرىنچى كۈنى بەش يۈزدەك باغاق ساتتۇق . سىز «ئوبدان سودا بوپتۇ» دەپ ئويلاپ قالماڭ ، بىر دانە باغاقنىڭ باھاسى بىر پۇڭ ، بەش يۈز باغاق بەش سوملا بولىدۇ . بۇ پۇلنى بىز زاۋۇتقا تاپشۇرۇپ ، بىزگە قالىدىغان پايدىسىنى ئېيتسام ، چوڭ كوچىدا شىمشىكە سېتىۋاتقان كىچىك بالىمۇ كۈلىدۇ . مەيلى ، نېمىلا

بولمىسۇن بۇ كوچىدا شامال يەپ ، هاۋا يۇتۇپ يۈرگەندىن ياخشى . ئەمما ، زەينەپنىڭ قاپىقى باراڭغا ئالغۇدەك بولۇپ ساڭگىلاپ كەتتى . بۇ سودىسى يوق دۇكانغا ئاز دەپ ، مېنىڭمۇ قىستۇرۇلۇۋالغىنىمغا ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى .

شۇنداق قىلىپ ، بىر ئاي ئۆتتى ، بىرىنچى ئايلىق مائاشىمنى ئۆيگە كۆتۈرۈپ كىرگىنىمدە ، ئاپامنىڭ قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتمايلا قوياي . شۇ ئايدا ئالغان پۇلۇم بارى - يوقى ئون سوملا ئىدى . خىجالەتچىلىكتە ئۇنى ئاپامغا ئارانلا سۇندۇم ، لېكىن ئاپام قولۇمدىن پۇلنى ئېلىپ ساناپمۇ قويمىدى . ئۇ ئاشۇ پۇرلىشەڭگۇ قەغەزلەرنى تۇتقىنىچە ماڭىلا قارايتتى . دادام بولسا هاردۇقى چىققان ئادەمدەك كىگىز ئۈستىدە سوزۇلۇپ يېتىپ كۈلۈمسىرەيتتى . ئاپام پۇلنى قايتۇرۇپ ئۆزۈمگە سۇندى ، مەن ئۇنىڭغا ئىتتەردىم ؛ ئۇ يەنە ماڭا سۇندى ، مەن يەنە ئۇنىڭغا ئىتتەردىم . بىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈشتۇق . نېمىشقىدۇر ، ئىككىلىمىزنىڭ كۆزىدە ياش ئەگىپ تۇراتتى…

كىتابخان ! سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشلەپ تاپقان هەققىڭىزنى ئاتا - ئانىڭىزغا تاپشۇرۇۋاتقاندا ، «پۇل بېرىۋاتىمەن» دەپ ئويلامسىز ؟ ياق ، سىز پۇل ئەمەس ، ئۆزىڭىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىزغا بولغان سەمىمىي كۆڭلىنى بەرگەن بولىسىز .

شۇ ئايدىن كېيىن زەينەپ دۇكانغا كەلمىدى . ئۇ ئېيىغا ئون كوي پۇلغا ئىشلەيدىغان ماڭا ئوخشاش ئەخمەق ئەمەس - دە ، نېمىشقىدۇر ، ئۇنىڭ كەلمىگىنىگە كۆڭلۈم يېرىم بولدى . ئەتىدىن كەچكىچە قۇرۇق ئەسنەپ ، پوپايكا توقۇپ ئولتۇرىدىغان



شۇ قىزغا ئازراق ئۆگىنىپمۇ قالغانىكەنمەن . ئەلۋەتتە ، بىر ياش يىگىتنىڭ قېشىدا چىرايلىق قىزنىڭ بولۇشى بۇ سۆرۈن دۇكىنىمىزنى كۆڭۈللۈك قىلىپ تۇراتتى - دە ! ئامال يوق . زاۋۇتتىكى هېلىقى باللار ئارقامدىن : « دېمىدۇقمۇ ، بىر كادىرنىڭ ئايدەك قىزى سېنىڭدەك كۆمۈرگە مىلىنىپ يۈرىدىغان ئادەمنىڭ بالىسى بىلەن ئىشلەيتتىمۇ ! » دەپ كۈلۈشتى .

نېمە بولسا بولسۇن ، بۇ باغاق دۇكىنىنى داۋاملىق ئېچىشقا بەل باغلىدىم . شۇ بىر ئاي ئىچىدە بۇ دۇكاننى ئوبدان باشقۇرىدىغان بولسا ، سودىسىنىڭ ئىستىقبالى بارلىقىغا كۆزۈم يېتىپ قالغانىدى .

دۇكىنىمىزدا سېتىلىدىغان باغاق ئاق قەغەزگە بېسىلغان «هۆرمەتلىك پالانچى… سىزنى پالانى كۈنى ، ئەرلەر سائەت مانچىدە ، ئاياللار سائەت مۇنچىدە ، پوكونى ئىشقا تەكلىپ… ساهىبخانا : پالانچى ئاخۇن… » دېگەندەك مەزمۇندىكى بىر خىل باغاقلار ئىدى . دۇكانغا كەلگەن خېرىدارلارنىڭ كۆپىنچىسى باغاقنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇ ياق - بۇياققا ئۆرۈپ قاراپ ، بېشىنى ئىرغاڭلىتىشىپ ياراتماي چىقىپ كېتەتتى . مەن بۇ خېرىدارلاردىن ئۇلارغا قانداق باغاق لازىملىقىنى زېرىكمەي سورىدىم .

بىزنىڭ بۇ ئاق قەغەزگە بېسىلغان ئاددىي باغىقىمىز پەقەت ئۆلۈم - يېتىم ، نەزىر - چىراغلارغىلا بولىدىكەن . توي - تۆكۈن ، مەشرەپ - ئولتۇرۇش دېگەنلەرنىڭ باغىقى رەڭدار بولۇشى لازىم ئىكەن . توي قىلىشماقچى بولغان ياشلار ئەتراپىغا گۈل چېكىلگەن قىزىل رەڭلىك باغاقنى ئىزدەيدىكەن . بەزىلەرگە پارقىراق قەغەزگە ئالتۇن هەل بىلەن يېزىلغان ئالاهىدە

«تەكلىپنامە» بولسا بولىدىكەن، خەنزۇ ياشلار گۈللۈك ئىشلەنگەن، ئۈستىگە بىر جۈپ پانۇس، بىر جۈپ ئۆردەك ياكى قۇش، «شادلىق» خېتى چۈشۈرۈلگەن باغاقلارنى ياخشى كۆرىدىكەن.

بىر كۈنى، دۇكانغا بېشىغا شىلەپە كىيىپ، قولىغا ھاسا تاياق تۇتقان، قويىندىكى يانچۇق سائىتىنىڭ كۈمۈش زەنجىرى چىبەرقۇت چاپىنىنىڭ مەيدىسىگە ئېسىلىپ تۇرغان بىر ئاق ساقال كىشى كىرىپ كەلدى. مەن بۇ ئادەم بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتىم. ئۇ كىشى ماڭا چوڭلار ياقتۇرىدىغان بىرنەچچە خىل باغاق نۇسخىلىرىنى يېزىپ بەردى. ئۇلارغا «ئالىي جانابىي» ياكى «جانابلىرىنى» ياكى بولمىسا «مۆھتەرەم پالانچى... نېسىپ بولسا... ئېھتىرام ئىلە... قەدەم تەشرىپ قىلارلا... پوكۇنچى خانىسىغا...» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر يېزىلىدىكەن.

ئاشۇنداق باغاق نۇسخىلىرىدىن ئون نەچچىنى تەييارلىدىم. دۇكاننىڭ ئالدىغا — ھېلىقى بىزنىڭ باغاق دۇكىنىمىزنى خىرەلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك ئىككى ماگىزىننىڭ ئېگىز بىنالىرى ئارىلىقىغا — بىر چوڭ ۋىۋىسكا ئېسىشنى پىلانلىدىم. بۇ پىلانلىرىمنى كۆتۈرۈپ ئىش باشقۇرغۇچىنىڭ ئالدىغا كىردىم. قېيۇم ئاكام پېشانىسىگە سۈرۈپ قويغان كۆزەينىكىنى كۆزىگە چۈشۈرۈپ، باغاق نۇسخىلىرىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ باغاق نۇسخىلىرىغا قاراۋاتقاندا يۈرىكىم ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ كەتتى. چۈنكى، مېنىڭ كەلگۈسىدىكى سودا ـ سېتىق ئىشلىرىمنىڭ قانداق بولۇشى مۇشۇ ئىش باشقۇرغۇچىنىڭ مېنى قوللىشىغا باغلىق ئىدى. ھەتتىگىنەي، ئۇنىڭ قىزى دۇكاندىن كېتىپ قالمىغان بولسا ناھايىتى ياخشى بولغان بولاتتى ـ دە!



قېيۇم ئاكا پىلانلىرىمنى كۆرۈپ چىقىپ، كۆزەينىكىنى پېشانىسىگە ئىتتىرىپ قويۇپ ماڭا قارىدى ـ دە، كۈلۈپ كەتتى.

— بولىدۇ! — دېدى ئۇ، — باغاقلارنى سەن دېگەندەك بېسىپ بېرەيلى. ئەمما ئېيتىپ قوياي، مۇنۇ ئالاھىدە باغاقلارنىڭ باھاسىمۇ يۇقىرىراق بولىدۇ. خوش، دۇكاننىڭ ئالدىغا چوڭ ۋىۋىسكىمۇ ئاس. ماڭا قارا، ئىسكىلاتتىن ئازراق سىر ئېلىپ بېرەي، دۇكىنىڭنى سىرلاپ پارقىرىتىۋەت!

بىر زاۋۇتنى باشقۇرۇپ يۈرگەن ئادەم ئىشنىڭ كۆزىنى بىلىدۇ ـ دە، تېخى ئۇ مېنى «يارايسەن! قولۇڭدىن ئىش كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ» دەپ ماختاپمۇ قويدى. مەن ھېساب مۇئەللىمىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىدەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. «رەھمەت، قېيۇم ئاكا، زەينەپ دۇكاندىن كەتمىگەن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى» دېمەكچىدىم. لېكىن، نېمىشقىدۇ قىزىرىپ كېتىپ بۇ گەپنى دېيەلمىدىم.

كۆپكۆك ئاسماندا بىرمۇ بۇلۇت يوق، قۇياش يېقىملىق پارلاپ تۇرغان بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. بىز دۇكاننىڭ ئالدىغا سىرلىرى پارقىراپ تۇرغان چوڭ ۋىۋىسكىنى ئاستۇق. يېڭى ۋىۋىسكىنى كۆرۈپ دەرھال ئادەم ئولاشتى. ۋىۋىسكىغا يوغان خەت بىلەن «شەھەرلىك باسما زاۋۇتىنىڭ باغاق دۇكىنى» دەپ يېزىلغانىدى، ۋىۋىسكىنىڭ بىر بۇرجىكىگە «توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىم ۋە باشقا ئىشلارغا لازىملىق ھەر خىل باغاقلار سېتىلىدۇ» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان، يەنە بىر بۇرجىكىگە بولسا باغاقلارنىڭ تۈرلۈك نۇسخىلىرى سىزىپ قويۇلغانىدى، تۆۋەندە يەنە «ئالاھىدە زاكازلارمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ» دېگەن خەتلەر بار ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ئولاشقان ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى دۇنيادا

باغاق ساتىدىغان مەخسۇس دۇكانلارنىڭمۇ بولىدىغانلىقىغا ھەيران قېلىپ ياقىسىنى تۇتۇشتى. كۆپىنچە كىشىلەر: بۇ ئوبدان گەپ بوپتۇ، دېيىشتى.

بازار دېگەندە پۇل سۇدەك يۇرۇپ تۇرىدۇ. مەن بۇ ئىش ئورنۇمدىن پۇلدىنمۇ قىممەتلىك بىر نەرسىنى — جەمئىيەتكە، ئادەملەرگە خىزمەت قىلىش پۇرسىتىنى تاپقانىدىم، مېنىڭ ئويۇم قانداق قىلىپ ئاشۇ تەر تۆككەن ئادەملەرنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى ھالاللاپ قولغا كەلتۇرۇش ئىدى. بىزنىڭ بۇ تەشۋىقات خىزمەتلىرىمىزنىڭ ئۈنۈمى بولدى. كېيىنكى ئايدا مەن ئۆيگە ئەللىك سوم كۆتۈرۈپ كەلدىم.

ئۈچىنچى ئېيىدىن باشلاپ دۇكاندىن خېرىدار ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. كىشىلەر بىر - بىرىدىن سۈرۈشتۈرۈپ، يىراق يېزىلاردىن يېتىپ كېلەتتى. سىز باغاقنى ئاددىي نەرسە چاغلىماڭ، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم دېگەن كىمنىڭ تۇرمۇشىدا بولمايدۇ، دەيسىز؟ بىزنىڭ دۇكاندا سېتىلىدىغان باغاقلار ھەربىر مېھماننىڭ قولىغا يەتكەندە، ئۇنىڭدىكى نەپىس خۇشخەت، ئەتراپىدىكى نازۇك نەقىش، چىرايلىق گۈل - چېچەكلەرگە ھەۋەسلىنىپ قارىماي قالمايتتى. تەييار ئىشلەنگەن مۇنداق باغاقلار تۇرغان يەردە ئاق قەغەزگە خەت جىجاپ ئولتۇرۇش، ئەلۋەتتە ئوشۇقچە ئىش - دە، ئىش باشقۇرغۇچى باغاق بېسىشنى زاۋۇتنىڭ رەسمىي ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزدى.

بۇ كىچىككىنە دۇكانغا خىلمۇ خىل خېرىدارلار كېلەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىزىق سوئاللارنى سورايتتى. مەسىلەن، «چوڭ دادامنىڭ ئۆلۈملۈكى ئۈچۈن قانچىلىك ئاق ئالسام يېتەر؟» «پالانى كەسكەچىنىڭ ئۆيى قەيەردە بىلەمسىز؟»



«قانچە كىلوگرام گۈرۈچكە قانچە كىلوگرام ماي كېتەر؟...» دېگەنگە ئوخشاش. ماڭا مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنگەن بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىلەپ مېڭىپ، ئۇنىڭغا جاۋاب ئىزدىدىم. نېمىسىنى ئېيتىسىز، «ھەر كاللىدا بىر خىيال، تاز كاللىدا مىڭ خىيال» دېگەندەك، بازاردىكى تۈمەن مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىدا تۈمەن مىڭ خىيال بولىدۇ. مەن بۇ بىرنەچچە ئاي ئىچىدە «سودا قىلىش» دېگەننىڭ ئۆزى بىر ھۈنەر ئىكەنلىكىنى تونۇغانىدىم. مېنىڭ مەقسىتىم ھەربىر خېرىدارنى رازى قىلىپ قايتۇرۇش ئىدى. باشقا بىرەرى شۇ خېرىداردىن «مۇنۇ باغاقنى نەدىن ئالدىڭىز؟» ياكى «باغاق ساتىدىغان دۇكان قەيەردىكەن؟» دەپ سوراپ قالسا، ئۇ: «پالانى يەردىكى كىچىك دۇكاندا، بارسىڭىز ئۇ يەردە بىر ئوبدان بالا بار، شۇ ساتىدۇ» دەپ قويسا، مېنىڭ ئۈچۈن شۇ كۇپايە - دە.

يەنە بەزى خېرىدارلار مەھەللىسىدە توي - تۆكۈن بولسا چىنە - تاۋاق يىغماقنىڭ تەسلىكىنى سۆزلەپ ھال ئېيتىپ كېتەتتى. بۇ گەپ مېنىڭ كاللامغا بىر ئەقىلنى كەلتۇردى. ئىش باشقۇرغۇچى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، دۇكانغا بىرنەچچە يۈز تاۋاق، چىنە - قاچا، جامائەت سورۇنلىرىغا لازىملىق باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋالدۇق ۋە بۇ نەرسىلەرنى ھاجەتلىك كىشىلەرگە ئارىيەت بېرىپ، سۇنسا، يىتتۇرسە ئۆز باھاسى بويىچە تۆلىتىۋېلىش، ساق كەلسە ئازراق ئۇپراش ھەققى ئېلىشنى بەلگىلىدۇق.

ئىشقىلىپ، باغاق ئالىدىغانلا خېرىدار بولسا (دۇكانغا بەزىدە باشقا مال ئالىدىغان خېرىدارلارمۇ ئىزىپ كىرىپ قېلىپ «قارىچاي بارمۇ؟» «نىلقىنىڭ ھەسلىنى مۇشۇ دۇكاندا

سېتىۋاتامدۇ؟» «ئاۋۇ چىنە ـ تاۋاقلار سېتىلامدۇ؟»... دەپمۇ سورايتتى)، مېنىڭ ئالدىمدىن سودا قىلماي قايتمايتتى. ھەرقانداق كىشى كىرىشى بىلەن مەن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئوچۇق چىراي بىلەن ئۇنىڭغا قانداق باغاق لازىملىقىنى سورايمەن. خېرىدار باغاقلىرىمىزنىڭ مۇنۇ تۈرىنى ياراتمىسا ئاۋۇ تۈرىنى؛ بۇ ياڭزىسىنى ياراتمىسا، يەنە بىر ياڭزىسىنى ئېرىنمەي ئېلىپ، پوكەينىڭ ئۈستىگە يېيىۋېتىمەن. يەنە ئۇنىڭغا بۇ باغاقلارنىڭ ھەممىسى يارىمىسا، بۈگۈن ـ ئەتىنىڭ ئىچىدە كۆڭۈلدىكىدەك باغاقنى تەييارلاپ بېرەلەيدىغانلىقىمنىمۇ ئېيتىمەن. مېنىڭ بۇ ئەستايىدىل مۇئامىلەمنى كۆرۈپ بەزى ئوقۇشماي دۇكانغا كىرىپ قېلىپ، ئاغزى قىچىشىپ باغاقنىڭ باھاسىنى سوراپ قويغان خېرىدارلارمۇ، خىجالەتچىلىكتە بىرمۇنچە باغاق ئېلىۋېتىپ قالىدۇ. شۇ ئايلاردا مېنىڭ مائاشىم سەكسەن سومدىن ئېشىپ كەتتى.

بىر كۈنى خېرىدارلارغا باغاق ساناپ بېرىۋېتىپ، دۇكاننىڭ ئىشىكىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ يەردە زەينەپ تۇراتتى.

— سودىڭىز راۋان بولسۇن! — دېدى ئۇ.

— ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، بۇ ياققا ئۆتۈڭ! — دېدىم مەن.

ئۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تۆت ئەتراپقا قاراپ ھاڭۋېقىپ قالدى. ئەلۋەتتە، بۇ دۇكان ئۆز ۋاقتىدىكى تۈسىنى ئۆزگەرتكەندى، تام بويلاپ قويۇلغان يېڭى جازىلاردا باغلام ـ باغلام تۇرغان باغاقلاردىن باشقا، گۈللۈك چىنە ـ قاچا، چوڭ ـ كىچىك تاۋاقلار دەستىلەكلىك تۇراتتى. يەردە يەنە بىرنەچچە چوڭ قازانلارمۇ ياتاتتى. تاملارغا ھەر خىل باغاقلارنىڭ نۇسخىسى، ئارىيەت بېرىلىدىغان نەرسىلەردىن ئېلىنىدىغان ئۇپراش ھەققى



يېزىلغان گىرافىلار چاپلانغان بولۇپ، دۇكان ھەقىقىي بىر ماگىزىنغا ئايلانغانىدى.

خېرىدارلار بىلەن بولۇپ كېتىپ زەينەپنىڭ قايسى چاغدا دۇكاندىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمەي قاپتىمەن. ئەتىسى زاۋۇتقا مال ئالغىلى بارغىنىمدا ئىش باشقۇرغۇچى مېنى ئالدىغا چاقىردى. مەن ئۇنىڭ ھېساب دەپتەرلىرىنى دۆۋىلىۋالغان يوغان ئۈستىلىنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردۇم. قېيۇم ئاكا كۆزەينىكىنى ئالدىغا ئېلىپ قويۇپ، خۇددى مېھرىبان ئاتا ئۆز ئوغلىغا قارىغاندەك ماڭا باشتىن ـ ئاياغ كۆز يۈگۈرتۈپ كۈلۈمسىرىدى.

— دۇكاننىڭ سودىسى ئوبدان بولۇۋاتىدۇ. بىر ئادەم يېتىشمەي قېلىۋاتسەن، بىز يەنە بىر ئادەمنى ياندىشىپ ئويلاشتۇق، قانداق؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ يۈرەتتىم، زاۋۇتتىن مال ئاپىرىدىغان، بانكىغا پۇل تاپشۇرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزۈم پالاقلاۋاتىمەن. مۇنداق چاغلاردا دۇكان ئېتىلىپ قېلىۋاتىدۇ. يەنە بىر ئادەم بولغاندا... ھە، ئۇ چاغدا، دۇكاننى تولۇق ئاچقىلى بولاتتى، — دېدىم.

قېيۇم ئاكا كۆزەينىكىنى قولىغا ئېلىپ پىرقىرىتىپ، زاۋۇت قورۇسىغا قاراپ تۇرۇپ:

— بىزنىڭ زەينەپ سېنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىسەم، دەيدۇ، سېنىڭ پىكرىڭ قانداقكىن؟ — دېدى.

يۈزۈم لاپپىدە ئوت ئالدى.

— مەيلى، — دېدىم ـ دە، يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە دۇكانغا كەلسەم، زەينەپ مېنىڭدىن بۇرۇن كېلىپ ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا قارا سومكا،

سومكىسىنىڭ ئىچىدىن ئۇزۇن ياغاچ بىگىزنىڭ ئۇچى چىقىپ تۇراتتى . «قېنى ، ئەمدى مەن سىزنىڭ پوپايكا توقۇيدىغانغا ۋاقىت چىقارغىنىڭىزنى كۆرۈپ باقاي !» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە . مەن دۇكاننى ئاچقۇچە ئۇ يەنە بىرنەچچە قېتىم ئەسنەپمۇ ئۈلگۈردى .

دېگەندەك ، بىز دۇكاننى ئېچىپ ، زەينەپ توشۇك يىپلىرىنى چۇۋۇپ ، بىگىزلىرىنى ئەمدىلا قولىغا ئېلىپ تۇراتتى ، خېرىدارلارنىڭ ئالدى دۈكۈرلەپ كىرىشكە باشلىدى ، كەلگەن بىرىنچى خېرىدار شەھەر ئەتراپىدىن كىرگەن دېھقان ئىكەن . ئۇ :

— ئۇكام ، تويغا تۇرۇش قىلىۋىدىم ، مۇنچىلىك مېھمان چاقىرماقچىمەن ، قانچىلىك گۈرۈچ باسسام بولار ؟ — دەپ قالدى .

زەينەپ باغلاقلىق باغاقلارنىڭ يىپىنى يېشىشكە باشلىدى . مەن ھېلىقى خېرىدارغا شاراقلىتىپ باغاق ساناپ بەرگەچ سۆزلەپ كەتتىم .

— ئۆيدە بولسا بىر كىلوگرام گۈرۈچكە تۆت - بەش ئادەم ئوبدان تويىدۇ . ھە ، تويغا… بەش - ئالتە ئادەمگە بىر كىلوگرام . تۆت - بەش كىلوگرام گۈرۈچكە بىر كىلوگرام ماي… سەۋزىگە قىزىل سەۋزە بولسا ئاش تازا ئوخشايدۇ . ھە ، گۆش دەمسىز ؟ گۆش… گۆشنى بىر تاۋاققا يۈز ئەللىك گرام ئەتراپىدا مۆلچەرلىسىڭىز بولار . چىنە - تاۋاق لازىم بولسا بىزدىن ئارىيەت ئېلىڭ . ئۇپراش ھەققى ئۈچۈن ئالىدىغان پۇلىمىز ناھايىتى ئاز…

بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا زەينەپ ئاغزىمغا قاراپلا قالدى . ئۇنىڭغا بۇ گەپلەر يېڭى بىر ھېكايىدەك تۇيۇلغان بولسا كېرەك .



يەنە بىر خېرىدار كىرىپ خەتنە توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇ مەندىن پالانى كەسكەكچىنىڭ ئۆيى قەيەردە ؟ قايسى كەسكەكچىنىڭ قولى يېنىك ؟ دېگەنلەرنى سوراپ قالدى . مەن يەنە ئاغزى - ئاغزىمغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتىم :

— سىز دېگەن كەسكەكچىنىڭ ئۆيى يېڭىنۇر كوچىسى ئەللىكىنچى قورۇدا . ھازىر ئۇ كىشىنىڭ يېشى چوڭىيىپ كەتتى . قولى سەل تىترەيدۇ ، دەپ ئاڭلايمەن . ئەمما ، چوڭ كىشىلەر يەنە شۇ ئادەمنى ئاپىرىشنى ياخشى كۆرىدىكەن . پوكۇنى مەھەللىدە بىر ساتىراش ياش بالا بار ، ئۇمۇ بۇ كەسىپنى يېڭىدىن باشلاپتۇ ، كېرەكلىك پاختىسىنى ئۆزى ئېلىپ بارغۇدەك ، ھە ، ئۇ كىشىنى دەمسىز ؟ ئۇمۇ بولىدۇ ، قولى يەڭگىل . يەنە پالانى دوختۇرخانىدا بىر دوختۇر بار ئىكەن ، ئۇنىمۇ ياخشى دەيدۇ ، كېسىلگەن يەرگە پاختا كۆيدۈرۈپ باسماي ، دورىلاپلا قويغۇدەك…

مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنىڭ نەرى قىزىقكىن ، باغاق ساناپ بېرىۋاتقان زەينەپ كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى . توۋا ! بۇ قىزنىڭ شۇنچە كۈلگۈنچەك ئىكەنلىكىنى زادى ئويلىمىغانىكەنمەن .

سودىمىز ئەنە شۇنداق قىزىپ كەتتى . زەينەپ كەلگەندىن كېيىن دۇكاننى بىر كۈنمۇ تاقاپ قويمايدىغان بولدۇق . كۈز ئايلىرى بولۇپ قالغاچقا باغاقنىڭ خېرىدارى ئادەتتىكىدىن كۆپ ئىدى . زەينەپ دۇكانغا ئەمدى توقۇش بىگىزلىرىنى كۆتۈرۈپ كەلمەيدىغان بولدى ، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ، ئىش بىلەن بولۇپ ئۇنىڭ تولا ئەسنەيدىغان ئادىتىمۇ قېپقالدى . ماڭا شۇنداق كۆرۈنەمدىكىن ، ئۇنىڭ چىرايىغىمۇ قان يۈگۈرۈپ ، مۇئامىلىسى خۇشخۇيلىشىپ كەتتى .

ئادەم ئىش بىلەن بولۇپ كەتكەندە، كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالىدىكەن. كۆز كېتىپ، قىش ئۆتۈپ، يەنە باھار كەلدى. ئېرىق بويلىرى كۆكىرىپ، يول بويىدىكى دەرەخلەر يايپېشىل يوپۇرماقلار چىقاردى. باغلار چېچەكلەر بىلەن قاپلاندى. شۇنداق چىرايلىق باھارنىڭ بىر يەكشەنبىسىدە بىز دۇكاننى ئاچالماي قالدۇق. شۇ كۈنى بىزنىڭ دۇكاندىن چىنە-قاچا ئارىيەت ئالماقچى بولغان بىرقانچە كىشىلەر كېلىپ، ساقلاپ كېتىپ قاپتۇ. مەن ئۇ خېرىدارلاردىن ئەپۇ سورايمەن. كەچۈرسىلەر، ئۇ كۈنى دۇكىنىمىزدىكى چىنە-تاۋاقلارنىڭ ھەممىسى زەينەپ بىلەن ئىككىمىزگە خىزمەت قىلىۋاتاتتى.

1982-يىل، غۇلجا



# مەنمۇ قىزاردىم

ھاراق دېگەن بۇ سۈيۈقلۇقنىڭ كارامىتىگە مەن قايىل. ئۆزۈڭنى چاغلىماي بىر-ئىككى رومكا ئۇشۇق ئىچىپ قويدۇڭمۇ، بىردەمدىلا ساراڭ بولىسەن. مانا مەن ھەر قېتىم ھاراق ئىچسەم، مەھەللىگە ئۇنۇمنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ناخشا ئېيتىپ كىرىپ كېلىمەن. دەرۋازىنى تېپىپ ئېچىپ، ھويلىدا ئايالىم «ھاي، قوشنىلار ئاڭلاپ قالسا سەت بولىدۇ» دېگەنچە بەكرەك ۋارقىراپ-جارقىراپ، ئۆيگە كىرگىلى ئۇنىماي تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ، خېلى قىلىقلارنى قىلىپ باقىمەن. ئەتىسى ئەتىگەندە ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىمىزدا جېدەل باشلىنىدۇ.

— ئاخشام نېمە ساراڭلىقلارنى قىلىپ كەتكىنىڭىزنى بىلەمسىز؟ — دەپ گەپ باشلايدۇ ئايالىم، — زادى سىز قاچان چوڭ بولىسىز؟ بىر بالىغا ئاتا بولدىڭىز، نومۇس قىلسىڭىز بولمامدۇ... بىر گەپ بولسا «ئەر كىشى دېگەن ھاراق ئىچىدۇ» لا دەيسىز. مانا مېنىڭ داداممۇ ئەر كىشىغۇ؟ ئۆمرىدە ھاراق دېگەننى ئاغزىغا ئالماپتىكەن...

ئۇنىڭ تېپىۋالغان گېپى شۇ. ھەر قېتىم نەسىھەت قىلغىلى تۇرسا، ماڭا ئۆزىنىڭ دادىسىنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىدۇ. قېيناتام راست دېگەندەك كەيپ-ساپادا يوق، سالاپەتلىك ئادەم. بۇ ئادەمدىن مەنمۇ سەل ئەيمىنىمەن. لېكىن، ئەتىگەندە باش

ئاغرىپ تۇرغاندا ئايالىمنىڭ قىلغان بۇ گەپلىرى قۇلىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك تېگەتتى. بەزىدە قولۇمنى سىلكىپ:

— راست دەيسەن، سېنىڭ داداڭ بوۋاق ۋاقتىدا زاكىسىغىمۇ سىيمەي ـ چىچماي چوڭ بوپتىكەن، — دەيتتىم ـ دە، چايغىمۇ قارىماي ئىشقا كېتىپ قالاتتىم.

بىر كۈنى، ساراڭلىقىم سەل ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، بىر تېپىپ، دەرۋازىنىڭ قانىتىنى ئاجرىتىۋېتىپتىمەن. ئايالىم: «ۋاي، نېمانداق قىلىسىز!» دەپ يۈگۈرۈپ چىقىپتىكەن، ئۇنى بىر مۇشت بىلەنلا ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋېتىپتىمەن. ئوغلۇم ۋار ـ ۋۇر يىغلىغىنىچە كېلىپ ئاپىسىغا ئېسىلىپتۇ. ئايالىم ئورنىدىن تۇرۇپلا بالىنى كۆتۈرگىنىچە يامانلاپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئويغانسام، كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە كىيىم ـ كېچەكىم بىلەنلا يېتىپ قاپتىمەن. كېچە بولغان ئىشلارنى خىرە ـ شىرە ئېسىمگە ئالدىم. «خەپ، مۇشۇ ھاراق دېگەننى ئىككىنچى ئېغىزىمغا ئالماسمەن» دېدىم. ئايالىمنى قايتىپ كېلەر، دەپ بىر كۈن كۈتتۈم، ئىككى كۈن كۈتتۈم، يوق. ئۆتكەن قېتىملاردا مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىك بولغاندا، ئايالىم ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ، بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپلا ئاچچىقىدىن يېنىپ قايتىپ كېلەتتى. بۇ قېتىم كۆڭلىگە بەك قاتتىق تەگكەن ئوخشايمەن، ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپمۇ قايتىپ كەلمىدى. يالغۇزچىلىقتا ئۆينىڭ ئايالىم بار چاغدىكى ئىللىقلىقىنى، ئوغلۇمنىڭ تاتلىق قىلىقلىرىنى ئەسلەپ ئولتۇرالماي قالدىم. ئاخىر سالپىيىپ، قېيناتامنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم.

دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئوغلۇم ئويناپ يۈرگەنىكەن، يۈگۈرۈپ



كېلىپ بويىنۇمغا ئېسىلدى. ھويلىدا قېيناتام ئالما شاخلىرىنى پۇتاۋېتىپتۇ. سالامنىڭ چوڭىنى قىلىپ ئالدىغا باردىم.

— ۋاي، سەمەتجانما؟… ئۆيگە كىرىڭ، ئوغلۇم، ئۆيگە، — دەپ ئۆيگە باشلىدى.

قېينانام ئاستىمغا كۆرپە سېلىپ، جوزا قويۇپ، چاي راسلىدى. ئوغلۇم قۇچىقىمغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالدى. قېيناتام بىلەن قېينانامنىڭ ئوچۇق چىرايىنى كۆرۈپ خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم.

— مەريەمگۈل، قېنى سەن؟ جوزىغا كەل، قىزىم، — دەپ ئايالىمنى چاقىردى قېيناتام.

باياتىن بېرى بوسۇغىدا قورۇنۇپ تۇرغان ئايالىمۇ ئاستا كېلىپ جوزىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇردى. «قېيناتامنىڭ ئاچچىق تاپا ـ تەنە گەپلىرى مانا ئەمدى باشلىنىدىغان بولدى-دە!» دەپ، دەككە ـ دۈككىدە ئولتۇردۇم. قېيناتام باشقا گەپ قىلماي، ئۆزىنىڭ ياش چاغلىرىدىكى ئىشلىرىنى ھېكايە قىلىشقا چۈشۈپ كەتتى.

— ياشلىق دېگەن ئەجەب بىر چاغلار ئىكەن، — دەپ گەپ باشلىدى قېيناتام، — مانا مەنمۇ ياش ۋاقتىمدا تازا تەلۋە ئىدىم. ئەل ـ ئاغىنىلەر بىلەن ئانچە ـ مۇنچە ئىچىپ قوياتتۇق. ئىچتۇقمۇ، بولدى. نېمە تالىشاتتۇقكىن، بىلمەيمەن، بىر ئوبدان ئولتۇرغان ئاغىنىلەر بىردەمدىلا ئۆرتۆپە بولۇشۇپ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ ياقىسىنى سىقىپ، مۇشتلىشىپ، قاپاقلىرىمىزنى يېرىپ ئۆيگە قايتاتتۇق. ئەتىسى: ئاخشام بىز زادى نېمە تالاشتۇق ھۆي!؟ دېيىشىپ، يەنە بىر ـ بىرىمىز بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كېتەتتۇق…

قېيناتام شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، «قانداق، ماختىغان داداڭمۇ تايىنلىقمىكەن؟» دېگەن مەنىدە ئايالىمغا لەپپىدە قاراپ قويدۇم. ئايالىم ۋىلىلدە قىزاردى. قېيناتام گېپىنىڭ ئاخىرىنى:

— بىز ياخشى يېرىمىز، ھەرقانچە ئىچسەكمۇ ئۆيگە كېلىپ خوتۇننى ئۇرمايتتۇق! — دەپ تۈگەتمەسىلا، مەنمۇ قىزاردىم.

1997 - يىل، ئۈرۈمچى



# كونا - يېڭى ئىشلار

مەن ساۋۇر ئاكىنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىلىمەن، ئۇ ئىككى بېشىغا يوغان سېۋەتلەر ئېسىلغان ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ، شارا - بارىچىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ سېۋەتلىرىگە قارىسىڭىز، يىرتىق بوتى دەمسىز، سۇنۇق قازان، ماكچىيىپ كەتكەن مەش، كونا كىيىم - كېچەكلەر دەمسىز، قەدىمىي مىس چىلاپچا، قورغۇشۇن سىم ۋە ھەر خىل تۆمۈر - تەرسەكلەر دەمسىز، كونا گېزىت، ھەر خىل ھاراق بوتۇلكىلىرى دەمسىز، ئەيتاۋۇر، جاھاندا بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.

ساۋۇر ئاكا ئەللىكلەردىن ھالقىغان، يۈزلىرىنى يىرىك ساقال - بۇرۇت باسقان، پېشانىلىرىنى قورۇق قاپلىغان، كۆزلىرى دائىم كۈلۈپ تۇرىدىغان ئادەم. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا قاۋۇل يىگىت بولسا كېرەك، ھازىر ئۇنىڭ بەستى ئاشۇ يوغان سېۋەتلەرنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئالدىغا پۈكۈلگەن بولۇپ، قارىماققا، بۇ ئادەمنىڭ بويى سەل پاكاردەكمۇ كۆرۈنىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە ئۇ بىرنەچچە ۋاقىت چوڭ كوچىدىكى بازارنىڭ دوقمۇشىدا لەڭپۇڭچىلىقمۇ قىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئۇستا ئاشپەزمۇ دېيىشىدۇ. لېكىن، مەن ئۇنىڭ ئاشپەزلىك قىلغىنىنى كۆرمىگەن، ئۇنىڭ ئاساسلىق تىرىكچىلىكى ئۇششاق - چۈششەك كونا نەرسىلەرنى يىغىپ، سېتىش بىلەن بولىدۇ.

«شارا ـ بارا ! كونا ـ يېڭى بارمۇ ؟ »

ساۋۇر ئاكا ئەنە شۇنداق ۋارقىراپ ، مەھەللىلەرگە كىرىپ كېلىدۇ . كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرىغا ، ئادىمى كۆپ چوڭ قورۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇ بىرئاز توختاپ ، يەنە چىڭقىلىپ ۋارقىراپ قويىدۇ . مەن بەزىدە ئۇنىڭ خوتۇنلار بىلەن مال باھاسىنى تالىشىپ ، قىزىشىپ سودىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىمەن .

— مانا قاراڭ ، سىڭلىم ، — دەيدۇ كونا ئۆتۈكنى كۆتۈرۈپ چىققان ئايالغا قاراپ ، — بۇ ئۆتۈكنىڭ باشلىقى تۆگەپتۇ . ئۇنىڭ قونچىنى دەپ سىزگە ئۈچ سوم بېرىۋاتىمەن . بىرەر كەمبەغەل ئۇن ـ يىگىرمە فۇڭ پايدا بېرىپ ئالسا بېرىمىز ، بىزمۇ ساتىمىز ئەمەسمۇ ؟

قانداقلا بولمىسۇن ، ساۋۇر ئاكا كىشىلەرنىڭ مېلىنى باشقا شارا ـ بارىچىلارغا قارىغاندا دۇرۇس باھادا ئالىدۇ . بولۇپمۇ ئۇ كىچىك باللار كۆتۈرۈپ چىققان نەرسىلەرگە نەق پۇل تۆلەيتتى . ئەگەر باللار پۇللۇقراق بۇيۇملارنى كۆتۈرۈپ چىقسا ، ساۋۇر ئاكا مالنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇياق ـ بۇيېقىغا ئۆرۈپ بىر قارايتتى ـ دە ، ئاندىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان بالىغا قاراپ :

— ئوغرىلاپ چىقتىڭمۇ ، قانداق ؟ ماڭ يۇگۇر ، ئاپاڭنى باشلاپ چىق ! — دەپ ئالغىلى ئۇنىمايتتى .

«شارا ـ بارا بارمۇ ! كونا ـ يېڭى بارمۇ ! »

يىراقلاردىن يېتىپ كېلىدىغان بۇ ئاۋاز مەھەللىدىكى ھەممىمىزگە ئەنە شۇنداق تونۇش ئىدى .



× ×

كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن ، 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە ساۋۇر ئاكا بىلەن «ئۆگىنىش كۇرسى»دا بىللە بولۇپ قالدۇق . بۇ «ئۆگىنىش كۇرسى»دا مەسىلە تاپشۇرۇۋاتقانلار ئون نەچچە ئادەم ئىدۇق . ئاخشىمى ئاستىغا پاخال يېيىتىلغان ، زەي بىر ئۆيدە قىستىلىشىپ ياتاتتۇق . كۈندۈزى «ئىدارە» دەپ ئاتالغان چوڭ ئۆيگە چىقىپ ئۆگىنەتتۇق . ئىدارىنىڭ يېرىمىغا بىرقانچە رەت ئۇزۇن قاتتىق ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ ، ئالدى تەرەپتە بىر ئۈستەل بار ئىدى . ئۈستەل ئارقىسىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا بىز تاپشۇرغان مەسىلىلەرنى تاپشۇرۇۋالىدىغان كادىرلار ئولتۇراتتى . ھەرقايسىمىزنىڭ ھەرخىل «جىنايەت »لىرى بار ئىدى ، بىز ھېلىقى قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ، كۈن بويى «مەسىلە» ئويلايتتۇق .

— ساۋۇركا ، سىلى بۇ يەرگە قانداق كىرىپ قالدىلا ؟ — دەپ سورىدىم مەن ساۋۇركامدىن .

— ۋاي ، ئۇكام ، ئاغزىمدىن بالاغا قالدىم ، — دېدى ئۇ ، — مەھەللە ھۆكۈمەتكە يىغىن بار ، دەپ چاقىرىپتىكەن . ئاغرىپ قالدىم ، دەپ بارمايلا قويسام ، بۇ ئىشمۇ يوق . نېمە ياخشى گەپ باركىن ، دەپ ئىشنى تاشلاپ ، شاپاشلاپ بېرىپتىمەن . بارسام خەقنىڭ يېرىمى يىغىلىپ ، يېرىمى تېخى كەلمەپتىكەن . مەنمۇ ئارىغا كىرىپ ، ئۇنىڭ ، بۇنىڭ گېپىنى تىڭشاپ ئولتۇردۇم . شۇ چاغدا بىرى ئاغزىمنى تاتىلاپ ، «ساۋۇرئاخۇن ، ئاۋۇ رەسىمدىكىلەر كىملەر ، تونۇمسىز ؟ » دەپ سوراپ قالدى . قارىسام ئۇدۇلىمىزدىكى تامدا ئىككى كىشى ئۆرە تۇرغان بىر

پارچە سۈرەت چاپلاقلىق تۇرغانىكەن. مەنمۇ ئاۋايلىمايلا «ماۋۇ ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشى بولىدۇ، ئاۋۇ يېنىدا تۇرغىنى كىم بولىدىكىن، بىلمەيدىكەنمەن» دەپ ساپتىمەن. شۇ گەپ بىلەن پۇت - قولۇمنى يەرگە تەگكۈزمەيلا بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويدى. بايا، ئۇ ھېلىقى لىن بياۋ دېگەن باشلىقىمىزكەن ئەمەسمۇ؟ ھى، ھى، ھى!... كۆردۈڭمۇ، ئۇكام، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى!

ساۋۇر ئاكىنىڭ كۆزلىرى يەنە كۈلۈپلا تۇراتتى. بەزىدە «ئۆگىنىش كۇرسى»نىڭ باشقۇرغۇچىلىرى بىزنى ئاچىقىپ، ئانچە - مۇنچە ئۇچۇقداپمۇ تۇراتتى. ساۋۇركام شۇنداق چاغلاردىمۇ تاياق يەپ كىرىپ يەنە كۈلۈپ تۇراتتى.

— يائاللا! ھېلىقى قارىراق كەلگىنى بەك سالىدىغان نېمىكەنا! ئۇكام، سەن چىقىپ قالساڭ، ئۇنىڭ سول قولىغا ھېزى بول. كاساپەت، سولخاي سالىدىكەن ئەمەسمۇ، — دەيتتى ئۇ مېنى كۈلدۈرۈپ.

دېمىسىمۇ باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىچىدە قۇربان دېگەن قارا كەلگەن بىرى بار ئىدى. كىشىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇراتتى. ھەممىمىز ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقاتتۇق. ساۋۇر ئاكىنىڭ گېپىدىن كېيىن، بىز ئۆز ئىچىمىزدە ئۇنىڭغا «سولخاي» دەپ لەقەم قويۇۋالدۇق.

«ئۆگىنىش كۇرسى»غا كەلگەندىن كېيىن، ساۋۇر ئاكىنىڭ يەنە يېڭى «جىنايەت»لىرى پاش بولۇشقا باشلىدى. بىر كۈنى ھەممىمىز ئىدارىگە چىقتۇق. ئۆگىنىشنى ھېلىقى قۇربان «سولخاي» باشقۇردى. ئۇ تاماكىسىنى يوغان ئورىۋېلىپ، ئۈزمەي چېكىدىغان نەرسە ئىدى. تاماكا ئىسلىرى يوغان بۇرنىنىڭ تۈكلۈك تۆشۈكلىرىدىن پۇرقىراپ چىقىپ، ئۇنىڭ



ئەتراپىدا دائىرە بولۇپ ئايلىناتتى. ماڭا ئۇنىڭ چىرايى ئاشۇ تاماكا ئىسىدىن قارىداپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. مەجلىس باشلىنىش بىلەنلا ئۇ ساۋۇر ئاكىنى ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىپ، ئوتتۇرىغا تۇرغۇزۇپ قويدى.

— خوش، ساۋۇر!...

— ھە، ماڭا گەپ قىلدىڭىزمۇ، ئۇكام؟

— مەن سېنىڭ ئۇكاڭ ئەمەس. سەن ئۇلۇغ فۇتۇڭشۇەيدە- مىزنى «تونۇمايمەن» دېگەن ئەكسىلئىنقىلابچى.

— ماڭا قاراڭ، ئۇ... (ئۇ ئۇكام دەۋېتىشكە يەنە تاسلا قالدى) خۇدا ھەققى تونۇيمەن. نېمىشقا تونۇماي، ئالدىراشچىلىقتا ئاغزىمدىن شۇنداق چىقىپ كېتىپتۇ.

— بولدى، بولدى. يەنە باشقا مەسىلىلىرىڭنى ئويلاشتىڭمۇ؟

— ئويلاشتىم. بۇ يەردە تەييار نان يەپ، مەسىلە ئويلاشمىساق يەنە نېمە ئىش بار، دەيسىز؟

مەن كۈلۈۋېتىشكە تاس قالدىم.

— تولا گەپ يورغىلاتماي، نەق جاۋاب بەر! ئون نەچچە كالا سويۇپ سېتىپ، قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلغىنىڭ راستمۇ؟

— ئۆتكەندە دېمىدىممۇ، بىر كالا. ئىشەنمىسىڭىز تۇز دەسسەپ بېرەي.

— كۆپچىلىك ئون دەپ ئىنكاس قىلدىغۇ، ئىنقىلابىي ئامما يالغان سۆزلەمدۇ؟!

— ئەمدى، ئىنكاس دېگەن شۇنداق بولىدۇ. مەن ئۇ كالىنى دۆڭمەھەللىدىن ئالغان، ئالغان يېرىمدە قوناخون قاسساپمۇ بار ئىدى. ئىككىمىز مالنى تالىشىپمۇ قالغان. ئاخىردا مەن بەش تەڭگىنى ئۇشۇق بەردىم، سودا مېنىڭ بولدى. ھەرقاچان بۇ

ئىشنى شۇ ئادەم ئىنكاس قىلغاندۇ ؟ بۇ بىر ، — ساۋۇركام بىر بارمىقىنى پۇكۇپ ، سۆزىنى داۋام قىلدى ، — كالىنى يېتىلەپ چوڭ كوچىغا چىقىۋىدىم ، سىز تونۇمىسىزكىن ، ھېلىقى تاماكىغا لازا ياغىچى ئارىلاشتۇرۇپ ، سېلياركىدە قورۇپ ساتىدىغان ساۋۇت «ساختا» يولۇقتى ، ئۇمۇ ئىنكاس قىلغان بولسا ، ئىككى . دۆڭمەھەللىنىڭ دۆڭىدىن چۈشۈۋېتىپ ، ئىسمائىل ساتىراش بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم . ئۇغۇ ئۇنچىۋالا كۆيدۈرگە ئادەم ئەمەس . ئەمدى ئىنسانچىلىق ، ئۇمۇ ئىنكاس قىلغان بولسا ، ئۈچ . كۆرە دەرۋازىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسام ، زاسۇپيەز ئابدىرئاخۇن كۆرۈپ : «سويساڭ ، كاللا - پاچىقىنى ماڭا ئۆتكۈز- ھە !» دەپ قالغان ، تۆت . بەيتۇللانىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، تازا ئېسىمدە قالماپتۇ ، يەنە بىر - ئىككى تونۇش ئۇچرىغان . ئۇلارمۇ ئىنكاس قىلغان بولسا ، بەش ، ئالتە...

شۇنداق ساناپ ، ساۋۇر ئاكا كالىنى كۆرگەنلەرنىڭ سانىنى ئون نەچچىگە ئاپاردى .

— مانا ، ئۇكام ، ھەي ياق ، كادىر ! ئىنكاس قىلغان ئادەم ئون نەچچە بولغان بىلەن كالا ئاشۇ بىر كالا ئەمەسمۇ ؟...

«سولخاي» ساۋۇر ئاكىنىڭ سۆزىگە قايىل بولمىدى . ئىككىسى خېلى تىركەشتى . ئاخىر ئۇ : ساۋۇرنىڭ بۈگۈنكى پوزىتسىيىسى ياخشى بولمىدى ، دەپ خۇلاسە چىقاردى .

بىزنىڭ بۇ يەردە «پوزىتسىيىسى ياخشى بولمىدى» دېگەن سۆز كەچتە ئۇچۇقلىنىدۇ ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى .

— بوپتۇ ! — دېدى گېپىنى ئۆتكۈزەلمىگەن ساۋۇر ئاكا جىلە بولۇپ ، — كالىنى ئون دەپ يېزىپ ، خىزمىتىڭنى بىر ئۆستۈرۈۋالە !



بۇ گەپ بىلەن ئولتۇرغانلار ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق . قۇربان «سولخاي»نىڭ چىرايى ئۆرتىنىپ ، تېخىمۇ قارىداپ كەتتى . ياتاققا قايتقاندا مەن ساۋۇر ئاكىغا :

— ساۋۇر ئاكا ، كادىرغا قورقمايلا قاتتىق گەپ قىلىۋەتتىڭىزا ؟ — دېدىم .

— قارىمامسىز ، ئۇكا ، — دېدى ئۇ ، — خۇدانىڭ نالىسىنى قىلىپ كەتسەم ، راست گەپكە ئىشەنمىگىنىنى . «پادىشاھتىن شەھەر قالىدۇ ، ھارۋىكەشتىن تىرت ، ۋا - ۋا» دەپتىكەن ، مېنىڭدىن ئېلىۋېتىدىغان مەنسىپى بارمىدى . مېنى دېسە «يىگىرمە» دەپ يېزىۋالسۇن !

ئەتىسى ھېلىقى «سولخاي» ئىشنى تېخىمۇ يوغىناتتى ، ساۋۇر مەلۇم بىر ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ئىكەن ، دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ چىقتى ، بىز يەنە ئىدارىگە يىغىلىشتۇق . ساۋۇر ئاكا «تەشكىلات» توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپلا قالدى .

— نېمە ؟ ! گېپىڭىزنى تازا ئاڭقىرالماي قالدىم ، — دەپ سورىدى ساۋۇر ئاكا .

— تەشكىلاتىڭنى سوراۋاتىمەن ، تەشكىل !

— مېنىڭ ئەھۋالىمنى ھەممە ئادەم ئوبدان بىلىدۇ ، مەندە تەشكىل نېمە قىلسۇن .

— خۇپسەنلىك قىلما ، كۆز بوياپ ئۆتەلمەيسەن !

— خۇدا ھەققى نان دەسسەپ بەر ، دېسىڭىز دەسسەپ بېرەي ، تەشكىلىم يوق .

— ئۇنداق خۇراپىي گەپلىرىڭنى كۆتۈر ! بىز ئەھۋالنى ئىگىلەپ بولدۇق ، تەشكىلىڭ بارلىقى ئېنىق .

— تەشكىلىم بولسىغۇ تازا ئوبدان بولاتتى . بىر چاغدا ، پاختا زاۋۇتىدا بىر ـ ئىككى ئاي كۆزەتچىلىك قىلىپ قالدىم . ئادەم تەشكىلدە بولسا ، كۆڭلىمۇ توق تۇرىدىكەن . ئەمدى تەشكىللىك بولۇپ قالىدىغان بولدۇم ، دەپ يۈرسەم ، بىر كۈنى زاۋۇت باشلىقى چاقىرىپ ، ساۋۇرئاخۇن ، بىز سىزنى ۋاقىتلىق ئىشلىتىپ تۇرغان ، ھازىر دەرۋازىغا قارايدىغان ئادىمىمىز كېلىپ قالدى . ئەمدى سىزگە رۇخسەت ، دەپ ئىشلىگەن پۇلۇمنى قولۇمغا بېرىپ ، يولغا سېلىپ قويدى . شۇنىڭدىن بېرى تەشكىل دېگەن نېمىنى كۆرۈپ باقمىدىم ، جىق گەپ !...

بىز كۈلكىمىزنى توختىتالماي قالدۇق ، ئاخىر ، يىغىنىمۇ يىغىن بولماي قالدى . «سولخاي» ساۋۇركامنى «ھېيلىگەرلىك ئىشلەتتى ، پوزىتسىيىسى قەبىھ» دەپ خۇلاسە چىقاردى . «پوزىتسىيىسى قەبىھ» دېگەن سۆز «كەچتە تاياق يەيدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى .

شۇ كېچىسى باشقۇرغۇچىلار ساۋۇر ئاكىنى ئاچىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، بىز بەك ئەنسىرىدۇق ، «ئۆگىنىش كۇرسى» نىڭ ئادەم ئۇچۇقدايدىغان ئۆيى بىز ياتقان ياتاقتىن خېلى نېرىدا ، ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى قىستاڭدا ئىدى . ئادەتتە ، ئۇچۇقلىنىۋاتقانلارنىڭ پەريادى ئاسانلىقچە ئاڭلانمايتتى ، ساۋۇركام چىقىپ كېتىپ بىرەر سائەتتىن كېيىن ، بىز ئۇنىڭ نالىغان ئۈنىنى ئېنىق ئاڭلىدۇق . گويا تاياق بىزنىڭ ئۈستىمىزگە تېگىۋاتقاندەك تولغىنىپ ، ھېچقايسىمىز ئۇخلىيالمىدۇق .

ساۋۇر ئاكا بىر ھازادىن كېيىن ، ۋاي ـ ۋايلاپ ، پۇتلىرىنى سۆرىگىنىچە مېڭىپ كىردى ـ دە ، ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى



تاشلىۋەتتى .

— ساۋۇر ئاكا ، ھەي ساۋۇركا ! بەك ئۇرۇۋەتتىمۇ ؟ — دېدۇق بىز ھال سوراپ .

— ئۇنى بىر دېمەڭلار ، ئۇكىلىرىم . مۇنداقمۇ باغرى قاتتىق ، تاش يۈرەك ئادەملەر بولىدىكەن ـ ھە ؟ يېرىم سائەتتەك توختىماي سېلىشتى . باشتا مەنمۇ چوپچوڭ ئادەم بولغاندىن كېيىن ، چىدىماسلىق قىلسام سەت بولار ، دەپ ئۈندىمەي باقتىم . ئادەم بولغاندىن كېيىن ئېرىپ قالار ، دەپ : «ھوي ، سىز كىمنىڭ بالىسى ؟ مەن سىزنىڭ دادىڭىزنى تونۇيمەن ، جۇمۇ !» دەپ ھېلىقى ھارامدىن بولغان «سولخاي» نىڭ كۆزىگە تازا قاراپ تۇرۇۋالسامۇ ، توختىماي سېلىۋاتامدۇ ! ئاخىر بولالماي «ۋايداد !» دەپ ئاۋازىمنى بولۇشىغا قويۇۋەتتىم . ئۆيدە ئۇششاق بالىلىرىم بار . ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا ، ئۇلار قانداقمۇ قىلار ؟ دېسەم ، مەن يوق ـ دە...

ئارىدىن يەنە ئىككى كۈن ئۆتتىمۇ ، ئۆتمىدىمۇ ، ئېسىمدە يوق ، ھېلىقى «سولخاي» تۇيۇقسىز بىزنىڭ ئارىمىزغا قېتىلىپ قالدى . باشتا بىز ھەممىمىز ھەيران بولدۇق . كېيىن ، ئۇ چاغلاردا ئەقىلگە سىغمايدىغان غەلىتە ئىشلار كۆپ بولۇپ تۇرغاچقا ، ئۇنىڭمۇ بىر يەردىن مەسىلىسى چۇۋۇلۇپ چىققانلىقىنى تېزلا پەملىدۇق . ھە ، كونىلارنىڭ : بۇرۇن تاغ ئايلىنىپ كەلسە ، ھازىر باغ ئايلىنىپلا كېلىدۇ ، دېگىنى ئەنە شۇ ، ساۋۇركام :

— يائاللا ! نېمە جاھان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ، مۇنۇنىڭ بىزنىڭ ئارىمىزغا قېتىلىپ قالىدىغانلىقىنى كىم ئويلاپتۇ ـ ھە ؟ ! — دەپ ياقىسىنى تۇتتى .

«سولخاي» باشتا كىرگەندە، بىزدىن كەچۈرۈم سورىغاندەك قىلىپ، چىرايىغا خىجالەت كۈلكىسىنى يۈگۈرتۈپ، بىز بىلەن ئەپ بولماقچى بولدى. لېكىن. ھېچقايسىمىز ئۇنىڭغا چىراي ئاچمىدۇق. بىزنىڭ ھەممىمىزنىڭ بەدەنلىرىدە ئۇنىڭدىن يېگەن تاياقنىڭ ئىزلىرى بار ئىدى. ساۋۇر ئاكا تېخىچە بىر پۇتىنى سۆرەپ مېڭىپ يۈرەتتى. كەچتە «سولخاي» ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە بوشلۇقتا تىقىلىپ ياتتى.

«ئۆگىنىش كۇرسى»دا بىزگە ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ تاماق بېرەتتى. چۈشتىن بۇرۇن ئۇماچ، چۈشتىن كېيىن ئادەمنىڭ كۆزىدەك ئىككى قوناق مومىسى بىلەن بىر ساپلىق گۆشسىز سەي ئىدى. بەزىدە، ئۆيلىرىمىزدىن تاماق كېلىپ قالسا بىر - بىرىمىزگە سۇنۇشاتتۇق، ھېلىقى «سولخاي»نى ھېچكىم تاماققا چاقىرمايتتى. ئۇمۇ بىزنىڭ بۇ مۇئامىلىمىزگە ئۇنچىلىك پىسەنت قىلىپ كەتمىدى. ئەمما ئۇ تاماكىنى ئۈزمەي چېكىدىغان بولغاچقا ئىككى كۈندىلا يانچۇقى قۇرۇقدىلىنىپ بولدى. ئۈچىنچى كۈنى بولسا، چۈشكىچە خۇمارى بولۇپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي يۈردى، چۈشتىن كېيىن پەقەت بولالماي، يەردىكى تاماكا قالدۇقلىرىنى تېرىپ ئالىقىنىغا ئۇۋۋاپ، يۆگەپ چەكتى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز چەككەن تاماكىلىرىمىزنى يەرگە تاشلىغاندا دەسسەپ ئېزىۋېتىدىغان بولدۇق.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە بىر ئايال «سولخاي»غا تاماق ئەكەلدى. بىز قىيا ئۇچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇق، ياش ئايال بىر قولىدا ئىككى ياشلار چامىسىدىكى قىزچاقنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، تۆت - بەش ياشلاردىكى يەنە بىر ئوغۇل ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، بويىنىنى قىسىپ



تۇراتتى.

— مانا قاراڭلار، بۇ ھارامزادىنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش بالا-چاقىسى بار ئىكەن - ھە؟ — دەۋەتتى ساۋۇركام.

شۇ ئىش بولۇپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بىزنى لەخمە كولاشقا ئاچىقىشتى. لەخمە بىز ياتقان يەردىن ئۈچ - تۆت يۈز مېتىر يىراقلىقتىكى بىر ئوچۇقچىلىقتا ئىكەن. ئىلگىرى كىملەردۇر يېرىمىغىچە كولاپ تاشلىۋەتكەن بۇ كونا لەخمىنىڭ تۆپىسىدىن قۇم - شېغىل شۇرقىراپ تۆكۈلۈپ تۇرىدىكەن.

كەچتە ئىشتىن قايتقاندا «سولخاي» ئالدىمىزدا كەتتى. بىز ئارقىدا مېڭىپ، يەنە ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشتۇق، تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغا بىز كۆرۈۋاتقان كۈننى كۆرسىتىۋاتقانلىقىغا ئىچ - ئىچىمىزدىن خۇشال ئىدۇق. شۇ چاغدا ئارىمىزدىن بىرى «ھوي، ئاغىنىلەر، يەنە ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزغا كىرگۈزۈپ قويغان ئىشپىيون بولۇپ قالمىسۇن!» دەپ قالدى. بۇ گەپ بىلەن ھەممىمىز خىيالغا چۈشۈپ قالدۇق. «سولخاي»غا بولغان ئۆچمەنلىكىمىز تېخىمۇ كۈچەيدى، يەنە بىرەيلەن «ھوي، مۇشۇ گۈينى ئەتە لەخمىنىڭ ئىچىدىلا بىر ياقلىق قىلىۋەتمەيلىمۇ، بىرەر ئەسكىنىڭ دۇنيادىن يوقالغىنىغا نېمە بوپتۇ. ئۇرۇپ شېغىلغا باسۇرۇپلا ‹لەخمە بېسىۋالدى› قىلىمىز، كىم بىزدىن كۆرەتتى؟» دېدى. بۇ مەسلىھەت ھەممىمىزگە خوپ چۈشتى.

ئەتىسى، مەن يوغان بىر كۆلۈچنى قوينۇمغا تىقىپ ئىشقا چىقتىم. مەسلىھەت بويىچە بىز ئۈچ كىشى ئۇنى جايلىماقچىدۇق. قالغان ئىككىيلەننىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆكۈزدەك كۈچى بار، قاۋۇل يىگىتلەر بولۇپ، مۇشتۇملىرى بازغاندەك ئىدى. ئاۋۋال، مەن ئارقىدىن كېلىپ، «سولخاي»نىڭ بېشىغا

كۇلۇچ بىلەن سالىمەن . ئاندىن ئۇ ئىككىيلەن ئۇنى بىر تەرەپ قىلىپ ، شىغىل ئاستىغا باستۇرۇۋېتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام...

كەچتە ئىشتىن چۈشكەندە بىز «سولخاي»نى چاقىرىپ ئېلىپ قالدۇق .

— يۇرە ، كۆتۈرۈشۈۋالىدىغان نەرسىلەر بار !

بىز ئۇنى لەخمىنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىگە باشلىدۇق . ئۇ بىزنىڭ پەيلىمىزدىن قورقۇنچلۇق بىر ئىشنى سەزگەن بولسا كېرەك ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى . كەڭلىكى بىر مېتىردىن سەللا ئاشىدىغان ، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىرغا يەتمەيدىغان بۇ تارچىلىقتا ئۇ قارشىلىق قىلىشقا ئاجىز ئىدى . گەپ قىلماي ئالدىمىزغا چۈشۈپ ماڭدى . ئەمدىلا ئون — يىگىرمە قەدەم مېڭىپ تۇرۇۋىدۇق ، ئارقىمىزدىن بىرىنىڭ دۈكۈرلەپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى . بىز نېمە گەپكىن ، دەپ توختاپ تىڭشىدۇق . قارىساق ، ساۋۇركام ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ ، ئۇ بىزنىڭ مەسلىھەتىمىزدىن خەۋەرسىز ئىدى . ئېھتىمال شۇ ئارىدا بىرى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغان ئوخشايدۇ . ئۇ بىزنى كۆرۈپلا ۋارقىرىدى :

— توختاڭلار ، ئۇكىلار . توختاڭلار !

— نېمە بولدى ؟

— ماڭ ، ئۇكا ، چىقىپ كەت ! سېنى بىرى چاقىرىۋاتىدۇ ، — دەپ ئۇ «سولخاي»نى بىزدىن ئاجرىتىۋېلىپ چىقىرىۋەتتى ، — قويۇڭلار . ئۇكىلار ، ئۇنداق قىلماڭلار . ھەركىم يامانلىق قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ . ئۇنىڭ جازاسىنى خۇدا ئۆزى بەرسۇن . ئەسكى بىلەن تەڭ بولۇپ ، ئۆزىمىزنى ئەسكى



قىلمايلى . ئۇنىڭمۇ ئۇششاق بالىلىرى باركەن ئەمەسمۇ ؟ مەن سوراپ قالاي !...

— ھەي ، قانداق ئادەمسەن ! — دەۋەتتىم جىلە بولۇپ .

شۇنداق قىلىپ ، قۇربان ئامان قالدى . ئەتىسى ئۇنىڭ ئايالى يەنە ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ، ئۇنىڭغا تاماكا ۋە تاماق ئەكەلدى . «سولخاي» ئايالى تاماكا ئەكەلگەن خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ، بىر سىقىم تاماكىنى ئېلىپ ئالدىمغا كەلدى .

— تەڭ چېكەيلى ، خېلى جىق ئەكەپتۇ . يامان ئەمەس كۆرۈنىدۇ .

— كۆتۈر بۇ نېمەڭنى !

مەن ئۇنىڭ قولىغا بىر قويۇۋىدىم ، ئوچۇمىدىكى تاماكىنىڭ ھەممىسى ئۇچۇپ يەرگە چۈشتى . ئۇنىڭ پېشانىسىدىن پۇررىدە تەر چىقتى ، ئۇ يەنە بىر سىقىم تاماكىنى ئېلىپ ، يېنىمدىكى كىشىگە تەڭلىدى . ئۇمۇ يەرگە بىر تۈكۈرۈپ ، تەتۈر قارىۋالدى . «سولخاي» تاماكىسىنى كۆتۈرۈپ ھەممىسىنىڭ ئالدىغا باردى ، ھېچكىم ئۇنىڭ تاماكىسىنى ئالمىدى . ئاخىردا ساۋۇر ئاكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ :

— ساۋۇركا ، سىز بولسىڭىزمۇ ئېلىپ قويۇڭە ، ئەمدى تەڭلەپ قاپتىمەن ، — دېدى .

— ئەكەل ، ئۇكا .

ئويلىمىغان يەردە ساۋۇر ئاكا ئۇنىڭ تاماكىسىنى ئېلىپ يانچۇقىغا قويدى ۋە :

— ماۋۇ يەرگە ئولتۇرغىنا ، ئاشۇ كەلگەنلەر سېنىڭ بالىلىرىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

بۇ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بىر ئادەمنىڭ بىرىنچى قېتىم

«سولخاي» بىلەن رەسمىي پاراڭلىشىشى ئىدى، «سولخاي» گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ، سۆزلىيەلمەي قالدى-دە، بىردىنلا كىچىك بالىدەك ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى…

× ×

ئەگەر ۋەزىيەت ئۆزگەرمىگەن بولسا، بىز ھېلىقى «ئۆگىنىش كۇرسى»دا يەنە قانچە ۋاقىت «دەرس» ئالاتتۇقكىن. ياخشى كۈنلەر كېلىپ، كېيىن، بىزمۇ ئازاد بولۇپ تارقىلىشىپ كەتتۇق.

ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتتى. بىر كۈنى بىردىن ساۋۇركام يېزا بازىرىدا ئاشخانا ئېچىپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇ ئادەمنى ئۇزۇندىن بېرى كۆرمەي سېغىنىپمۇ قالغانىدىم. بېرىپ تامىقىنى يېگەچ بىر پاراڭلىشىپ كەلمەكچى بولدۇم.

ۋاي - ۋۇي! بىزنىڭ بۇ بازار نېمىدېگەن ئاۋاتلىشىپ كەتكەن، قارىماامسىز، گۆش - ياغ، سەۋزە - پىياز، ئوتۇن - ياغاچ، مەڭگەن - سامان، مال - ۋاران، ئۇن - گۇرۇچ ۋە ھەر خىل مېۋە، تاتلىق - تۈرۈملارنىڭ ھەممىسى سېتىلىدىكەن. ئادەمنىڭ جىقلىقىنى دېمەمسىز، مەن قىستىلىپ يۈرۈپ، ساۋۇر ئاكىنىڭ دۇكىنىنى ئاران تاپتىم. ئۇنىڭ دۇكىنى پىششىق تاماق ساتىدىغانلار قاتارىدا ئەپلىك بىر جايدا ئىكەن. ئاش سالىدىغان يوغان قازان پورۇقلاپ قايناپ تۇرۇپتۇ. بىر تەرەپكە توغرالغان سەي - گۆشلەر رەتلىك تىزىپ قويۇلۇپتۇ. ساۋۇر ئاكا ئاق بۆك كىيىپ، ئاپئاق پەشمال تارتىپ، ساپلىقىنى ھەۋەس بىلەن تاراقلىتىپ، ھە دەپ سەي قورۇۋېتىپتۇ. مەن ھەيران قالدىم،



ھەيران بولغىنىم، دۇكاندا خېمىر تارتىپ، ئاش سېلىۋاتقان ئادەم دەل ھېلىقى قۇربان «سولخاي» ئىدى. يائاللا! بۇ ساۋۇركامزە، «ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر» دېگەننى تازا ئوقۇغان ئادەمكەن - دە!…

مېنىڭ بىردىنلا جۇدۇنۇم تۇتتى. بۇرۇلۇپ كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتىم. ئاڭغىچە ساۋۇركام مېنى كۆرۈپ قالدى.

— ھوي، توختاخۇنغۇ بۇ! نېمانداق…

ئۇ ئالدىمغا چىقىپ، سۆرىگىنىچە دۇكىنىغا ئەكىرىپ كەتتى، ھېلىقى «سولخاي» ئالدىراشچىلىقتا قوللىرىنى سۈرتۈپ كېلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانىدى، مەن ئاغزىمنىڭ ئۇچىدىلا «ھە، قانداقراق!» دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتىم.

دۇكاندا تاماق يەۋاتقان بىرنەچچە خېرىدار بار ئىكەن، مەن ئارقا تەرەپكە ئۆتۈپ ئولتۇردۇم. «سولخاي» دەرھال كېلىپ جوزىنى ئېرتىپ، بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بېرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغىمۇ قارىمىدىم. ساۋۇر ئۇستام بىر ساپلىق سەينى قورۇپ چىقىرىۋېتىپ، بىر تەخسە گۆشلۈك سەي بىلەن ئاش كۆتۈرۈپ كېلىپ يېنىمدا ئولتۇردى، ئۇنىڭ كۆزلىرى بۇرۇنقىدەكلا كۈلۈپ تۇراتتى.

— تامىقىمىزنىڭ تۇز - تەمىنى تېتىپ باق، ئۇكا.

— ساۋۇر ئاكا، بازار يامان ئەمەستۇ؟

— رىزقىغا تۇشلۇق، ئۇكام. بۇ تەرەپلەرگە پەقەت كېلىپ باقمىدىڭ - ھە؟ دېگەنبىلەن ئىشنى يولغا سېلىۋالدۇق.

— بۇ نېمىنى يەنە قۇيرۇقىڭىزغا چېتىۋاپسىزغۇ؟ — دېدىم مەن قازان بېشىدا ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن «سولخاي»نى شەرەت قىلىپ.

— ۋاي، ئۇكام، بىلمەن، ئۇنى ھەممىڭلار يامان كۆرىسىلەر. سەن بىلمەيسەن، مەن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان پاراڭلاشتىم. ئۇ ئەسلىدە گېئولوگ دەمدۇ، بىر ئىدارىنىڭ كادىرى ئىكەن. ئاتا ـ ئانىسى بۇرۇن قول ـ ئىلكىدە بار ئۆتكەن ئادەملەر ئىكەن. كېيىن ئۇنى ئىدارىسىدىن «سىنىپىي تەركىبىنى يوشۇرغان» دەپ بوشىتىۋېتىپتۇ. ئۆزىمۇ شۇ ئاق قەغەزنى قارا قىلىشتىن باشقىنى ئۆگەنمىگەن بولغاچقا، جەمئىيەتتە جىق تەمتىرەپ يۈرۈپتۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىر ئاكتىپ بولۇپ خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالاي، دەپ ئويلاپتىكەن. بۇرۇنقى ئىشلىگەن ئورنىدىن ئۇنىڭ ماتېرىيالى بىلەن «بۇ ئادەمدە چوڭ گۇمان بار» دېگەن بىر پارچە قەغەز كېلىپ قېلىپ، ھەممە ئىشنى بۇزۇپتۇ. ھەي، ئۇكام، يېڭىلمەس ئاللا، بىز ھەممىمىز خام سۈت ئەمگەن بەندە، ئازمايدىغان ئادەم يوق ··· — ئۇ مايلىشاڭغۇ قوللىرىنىڭ ئارقىسى بىلەن بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، يەنە سۆزلەپ كەتتى، — ئۇكام، راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ شارا ـ بارىچىلىقىممۇ يامان ئەمەس ئىش ئىدى. قارىسام، بۇ ئىنىم يەنە تەمتىرەپ قاپتۇ، خىزمىتى توغرىسىدا يۇقىرىغا ئەرز بېرىپ قويغانىكەن، تېخى ھەل بولماپتۇ. بىر كۈنى ئۇ: ئاكا، ئاڭلىسام، ئاشپەزلىكمۇ قولىڭىزدىن كېلىدىكەن. بىز ئاشخانا ئاچساق، مېنى خېمىرغا ئۆگەتسىڭىز، سىزنىڭ سايىڭىزدە مەنمۇ كۈن ئالسام، دەپ قالدى، شۇنىڭ زورى بىلەن بۇ دۇكاننى ئېچىپ قالدۇق. خېمىرغا ئوبدان قولى كېلىپ قالدى. ئۆتكەن ئىشلارنى زادى يۈزىگە سالمايمەن. ئىنساننى قاتتىق ئۇيالدۇرۇش گۇناھ، ئۇكام. ھازىر تاپقىنىمىز تەڭ، كۈنىمىز يامان ئەمەس



كېتىپ بارىدۇ. قېنى، ئاش سوۋۇپ قالدى. بەھۇزۇر ئال، ئۇكا. مەن ئوچاق بېشىغا بىر چىقاي···

1980 ـ يىلى، بىر كۈنى ئەتىگەندە ساۋۇر ئاكىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بىر قولىدا يوغان سومكا، قولتۇقىدا چوڭ بىر خالتا، يۈكىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بولالماي ئارانلا مېڭىپ كېتىۋېتىپتۇ.

— ھوي، ساۋۇر ئاكا، نەگە؟!

ساۋۇركام مېنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ئۇكام، ماۋۇلارنى ۋېلىسىپىتىڭگە ئېلىپ، ئاۋۇ كوچىغىچە ئاپىرىشىپ بېرە!

ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ ۋېلىسىپىتقا ئارتتىم، ئۇ بىر قولىدا ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىغا قويۇلغان خالتىنى تۇتقاچ ياندىشىپ مېڭىپ پاراڭغا چۈشتى.

— بىزنىڭ ھېلىقى «شاگىرت» ئۇرۇمچىگە ماڭماقچى، شۇنى ئۇزىتىپ قويغىلى ئۆيىگە كېتىپ بارىمەن.

مەن دەرھاللا قۇربان «سولخاي»نى ئەسكە ئالدىم.

— ئىشى ھەل بوپتۇمۇ؟

— ھە، ئىدارىسى چاقىرتقىلى خېلى بولغان. ئاخىرى ئۇلار ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ كەتمەكچى. بالىلىرىنىڭ تەلىيى دېگىنە، ئۇكا.

بىز ئازراق مېڭىپ، بىر تار كوچىغا ئەگىلىشىمىز بىلەن ئۈستىگە ئۆي جابدۇقلىرىنى بېسىپ، مېڭىشقا تەييار تۇرغان ماشىنىنى كۆردۇق. كابىنكىنىڭ ئىچىگە قۇرباننىڭ ئائىلىسى بىلەن بالىلىرى جايلىشىپتۇ، يۈكنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋالغان قۇربان

بىزنى كۆرۈپلا يەرگە چۈشمەكچى بولدى .
— بولدى ، بولدى ، چۈشمەڭ ! — دېيىشتۇق بىز .
ساۋۇر ئاكا يوللۇق نەرسىلىرىنى ئۇنىڭغا سۇندى .
— ماۋۇ ئازراق ئۇن ، ئۇكام ، بارغاندا بالىلىرىڭ بىلەن يەرسەن . ماۋۇ سومكىدىكى ساڭا ئازراق يوللۇقۇم ، ئاز بولسىمۇ ئال . كۆڭلۈمدە جىق ئويلىغانلىرىم بار ئىدى ، ئالدىراشلىق بولۇپ قالدى ، ھى... ھى... ھى...
— ساۋۇركا ، نېمانچە ئاۋارە بولىسىز ، بۇنىڭسىزمۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىز ئازمۇ ؟
— ئاۋۇ سومكىنى ئوبدانراق يەرگە قوي ، ئۇكا . بولمىسا قولۇڭدىلا تۇتۇۋال . ھە ، ئۆزۈڭمۇ مەھكەم ئولتۇر !... ياخشى - يامان دېيىشكەن بولساقمۇ رازى بول !...
ساۋۇركام شۇنداق دېيىشى بىلەنلا ، ماشىنىدا ئولتۇرغان قۇرباننىڭ بۇغدىيىكى يۇقىرى - تۆۋەن ھەرىكەتلىنىپ ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ كەتتى .
— ھەي ، ئەخمەق بالا ، خۇشال بولماي ، نېمىگە كۆڭلۈڭنى بۇزىسەن ؟ قېنى شوپۇر ، ئۇكا ، ئەمدى ھەيدىسەڭمۇ بولىدۇ .
ماشىنا قوزغىلىپ كەتكەندە ، قول سىلكىپ تۇرغان ساۋۇركامغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى . ئۇنىڭ ھەمىشە كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ھازىر ياشقا تولۇپ ، پارقىراپ كەتكەنىدى . نېمىشقىدۇر ، مېنىڭمۇ بۇرۇنلىرىمنىڭ ئۇچى ئېچىشىپ كەتتى .

× ×

قۇربان كېتىپ ئارىدىن ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا مەھەللە



كوچىلىرىدا يەنە ساۋۇر ئاكا پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ مۇرىسىدە ئۇزۇن يىللار ئىشلىنىپ سىلىقلىنىپ كەتكەن شۇ كونا ئەپكىشى ، لېكىن ئەپكەشنىڭ ئىككى بېشىدىكى سېۋەتلەر بۇرۇنقىدىن كىچىك ۋە يېڭى ئىدى .
«شارا - بارا ! كونا - يېڭى بارمۇ !؟»
بۇ تونۇش ئاۋاز قايتا ئاڭلىنىشى بىلەنلا مەن يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتىم . ساۋۇر ئاكىنىڭ كۆزلىرى يەنە كۈلۈپ تۇراتتى . ئۇ ئەپكىشىنى قويۇپ ، ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ ، مېنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى :
— ئۇكا ، ياشىنىپ قاپتىمەن ، ئاشپەزلىكمۇ ئېغىر ئىش . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، شاگىرت كېتىپ قالدى . بازارنى رەتلەشتە مېنى كونا - يېڭىنى يىغىدىغان بۇرۇنقى ئىشىڭىزنى قىلامسىز - يە ؟ دېيىشىۋىدى ، ماقۇل بولدۇم . مەھەللە ھۆكۈمىتى ماڭا كونا ماللارنى سېتىۋالىدىغان بىر دۇكان ئېچىپ بەردى . دۇكانغا كەلگەن نەرسىلەرنى سېتىۋالىمەن . بەزىدە مەھەللىلەرگە ئۆزۈم چىقىپ يىغىمەن . ھى... ھى... ھى... ! ئۆگىنىپ قاپتىمەن دېگىنە . مۇشۇ كوچىلارنى ئارىلاپ تۇرمىسام ئىچىم پۇشۇپ قالىدۇ ، تاپاۋىتىم يامان ئەمەس ، ھى ، ھى ، ھى ! ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار ، دېگەن شۇ . ھېلىقى زەي ئۆيدە يېتىپ كەتكىنىمىز - ھە ، ئۇكا . شۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى .
— قۇرباندىن خەت كەلدىمۇ ؟ — دەپ سورىدىم مەن .
— كەلدى ، كەلدى ، بېرىپلا ئىككى - ئۈچ پارچە خەت يازدى . ئىككى - ئۈچ مىڭ كويدەك قايتۇرۇش پۇلى ئاپتۇ ، ھازىر تۇرمۇشى خاتىرجەم ئىكەن ، ئۇنىڭ بۇرۇن يازغان ، يەردىن چىقىدىغان مەدەن دەمدۇ ، بىر نېمىلەر توغرىسىدىكى كىتابتەك

بىر نەرسىسى بار ئىكەن ، ھازىر ئۇ شۇنى يېزىۋېتىپتۇدەك ، تەشكىل ئۇنى سەن باشقا ئىشنى قىلماي ، مۇشۇ كىتابنى يېزىپ پۈتتۈر ، دەپتۇدەك . قارا ، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئورنىنى تاپسا باشقا گەپ ـ ھە !...

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، پۇت ـ قوللىرىنى بىر تولغىۋالغاندىن كېيىن ، ئېرىقنىڭ قىرىدىكى چىملىق ئۈستىگە ئولتۇرۇپ ، يەنە سۆزلەپ كەتتى :

— قارا ، ئۇكا ، باشتا يازغان خېتىنى مەن ساڭا ئەكېلىپ كۆرسىتىمەن . سەن ئىشەنمەيسەن ، ھېلىقى چاغدا «ئۆگىنىش كۇرسى»دا بىللە ياتقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى ساپتۇ . «ئاكا ، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىمنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمايمەن . شۇ چاغدىكى ئەسكىلىكلىرىمنى ئويلىسام ئۆزۈمدىن ئۆزۈم يىرگىنىمەن» دەپ يېزىپ كېتىپتۇ . قارا ، تېخى مېنى ئۆيدىكىلىرىڭىز بىلەن كېلىپ بۇ يەردە بىر ـ ئىككى ئاي تۇرۇپ كېتىڭ ، دەپ يېزىپتۇ . ئۇنىڭ كۆڭلىگە رەھمەت . ۋاي ۋوي ! ئۈرۈمچى دېگەن نە ئۇ ؟...

ساۋۇركام ئەپكىشىنى مۈرىسىگە ئېلىپ مېڭىپ كەتتى . شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنى پات ـ پات ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان بولدۇم . بەزىدە ئۇ سېۋەتىدىكى يۈكلەرنىڭ ئېغىرلىقىدىن مۈكچىيىپ ئارانلا ماڭاتتى . شۇنداق چاغلاردىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە كۈلۈپ تۇراتتى .

1981 ـ يىل ، غۇلجا



# يېڭى كېسەل

يەكشەنبە كۈنى ئىسسىق ئۆيدە راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ «ئالتۇن ئارال» ژۇرنىلىنى كۆرۈۋاتاتتىم . بىر ئەدەبىي ئاخباراتتىكى «ھازىرقى پىكاپتا ئولتۇرىدىغان ئەمەلدارلار شوپۇرلىرىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدى...» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇپ ھەيرانلا قالدىم . كاللامدا دەرھال «بىزنىڭ باشلىقىمۇ شوپۇرىدىن قورقامدىغاندۇ ؟» دېگەن سوئال تۇغۇلدى . ياق ، مۇمكىن ئەمەس !...

بەزى ئىدارىلەرگە باشلىق بولۇۋالغان پاكار ، ئاۋاق ، كۆرۈمسىز ئاغىنىلەرنى كۆرسەم ئىچىم پۇشىدۇ . مۇنداقلارنى شوپۇرى چېغىدا كۆزىگە ئىلمىسىمۇ ئىلمايدىغاندۇ . باشلىق دېگەندە ئەمىلىگە يارىشا سۈلەت بولسا بولىدۇ ـ دە !... مانا ، باشلىق دېسە بىزنىڭ ئىدارىنىڭ باشلىقىنى دېسە بولىدۇ . ئۇ گەۋدىلىك ، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ، زامانغا مۇناسىپ كىيىنىپ ، ھەيۋەتلىك يۈرىدىغان ئادەم . ئاۋازىمۇ سۈلىتىگە لايىق جاراڭلاپ چىقىدۇ . سۆز قىلغاندا ئۇنىڭ چىرايىدا نامايان بولىدىغان كاتتا رەھبەرلەرگە خاس تەمكىن ، كەسكىنلىكنى كۆرسىڭىز ئىختىيارسىز سىزنى سۈر باسىدۇ . ئۇنىڭ ئالدىغا ئىش بىلەن كىرمەكچى بولغان ھەرقانداق خادىم ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئەيمىنىپ بىرنەچچە مىنۇت تۇرۇپ

قالدۇ… مۇنداق بىر ئادەمنى شوپۇرىدىن قورقىدۇ، دېسە ئەقىلگىمۇ سىغمايدۇ - دە!

ئەتىسى، مەن بىلەن بىر بۆلۈمدە ئىشلەيدىغان رەخمەتجاندىن سورىدىم:

— ھازىرقى بەزى باشلىقلارنىڭ شوپۇرىدىن قورقىدىغان كېسىلى باردەك، ھەرقانچە بولسىمۇ بىزنىڭ باشلىق شوپۇرىدىن قورقمايدىغاندۇ؟

— نېمە دەۋاتىسىز!؟ — دېدى رەخمەتجان قەتئىي ئاھاڭدا ئىشەنچلىك سۆزلەپ، — باشقىلارغا قارىغاندا، بىزنىڭ باشلىق شوپۇرىدىن بەكرەك قورقىدۇ…

— نېمە دەيدىغانسىز؟

— نېمە دېگىنىمنى بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن كۆرۈپ قالىسىز.

بىزنىڭ باشلىق ھەرقانداق ئورۇندا زىياپەتتە بولسا ئۇنىڭ شوپۇرىنىڭمۇ ئەيمەنمەي قىستىلىپ كىرىپ، زىياپەت ئۇستىلىدە گىدىيىپ ئولتۇرۇۋالىدىغىنىنى كۆز ئالدىمغا كەلدى - دە، رەخمەتجاننىڭ سۆزىگە سەل ئىشىنىپ، ئۇنىڭدىن كوچىلاپ سورىدىم:

— بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن كۆرۈپ قالىسىز، دېگىنىڭىز نېمە دېگىنىڭىز؟

— مۇشۇ بىرەر ئاينىڭ ئالدىدىغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئەسلەپ، — باشلىقنىڭ بۆلۈمى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسام، ۋارقىراشقان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۆلۈمنىڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق تۇرۇپتۇ. قارىسام باشلىق «ھوي، ئاستىراق ۋارقىراڭ، ئاستىراق…» دەپ يالۋۇرۇۋېتىپتۇ. نىمجان



مەھەممەت بولسا (شوپۇرىمىزنىڭ شۇنداق غەلىتە ئىسمى بار ئىدى) «قاچانغىچە سېنىڭ ھارۋىكەشلىكىڭنى قىلىمەن؟» دەپ باشلىققا گۇركىرەۋېتىپتۇ… يېقىندا ئاڭلىسام، ئۇنى كادىر قىلىپ ئۆستۈرمەكچىمىش…

دېگەندەك، ئۇزاق ئۆتمەيلا نىمجان مەھەممەت كادىرلىق رەسمىيىتىنى غاچ - غۇچ پۈتتۈرۈپ، ئىدارىگە نەرسە - كېرەك سېتىۋالىدىغان خادىم بولۇپ بەلگىلەندى. خوجىلىق بۆلۈمدە بىر ئىش ئۇستىلى كۆپەيدى. مەنغۇ بىر ئاددىي ئىسكىلاتچى، «خوجىلىق بۆلۈمگە كىم كېلىپ، كىمنىڭ كېتىشى بىلەن نېمە كارىم» دەپ ئويلىدىم.

يېڭى يىل يېقىنلاپ قالغان ۋاقىت ئىدى. رەھبەرلەر چوڭ يىغىن ئېچىپ، ئىلغارلارنى تەقدىرلەپ، يىللىق خىزمەتلەردىن خۇلاسە چىقارماقچى بولۇشتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى بىر يىل جاپا تارتتى، دەپ ئاددىيراق قىلىپ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇشتۇق. نىمجان مەھەممەت جامائەتكە ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولدىمۇ، پۇلنى مەردلىك بىلەن خەجلەپ، تاتلىق - تۈرۈم، مېۋە - چېۋە، سوغۇق ئىچىملىك دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، ئىسكىلاتنىڭ بىر بۇلۇڭىنى تولدۇرغىلى تۇردى. كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن، شۇ ئارىدا يۇقىرىدىن تۇيۇقسىز «… ھەر خىل شەكىلدىكى زىياپەت، كۈتۈۋېلىشلارنى ئۆتكۈزۈشكە قەتئىي بولمايدۇ» دېگەن يوليورۇق كېلىپ قالدى. چوڭ يىغىننى قۇرۇق قايناق سۇ بىلەن ئاددىيلا ئۆتكۈزدۇق.

ئەتىسى ئىسكىلاتنى ئېچىپ، يىغىنغا دەپ سېتىۋالغان نەرسىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلارمىز؟ دەپ ئولتۇراتتىم. نىمجان مەھەممەت ئىدارىدىكى يېقىنلىرىدىن بەش - ئالتەيلەننى

باشلاپ كىرىپ، ئىسكىلاتتىكى سوپۇرگە، چېلەك، كەتمەن - گۈرجەك، ئىش قەغىزى، شىلىم، سىياھ دېگەندەك قالايمىقانچىلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا «زىياپەت»نى باشلىۋەتتى.

— قېنى، ئاغىنىلەر، ماۋۇ نەرسىلەردىن ئېغىز تېگىڭلار. سىلەرنى يەيدۇ، دەپ سېتىۋالغان. ئىسكىلاتتا ئۇزاق تۇرۇپ قالسا بەربىر بۇزۇلىدۇ... شۇنداققۇ دەيمەن، تۇرداخۇن ئاكا؟

باشلىقنى قورقۇتالايدىغان بۇ يېڭى كادىرغا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي، ئالىيىپ - ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، ئىسكىلاتنى تاشلاپ چىقىپ كەتتىم. چۈشتىن كېيىن كەلسەم، ھېلىقى زىياپەتچىلەر يەيدىغىنىنى يەپ، ئالىدىغىنىنى ئېلىپ، سېتىۋالغان نەرسىلەرنى ئوبدانلا يېرىملىتىپتۇ. ئۇلاردىن قالغان قۇرۇق بوتۇلكا، كەمپۇت قەغىزى، خاسىڭ، ئاپپىلسىن شۆپۈكلىرىنى يېرىم كۈن تازىلىدىم. كەچكە يېقىن يەنە نىمجان مەھەممەت پەيدا بولدى. ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئاستا شاپىلاقلاپ:

— ئۇكام، سىز تېخى يېقىندا كادىر بولدىڭىز، مۇنداق قىلساق باشقا بالا تېپىۋالىمىز جۇمۇ، — دېدىم.

— نېمە بولدى؟ — دېدى ئۇيەردىن بىر تال شىمىشكە شاكىلىنى ئېلىپ، چىشىنى كوچىلاپ تۇرۇپ. بۇ شوپۇرىمىزنىڭ شۇنداق قايناق سۇ ئىچسىمۇ ھېلىلا بىر يەردىن قىزا يەپ چىققاندەك چىشىنى كوچىلاپ ئولتۇرىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

— نېمە بولدى، دەيسىزغۇ؟... باشلىقلاردىن بىرەرى كىرىپ، ھېلىقى يىغىنغا دەپ سېتىۋالغان نەرسىلەر قېنى؟ دەپ سوراپ قالسا نېمىدەپ جاۋاب قىلىمىز؟

— ۋاي، ئاكا، نېمانچە قورقىسىز؟ باشلىق غوجاملارنىڭ يەپ - ئىچىپ كېتىۋاتقىنىغا سېلىشتۇرغاندا بۇ قانچىلىك



نېمىتى!؟...

— ئۇنداق دېمەڭ، مانا مەن ئىسكىلاتچىلىق قىلغاندىن بېرى بېشىمدىن نېمە ئىشلار ئۆتمىگەن دەيسىز، — دەپ ئۇنىڭغا ئۇزاق يىللارنىڭ ئالدىدا بولغان بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ بەردىم، — بىر چاغلاردا «خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش» دېگەن ھەرىكەتلەر بولغان. بىر كۈنى تەكشۈرگۈچىلەر ئىسكىلاتىمنى تەكشۈرۈپ، «تۇرداخۇن، ماۋۇ دەپتەرگە يىگىرمە كىلوگرام كىشمىش ئىسكىلاتقا كىرىم، دەپ يېزىلىپتۇ، كىشمىشنى نېمىگە ئىشلەتكىنىڭلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. ئۇ يىللاردا بازارغا يۈگۈرۈپ چىقسا ئىزدىگەن نېمىنى دەرھال تاپقىلى بولمايدىغان بولغاچقا، بەزى نەرسىلەرنى ئالدىن ئېلىپ ساقلاپ قويىدىغان ئىشلار بولىدىغان. ئويلىسام، بىر چاغدا شۇنداق بىر كىشمىش سېتىۋالغىنىمىز راست. نېمىگە ئىشلەتكىنىمىزنى زادى ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئىسكىلاتنى تەكشۈردۇق، ھەممە نېمە جايىدا تۇرىدۇ، ھېلىقى سېسىق كىشمىشنىڭ بىر تېلىمۇ يوق... ئۇ شۇنداق بىر زامانلار ئىدى. شۇ ئازغىنە كىشمىشنىڭ چاتىقى بىلەن كۆرەشكە تارتىلدىم.

«ھوي، ئاغىنىلەر، مانا خۇدا تۇرۇپتۇ، ئۇ كىشمىشتىن بىر تالنى ئاغزىمغا سالغان بولسام...» دەيمەن. كۆپچىلىك:

«ئەمىسە، كىشمىش نەگە كەتتى، دېمەمسەن؟!» دەپ چۇرقىرىشىدۇ، دەپ بېرەلمەيمەن. شۇنداق قىلىپ، خەقنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە كۈن ئۆرە تۇردۇم. ئاخىرىدا بىرى قوپۇپ:

«ھوي تۇرداخۇن، ئەمدى ئادەم بولغاندىن كېيىن، ئىسكىلاتقا كىرگەندە - چىققاندا شۇ كىشمىشتىن بىرەر - يېرىم تالنىمۇ ئاغزىڭغا سالمىغانسەنمۇ؟» دەپ قالدى. ئىلاجسىز:

«ئەمدى... بىر - ئىككى تال يېگەن بولسام يېگەندىمەن» دېدىم. ئەتراپتىكىلەر:

«ھە، جاھىللىق قىلماي ماۋۇ گەپنى قىلمامسەن!» دەپ چۇرقىراشتى.

«ئىسكىلاتقا كۈنىگە قانچە قېتىم كىرىپ-چىقىدىغانسەن؟»

«بەزىدە بىر قېتىم، زورۇر بولۇپ قالسا ئالتە - يەتتە قېتىممۇ كىرىدىغان گەپ...»

«ھە بوپتۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە بەش قېتىمدىن كىردىڭمۇ دەيلى، ھەر قېتىمدا بىرەر ئوچۇمدىن كاپ ئەتكەن بولساڭمۇ كۈنىگە ئاز دېگەندە بىر كىلوگرام كىشمىش كەتتى دېگەن سۆز... خوش، ئەمدى بىر ئايدا قانچىلىك يېگەن بولىسەن، بىر يىلدىچۇ؟ ئۆزۈڭ ھېسابلاپ باق!»

مەن بىرنېمە دېگۈچە باشقا ھېسابچىلار شارت - شۇرتلا قەغەز - قەلەملىرىنى چىقىرىشىپ، ئىككى - ئۈچ مىسقاپ كىشمىشنىڭ ھېسابىنى ماڭا ئارتىپ قويۇشتى.

«ھوي سادىغاڭ كېتەيلەر، نېمانداق قىلىسىلەر، بۇ بارى - يوقى يىگىرمە كىلوگرام كىشمىش ئەمەسمۇ؟» دەيمەن، ئاڭلايدىغان ئادەم يوق.

شۇنداق قىلىپ، خىيانەتچىلەر قاتارىغا خەتلەندىم. بىر كۈنى بېشىمنى ساڭگىلىتىپ غەمدە ئولتۇرسام، يېنىمىزدىكى مەكتەپتىن شۇ يەرگە تەكشۈرۈشكە چۈشكەن بىرەيلەن كىرىپ كەلدى.

«خوش، نېمە گەپ؟» دېسەم.

«ئاۋۇ مەكتەپنىڭ ئىسكىلاتچىسى بولتۇر سىلەردىن يىگىرمە كىلوگرام كىشمىشنى قەرز ئېلىپ ئىشلەتكىنىنى ئېيتتىدۇ،



راستمۇ؟» دەيدۇ.

كۆزۈمگە ھېلىقى ئاداش ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى، گەپ قىلمايلا بىزنىڭ ئىدارىگە چۈشكەن تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ باشلىقىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپ: «بايىقى گەپنى يەنە بىر دەڭا!» دېدىم. ھېلىقى ئىككىسىنى يۈزلەشتۈرۈپ قويۇپ بالا - قازادىن ئاران قۇتۇلغاندىم... ئەمدىزە، ماۋۇ نەرسىلەرنىڭ تاق يېرىمىنى تۆت ئاغىنىڭىز بىلەن يەپ - ئىچىپ بولۇپسىز، بۇنىڭ سورىقى بولمامسۇ؟!

نىمجان مۇھەممەت بۇ گەپلىرىمنى يا ئاڭلىدى، يا ئاڭلىمىدى، ئۇ چىشىنى مالتىلاۋاتقان ياغاچنى يەرگە تاشلاپ، ماڭا قاراپ مەنسىتمەسلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى - دە، «توختاڭ، بۇ ئىشنى مۇنداق توغرىلايمىز» دەپ بىر قەغەزگە بىرقانچە ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى يېزىپ ئالدىمغا تاشلىدى.

— بۇ نېمە؟

— كۆرمەيۋاتامسىز، ئىدارىمىزدىن پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ تىزىملىكى.

— نېمە قىلماقچىسىز؟

— سېتىۋالغان نەرسىلەرنى يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن پېنسىيىگە چىققانلارنى يوقلاشقا ئىشلەتتۇق، دەپلا تارقىتىۋېتىمىز، پۈتتى.

— ماۋۇ يازغانلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە پېنسىيىگە چىقمىغانلارنىڭمۇ ئىسمى بارغۇ؟

— ھەي، جېنىم تۇرداخۇن ئاكا، نېمانچە پەمىڭىز يوق. شۇڭا بىر ئىسكىلاتچىلىقنى ئوتتۇز يىل ئىشلىگەن ئادەم -

ده سىز... ماۋۇ قالغانلىرى ئىدارىمىزدىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار، ئۇلار ئۆزلىرى پېنسىيىگە چىقمىغان بىلەن ئائىلىسىدە يوقلاشقا تېگىشلىك قېرى - چۈرى، ئاغرىق - سىلاقلىرى بار - ده !... مانا ماۋۇ باشلىقىمىزنىڭ ئۆيىدە ياشانغان دادىسى بار. مۇئاۋىن باشلىقىمىزنىڭ ئانىسىنى بىلەرسىز؟ چېچىنى بوياپ يۈرسە ياش چوكانمىكىن، دەپ قالماڭ، ئۇمۇ ئاتمىشتىن ئاشقان ئايال. ماۋۇ يەنە بىر مۇئاۋىن باشلىقنىڭ ئۆيىدە ئەرگە تەگمەي ئولتۇرۇپ قالغان بىر سىڭلىسى بار، بېشىنىڭ ئازراق سۇيى بارمىكىن، پۇل تاپسىلا بېرىپ سۈرەتكە چۈشىدۇ. ئۇنىمۇ قاتاردا يوقلاپ قويمىساق بولماس...

— بوپتۇ، باشلىقلار ماقۇل بولسا شۇنداق قىلساقمۇ قىلايلى.

— سوراپ يۈرۈشنىڭ هاجىتى يوق. گېلىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن «بولماپتۇ» دېگەن باشلىقنى مەن بىر كۆرەي...

شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى قالدى - قاتتى نەرسىلەرنى چوڭ - كىچىك خالتىلارغا قاچىلاپ، چوڭراقلىرىنى باشلىقلارنىڭ، كىچىكرەكلىرىنى پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ئۆيلىرىگە توشۇغىلى تۇردۇق. بىكارغا بىرنېمە ئاپارسا كىم ئالمايدۇ، دەيسىز؟ ئىشقىلىپ، هەممىسى خۇش بولدى. باشلىقلارمۇ بۇ خىزمىتىمىزنى ماختىدى. شۇنچە يىللار ئىسكىلات باشقۇرۇپ تۈزۈكرەك ماختاشقىمۇ ئېرىشىپ باقماپتىكەنمەن، ئۆزۈمنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي كۈلدۈم.

يېڭى يىللىق سېتىۋالغان نەرسىلەرنىمۇ شۇنداق توغرىلاپ قۇتۇلغان بولدۇق. ئەمما، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسكىلاتنىڭ



كىرىم - چىقىم رەسمىيەت ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئىدارىگە سېتىۋېلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆرمەيلا «پالانى يەرگە ئىشلەندى» دەيدىغان قۇرۇق قەغەزلەرنى يىغىپ ئولتۇرىدىغان بولدۇم. كىتاب ئىشكاپى، داڭلىق قەلەم، ئاپتوماتىك تېرموس، ئۇستەل چىرىغى، رەڭلىك لامپا، قانداقتۇر ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلار... ئەيتاۋۇر، بۇرۇن ئۆزۈممۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر سېتىۋېلىنىپ، ئىسكىلاتنىڭ قەيەردىلىكىنى كۆرمەيلا غايىب بولىدىغان بولدى.

— ئۇكام نىمجان مەهەممەت، بۇ قانداق بولغىنى؟ — دەپ سوراپ قوياتتىم. ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا ئۇ:

— چاتاق يوق، ئۆزۈم توغرىلايمەن! — دەيتتى.

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن تۈزۈم بار - ده تۈزۈم! — دېدىم بىر كۈنى.

— تۈزۈم!؟... تۈزۈم دېگەن سىز بىلەن ماڭا ئوخشاشلارنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەيدىغانغا چىققان نېمە، — دېدى ئۇ چىشىنى كوچىلاپ تۇرۇپ، — باشلىقلىرىڭىزنىڭ ئۆزىنىڭ تۈزۈمگە قانچىلىك بويسۇنىدىغىنىنى مەندىن سورىڭا. شوپۇر بولغان ئادەم نېمىنى بىلمەيدۇ، دەيسىز؟ مانا سىز باشلىقنى كۈندۈزى ئىدارىدە تۈپتۈزۈك يۈرگەن چاغلىرىدىلا كۆرىسىز، بىز ئۇلار بىلەن كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ بىللە بولغان. ئۇلارنىڭ قانداقلىقىنى ئوبدان بىلىمىز...

دېمىسىمۇ نىمجان مەهەممەت هەرقانداق ئاق - قارا ئىشچوتلارنى هېلىقى باشقىلار ئەيمىنىپ كىرەلمەيدىغان بۆلۈملەرگە ئۇسۇپ كىرىپلا تەستىقلىتىپ چىقالايتتى. ئۆزۈم توغرىلايمەنلا، دەيتتى، ئاۋۋال باشلىقلارنىڭ تەلىپىنى تولۇق

قاندۇرۇپ ، ئاندىن قالغان نەرسىلەرنى ئۆزى بىلگەنچە توغرىلاۋېرەتتى . كېيىنكى چاغلاردا ، ھېلىقى سۆلەتلىك باشلىقىمىز يۈرەك ئاغرىقى ، قان بېسىمى دېگەندەك بالايىبەتتەرلەر بىلەن دوختۇرغا تولا قاتراپ ، پات - پات ئىشقا كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالدى . مېنىڭ نەزىرىمدە ئەمدى ئۇ بۇرۇنقى ھەيۋىسىنى يوقىتىپ ، خۇددى ئاپتاپتا قالغان قار ئادەمدەك بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتاتتى... راستىمنى ئېيتسام ، نىمجان مەھەممەت بىلەن بىللە ئىشلەشتىن ئۆزۈممۇ قورقۇپ قالدىم . «ھەي مۇشۇنىڭ بىر بالاسى يۇقمىسۇن ، پېنسىيىگە چىقىپلا قۇتۇلاي !» دەپ ئالدىراپ - تېنەپ پېنسىيىگە ئىلتىماس يازدىم . مەن پېنسىيىگە چىققۇچى ئارىلىقتا نىمجان مەھەممەت «خىزمەتتە يېڭىلىق ياراتقان خادىم» دەپ ماختىلىپ ، خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا ئۆسۈپ ، پىكاپتا ئولتۇرىدىغانلار قاتارىغا ئۆتتى . ئۇ ئىشتىن چۈشكەن چاغلاردا شوپۇرنىڭ پىكاپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ، ئۇنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشلىرىنى دېمەمسىز...

مانا ، بۇلار خېلى يىللارنىڭ ئالدىدىكى گەپلەر . دەم ئېلىشقا چىقىپ كەتكەچكە ، ئىدارىدىكى يېڭىلىقلاردىن تازا خەۋەر تېپىپ كېتەلمىدىم . ئاڭلىسام ، نىمجان مەھەممەت يەنە ئۆسۈپ ، ئىدارىمىزنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ قاپتۇدەك . يېقىندا ئۇقسام ، ئۇنىڭمۇ شوپۇرى : مەن قاچانغىچە سىنىڭ ھارۋىكەشلىكىڭنى قىلىمەن ، مېنى ئۆستۈرمەيدىغان بولساڭ ، بارلىق ئەيتى - بەشرەڭنى پاش قىلىپ ، رەسۋايىڭنى چىقىرىمەن ، دەپ نىمجان مەھەممەت بىلەن ياقىلىشىپ يۈرگۈدەك . بېچارىنىڭ شوپۇرىدىن قورقۇش كېسىلى سابىق



باشلىقىنىڭكىدىنمۇ ئېغىرراق بولسا كېرەك... قارىغاندا بۇ كېسەل يۇقۇملۇق بولۇپ ، بارغانسېرى كەڭ تارقىلىۋاتقان ئوخشايدۇ .

1992 - يىل ، غۇلجا

# شاھ ۋە قاغا

«بورادۇ» دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بىر پادىشاھلىق بار. ياش چوڭ بولغانسېرى ئادەمنىڭ زېھنىمۇ ئاجىزلاپ كېتىدىغان گەپكەن، مەن بەزىدە ئۆزۈمنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرىمنىڭمۇ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ دۆلەتنىڭ ئىسمى «بورادۇ»مۇ، باشقا نېمىمۇ؟ ئۇنىڭ ئورنى دۇنيا خەرىتىسىنىڭ قايسى بۇرجىكىگە توغرا كېلىدۇ؟ تازا ئېسىمدە قالماپتۇ. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ نامى «بورادۇ»غا يېقىنراق بىرنېمە. ھازىرچە بىز ئۇنىڭ ئىسمىنى «بورادۇ» دەپلا تۇرايلى. بىز ھېكايە قىلماقچى بولغان ۋەقە مانا مۇشۇ يەردە يۈز بەرگەن.

«بورادۇ» شاھىنىڭ ئوردىسى ئىچىدە شاھنىڭ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان بىر باغچە بار. مۇبادا تەلىيىڭىز ئوڭ كېلىپ، بۇ خاس باغچىغا تاسادىپىي بىرەر نۆۋەت قەدەم بېسىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ قالسىڭىز، جەننەت دېگەن ھەرقانچە گۈزەل بولسا مۇشۇنچىلىك بولار، دەپ ئويلاپ قالىسىز. بۇ يەردە قۇياش نۇرىغا تويۇنۇپ تۇرغان رەڭمۇرەڭ گۈللەر، تۆت پەسىل كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەل - دەرەخلەر، ياپيېشىل چىملىقلار، سۈپسۈزۈك سۇلار تولدۇرۇلغان چۆمۈلۈش كۆللىرىنى كۆرىسىز. شاھ خۇش كەيپ چاغلىرىدا ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى بۇ باغقا چاقىرىپ سۆھبەت ئېلىپ بارىدۇ؛ كاتتا زىياپەتلەرنى



ئۇيۇشتۇرۇپ، كۆڭلى تارتقان مېھمانلار بىلەن بىللە بولىدۇ؛ نەغمىچىلەرنىڭ كىشىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ ئەرشكە ئەكېتىدىغان نەغمە - ناۋالىرىنى تىڭشاپ، ساھىبجاماللارنىڭ بەللىرىنى تولغان، ساغرىلىرىنى سىلكىپ ئوينىغان ئۇسسۇللىرىدىن ھوزۇرلىنىدۇ.

سىز بىلەن بىز: دۇنيادا ئەڭ ھوزۇر - ھالاۋەتلىك ياشاۋاتقانلار ئاشۇ شاھلار بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمىز. ئەمەلىيەتتە شاھلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى، زېرىكىدىغان، ئىچى پۇشىدىغان، كېچىلىرى ئارامسىزلىنىپ ئۇخلىيالمايدىغان، ئەتراپىدىكى ئۆزى تىكلىگەن مەۋجۇت نەرسىلەردىن بىزار بولىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. مۇنداق چاغلاردا «بورادۇ» شاھى ھەممىنى قوغلاپ چىقىرىپ، باغچىدىكى يېشىل چىملىقلار ئارىسىدىن كەتكەن ئاياغ يوللاردا تەنھا مېڭىپ خىيال سۈرىدۇ. كۆپكۆك ئاسمان، قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ سۈكۈتتە تۇرغان گۈل-گىياھلاردىن ئۆزىگە ئاراملىق ئىزدەيدۇ. بۇ دەقىقىلەردە، شاھنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ ھېچكىم بۇ باغقا ئاياغ بېسىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

بۈگۈنمۇ بورادۇ شاھى خاس باغچىدىكى ھېلىقى چىملىقلار ئارىسىدىن كەتكەن يولدا تەنھا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭگەن، قوشۇملىرى تۈرۈلگەن بولۇپ، قانداقتۇر بىر دەردنىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاتىلاۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

«جاھان بۇرۇنقىغا ئوخشاشماي قېلىۋاتىدۇ، — دەپ ئويلايتتى شاھ، — بورادۇدەك ئۆزىنىڭ شاھلىق سەلتەنىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان دۆلەتلەردىن ھازىر دۇنيادا زادى نەچچىسى بار؟... ناھايىتىمۇ ئاز قالدى. ئەمدىلىكتە قەدىمكى

ئەتراپىدىكى ئەللەرنىڭ قەدىمىگە ماسلاشتۇرۇپ باسمىساڭ كۈلكىگە قالىسەن...» شۇ سەۋەبتىن شاھ مەملىكەت ئىچىدە ئانچە - مۇنچە ئۆزگىرىشلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋىدى، پۇقرالار بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ چوڭ ئەركىنلىك تەلەپ قىلغىلى تۇردى. ۋەزىرلەر، ئەمەلدارلار، ھەتتا ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى ئالدىدا ھەدەپ قويۇپ، ئارقىدىن ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلىشاتتى. دۆلەت خەزىنىسى بارغانسېرى قۇرۇقدالماقتا ئىدى... ھەممە مەخلۇقات شاھنىڭ ئايىغىغا شەرتسىز باش قويىدىغان ئۆتمۈشنىڭ ئۆزى قانچىلىك گۈزەل ئىدى - ھە!... ھازىرچۇ؟ مۇشۇ «ھازىر» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى بىر دەھشەت! ھازىر شاھ ئۆز دۆلىتىنى ئەتراپى غايەت زور دولقۇنلار بىلەن قورشالغان يېگانە ئارالدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئارال بارغانسېرى قاتتىق داۋالغۇپ، ئۇنى ئارامسىزلاندۇرماقتا ئىدى.

شۇ خىياللار بىلەن شاھ باغدىكى يوغان بىر تۈپ چىنار دەرىخىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، شاھنىڭ مۈرىسىگە يۇقىرىدىن بىر نەرسە پوككىدە چۈشكەندەك قىلىپ قالدى. شاھ چۆچۈپ قاراپ، شاھلىق تون ئۈستىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ئاپئاق سۇيۇقلۇقنى كۆردى. بۇ بىر قۇش مايىقى ئىدى. دەل شاھنىڭ بېشى ئۈستىدىكى چىنار شېخىدا بىر قاغا قانات - قۇيرۇقنى تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇراتتى. شاھ غەزەپ بىلەن قولىنى كۆتۈرۈۋىدى، قاغا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا ئورنىدىن قوزغىلىپ، ھاۋاغا ئۆرلەپ كەتتى. بۇ ئىش شاھنىڭ كەيپىنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇچۇردى.

— ھاي، لەشكىرىي ئىشلار ۋەزىرى! — دەپ ۋارقىرىدى



شاھ.

يىراقتا، باغنىڭ ئىشىكى ئالدىدا شاھنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان مۇلازىم يۈگۈرۈپ دېگۈدەك يېتىپ كېلىپ تىز چۆكتى.

— خوش، شاھ ئالىيلىرى.

— ۋەزىرنى، لەشكىرىي ئىشلار ۋەزىرىنى دەۋاتىمەن.

مۇلازىم ئارقىغا يېنىپ، مىنۇت ئۆتمەي لەشكىرىي ئىشلار ۋەزىرىنى تېپىپ كەلدى. لەشكىرىي ئىشلار ۋەزىرى ساقاللىق، بەستلىك كەلگەن ئادەم ئىدى. ئۇ ھاسىرىغىنىچە كېلىپ شاھنىڭ ئالدىدا يۈكۈندى. ياش ۋاقىتلىرىدا جەڭ مەيدانلىرىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەن بۇ ئادەم ھەر قېتىم شاھنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق تىزلىنىشقا مەجبۇر بولغاندا قاتتىق خورلۇق ھېس قىلاتتى.

— بۇ نېمە؟ — دەپ ئۈستىدىكى توننى كۆرسەتتى شاھ.

— بۇ... بۇ، ... — دەپ ھودۇقۇپ قالدى ۋەزىر، — بۇ جانابلىرىنىڭ ئۈستىدىكى مۇبارەك شاھلىق تون.

— مەن تونىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقىنىم يوق!... ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نېمە؟!

شۇ چاغدا ۋەزىر توندىكى ئاقۇچ داغنى كۆردىيۇ، دەماللىققا ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئىلغا قىلالمىدى.

— ئەقىلسىز قۇللىرىنى كەچۈرسىلە. ئۇ يەردە ئاقۇچ بىر داغ تۇرۇپتۇ. نېمىلىكىنى ھەقىقەتەن ئىلغا قىلالمىدىم.

— قۇشنىڭ مايىقى، ئەقىلسىز!... مۇشۇ چىنار شېخىدا ئولتۇرغان ئەرزىمەس بىر قاغا ھېلىلا مېنىڭ ئۈستۈمگە نىجاسىتىنى چىچىپ قويۇپ ئۇچۇپ كەتتى... شۇ بىر قۇش چېغىدا مېنى كۆزگە ئىلمىسا - ھە!... بۇ جاھان زادى نېمە بولۇپ

كېتىۋاتىدۇ!؟... يوقات، مەملىكەت ئىچىدىكى، قولۇڭدىن كەلسە دۇنيادىكى قاغا ئەۋلادىنىڭ ھەممىسىنى يوقات!... بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ كۆزۈم قاغا ـ پاغا دېگەننى كۆرگۈچى بولمىسۇن!

لەشكىرىي ئىشلار ۋەزىرى بىر دەقىقە تېڭىرقىغىنىچە تۇرۇپ قالدى ـ دە، دەرھال ئېسىنى يىغىپ: «خوپ!» دېگىنىچە ئوردىغا قاراپ يۈگۈردى.

× ×

شاھ ئۆزىنىڭ خاس باغچىسىدا قاغىلارنى يوقىتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈۋاتقان شۇ مىنۇتلاردا يەنە بىر ۋەزىر — تەرغىبات ئىشلىرى ۋەزىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا قولىنى ئارقىسىغا تۇتقىنىچە ئۇياقتىن ـ بۇياققا تېپىرلاپ مېڭىپ يۈرەتتى. شۇ تاپتا ئۇ شاھنىڭ كەيپىنى مۇنچە ئۇچۇرۇۋاتقان ئىشلارنىڭ زادى نېمىلىكى ئۈستىدە ئويلاپ ئاۋارە ئىدى. تىت ـ تىت بولغان ۋەزىر ئاخىر ئۆز ئىشخانىسىدىن چىقىپ، قىپقىزىل پاياندازلار سېلىنغان زالدىن ئۆتۈپ، تەرەققىيات ۋەزىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. تەرغىبات ۋەزىرى پات ـ پات باشقىلار بىلەن چاقچاقلىشىپ، قىزىقچىلىق قىلىپ قويىدىغان، يېقىندىن بېرى ناھايىتى كېلەڭسىز سەمرىپ كەتكەن، پاكار، دوغىلاق ئادەم ئىدى. شاھ ئۇنىڭ باشقىلارغا قىلغان قىزىق چاقچاقلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنى زىياپەت سورۇنلىرىغا چاقىرماي قويمايتتى. بۇ ۋەزىر ئۆزىنىڭ شۇنچە سەمرىپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي، گۆشنى كۆرگەندە زادىلا



نەپسىنى يىغىۋالالمايتتى. شاھقا ئەيمىنىپ ـ ئەيمىنىپ قاراپ قويۇپ، گۆش تارتىلغان تاۋاقلار قۇرۇقدىلىپ بولغاندىلا داستىخاندىن نېرى بولاتتى. تەرەققىيات ۋەزىرى بولسا، ئورۇق كەلگەن، ئېگىز ئادەم ئىدى. ئۇ ياش چاغلىرىدا چەت ئەللەردە ئوقۇغان، ھازىرمۇ خىزمەت ئېھتىياجى سەۋەبىدىن چەت ئەللىكلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى. شۇلارنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئۇ تاماقتا ئۆلچەمگە ناھايىتى دىققەت قىلاتتى. بۇ ئىككى ۋەزىر بوي ـ تۇرقى، مىجەز ـ خۇلقىدىكى شۇنچە ئوخشىماسلىقلارغا قارىماي ناھايىتى ئەپ ئۆتۈشەتتى. كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قورۇنماي ئېيتىشالايتتى. ئوردىدا شاھ بولمىغان پۇرسەتلەردە بىر ـ بىرىنىڭ قېشىغا كىرىپ كۇسۇلدىشىپ، ئوردىدىكى كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىشلار، مەملىكەتتىكى قالايمىقانچىلىق، شاھنىڭ بىلىمسىزلىكى، شاھ جەمەتىدىكى كىملەرنىڭ قانچىلىك پۇلنى قايسى دۆلەتنىڭ بانكىسىغا يۆتكەپ كەتكەنلىكى، شاھ ھەرەمخانىسىدىكى تېخى شاھنىڭ ئۆزىگىمۇ مەلۇم بولمىغان سەتچىلىكلەر دېگەندەك نۇرغۇن ئىشلار توغرىسىدا ھارغىچە غەيۋەت قىلىشىپ، شاھ ئۈستىدىن ئاچچىق كۈلۈپ قورسىقىنى بوشىتىۋېلىشاتتى.

تەرەققىيات ۋەزىرى تەرغىبات ۋەزىرى بىلەن سالاملىشىپ، ئۇنى مەخمەل بىلەن قاپلانغان يۇمشاق دىۋانغا تەكلىپ قىلدى.

— شاھ ئالىيلىرىغا نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى تەرەققىيات ۋەزىرى، — ئۇ، ھەممە قاغىلارنى يوقىتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇدەكقۇ؟

— قاغىلارنى... ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن قاغىلارنى دەمسىز؟

— قاغا دېگەن ئاسماندا ئۇچماي ، سىزگە ئوخشاش ئوردا ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ ، دېيۈدىڭىزمۇ ؟
— كىمدىن ئاڭلىدىڭىز ؟
— تېخى ھېلىلا… لەشكىرىي ئىشلار ۋەزىرىدىن .
— ھەي - ي ، جانابىي تەرەققىيات ۋەزىرى دوستۇم ، — پېشانىسىدىن تەپچىپ چىقىۋاتقان ئۇششاق تەر تامچىلىرىنى يىپەك ياغلىقى بىلەن سۈرتتى تەرغىبات ۋەزىرى ، — شاھنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن قاغىلا ئەمەس ، قاغىدەك ئاغزى بېسىلماي قاقىلدايدىغان شائىرلار !
— شائىرلار ؟… شائىرلارغا نېمە بوپتۇ ؟ !
— شائىرلارنىڭ ئىشى مېنىڭ باشقۇرۇش دائىرەمدىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىسىز .
— شۇنداق ، سىز تەرغىبات ئىشلىرى ۋەزىرى بولغاندىكىن ، ئەلۋەتتە شائىرلارنىمۇ باشقۇرىسىز - دە !
— راستىمنى ئېيتسام ، دوستۇم ، بۇ شائىر دېگەنلەرنىڭ بىر مەملىكەت ئۈچۈن زادى نېمىگە لازىمى بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيمەن .
تەرەققىيات ۋەزىرى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .
— زامان - زامانلاردىن بېرى ، — دەپ چۈشەندۈردى تەرەققىيات ۋەزىرى ، — شاھلار ئۆز ئوردىلىرىدا يۈزلەپ شائىرلارنىڭ قورسىقىنى بېقىپ كەلگەن .
— نېمە ئۈچۈن ؟ — دېدى تەرغىبات ۋەزىرى .
— شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، شاھلار ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ، ئادالەتپەرۋەرلىكىنى ئۆزى كوچىغا چىقىپ جار سېلىپ



يۈرسە بولمايدۇ - دە ! ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى باشقىلار ماختىشى كېرەك . شائىرلار شاھنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان مېھرىبانلىقلىرىنىڭ بەدىلىگە تەرەپ - تەرەپتىن چۇقان سېلىشىپ ، شاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ، ئېسىل پەزىلەت ، تەڭداشسىز ئالىيجانابلىقىنى كۆككە كۆتۈرۈپ شېئىرلار يېزىشىدۇ ، ئۇنىڭ شەنىگە دەستە - دەستە داستانلارنى پۈتىدۇ .
— توغرا ئېيتتىڭىز ، ھازىرچۇ ؟… ھازىر… ھەي تەرەققىيات ۋەزىرى دوستۇم ، بۇ شائىر دېگەنلەرنى باشقۇرماقنىڭ مۈشكۈللۈكىنى سىز تېخى چۈشەنمەيسىز . شائىر دېگەننىڭ ھەقىقەتەنمۇ چاتىقى تولا خەق . يېقىندىن بېرى بۇ كارغا كەلمەسلەر ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئۇنتۇپ ، خىيالىغا كەلگەن نېمىنى يازىدىغان بولۇۋالدى… سەن ئۆزۈڭ بىلەن ئۆزۈڭ يالغۇز قالغاندا نېمىلەرنى ئويلىدىڭ ، كېچىسى خوتۇنۇڭ بىلەن يوتقاندا يېتىپ نېمىلەر ھەققىدە پىچىرلاشتىڭ ، بىز بۇنىڭغا ئارىلاشتۇقمۇ ؟ شۇنچە چوڭ ئەركىنلىكنىڭ قەدرىگە يەتمەي ، خۇددى مېنىڭ نېمىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىۋاتقىنىمنى باشقىلار بىلمەي قالمىسۇن ، دەپ كۆرەڭلىگەندەك ، ئۆزۈڭنىڭ ئوڭدا يېتىپ ئويلىغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى شېئىر قىلىپ يازغىلى تۇرساڭ . بۇ دۆلەتنىڭ ئىگىسى يوقمۇ ؟… گېزىت - ژۇرناللار ئۈچۈن پۇل خەجلەۋاتقان شاھنىڭ غەزىپى كەلمەمدۇ ؟…
— شۇنچە خاپا بولغۇدەك ئۇلار نېمىلەرنى يېزىپتۇ ؟
— ئوقۇپ باقسىڭىز ھەممىسى چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەر . ئۇلارچە گەپنى قانچە ياپتا قىلسا ، سۆز - ئىبارىلىرى قانچە چۈشىنىكسىز بولسا ، شېئىر دېگەن شۇنچە پاساھەتلىك چىقارمىش ؛ قانچە ئېگىز يەرگە پۇت ئاتسا ، شۇنچە ئابرۇيلۇق

بولارمىش . بۇ خەقنىڭ ھالىغا باقماي تۆت ئادەم جەم بولغان سورۇنلاردىكى گەپلىرىنىڭ يوغانلىقىنى دېمەمسىز . خۇددى ئۇلار شېئىر يازمىسا بۇ ئالەممۇ ئالەم بولماي قالىدىغاندەك يوغان گەپلەرنى قىلىپ ، باشقىلارنىڭ يېغىرىغا تېگىدۇ .

— شاھىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇشقا شۇنچە كۆپ ۋاقتى بارمىكەن ؟

— ئۇ چۈپرەندىلەرنىڭ بىرنېمىلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇشقا شاھىمىزنىڭ نەدىمۇ ۋاقتى بولسۇن ، ئوقۇغان تەقدىردىمۇ ئۇ نېمىنى چۈشىنەتتى . قاپىيىسى يوق سۆزلەرنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ بەرسىڭىزمۇ قالتىس شېئىر ئىكەن ، دەپ ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋېرىدۇ...

— ئەمىسە ، سىز ئېيتقان ھېلىقى ياپتا شېئىرلارنىڭ مەنىسىنى ئۇنىڭغا كىم يېشىپ چۈشەندۈرۈپتۇ ؟

— ھەممىسى ھېلىقى «شۇمبۇيا»نىڭ ئىشى بولمامدۇ !

تەرغىبات ۋەزىرىنىڭ «شۇمبۇيا» دېگىنى مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى ئىدى ، مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى شاھنىڭ يېنىغا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىجازەتسىز كىرىپ - چىقالايتتى . پادىشاھلىقنىڭ ئامانلىقى ، شاھنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىغا بېرىپ تاقىلىدىغان ئىشلارنى ئەنە شۇ مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى شاھنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايتتى . ئوردىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىلمەك بۇرۇن ، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىن كىشىگە ئوغرىدەك قارايدىغان ئادەمدىن ھەزەر ئەيلىشەتتى ۋە ئۇنى ئارقىسىدىن «شۇمبۇيا» دەپ تىللىشاتتى . لېكىن ، شاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئوردىدىكى بۇ «شۇمبۇيا»نى يۇلۇپ تاشلاشقا قۇربى يەتمەيتتى .

— بۇ ، مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى ئارىلاشقۇدەك شۇنچە چوڭ



ئىشمىكەن ؟ — دەپ سورىدى تەرەققىيات ۋەزىرى يەنە .

— مەن سىزگە چۈشەندۈرۈپ ئېيتسام ، بۇ چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەر گېزىت - ژۇرناللىرىمىزدا بېسىلىشقا باشلىغۇدى ، ئۇزۇندىن بېرى قىلىدىغان ئىش تاپالماي ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغان تەنقىدچى دېگەن نېمىلەر بىرى ماختاپ ، بىرى قۇسۇر تېپىپ تەرەپ - تەرەپتىن چۇقان كۆتۈرگىلى تۇردى . سىز بىلىسىز ، ھازىرقى ۋاقىتتا گېزىت - ژۇرناللاردا كىمنىڭ ئۈستىدە چۇقان- سۈرەن كۆپ بولسا ، شۇنىڭ ئابرۇيى ئۆسكىلى تۇرىدۇ . ياپتا شېئىرچىلارنىڭ ئابرۇيى ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باشقا شائىرلار ئولتۇرالماي قالدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەرز - شىكايەتلىرىنى كۆتۈرۈپ ئوردىغىچە يېتىپ كەپتۇ . بۇنچىلىك ئىش دېگەن «شۇمبۇيا»غا تېپىلغۇسىز - دە ! ئۇنىڭ شاھنىڭ قۇلىقىغا : ياپتا شېئىرلارنىڭ تىغ ئۇچى سىزنىڭ مۇبارەك نامىڭىزغا ، شاھلىق تەختكە قارىتىلغان ، دەپ پىچىرلىغىنى ئېنىق .

— ئۇ نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغاندۇر ؟

— نېمىشقا شۇنداق قىلاتتى ، مۇشۇ پۇرسەتتە مېنىڭ ئەدىپىمنى بەرمەكچى ! ؟

— سىزنىڭ ؟ !

— شۇنداق ، مېنىڭ .

— سىزگە ئۇ نېمانچە ئۆچمەنلىك قىلىدىكەن ؟

— ئاڭلىسام ، ئۇ «شۇمبۇيا» دېگەن لەقەمنى مېنى چىقاردى ، دەپ يۈرگۈدەك .

— بۇ لەقەمنى سىز چىقارغانمىدىڭىز ؟

— خۇدايا توۋا دەڭ ، مەن نېمدەپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن لەقەم

توقۇپ يۈرگۈدەكمەن .

— ياق ، ئەمدى ، مۇنداق بىر يەردە ، قىزىقچىلىق قىلىمەن ، دەپ ئاغزىڭىزدىن چىقىپ كەتتىمىكىن ، دەيمەنا ؟

— سىز مېنى شۇنچە ئەخمەق كۆرەمسىز ؟…

شۇ چاغدا تەرغىبات ۋەزىرىنىڭ كۆزى تەرەققىيات ۋەزىرىنىڭ ئالدىدىكى مەرمەر ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان بىر پارچە قەغەزگە چۈشۈپ قالدى . قەغەزگە قانداقتۇر بىر ماللارنىڭ تىزىملىكى رەتلىك يېزىلغانىدى .

— جانابىي ۋەزىر ، بۇ نېمە ؟ — دەپ سورىدى تەرغىبات ۋەزىرى ھېلىقى تىزىملىكنى كۆرسىتىپ .

— بۇ ، بىز يېقىندا چەت ئەلدىن كىرگۈزمەكچى بولۇۋاتقان نازۇك تېخنىكىلىق ئەسۋابلارنىڭ تىزىملىكى ، — دېدى تەرەققىيات ۋەزىرى .

— ماۋۇ «ماشىنا ئادەم» دېگىنىڭىز قانداق ئادەم ، ئەمدى ئادەملەرنىمۇ چەتتىن كىرگۈزىدىغان بوپتىمىزمۇ ؟

— ماشىنا ئادەم دېگىنى ئادەم ئەمەس ، ئۇ بىر ماشىنا .

— ئۇ قانداق ماشىنا ، نېمىشقا ئۇنى ئادەم دەيدۇ ؟

— ئۇ ئادەتتىكى ماشىنا ئەمەس ، تەقسىر . ئۇ نان يېمەيدىغان ، چاي ئىچمەيدىغان ، ئەمما ئادەملەر قىلىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىغان ماشىنا . بىز خەتىرى چوڭ ئىشلارنى قىلدۇرۇشقا مۇشۇنداق ماشىنا ئادەملەردىن بىرنەچچىنى ئەكېلىپ سىناق قىلىپ باقماقچىمىز .

— پاھ ! — دەۋەتتى تەرغىبات ۋەزىرى ، — ئالەم تەرەققىي قىلىپ نەلەرگە كېتىپ قالغان - ھە ! بىز تېخى بۇ يەردە شېئىر - پېئىر دېگەنلەرنىڭ پىتىنى بېقىپ ئولتۇرۇپتىمىز… بۇ



ئىشتىن تېخى جانابىي ئالىيلىرىنىڭ خەۋىرى يوق ئوخشىمامدۇ ؟

— قانداق دەيسىز ؟

— ئۇنىڭ خەۋىرى بولغان بولسا ، ھەرەمخانىسىغا جەزمەن بىرنەچچە ماشىنا خېنىملارنىمۇ زاكاز قىلدۇرغان بولاتتى ، — دەپ پىخىلداپ كۈلدى تەرغىبات ۋەزىرى ، — ھەرەمخانىدىمۇ خەتەرلىك ئىشلار كۆپ…

— شۇنداق ، خەۋىرى يوق . بىز بۇ ماشىنا ئادەملەرنى ئىشلىتىپ كۆرۈپ ، سىناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن جانابىي ئالىيلىرىنى خەۋەرلەندۈرمەكچىمىز .

— قاراپ تۇرۇڭ ، ئۇ تازا نازلىق ماشىنا خېنىملاردىن بىرنەچچىنى زاكاز قىلماي قالمايدۇ . شۇ چاغدا تەرغىبات ۋەزىرى دوستۇم راست ئېيتىپتىكەن ، دەپ قالىسىز .

— بۇرادەر ، — دەپ كۈلدى تەرەققىيات ۋەزىرى ، — ماشىنا خېنىمنى ھەرقانچە چىرايلىق ياسىغان بىلەنمۇ ئۇ بەرىبىر مېتال - دە ! ئۇنىڭدا قان بىلەن گۆشتىن پۈتۈلگەن ئادەمدەك نازۇك ھېسسىيات بولمايدۇ ، ئۇنى قۇچاقلاپ ياتقان ئادەممۇ ھېچقانداق لەززەت ئالالمايدۇ .

— شاھىمىزنىڭ خۇيىنى بىلمەمسىز ؟ ھەرەمخانىسىغا ئايال تاللاشتا ئۇ قانداق مىللەتتىن ، قانداق رەڭدە بولۇشىغا قارىمايدۇ . ھەرقايسىسىنىڭ لەززىتى باشقا - دە !… مەن دېدىمغۇ… قاراپ تۇرۇڭ ، ئۇ مېتال خېنىمنى قۇچاقلاپ بېقىشتىنمۇ يانمايدۇ .

— بەلكىم ، — دەپ دوستىنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى تەرەققىيات ۋەزىرى .

شۇ چاغدا تەرغىبات ۋەزىرىنىڭ كاللىسىدا بىر پىكىر چاقماقتەك يالتىرىدى - دە ، ھاياجاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— جانابي تەرەققىيات ۋەزىرى ، سۆيۈملۈك دوستۇم ، — دېدى ئۇ خۇشاللىقتىن قوللىرىنى ئىشقىلاپ ، — مۇمكىن بولسا ، شۇ مالالارنىڭ تىزىملىكى ئىچىگە بىر شائىرنىمۇ قوشۇپ تىزىملاپ قويسىڭىز .

— نېمە شائىر ئۇ ؟ — دېدى ئۇ تەرەققىيات ۋەزىرى ھەيران بولۇپ .

— ھېلىقى سىز چەت ئەلدىن ئەكەلدۈرمەكچى بولۇۋاتقان ماشىنا ئادەملەر ئىچىدە… سىزگە مەقسىتىمنى قانداق چۈشەندۈرسەم بولار… دېمەكچىمەنكى… ھە ، شۇ زاكاز قىلىنماقچى بولغان ماشىنا ئادەملەرنىڭ ئىچىدە بىر ماشىنا شائىرمۇ بولسۇن .

— ماشىنا «شائىر» ! ؟

— ھە ، شېئىر يازالايدىغان ماشىنا ئادەم دېمەكچىمەن . ئەلۋەتتە ، ھازىرچە بۇ ئىشىمىزنى شاھمۇ بىلمىسۇن . ئۇ ماشىنا ئادىمىڭىز پەقەت بىزنىڭ ئارزۇيىمىز بويىچە ، شاھنى مەدھىيىلەپ ئاسمانغا چىقىرىۋېتىدىغان شېئىرلارنى بىز قانچىلىك دېسەك شۇنچىلىك تۆكۈۋېتىدىغان شائىر بولسۇن . گېپىمنى چۈشەنگەنسىز ؟ ئۆتۈنۈپ قالاي ، دوستلۇقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن جەزمەن شۇنداق ئاجايىپ شائىردىن بىرنى قوشۇپ زاكاز قىلىۋېتىڭ !

× ×

شۇنداق قىلىپ ، تەرغىبات ۋەزىرى بىلەن بولغان دوستلۇقىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تەرەققىيات ۋەزىرى بىر ماشىنا



شائىر ئادەمنى زاكاز قىلىپ كىرگۈزدى . تەرغىبات ۋەزىرى چەت ئەلدىن كەلگەن بۇ «شائىر»نى چەت ئەلچە پۈزۈر كىيىنگەن ، بوينىغا ئالا - بۇلىماچ گالىستۇك تاقىغان ، ئۈستەلگە ئېگىشىپ ئولتۇرۇپ شېئىر يېزىۋەرگەچكە پېشانىسى ئالدىغا ساقىپ بۆرتۈپ چىققان ، چېچى چۈشۈپ گەجگىسىدە بىر تۇتاملا تۈكى قېپقالغان ، ئورۇق بىر ئادەم سىياقىدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ ، ئۇنىڭدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى ئىزھار قىلماقچى بولدى . ئۆزىنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن «شائىر» بىلەن كۆرۈشكەندە دەيدىغان گەپ - سۆزلىرىنى كېچىچە يادلاپ چىقتى . ئەتىسى ، بۇ «شائىر» نى ئورۇنلاشتۇرغان ئالاھىدە ئىشخانىغا كىرىپلا بىر قىسما بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئالدىدا شەكلى ئادەمگە سەل ئوخشىتىپ ياسالغان ، ئۆزىگە ئوخشاش پاكار ، دوغىلاق بىر مەخلۇق تۇراتتى . ئۇنىڭ ئۈستىدە نە كىيىم ، نە ئالا - بۇلىماچ گالىستۇك بولسۇن ؟ ! ئىككى قولى گۆشى شىلىۋېلىنغان ئۈستىخاندەك ئىككى تەرەپكە تاشلىنىپ تۇراتتى . باش قىسمىدا ئېغىز ، بۇرۇن ، قاش - كىرپىك دېگەندىن ئەسەر يوق ، كۆزىنىڭ ئورنىدا ئىككى قىزىل لامپا لىپىلداپ يېنىپ تۇراتتى . تەرغىبات ۋەزىرى شۈركۈنۈپ كەتتى . بۇ «شائىر»نىڭ سىياقى ئۇ كىچىك چېغىدا چۈشىدە پات - پات كۆرىدىغان ئالۋاستىغا ئوخشىشىپ كېتەتتى .

— تەرەققىيات ۋەزىرى دوستۇم ، ھېلىقى بىز زاكاز قىلغان ماشىنا «شائىر»ىمىز مۇشۇمۇ ؟ — دەپ سورىدى تەرغىبات ۋەزىرى .

— مۇشۇ ، — دېدى تەرەققىيات ۋەزىرى ، — ئۇنىڭ كارامىتىنى ھازىر كۆرىسىز .

تەرەققىيات ۋەزىرى «شائىر»نىڭ قانداقتۇر بىر كۇنۇپكىسىنى بېسىپ قويۇۋىدى، ئۇ غەلىتە ئاۋازدا شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى قۇدۇقنىڭ ئىچىدىن كېلىۋاتقاندەك بوغۇق ئىدى. ئوقۇغان شېئىرلىرى كىنىدىكىگە ئورنىتىلغان قانداقتۇر بىر تۆشۈكتىن ئاق قەغەزگە رەتلىك يېزىلىپ چىقىپ تۇراتتى.

— سىز بۇ «شائىر»ىمىزنىڭ كارامىتىدىنى سەل چاغلىماڭ! — دېدى تەرەققىيات ۋەزىرى، — ئۇنىڭ مېڭىسىگە دۇنيادىكى بۇرۇن ئۆتكەن ۋە هازىر ياشاۋاتقان بارلىق مەشھۇر ئوردا شائىرلىرىنىڭ ئۆز شاھلىرىنى ماختاپ خۇش قىلىدىغان شېئىرىي پىكىرلىرى قاچىلانغان. بىز ئۇنىڭغا شاھنى قايسى تەرەپتىن، قايسى تەرىقىدە ماختاش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى كىرگۈزسەكلا، ئارزۇيىمىزدىكى مىڭلاپ كۇپلېت شېئىر بىردەمدىلا هازىر بولىدۇ.

ماشىنا «شائىر» ئىشقا چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ دۆلەتنىڭ پۈتۈن گېزىت - ژۇرناللىرىنى ئۆزىنىڭ مەدھىيە شېئىرلىرى بىلەن كۆمۈۋەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ياپتا يازىدىغان، ئوچۇق يازىدىغان، ئەنئەنىچى، هازىرقى زامانچە بارلىق شائىرلارنىڭ بازىرى كاساتلاشتى. ماشىنا «شائىر» شېئىرىي ژانىرنىڭ ھەممە شەكىللىرىدە يازالايتتى. بۇ شېئىرلارنىڭ قۇرۇلمىسى شۇنچىلىك پۇختا ئىدىكى، ئۇنىڭدىكى بىرەر سۆزنى تۇرماق، چېكىت، پەشلىرىنىمۇ ئېلىۋەتكىلى بولمايتتى. ماشىنا «شائىر» شېئىرلىرىدا شاھنىڭ تاغلارنى لەرزىگە سالىدىغان قۇدرىتى، ئالىيجاناب پەزىلىتى، بوي - بەستىنىڭ شۇنچە گۈزەللىكى، ھەتتا ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىكى تۈكلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خوپ



ياراشقانلىقى دېگەندەك ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر ھەققىدە مەدھىيە ئوقۇيتتى. پۇقرالارغا بۇ مەملىكەتتە پەقەت جانابىي شاھ هايات بولغاچقىلا پۈتۈن ئاسمان - زېمىن، جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەر كۈنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى. شاھنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئوردا خۇشامەتچىلىرى ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بۇ يېڭى شېئىرلارنى تېپىپ كېلىپ، ئوقۇپ بېرىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايتتى.

× ×

بۈگۈن شاھ يەنە خاس باغچىدىكى خىلۋەت ئاياغ يوللاردا تەنھا مېڭىپ يۈرەتتى. ئەتراپتا قۇشلار كۆڭۈللۈك چۇرۇقلىشاتتى. يېشىل چىملىقلار قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ ئۈگدەيتتى، باغنىڭ هاۋاسى گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقىغا تويۇنغانىدى. شائىرلارنىڭ يېقىندىن بېرى يېزىۋاتقان شېئىرلىرىدىكى ئۆزىگە ئوقۇلغان ئاجايىپ مەدھىيىلەرنى ئويلاپ شاھنىڭ بەدىنىگە شادلىق يامراپ، چىرايى ئاپئاپتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىرەرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىسە، شۇ چىملىقلار ئۈستىدە كىچىك بالىدەك دومىلاپ، ھەر تەرەپكە قىيغىتىپ باققۇسى بار ئىدى. لېكىن، ئۇ شاھ - دە! شاھلىق تاجىنىڭ ئۆزىمۇ ئىنسان ئۈچۈن ئېغىر يۈك...

شاھ چىنار دەرىخى ئاستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ چىنار شېخىغا قونۇپ ئولتۇرغان ھېلىقى قاغىنى يەنە كۆردى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلمىدى. بۇ قاغىدا شاھلىق تونىغا چىچىپ قويۇشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلگۈدەك

ئەقىل بولسا شۇنداق قىلالتتىمۇ؟ پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا شاھنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا تىترەپ تۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. مانا، شائىرلار يەنە ئۆز ئەقلىنى تېپىپ، شاھنىڭ شەنىگە ئەڭ ئۇلۇغ سۆزلەر بىلەن مەدھىيە ئوقۇشنى باشلىۋەتتى…

شاھ مېڭىشتىن توختاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ دانا كاللىسىغا تۇيۇقسىز بىر پىكىر كەلگەنىدى. ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالدى - دە، ئالدىراپ ئوردىغا قايتتى. دەرھال ۋەزىرلەرنى ئالدىغا چاقىرتىپ، يېقىندىن بېرى ئاجايىپ شېئىرلارنى يېزىپ خىزمەت كۆرسەتكەن شائىرلارنى مۇكاپاتلىماقچى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەخپىي ئىشلار ۋەزىرىنىڭ ئىچى لازا سۇركىگەندەك ئېچىشىپ كەتتى - دە، ئاستا شاھ تەرەپكە سۇرۇلدى. جانابىي شاھقا ئەڭ يېقىن چەكتە يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاش ھوقۇقى پەقەت ئاشۇ مەخپىي ئىشلار ۋەزىرىگىلا بېرىلگەنىدى.

— ئېھ، قۇدرىتى تەڭداشسىز جانابىي شاھ! — دەپ پىچىرلىدى مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى، — ئۇ شائىرلارنى تارتۇقلاش ئوشۇقچىمىكىن، دەيمەن.

— نېمىشقا؟! — دەپ مەخپىي ئىشلار ۋەزىرىگە ئالايدى شاھ، — سېنىڭ ئاغزىڭدىن: پۇقرالارنىڭ نىيىتى يامانلاشتى، دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قېلىۋاتىدۇ، جاھان بۇزۇلۇۋاتىدۇ… دېگەندەك ۋەھىمە، شىكايەتتىن باشقا نېمە چىقمايدۇ. مەن ھەممىڭدىن بىزار بولدۇم. شۇ كۈنلەردە كىم مېنى شۇ شائىرلارچىلىك خۇش قىلالاپتۇ!؟



«شۇمبۇيا» نىڭ شاھتىن دەككىسىنى يېگەنلىكىنى كۆرۈپ، باشقا ۋەزىرلەرنىڭ چىرايىغا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈردى. مەخپىي ئىشلار ۋەزىرىنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى بۇ مەسخىرىلىك كۈلكىلەرنى كۆرۈپ ئۇلگۈردى.

— چۇ… چۇ… چۈنكى، — دەپ دۇدۇقلاپ قالدى مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى، — شاھ ئالىيلىرى، راست گەپنى ئېيتىش مېنىڭ بۇرچۇم… بۇ يەردە ھېچقانداق شائىر - پائىر دېگەن نېمە مەۋجۇت ئەمەس.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟! — دەپ ھەيران بولدى شاھ.

— جانابلىرى ئوقۇغان شېئىرلارنى يېزىۋاتقىنى بىر ماشىنا ئادەم.

— ماشىنا ئادەم!؟

— شۇنداق، جانابىي ئالىيلىرى، ئۇ بىر ماشىنا ئادەم.

— ماشىنا ئادەم دېگىنىڭ قانداق ئادەم؟

— بۇنىڭ ئىنچىكە يەرلىرىنى مەنمۇ تازا چۈشىنىپ كەتمەيمەن. بۇ توغرىسىدا بەلكىم تەرەققىيات ۋەزىرى تولۇقراق چۈشەنچە بېرەر، — دەپ يەرگە قارىدى مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى.

ئەمدى شاھنىڭ نەزەرى تەرەققىيات ۋەزىرىگە ئاغدۇرۇلدى.

— ماشىنا ئادەم دېگىنىمىز، — دەپ گېلىنى قىردى تەرەققىيات ۋەزىرى، — ئۇ بىر ماشىنا، ئادەملەر قىلىدىغان ھەممە ئىشنى قىلالايدىغان ماشىنا. شۇڭا ئۇنى «ماشىنا ئادەم» دەيمىز. ئۇنى يىراقتىن تۇرۇپلا بىر كۇنۇپكىنى بېسىپ باشقۇرۇپ، ھەرقانداق ئىشقا سالغىلى بولىدۇ. ئۇ ئەڭ ئىنچىكە، تېخنىكىلىق ئىشلارنىمۇ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. بىز جانابىي ئالىيلىرىنىڭ: «تەرەققىياتتا قوشنا ئەللەردىن قالماسلىق»

دېگەن دانا يولىيورۇقلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، شۇنداق ماشىنا ئادەملەردىن بىرنەچچىنى چەتتىن كىرگۈزگەندۇق. بۇ ماشىنا ئادەملەرنىڭ ئىچىدە تەرغىبات ۋەزىرىنىڭ ئۆتۈنۈشىگە ئاساسەن كىرگۈزۈلگەن بىر ماشىنا «شائىر»مۇ بار ئىدى...

— مۇنداق دېگىن، — دەپ تەرەققىيات ۋەزىرىنىڭ سۆزىنى بۆلدى شاھ، — نېمىشقا بۇ ئىشتىن مېنىڭ ھازىرغىچە خەۋىرىم يوق؟

— ماشىنا ئادەملەرنى ئاۋۋال ئىشلىتىپ كۆرۈپ، سىناقتىن ئۆتسە، خىزمىتىمىزنىڭ نەتىجىسىدىن جانابىي ئالىيلىرىغا خەۋەر بەرمەكچىدۇق. ئىنشائاللا، سىنىقىمىز نەتىجىلىك بولدى، مىسالى، مانا ھازىر گېپى بولغان ماشىنا «شائىر»نى ئالايلى، ماشىنا «شائىر»نىڭ ئاجايىپ شېئىرلىرى جانابىي ئالىيلىرىنىڭ قولىغا يېتىپتۇ. تەرغىبات ۋەزىرى ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ بىر كۇنۇپكىنى باسسىلا، «ماشىنا شائىر» مۇنداق گۈزەل مىسرالار بىلەن تولغان شېئىرلاردىن مىڭلاپ كۇپلېت چىقىرىپ بېرەلەيدۇ.

باياتىدىن بېرى شاھقا بىرەر پايدىلىق ئەقىل كۆرسىتىپ، شاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇرغان مەخپىي ئىشلار ۋەزىرىنىڭ كۆڭلىدىن بىر شۇملۇق كەچتى-دە، شاھ تەرەپكە سۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەنە بىرنېمىلەرنى شىۋىرلىدى. شاھ بىردىنلا ئەقلىگە كېلىپ، خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— توغرا، تىرىك ئادەملەرنى گەپكە كىرگۈزمەك تەس، ماشىنا ئادەملەرنى بولسا بىر كۇنۇپكىنى بېسىپلا ھەرقانداق ئىشقا سالغىلى بولىدۇ-ھە؟ بۇ نېمىدېگەن كارامەت كەشپىيات! —



دەۋەتتى شاھ، — قوشنا ئەللەر نېمىشقا شۇنچە تېز ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتىدىكىن دېسەم، ئەسلىي گەپ بۇ يەردە ئىكەن-دە!... قېنى سەن، پەرمانچى، پەرمانىمنى ياز!... شۇنداق ماشىنا ئادەملەردىن يەنە مىڭلاپ كىرگۈزۈلسۇن! ئۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا ۋەزىر، ماشىنا مۇلازىم، ماشىنا ئەسكەر، ماشىنا ساتىراش، موزدۇز-تۆمۈرچى... يەنە بىزنىڭ ھەرىمىمىزگە چىرايلىق ماشىنا خېنىملار... ھە، ئېشىپ قالغىنىنىڭ ھەممىسى يەر تېرىيدىغان ماشىنا پۇقرالار بولسۇن. ئۇلارنى باشقۇرىدىغان كۇنۇپكىنى دەل مېنىڭ مۇشۇ تەختىمنىڭ ئۆزىگە ئورنىتىڭلار. ماڭا غەيۋەتخور ۋەزىر، باشباشتاق پۇقرا، خىيانەتكار خوتۇنلارنىڭ نېمە لازىمى. ھەممىڭ كۆزۈمدىن يوقال!!

ۋەزىرلەر نېمە دېيىشنى بىلمەي قېتىپ تۇرۇپلا قېلىشتى.

× ×

شۇ كۈندىن باشلاپ «بورادۇ» پادىشاھلىقىنىڭ ئىچى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. كېچىدە «شۇمبۇيا» دەپ ئاتىلىدىغان ھېلىقى مەخپىي ئىشلار ۋەزىرىنى قاغىلارنى ئېتىپ زىرىككەن لەشكىرىي ئىشلار ۋەزىرى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلاپ تاشلىدى. ھېلىقى «ماشىنا شائىر»مۇ كىملەر تەرىپىدىندۇر چۇۋۇپ تاشلاندى. ئۇنىڭ ئىچىدىن چىققان قانداقتۇر ئۇششاق ۋىنتا، پۇرژىنا، ئىنچىكە سىم دېگەندەك نەرسىلەر تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ، خۇددى ئۇچەي-باغرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن مەخلۇقتەك سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى. شاھنىڭ ھەممە تىرىك جاننى ماشىنا ئادەمگە ئالماشتۇرماقچى بولغانلىقىنى ئۇققان پۇقرالار بىردىنلا

كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن پادىشاھلىق لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوت ئىچىدە قالدى. شاھ تەختى ئاستىدىكى مەخپىي يول بىلەن ئوردىدىن قېچىپ چىقىۋېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى.

يەر ئاستى يول شاھنى شەھەر سىرتىغا ئاچىقتى. ئۇ قانداقتۇر بىر چاتقاللىقلار، دۆڭلۈكلەر ئارىسىدا تەمتىرەپ يۈرۈپ، تاڭ يورۇشى بىلەن بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى. شۇۋاق قاپلىغان دۆڭلۈكنىڭ يانباغرىدا باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ قارىياغاچ تۇراتتى. شاھ قارىياغاچ تۈۋىگە يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ غولىغا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ھارغانىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىياغاچنىڭ قۇرۇپ قالغان بىر تال شېخىغا قونۇپ ئولتۇرغان قاغىنى كۆردى، بۇ ھېلىقى ئوردا باغچىسىدىكى چىنار شېخىغا قونۇپ ئولتۇرىدىغان قاغىغا بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى. شاھ غەلىتە كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ ئېسىگە باللىق چاغلىرى كەلدى. باللىق چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ قېچىپ چىقىپ، دەرەخلەرگە، يارلىقلارغا يامىشىپ، قۇشلارنىڭ چۈجىلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ باققانلىرىنى ئەسلىدى…

شاھ شېرىن ئەسلىمىلەردىن ئېسىنى يىغىپ كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان بىر ئادەمنى كۆردى. شاھنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ چىرايى ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن، ئۈستىدىكى كىيىم - كېچەكلىرى ياماق چۈشۈۋېرىپ توقۇملاشقان، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ، كۆلىمىدىن چىقىپ تۇرغان چاچلىرى گەدىنىگە چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ بىر قولىدا ئۇزۇن بىر تاياق، يەنە بىر قولىدا قانداقتۇر بىر خالتا تۇراتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇنى پادىچى، دىۋانە ياكى بىر جاھانكەزدى ئاشىققىمۇ



ئوخشىتىشقا بولاتتى. بۇ ئادەمنىڭ سىياقىنى كۆرۈپ شاھقا ۋاقىت نەچچە ئەسىر كەينىگە چېكىنىپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ: «نېمە ئادەمسەن؟» دەپ سورىماقچىدى، لېكىن ھېلىقى غەلىتە ئادەم ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ:

— نېمە ئادەمسەن؟… ئۈستۈڭدىكى چاپان - چارلىرىڭغا قارىغاندا، دۆلەتمەن غوجىلاردەك قىلىپ تۇرىسەن، بۇ يەردە نېمىگە توپىغا مىلىنىپ ياتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

شاھ بېشىدىكى شاھلىق تاجىسىنى ئوردىغا تاشلاپ چىققان، ئۈستىدىكى توننى ئۆرۈپ كىيىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ ئېسىللىقى يەنىلا بىلىنىپ تۇراتتى.

— كەل، ئۈستىمىزدىكى كىيىملىرىمىزنى تېگىشەيلى، — دېدى شاھ.

— سەن نېمە قىلماقچى؟ — دەپ ھەيران بولدى ھېلىقى ئادەم، — قارىغاندا، بېشىڭدىن ئامەت قۇشى ئۇچۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئەمدى مېنىڭ بۇ جۇلدۇر كېپەنلىرىمنى كىيىپ تىلەمچىلىك قىلماقچىمۇ سەن؟

— بىلمەيمەن.

— تىلەمچىلىكمۇ ئاقمايدۇ. شاھنىڭ ھەممە تىرىك جاننى قانداقتۇر بىر ماشىنىغا ئالماشتۇرماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ئەمدى كوچىلارغىمۇ شۇ ماشىنىلار چىقىپ تىلەمچىلىك قىلغۇدەك. سەدىقە پۇللارنىڭ ھەممىسى ئۇدۇل شاھنىڭ خەزىنىسىگە كىرىم بولارمىش.

— شاھ شۇنداق پەرمان چۈشۈرۈپتۇمۇ؟ — دەپ ھەيران بولدى شاھ.

— شۇنداق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

— ئەمىسە ، شاھ ساراڭ بوپتۇ .
— سەن شاھنى ساق دېگەنمىدىڭ ! ؟

ھېلىقى ئادەم شۇنداق دېدى ـ دە ، ئارقىسىغىمۇ قارىماي يىراقلاپ كەتتى . ئەتراپنى ئېغىر سۈكۈت باستى . شاھ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، قارىياغاچ شېخىغا قونۇپ ئولتۇرغان قاغىنىڭمۇ ئاللىبۇرۇن ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ـ دە ، ئۆزىنى بەكمۇ بىچارە ۋە يالغۇز ھېس قىلدى .

1997 ـ يىل ، ئۈرۈمچى



# غەلىتە قىلىق

ھاكىمجانلارنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچكەچ ، بەزى ئايالللارنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى ئۈستىدە تازا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق .

— ھېلىقى بىزنىڭ ئىدارىدىكى ماشىنكىدا خەت باسىدىغان خېنىمنى بىلىسىلەرغۇ ؟ — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى بىرەيلەن ، — پاھوي ، ئۇنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىنى بىردېمەڭلار ، خوتۇنلار بىلەن ئولتۇرۇپ قالسا ، قانچە يەردە چاي ئويناۋاتقىنى بىلەن ماختىنىپ ھالى قالمايدۇ . بىچارە ، شۇ چايغا بارغان يېرىدىلا ئوبدانىراق بىر تويۇۋالامدىكىن ، باشقا ۋاقىتتا قاچانلا قارىساڭ قۇرۇق ناننى غاجاپ ، قايناق سۇ ئىچىپ ئولتۇرغان . بەك بولالمىغاندا ، دوقمۇشتا چىقىپ بىر قاچا سېرىقئاش يەيدۇ…

— مۇنداق جاننى قىيناپ چاي ئويناپ نېمە جاپاھوي ! ؟
— قىلىق ـ دە ، بىر .
— بىزنىڭ ئارخىپ بۆلۈمدە ئىشلەيدىغان ئايزىمقىزنى تونۇيسىلەر ، — دەپ گەپ ئالدى يەنە بىرى .
— قايسى ئايزىمقىز ئۇ ؟
— ھېلىقى… ھېلىقىچۇ ، سول مەڭزىگە يالغان مەڭ چېكىۋالىدىغان . شۇ خېنىمنىڭ مائاشى يۈزىگە سۈركەيدىغان

گىرىمگىمۇ يەتمەمدىكىن، دەيمەن. يېقىندىن بېرى ئۇ بىر قىلىق چىقىرىپتۇ، كېچىسى ياتىدىغان ۋاقتىدا يېگەن قوغۇن-تاۋۇزلىرىنىڭ شاپىقىنى يۈزىگە سۈركەپ ياتقۇدەك.

— ئۇ نېمە قىلىقكەن ئەمدى؟

— تەبىئىي گىرىمىش...

هاراقنىڭ كەيپىدە هەر خىل گەپلەر چىققىلى تۇردى:

— پالانچى خېنىم ئورۇقلايمەن، دەپ كۈندە ئىككى ۋاخ سۈرگە دورىسى ئىچىپ، ئوبۇرنىدىن كېلەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇدەك...

— پوكۈنچىنىڭ ئايالى تاتلىق چۈش كۆرىمەن، دەپ ئېرىنىڭ ئىشتىنىنى بېشىغا قويۇپ ياتارمىش...

قىزىقچىلىقتا مەنمۇ پاراڭغۇ قوشۇلۇپ كەتتىم.

— بىزنىڭ بىنانىڭ ئالدىدىكى بىنادا ئولتۇرىدىغان هاشىمكامنى بىلىسىلەرغۇ؟ — دېدىم مەن.

— هە، هېلىقى ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ ياشلا بىر چوكاننى ئېلىۋالغان...

— هەببەللى، دەل شۇ ئادەم، پېنسىيىگە چىقىۋالغىلى خېلى يىللار بولۇپ قالدى. بالىلىرىنىڭ ئۆيلەيدىغانلىرىنى ئۆيلەپ، ئەرگە بېرىدىغانلىرىنىمۇ بېرىپ بولدى. نەچچە ئېغىز يوغان ئۆيدە شۇ ياش خوتۇنى بىلەن يالغۇز. يېقىندىن بېرى قۇلاق سالسام، كۈندىلا كەچتە ئۇلارنىڭ ئۆيىدە دۇتار بىلەن ناخشا. نېمانداق تۈگىمەيدىغان ئولتۇرۇشتۇ بۇ؟ دەپ بىر كۈنى هېلىقى چەت ئەللىكلەردىن سېتىۋالغان دۇربۇنۇمنى هاشىمكاملارنىڭ ئۆيىگە شۇنداق توغرىلاپ قارىمايمەنمۇ، ئەييۇهەنناس! نېمە كارامەتنى كۆردۇڭ، دېمەمسىلەر...



— هە، هە، نېمە كارامەتنى كۆردۇڭ؟ — دەپ ئولتۇرغانلارنىڭ هەممىسى ئاغزىمغا قاراشتى.

— هاشىمكام بېشىدىكى قالپىقىنى ئالدىدىكى ئۈستەلگە ئۆڭدىسىغىلا تاشلاپ ساپادا دۇتارنى قولىغا ئېلىپ ناخشىغا تېگىپتۇ؛ هېلىقى ياش چوكاننى يالىڭاچ دېسىمۇ بولىدۇ، ساغرىسىنى ئوينىتىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ...

— توۋا، نېمە دەيدىغانسەن؟ هەرقانچە بولسىمۇ قىپيالىڭاچ ئەمەستۇ؟

— مانا، ئىشەنمەيسىلەر، دۇربۇننىڭ هېلىقى يېقىن ئەكېلىپ كۆرسىتىدىغان يېرىنى تولغاپ تەڭشەپ، تازا زەن سېلىپ قارىسام، ئۈستىدە لىپتىك بىلەن ئىككىلىك ئىشتاندىن باشقا هېچنېمە يوق ئىكەن.

— ۋاھ، «يالغۇز ئۆيدە يالىڭاچ پېرە» دېگەندەك ئىش بوپتۇ- دە!

— ئويۇننىڭ چوڭى تېخى كەينىدە... بىر چاغدا هاشىمكاممۇ قىزىپ كېتىپ، باشتا چاپاننى سېلىپ پىرقىرىتىپ تاشلىدى، ئاندىن كۆڭلىكىنى يەشتى، ئاندىن شىمىنى...

گەپنىڭ تازا قىزىق يېرىگە كېلىپ قېلىۋىدىم، ئىشىكنى تاراققىدە ئېچىپ، هاكىمجاننىڭ تامدەك يوغان خوتۇنى كىرىپ قالدى.

— قايسىڭلارنىڭ ئىسمى كامال؟ — دېدى ئۇ.

— مەن، — دېدىم.

— تېلېفون!

هاكىمجاننىڭ ئايالىغا ئەگىشىپ چىقىپ، تېلېفون بار ئۆيگە كىردىم، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئالاي، دەپ ئېڭىشىشىمگە

ساغرامنى بىرى قاتتىق چىمدىماسما (چوقۇم كۆكىرىپ چىقتىغۇ دەيمەن) ، ئاغرىققا چىدىماي سەكرەپ كەتتىم . ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىسام ، ھاكىمجاننىڭ ئايالى ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ .

— بۇ نېمە قىلىق ؟ — دېدىم مەن يا كۈلۈشۈمنى ، يا خاپا بولۇشۇمنى بىلمەي .

— ئەجەب ياخشى دۈربۈنىڭىز باركەن - ھە ! ؟

— دۇ... دۇ... دۈربۈننى دەمسىز ؟...

— سىزنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىقچە قاراپ تاماشا كۆرگىنىڭىز غەلىتە قىلىق بولماي ، خەقنىڭ ئۆز ئۆيىدە ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئوينىغىنى غەلىتە قىلىق بولغىنى قىزىق ؟... بۇنىڭدىن كېيىن ئاياللارنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى توغرىسىدا سۆز - چۆچەك قىلىشقاندا ، مېنىڭ ھازىرقى بۇ غەلىتە قىلىقىمنى قوشۇپ سۆزلەپ ، ئاغزىڭىزنى تاتلىق ئېتەرسىز !... تۇۋا ، سىلەرنىڭ ئېتىڭلارمۇ ئەر بولدىمۇ ؟...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم .

1999 - يىل ، ئۈرۈمچى



## ئۆلۈككە خەت

بىزنىڭ بىر قوشنىمىز بولىدىغان ، ئۇ سالام - سەھەتى جايىدا ، رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان ، ناھايىتى قائىدىلىك ئادەم ئىدى . پېنسىيىگە چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇ دوختۇرخانىدا بوغالتىرلىق خىزمىتى ئىشلەيتتى . ئۆمرى بىر تەرىپى ئېگىز ، بىر تەرىپى پەس ، ھەربىر زىنچىسىدا ئون تالدىن ئۇرۇقچىسى بار كونا رۇس چوتىنى سوقۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم ئىدى . يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ غەلىتە بىر قىلىقىنى بايقاپ قالدۇق .

باشتا بۇ ئىشقا بىزمۇ دىققەت قىلماپتۇق . مەھەللىدىكى پېنسىيىگە چىققان بىرنەچچىمىز ھەر كۈنى دېگۈدەك كىچىك بەندىڭلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، كۆۋرۈك بېشىغا يىغىلىپ قارتا ئوينايتتۇق . كۆۋرۈك يېنىدا پارچە - پۇرات نەرسە - كېرەكلەرنى ساتىدىغان بىرنەچچە دۇكانمۇ بار ئىدى . بىز قارتا ئويناچ ئۆتكەن - كەچكەنلەر بىلەن سالاملىشىپ ، كۆرگەن - بىلگەن يېڭىلىقلىرىمىزنى بىر - بىرىمىزگە يەتكۈزۈشەتتۇق . ياز كۈنلىرى كۆۋرۈك ئاستىدىن گۈرۈلدەپ ئۆتۈپ تۇرغان سۈزۈك سۇ سالقىن شامال پەيدا قىلىپ ، كىشىنى ھۇزۇرلاندۇراتتى . سۇ بويىدىكى يوغان بىر تۈپ قارىياغاچ كۆۋرۈك بېشىغا سايە تاشلاپ تۇراتتى . بىز ئۈچۈن بۇ يەر ھەرقانداق پاراۋانلىق ئورۇنلىرىنىڭ باغچىسىدىن راھەتلىكرەك ئىدى... ھېلىقى قوشنا بىزنىڭ

كۆۋرۈك بېشىدىكى ئۆيۈنلىرىمىزغا ئارىلاشمايتتى . بەزىدە ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ ، قوللىرىنى ئىشقىلاپ «ئۇنىڭغا خەت يېزىۋەتتىم» دەپ قويۇپ يېنىمىزدىن كۈلۈپ ئۆتۈپ كېتەتتى . مۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مۇھىم بىر ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداپ بولغان ئادەملەردە بولىدىغان خۇرسەنچىلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى .

بىر كۈنى بىز پېنسىيىچىلەر كۆۋرۈك بېشىدا قارتا ئويناپ ئولتۇرۇپ ، ئەزىمجاننىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ قالدۇق .

— ھوي ، بۇ ئادەم دائىم ئۆيىدىن چىقىپلا «ئۇنىڭغا خەت يېزىۋەتتىم» دەيدۇ ، زادى كىمگە خەت يازىدۇ ؟ — دەپ قالدى بىرەيلەن . بىزمۇ :

— راست ، ئۇ كىمگە خەت يازىدۇ ؟ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ كەتكەن بالىلىرى مۇشۇ شەھەردە تۇرىدۇ . باشقا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭمۇ تايىنى يوق بولىدىغان... قىزىق ئىش - ھە ! — دېيىشتۇق .

شۇنداق دېيىشىپ تۇراتتۇق ، ئەزىمجان يەنە ئۆيىدىن چىقىپ كەلدى ۋە بىزگە يېقىنلاشقاندا :

— ئۇنىڭغا يەنە بىر پارچە خەت يېزىۋەتتىم ، — دەپ كۈلۈمسىرىدى .

— كىمگە ؟ ! — دېيىشتۇق بىرنەچچىمىز تەڭلا .

— خوتۇنۇمغا... مېنىڭ خەت يېزىشىدىغان باشقا كىمىم بار ، دەيسىلەر ، — دېدى ئۇ خاتىرجەم ھالدا .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى . مەنمۇ چۈشۈۋاتقان قارتامدىن ئېزىپ كەتتىم . ئۇنىڭ ئايالى ئۆلۈپ ، يىل نەزىرسىنىڭ پولۇسىنى يەپ بولغىنىمىزغىمۇ خېلى ئايلار



بولۇپ قالغانىدى . مانا مۇشۇ ئولتۇرغانلار جامائەت بىلەن بىللە رەھمەتلىكنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ ، تاۋۇتىغا ئەگىشىپ چىقىپ يەرلىكىدە قويغانىدۇق . بۇ چاغقىچە ئۇنىڭ قەبرىسىنى قىلىن شىۋاق ئوتلار بېسىپ كەتكىنى ئېنىق ئىدى .

ئەزىمجان يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ گېپىمىزمۇ قولاشماي قالدى . ئاغزىمىزدا دېمىسەكمۇ ، كۆڭلىمىزدە قوشنىمىزنى «بىچارە ، ئالجىپتۇ - دە !» دەۋاتقىنىمىز كۆزىمىزدىنلا چىقىپ تۇراتتى . قېرىغاندا شۇنداق كۈنلەرگە قېلىشتىن خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن !... ئويۇنىمىزمۇ ئويۇن بولماي قالدى ، قارتىنى يىغىشتۇرۇپ ، ئۆيگە قايتىشقا ئالدىرىدۇق .

× ×

بۇ گەپ شۇ كۈنلا ئۆيدىكى خوتۇنلارنىڭ قۇلىقىغا يەتتى . خوتۇن خەق دېگەن تۇرمۇشنى يەنە باشقىچە مۇلاھىزە قىلىدىغان جامائەت - دە .

— ۋاي بىچارە ، يالغۇزلۇقتا غېرىبسىنىپ ، تازا زېرىكىپتۇ-دە ! — دېدىم ئايالىم .

— زېرىكىپتۇ !؟... بىز ئايىنىپ قالغان ئوخشايدۇ ، دېيىشتۇققۇ .

— ئوھۇش... تۇپتۇزۇكلا ئادەم ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق نېمىدەپ ئايىنىپ قالاتتى ، زېرىككەن گەپ !

— نېمىدىن زېرىكىدۇ ؟

— نېمىدىن زېرىكەتتى ، ئۇ ئادەم سىلەرگە ئوخشاش

دوقمۇشتا چىقىپ قورۇق گەپ سېتىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشنى بىلمىسە، ئوڭچە قورۇدا، تۆت تامنىڭ ئىچىدە يالغۇز يېتىپ، يالغۇز قوپۇپ زېرىكمەمدۇ؟… قولۇم - قوشنا بولغاندىن كېيىن مۇڭدىشىپ ياتقۇدەك بىرەر لايىقنى تېپىپ، ئۆيلەپ قويساڭلار بولمامدۇ…

ئەتىسى كۆۋرۈك بېشىغا يىغىلغاندا ئاغىنىلەرگە ئايالىمنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلىنى يەتكۈزدۈم. قىزىق يېرى، خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ھەممەيلەننىڭ ئۆيىدىكىلىرى شۇ گەپنى قىلىپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، بىز ئەر خەقلەر بەزى ئىشلارغا كەلگەندە ھەقىقەتەنمۇ كالتە پەم ئوخشايمىز… شۇنىڭ بىلەن قارتا ئويناشنىمۇ ئۇنتۇپ، قىزىق مەسلىھەتكە چۈشۈپ كەتتۇق. شۇ ئەتراپتىكى ئۆزىمىز بىلىدىغان تۇل خوتۇنلارنىڭ ئىسمىنى بىر-بىرلەپ ئاتاپ چىقتۇق.

— بىزنىڭ ئۆينىڭ يېنىدىكى ھېلىقى مۇئەللىم بالا قانداق؟ — دېدى بىرەيلەن، — بالىسىمۇ يوق. چالا - پۇچۇق بىر ئەرگە تېگىپ چىقىپ كەتكىنىنى دېمىسە قىز دېسىمۇ بولىدۇ.

— بولمايدۇ، ئۇ بەك ياش! — دەپ قەتئىي رەت قىلدۇق باشقىلار.

— ئاۋۇ تۇرداخۇن ناۋاينىڭ قورۇسىدىكى سەتەڭچۇ؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن، — كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدۇ - دە، كاساپەتنىڭ…

— قويۇڭلار، — دېدى يەنە بىرەيلەن، — ئۇ كوچىدىن كىرمەيدىغان ئابدال خوتۇن. تونۇشتۇرىدىغان بولغاندىن كېيىن ئوبدانراق بىرىنى تاپايلى.



— ماۋۇ داۋالاش پونكىتىدىكى ھېلىقى ئوكۇل ئۇرىدىغان چوكانچۇ؟… ئېرى ئۆلۈپ كەتكىنىگىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالدى.

— ئۇغۇ بولىدىغان پاكىز ئايال. بىراقتا، بالىلىرى جىق-دە، قوشنىمىزغا باش ئاغرىقى تېپىپ بېرەرمىزمىكىن.

— ھە، راست، مانا مۇنۇ دوقمۇشتىكى ماشىنىچى خېنىمنىڭ گېپىنى قىلمايسىلەرغۇ؟… پاھ سېمىزلىكى، ئۇنىڭ يېنىدا جاڭ - جاڭ سوغۇقتا يوتقان يېپىنماي ياتساڭمۇ تەرلەپ چىقىسەن…

— يېشىمۇ قىرىقتىن ئېشىپ قالغان، تازا باب خوتۇن. بىراق، ھالى چوڭ…

ئۇ بىرنېمە دېدى، بۇ بىرنېمە دېدى. ئاخىردا بىرەيلەن:

— ئاغىنىلەر، ئاۋۋال ئەزىمجاننىڭ ئۆزى بىلەن بىر پاراڭلىشىپ، ئۆيلىنىش خىيالىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىپ باقايلى جۇمۇ. بولمىسا، سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپ قاپتۇ دېگەندەك ئىش بولمىسۇن! — دېدى.

بۇ گەپنى ھەممىمىز توغرا تاپتۇق. مۇنداق ئىشلارنى گۈلگە كەلتۈرۈۋېتىدىغان گېپى يۇمشاق، شېرىپجان دەيدىغان بىر دوختۇر بار ئىدى. ئۇمۇ ئىلگىرى ھېلىقى قوشنىمىز بىلەن بىر دوختۇرخانىدا ئىشلەيتتى. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، كۆۋرۈك يېنىغا بىر دۇكان ئېچىپ، سەكسەنخالتا قىلىپ، كەسپىنى تېۋىپقا ئۆزگەرتىۋالغانىدى. بۇ ئەتراپتىغۇ ئۇنىڭغا كېسەل كۆرسەتمىگەن ئادەمنىڭ تايىنى يوق ئىدى. ئۇنىڭ خېرىدارلىرى كۆپرەك يىراق سەھرا، قىرلاردىن كېلەتتى. دورىلىرىنىڭ ھەيۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ دۇكىنىنىڭ

تاملىرىغا قۇرۇتۇلغان پاقا ، كەسلەنچۈك ، ئېيىق تاپىنى ، يىلان قاسىراقلىرى دېگەندەك نېمىلەرنى ئېسىۋېتەتتى . خېرىدار يوق چاغلاردا ئۇ بىزنىڭ قېشىمىزغا چىقىپ ، ئويۇنىمىزغا ئارىلىشىپ قالاتتى . دوختۇرنىڭ ئۆيىمۇ ئەزىمجان بىلەن تام قوشنا ئىدى . ئۇ :

— بولدى ، بۈگۈن كەچتىلا مەن ئۇ ئاغىنىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ، پاراڭلىشىپ باقاي ، — دېدى .

ئەتىسى ھەممىمىز كۆۋرۈك بېشىغا يىغىلغاندا دوختۇردىن :

— قانداق بولدى ؟ — دەپ سورىدۇق .

— راستىنىلا ساراڭ بوپتۇ ! — دېدى ئۇ .

ئۇقساق ، دوختۇر كەچكە يېقىن ئەزىمجاننىڭ قېشىغا كىرىپتۇ . گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرا - چىقارمايلا ئەزىمجان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ :

— سەن مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن ؟... خوتۇننىڭ ئۇستىگە خوتۇن ئالىدىغان بۇ ئىش ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنىغىمۇ سىغامدۇ ؟ ھەرقايسىڭ قوشنا تۇرۇپ ، مېنى مۇشۇنداق يامان ئىشقا سالا قىلىشساڭ بولامدۇ ؟... شۇڭلاشقىمۇ سەن خەققە ئارىلاشمايتتىم ، چىقە ئۆيۈمدىن ! — دەپ دوختۇرنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ .

«توۋا ! — دېيىشىپ ياقىمىزنى تۇتۇشتۇق ، — خوتۇنى ئۆلگەنگە ئىككى يىل بولاي دېگەن ئادەم ، ئەمدى ئۆيلەنسە قانداقمۇ خوتۇننىڭ ئۇستىگە خوتۇن ئالغان بولىدۇ ! ؟ »...

— ھوي ، ئاغىنىلەر ، ھەيران بولماڭلار ، — دېدى دوختۇر ، — بۇمۇ بىر خىل روھىي كېسەل . مەن شۇنداق قارىسام ، بىزغۇ ئەزىمجان بىچارىنىڭ خوتۇنىنى جامائەت بىلەن



نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قويۇپ كەلدۇق ، دەيمىز . ئەمما ، ئۇ خوتۇننىڭ روھى ھازىرغىچە ئەزىمجان بىلەن بىللە ياشاۋاتقاندەك قىلىدۇ... تۈنۈگۈن ئۇ قوشنامنىڭ ئۆيىگە كىرسەم ، تامغا رەھمەتلىك مەريەمنىڭ يوغان بىر سۈرىتىنى ئېسىپ قويۇپتۇ . ئۆزى گىلەم ئۇستىدە ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ ئايالىغا قاراپ ياتىدۇ . مۇنداق ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزى بىلەن بىللە تۇرغاندەك ھېس قىلىۋېرىدۇ . خوتۇنى بىلەن ھەر كۈنى غايىبانە سۆزلىشىپ ، ئۇنىڭغا خەت يېزىپ ، ئۆزىگە تەسەللى تاپىدۇ . ئۇ سىز بىلەن بىز ئويلىغاندەك ھەرگىزمۇ يالغۇز ئەمەس . ئۇنى ئارامىدا ياشىغىلى قويايلى .

شۇنىڭدىن باشلاپ ھېلىقى قوشنىمىز بىلەن كارىمىز بولمايدىغان بولدى . بەزىدە قارتا ئويناۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئۇ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ قېلىپ ، «ئۇنىڭغا خەت يېزىۋەتتىم» دەپ قالسا ، «ھە ، ئوبدان بوپتۇ !» دەپلا قويىدىغان بولدۇق .

ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتمەي ئۇ قوشنىمىزمۇ ئالەمدىن ئۆتتى . يەرلىكنى ئايالىنىڭ قەبرىسى يېنىغا كولاپ دەپنە قىلدۇق .

× ×

دۇنيادا ئۆلمەيدىغان كىم بار ؟ ئۆلۈممۇ بۇ ئالەمنىڭ بىر قىزىقى ئوخشايدۇ . ھېلىقى قوشنىمىز شۇ ئۆلۈپ كەتكەنچە ئۆلۈپ كەتكەن بولدى . لېكىن ، بىزنىڭ قارتا سورۇنىمىزدا ئۇزاققىچە ئۇنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى توغرىسىدا پاراڭ بولۇپ تۇردى . بىرى :

— ھېلىقى رەھمەتلىك ئەزىمجاننى خوتۇنىنىڭ يېنىغا كۆمگىنىمىز ياخشى بولدى. باشقا يەرگە كۆمگەن بولساق گۆرىدىمۇ خاتىرجەم ياتالمايتتى، — دېسە، يەنە بىرەيلەن:

— بۇ چاغقىچە ئۇ ئاغىنىمىز ئىچ گۆرىنى تاتىلاپ تېشىپ، خوتۇنىنىڭ قېشىغا چىقىۋالدىغۇ دەيمەن، — دەيتتى. يەنە بەزىلەر:

— توۋا! ئەزىمجان شۇ چاغدا خوتۇنىغا راستتىنلا خەت يېزىپ يۈرگەن بولغىيدىمۇ؟

— خەت يازغان بولسا، ئادرېسىنى نېمە دەپ يازغان بولغىيدى؟

— «ئۆلۈپ كەتكەن خوتۇنۇم مەريەمخانغا تەگسۇن» دەپلا سالغان بولسا، پوچتىكەشلەرمۇ بۇ خەتنى نەگە ئاپىرىشنى بىلمەي تازا بېشى قاتقاندۇر؟

— ئايروپىلان زاكاز قىلغاندىمۇ ياكى ··· — دېيىشىپ، چاقچاق ئارىلاش مۇلاھىزە قىلىشاتتى. ھېيت - ئايەملەردە تۇپراق بېشىغا چىقىپ قالسا، ئەزىمجاننىڭ بېشىغا بېرىپ، قۇرئان ئوقۇپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمايتتۇق.

بىر كۈنى كۆۋرۈك بېشىغا ئاغىنىلەردىن بۇرۇنراق بېرىپ قاپتىكەنمەن، دوختۇر دۇكىنىدىن بېشىنى چىقىرىپ مېنى چاقىردى. يېقىنلاپ بېرىۋىدىم، ماڭا قاراپ كۈلۈپ:

— قوشنىنىڭ خەتلىرىنى ئوقۇپ باققۇڭىز بارمۇ؟ — دېدى.

— نېمە خەت، قايسى قوشنىنىڭ؟ — دېدىم مەن.

— ھېلىقى رەھمەتلىك ئەزىمجاننىڭ خەتلىرىنىچۇ؟



— نېمە دەۋاتىسىز؟ ئۇ راستتىنلا خەت يېزىپ تۇرغانمىكەن، سىزنىڭ قولىڭىزغا قانداق چۈشۈپ قالدى؟

ئەسلىدە، ئەزىمجان جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغاندا دوختۇر ئاغىنىمىز ئۇنىڭ بېشىدا ئىكەن. رەھمەتلىك تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن بىر بولاقنى ئېلىپ، دوختۇرغا سۇنۇپ:

— ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، مۇشۇ نەرسىلەرنى ئۇنتۇماي مەن بىلەن بىللە يەرلىكىمگە كۆمۈۋېتىڭلار، ماڭا قىلغان قوشنىدارچىلىقىڭلار شۇ بولسۇن، — دەپتۇ.

بۇنىڭ ھېلىقى مەريەمخانغا يېزىلغان خەتلەر ئىكەنلىكىنى دوختۇر چۈشىنىپتۇ. بىز «ئەزىمجان ئايالىغا راستتىنلا خەت يېزىپ تۇرغان بولسا، ئۇنى پوچتىغا سالغانمىدۇر، زادى نېمە قىلغاندۇر؟» دەپ ئەقلىمىزنى يەتكۈزەلمەي كېتىپتىمىز، بايا ئۇ يازغان خەتلىرىنى ئۇ دۇنياغا بارغاندا خوتۇنىغا ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن يىغقانىكەن. دوختۇر بۇ خەتلەر توغرىسىدا ئەزىمجاننىڭ بالىلىرىغىمۇ ئۇنچىقماپتۇ. ئەزىمجان دېگەندەك ئۇنىڭ بىلەن بىللىمۇ كۆمۈۋەتمەپتۇ.

— تۇپىغا كۆمۈۋەتكەن بىلەن چىرىپ تۈگەيدۇ شۇ! — دېدى دوختۇر، — مانا بۇ خەتلەرنى قوشنىمىزدىن خاتىرە بولۇپ قالسۇن، دەپ ساقلاپ قويدۇم. سىزگە بېرەي، ئوقۇپ بېقىڭ. خېلى قىزىق گەپلەر بار. ئەمما، بىر شەرت، ئۆزىڭىز بىلىسىز، بىراۋنىڭ سىرىنى باشقىلارغا يېيىپ يۈرۈش ياخشى ئىش ئەمەس. ئوقۇڭ - دە، مەزمۇنىنى ھېچكىمگە تىنماڭ!

دوختۇر پاكىز يېپەك رەختكە ئورالغان بىر بولاقنى ئېلىپ ماڭا سۇندى. بىزنىڭ ھەممىمىزدە مۇشۇنداق باشقىلارنىڭ

مەخپىيەتلىكنى بىلىشكە ئوتتەك قىزىقىدىغان بىر مىجەز بولىدۇ. ئالدىراپ ئۆيگە قايتىپ، ئىشىكنى مەھكەم ئەتتىم - دە، خەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

× ×

«مەريەم!

يېقىندىن بېرى پات - پات چۈش كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈشەكىسەملا چۈشۈمدە سېنى كۆرىمەن. سېنى كۆرمەي كىمنى كۆرەتتىم، دەيسەن؟ ئويلاپ باقسام، دۇنيادا سېنىڭدىن باشقا يېقىنراق ئادىمىمۇ بولمىغانىكەن... باللارنى باقتۇق، چوڭ قىلىپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلدۇق، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ، بىزگە ئېشىنىدىغانغا چولىسى تەگمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئاخىرىدا يەنە ئىككىمىز يالغۇز قېلىۋىدۇق، سەنمۇ مېنى تاشلاپ كېتىپ قالدىڭ. سەندىن ھەرگىز رەنجىمەيمەن، بۇنىڭ ھەممىسى ياراتقان ئىگىسىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتقان ئىشلار. دۇنيادا نېمە ئارمىنىم قالدى دېسەڭ، ئۇ دۇنياغا سېنىڭ بىلەن بىللە كەتمىگەنلا ئارمىنىم قالدى. سەن كېتىپ تولىمۇ غېرىبسىندىم.

... يېقىندىن بېرى كۆڭلۈم يەنە كۆتۈرۈلۈپ قالدى. چۈشۈمدە بولسىمۇ سېنى كۆرۈپ تۇرىدىغان بولدۇم. ئويغانسامۇ ئۆيىنىڭ بىر يېرىدە يەنە سەن ماڭا قاراپ تۇرغاندەك، بازارغا مېڭىۋاتقىنىمدا، يەنە ئادىتىڭ بويىچە: «‹قاراڭ، بىرنېمىلەرنى ئۇنتۇپ قېلىپ يۈرمەڭ، قىلىدىغان سودىلىقىڭىزنى بىر قەغەزگە يېزىۋېلىڭ، پۇلنى مەھكەمرەك يەرگە سېلىڭ، يولنىڭ چېتى



بىلەن مېڭىڭ!›، دەپ جېكىلەۋاتقاندەك تۇيۇلىسەن. ۋاي - ۋۇي! مەن بىر يەرگە بارماقچى بولسام، سەن خۇددى مېھرىبان ئانا كىچىك بالىسىنى يولغا سالغاندەك، شۇنداق قىلىدىغان ئىشلارنى جېكىپ ئۇزىتىپ قالاتتىڭ. ئۆمرۈڭ مېنى كۈتۈپ، مەن ئۈچۈن پايپاسلاپ ئۆتتى. مېنىڭ سالامەتلىكىمدىن ئەنسىرەپ يۈرۈپ تۇيۇقسىز يىقىلدىڭ - دە، مەندىن بۇرۇن ئالەمدىن كەتتىڭ. قارىغاندا، ئەمدى مېنى يالغۇز قالدى دەپ قەبرەڭدىمۇ خاتىرجەم ياتالمايۋاتقان ئوخشايسەن. روھىڭنىڭ يېنىمغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندىم. ئاخشام ئىشىكلەرنىڭ يېنىك غىچىلداپ قىيا ئېچىلغانلىقىنى، سېنىڭ شىپىرلاپ يېنىمدىن ئۆتكەن ئاياغ تىۋىشىڭنى ئېنىق ئاڭلىدىم. ئويغانسامۇ، ئۇخلىسامۇ سېنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ھېس قىلىدىغان بولدۇم...»

× ×

«مەريەم!

قالايمىقان چۈش كۆرۈپ ياخشىراق ئۇخلىيالمىدىم، دەپ دادلايدىغان ئادەملەرگە ھەيرانمەن. چۈش كۆرمىسە ئۇيقۇنىڭ نېمە لەززىتى؟!... كېچە مەن ئاجايىپ چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە سەن ياشىرىپ، بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ، نېپىز يېپەك كۆڭلەك بىلەن ئالدىمدا تۇرغۇدەكسەن. ھە، جەننەتتىكى ھۆرلەر شۇنداق كىيىنىدىكەن - دە! دەپ ئويلىغۇدەكمەن. شۇ چاغدا، كېپىنەكتەك پەرۋاز قىلىپ، شۇنداق چىرايلىق ئۇسسۇلغا چۈشۈپسەنكى، ئاغزىمنى ئېچىپ ھەيران قاپتىمەن...

ياش ۋاقتىڭدا ئانچە - مۇنچە ئۇسسۇل ئوينايدىغىنىڭ

ئېسىمدە، بۇ ناھايىتى ئۇزاق يىللارنىڭ ئالدىدىكى گەپ ئىدى. ئۇ كەملەردە ھەربىر مەھەللىدە دېگۇدەك سەنئەت كۇرۇژۇكلىرى بولىدىغان، سېنىڭ ئارتىس بولۇپ، باشقىلارغا ئوخشاش سەھنىلەرگە بىر چىقىپ باققۇڭ بار ئىدى. ياشلىقتا ئادەمنىڭ شۇنداق غەلىتە - غەلىتە ئارزۇلىرى بولىدىغان بولسا كېرەك. مېنىڭمۇ ئاتلىق ئەسكەر بولۇپ، قاپقارا بۇرۇت قويۇپ، ياخشى ئارغىماقتىن بىرنى مىنىپ، مەھەللىنىڭ كوچىلىرىدىن بىر ئۆتۈپ باققۇم كېلىدىغان... كېيىن توي قىلدۇق، بالىلىق بولدۇق، تۇرمۇشنىڭ ئاۋارىچىلىكىگە بېشىمىزچە پاتتۇق؛ ھېلىقى خىياللىرىمىز نەلەردە قالدى، ئۇنتۇپلا كەتتۇق.

ئادەم ئۆلۈپ قايتا تىرىلىدۇ، دېگەن سۆزگە ئىشىنىمەن. بۇ ئالەمدىن بالدۇرراق خوشلىشىپ قېشىڭغا قايتىپ بېرىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىمەن. ماڭا ئۇ دۇنيانىڭ جەننىتىدىكى ھۆر - پەرىلەردىن كۆرە چاچلىرىنى ئاق ئارىلىغان، تۇرمۇش مۇشەققىتىدىن چىرايلىرىنى قورۇق باسقان بولسىمۇ، يەنە كۆزلىرىدىن ساداقەتلىك، مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئۆزۈڭ بولمىساڭ بولمايدۇ.»

× ×

«... كېچە سەن مەندىن بالىلارنى سوراپ قالدىڭ. تۈن شۇنچە قىسقا، كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى ئېيتىپ ئۈلگۈرمەيلا غايىب بولىسەن. قالغان گەپلەرنى ساڭا خېتىمدە يازاي.

بالىلار پات - پات كېلىپ يوقلاپ تۇرىدۇ. قىزلار كىر - قاتلىرىمنى يۇيىدۇ. دادا، سىزگە يالغۇزلۇقتا ئېغىر بولدى،



بىزنىڭ ئۆيگە كۆچۈپ بېرىڭ، بىللە تۇرايلى، دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت. ھازىرچە تېنىم ساق. ئىش-كۈشلىرىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا چامىم يېتىدۇ، ئاناڭلار تۇتقان ئۆينىڭ چىرىغىنى مەن بولسامۇ ئۆچۈرمەي تۇراي، دەيمەن. بىر كۈنى ئوغلىمىز: بولمىسا مەن سېنىڭ يېنىڭغا كۆچۈپ كېلەي، دېدى. ئۇنىڭغىمۇ: بولدى قىل، بۇ كىچىككىنە قورۇنىڭ نەرىگە پاتىمىز، رەھمەت! دېدىم. بالىلار ئۆزىمىزنىڭ بولغان بىلەن كۈيئوغۇللار، كېلىنلەر يات، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مىجەز - خۇيى بار - دە!... مېنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىمنى، سېنىڭ ھەر كۈنى كەچتە كېلىدىغانلىقىڭنى ئۇلارغا قانداقمۇ ئېيتقىلى بولسۇن!... شۇ يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرىمەن؛ سەن چۈشۈمگە كىرىپ تۇرىدىغان، ئۆزۈم يېگانە يېتىپ تاتلىق خىياللارنى سۈرىدىغان شۇ ھالەتنىڭ بۇزۇلۇشىنى خالىمايمەن.

... بالا دېگەن يەنە بالا - دە! يېقىندىن بېرى ئىككى قىزىڭ ئۆيگە تاپ باستۇرماي كېلىپ: ئاپام تۇتقان مۇنۇ نان تەڭلىسىنى مەن تۇتۇپ قالاي... ئاپام تۇتقان ئاۋۇ چىنە - تاۋاقلار ماڭا يادىكار بولۇپ قالسۇن... رەھمەتلىك ئاپام بىر قېتىم ماڭا ماۋۇ پەلتويۇمنىڭ پاسونى كونا بولغان بىلەن، سوكنىسى ياخشى. ساڭا باشقىدىن ئوڭشىتىپ بېرىمەن دېگەن... دەپ قولىغا چىققان نېمىنى ئېلىپ مېڭىپ، ئۆينى خېلىلا قۇرۇقداپ قويدى. ئوغۇل كېلىپ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قىزلارنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ! دەپ ئاچچىقلاپ: ئۇنداق بولسا ماۋۇ گىلەمنى بولسىمۇ مەن تۇتۇپ قالاي، دەپ بىر پارچە گىلەمنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ كۆزۈم يۇمۇلىدىغان بولسا، بۇلار مۇشۇ

قورۇ - جايىمۇ تالىشىپ ئۆلۈشىدىغان ئوخشىمامدۇ، دەپ قالدىم. ئەگەر ھېلىقى كۆمۈپ قويغان نەرسىمىزنىڭ تېۋىشىنى چىقىرىدىغان بولسام، بۇ بالىلارنى جېدەل - ماجىراغا سېلىپ، تىرىك تۇرۇپلا كۆڭۈل ئاغرىقىغا پېتىپ قالىدىغان ئوخشايمەن، دېگەن ئوي خىيالىمغا كەلدى.

بىر ئىشقا ھەيران بولدۇم. ئۇلار ئۆيدىن شۇنچە نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېتىشتى (مەيلىغۇ، بىزدىن قالسا شۇلارغا قالدۇ). سېنىڭ تامدىكى ھېلىقى سۈرىتىڭنى ھېچقايسىسى تالىشىپ باقمىدى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ خوتۇن - بالىسىنىڭ سۈرىتىنى ئاسىدۇ، دېگىنە ياكى ئۇلار مېنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ ئايىغاندۇ...»

× ×

«... سېنىڭ ھېلىقى دوستۇڭنى مۇنچىۋالا لاۋزا خوتۇن دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن. ئالدىنقى كۈنى ئۇ دەرۋازىنى قاقمايلا ھويلىغا بەخۇدۇك كىرىپ كەلدى. خۇشال بولۇپ، ئالدىغا چىقىپ ئۆيگە باشلىدىم. ئۇ قاتلىشىپ كەتكەن ئىگىز ئۆتۈكىنى پەگاھقا سېلىپ، ئۈستىدىكى چەت ئەلنىڭ كېلەڭسىز ئېغىر پەلتوسىنى ئىلغىغا ئېسىپ (ھازىر مۇشۇنداق كىيىنىدىغان مودا چىقتى)، ئالدىرىماي كېلىپ، قېلىن كۆرپىگە ئولتۇردى. خۇددى ساڭا ئوخشاشلا ئالدىغا داستىخان سېلىپ، قەنت - گېزەك بىلەن چاي بەردىم. ئۇ ھەربىر بارمىقىغا ئىككى - ئۈچتىن ئۈزۈك سېلىنغان قوللىرى بىلەن ناۋات سېلىنغان چاينى قوشۇقتا ئىلەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ، شۇنچىلىك تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدىكى،



ئۆيگە كىرىك، دېگىنىمگە پۇشايمان قىلىپ قالدىم. گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇ مېنى ئۆيلىنىۋېلىشقا سالا قىلىپ كەپتۇ.

‹ئەزىمجان، رەھمەتلىك دوستۇم مەريەم ياخشى مەزلۇمتى، ئىككىمىز ياخشى ئۆتكەن — ... دەپ گەپنى باشلاپ كېلىپ، تۇيۇقسىزلا قوشاق قېتىپ، — ۋاي، شۇ دوستۇمغا بەرگەن قازانى ماڭا بەرگەن بولساڭچۇ ئىلاھىم... ۋاي ياخشىلار كېتىپ، يامانلار قالىدىغان ئالەمكەنغۇ بۇ خۇدايىم ... — دەپ يىغىنى سالدى. ئاران تۇرغان ئادەم كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، مەنمۇ قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتكىلى تاسلا قالدىم. ئارقىدىنلا ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ، — ئەمدى ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلۈۋالغىلى بولمايدۇ، ئەزىمجان. سىلىنىڭ مۇنداق يالغۇز يېتىپ، يالغۇز قوپۇپ، ياش چوڭ بولغاندا قازان بېشىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇدۇرۇپ يۈرۈشلىرى كېلىشمىگەن ئىش. مەريەم تۇتقان بۇ ئۆينى لايىقىدا بىرى كېلىپ ئاۋات قىلسۇنمىكىن، دەيمەن› دېدى.

‹ماڭا قاراڭ، مەريەم تېخى يېقىندىلا كۆز يۇمدى، مەن خۇش بولاي، مۇنداق گەپنى ئىككىنچى قىلماڭ، ئۇنىڭ روھى قورۇنىدۇ› دېدىم. ئۇ:

‹يىلى توشسۇن، قىرىقى ئۆتسۇن، دەيدىغانغا سىلى بىر خوتۇن كىشىمتىلا؟› دېۋىدى،

‹ئۇ گەپلىرىڭىز راست، بەزى نائىنساپ ئادەملەر خوتۇنى ئۆلۈپ قىرىقى توشا - توشمايلا ئۆيلەنگىلى قوپىدىكەن› دېسەم، ئۇ نېمە دېدى دېمەمسەن؟

‹قىرىقىنى ئۆتكۈزۈپ ئۆيلەنسىغۇ خېلى ئىنساپ قىلغىنى، مانا مېنىڭ رەھمەتلىك ئېرىمنى ئالسىلا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى ئۆلۈپ، ئەتىسى مەھەللىدىكىلەر بىلەن پەتىلەپ كىرسەملا ماڭا

كۆزى چۈشۈپتىكەن، مەريەم ئۆلۈپ يىلىدىن ئاشتى ئەمەسمۇ؟!›، دېدى.

دوستۇڭ دەپ يۈزىنى قىلمىغان بولسام ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان بولاتتىم. نائىلاج، چىشىمنى چىشلەپ ئولتۇردۇم. ئەگەر يات بىر خوتۇن بىلەن قۇچاقلىشىپ ياتىدىغان بولسام (ئۇنداق كۈننى خۇدا كۆرسەتمىسۇن!)، سېنىڭ گۆرۈڭدە ئۆرە ئولتۇرىدىغىنىڭنى ئۇ نەدىن بىلسۇن!...

‹ماڭا قارىسىلا، — دېدى ئۇ خىيالىمنى بۆلۈپ، — بىر ماشىنىچى دوستۇم بارتى، شۇنى سىلىگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، دەپ كىرىشىم. ئۆزىنى باشلاپلا كېلەيمىغۇ، دېۋىدىم، ئۇنداق قىلىن - قېتىشلاردىن بولمىغاچقا ‹ياق› دەپ ئۇنىمىدى. ياش قۇرامىمۇ سىلىگە تازا باب. بىر كۆرۈپلا كۆڭۈللىرى يۈگۈرمىسە مانا مەن. كېچىسى ئاش - تاماقلىرىنى ئېتىپ، خىزمەتلىرىدە بولىدۇ، كۈندۈزى ماشىنىچىلىق قىلىپ پۇل تاپىدۇ. تۇل خوتۇن، پۇل خوتۇن، دېگەن مانا شۇ... گەپ قىلمايلىغۇ؟ بولمىسا پەس كۆۋرۈكتىكى پەزلەتخان قاراقاشقا مېڭىپ باقايمۇ - يە؟ دۇتار دېگەننى شۇنداق چالىدۇ. رەھمەتلىك دوستۇم مەريەممىغۇ ئەرنى كۈتۈشنى بىلەتتىيۇ، يەنە سەھرا قىزىتى - دە! ئەرنى كۈتۈش دېگەننى مانا پەزلەتخاندىن سورىسىلا، تالادىن كىرسىلە ئاستىلىرىغا قوشلاپ كۆرپە سېلىپ، پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ، دۈمبىلىرىنى مۇشتلاپ ھاردۇقلىرىنى چىقىرىدۇ؛ ئىچلىرى پۇشسا دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ كۆڭۈللىرىنى ئاچىدۇ. ئۇسسۇلغىمۇ قالتىستى بۇ دوستۇم، ھازىر سەمرىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن ياش، دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يۈرىدىغان يىڭناغۇچتەك بېلى بار ھازىرقى ئىنجىقلاردىن ئۆلۈكى



ئارتۇق...›

شۇنداق ئاغزى بېسىلماي بىر كۈن ۋالاقشىدى. نېمە دەيتتىم.

‹قېنى، ئويلىشىپ باقاي› دەپ يولغا سالدىم.

ئىككى كۈندىن كېيىن قارىسام، ئۇ دوستۇڭ يەنە يەڭدەك قاشلىقنى ئېتىپ، يۈزىنى پەرەڭدەك بوياپ، غىتىلداپ مېڭىپ، بىزنىڭ ئۆيگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. دەرۋازىنى مەھكەم تاقاپ، قانداق قىلىدىكىن، دەپ دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى تامغا چاپلىشىپ تىككىدە تۇرۇۋالدىم. دەرۋازىنى ئىتتىرىپ، قېقىپ ئاچالماي:

‹ماۋۇ ئادەم قايسىبىر كېسەك ئالتۇنلىرىنى قىزغىنىپ، كۈندۈزدىمۇ دەرۋازىسىنى مەھكەم ئېتىۋالدىكىنا!› دەپ غودۇرىغىنىچە كېتىپ قالدى.

ئالتۇننىڭ گېپى چىقىۋىدى، چۆچۈپ كەتتىم. ئاشۇ دوستۇڭنىڭ ماڭا باشقىلارنى سالا قىلىشى يالغانمىكىن، دەيمەن. بىر ئامال قىلىپ مېنى ئازدۇرۇپ، ئۆزى تېگىۋالماقچى. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇنىڭ ھېلىقى كۆمۈپ قويغان نەرسىلىرىمىزدىن ئازراق خەۋىرى بارمۇ، قانداق؟... شۇ سېرىق نىجىستىن ئەجەب بىزار بولدۇم. ئاكام رەھمىتى ئۆزىگە تەگكەن مىراسلارنى سېتىپ يەپ بولۇپ، يەنە مەندىكى شۇ نەرسىلەرنىڭ دەۋاسىنى قىلىپ، بىر ئۆمۈر ئازارلىشىپ ئۆلۈپ كەتكەندى، ھېلىقى قالايمىقانچىلىق يىللاردا ئۇنى نەگە يوشۇرۇۋشىمىزنى بىلمەي كۈنىمىز ئەندىشىدىلا ئۆتكەندى. ئاخىرىدا، يەرگە كۆمۈۋېتىپلا قۇتۇلدۇقمىكىن دېسەك، ئۇنىڭ دەككە - دۈككىچىلىكى ئۆلگۈچە تۈگىمەيدىغان ئوخشايدۇ...»

× ×

«… كېچە چۈشۈمدە سېنى ناھايىتى مەيۈس ھالدا كۆردۈم . سەن ناھايىتىمۇ يىراقتىن ماڭا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەكسەن ، شۇنچە شەرەتلىسەممۇ يېنىمغا كەلمىگۈدەكسەن . چىرايىڭدىكى قورۇقلار تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ ، چاچلىرىڭدىكى ئاقلار كۆپىيىپ كېتىپتۇ . مەريەم نېمانچە مۇڭلۇق ، دىلى سۇنۇق كۆرۈنىدۇ ، دەپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى . ئويغىنىپمۇ قولۇم ھېچ ئىشقا بارمىدى . كەچكە يېقىن ، تامدىكى سۈرىتىڭگە قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتسام ، ھېلىقى تام قوشنىمىز — ساختىپەز دوختۇر :

‹ئوھۇي ، ئەزىمجان ، مۇشۇنداق ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ ، مەريەمخاننىڭ سۈرىتىگە قاراپلا ياتىدىغان گەپما ؟ › دەپ كىرىپ كەلدى .

‹كېلىڭ ، شېرىپجان ، تازا مىجەزىم يوق… › دېدىم .

بۇ دوختۇرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىمۇ تېخنىكىسى تايىنلىقتى . پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن كۆۋرۈك يېنىدىكى بازارغا دۇكان ئېچىپ ، ئۆزىچە تېۋىپمەن ، دەپ تومۇر تۇتۇپ ئادەم ئالدايدىغان بولۇۋالدى . ئاغزىغا قارىساڭ ھەرقانداق كېسەلنى داۋالاپ ساقايتىمەن ، دەيدۇ ، ئۆزىنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قالسىمۇ ئۇدۇل دوختۇرخانىغا بارىدۇ… دوختۇر كۆيۈنگەندەك قىلىپ يېنىمغا چىقىپ ، كىرپىكلىرىمنى قايرىپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ ، تومۇرۇمنى تۇتتى .

‹سىزدە ھېسسىي مۇشتەرەك قالايمىقانلىشىپتۇ . پىشقان گۆشنى قېتىقتا مىلەپ يەپ بېرىڭ . كۆڭلىڭىز كۆتۈرسە ئىتنىڭ جۇمە كۈنى ماياقلىغان نىجاستىنى قۇرۇتۇپ… باشنىڭ يېرىمى



ئاغرىيدۇ دەمسىز ؟ ھە ، بۇنى تېبابەتتە شەقىقە دەيمىز… ئاياللارغا قىزىقمىغىنىڭىزغا قارىغاندا سىزدە قۇۋۋىتى ھايۋانىمۇ پەسىيىپ كېتىپتۇ . بۇنىڭ دورىسى مەجۇنى لوبۇبى ئەسرارى ئەتىببىيا ، مەجۇنى مادەتۇلھايات بولسىمۇ بولىدۇ . شەربىتى شىۋىرغانى ، ھە ، ياق ، شاتەررەئەرەقى ئىچىپ باقامسىزيە ؟ !… — دەپ قانداقتۇر شەربەتلەر ، مەجۇن ، ئارىلاشما بالايىبەتتەرلەرنىڭ شىپالىق رولى توغرىسىدا ئاغزىغا كەلگەننى كاپشىغىلى تۇردى ، ئاندىن ، — ئۇنىمۇ دەيمىز ، بۇنىمۇ دەيمىز ، ئەزىمجان ، داۋالاشنىڭ ھەرقانداق ئۇسۇلى تاماق بىلەن داۋالاشقا يەتمەيدۇ . مانا ، ئۆيىڭىزدە ئەلۋەتتە خامنى پىششىق ، سوغۇقنى ئىسسىق ، پاسكىنىنى پاكىز قىلىپ بېرىدىغان بىر ئايال ھەمراھىڭىز بولۇشى كېرەك - دە ! › دەپ ئۆزىنىڭ قېشىمغا كىرىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى .

گېپىنىڭ ئورامى — كۆۋرۈك بېشىغا ئولىشىپ قارتا ئوينايدىغان ئاغىنىلەر مەسلىھەتلىشىپ ، بېشىمنى ئوڭلاپ قويماقچى بولۇشۇپتۇدەك . تام قوشنا بولغاچقا دوختۇرنىڭ ئۆزىمۇ ئۇزاقتىن بېرى مېنىڭ غېمىمنى يەپ يۈرۈپتۇدەك … كېيىن ئۇ نېمىلەرنى دېدى ، قۇلىقىمغىمۇ كىرمىدى . خىيالىم يىللارنىڭ ئالدىدىكى ئىشلارغا كەتتى .

ھېلىقى ئەنسىز كۈنلەر ئېسىڭىزدىدۇر ؟ شۇ چاغدا مېنىمۇ تەركىبى يۇقىرى ، دەپ ‹تۆت خىل ئۇنسۇر ›لارنىڭ ئارىسىغا قېتىپ قويۇشقانىدى . ھەر كۈنى كۈرەش يىغىنىدا ئۆرە تۇرۇپ ، كەچتە ئۆيگە قايتىپ كېلىپمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالمايتتۇق . ھېلىقى كېچە - كېچىلەپ دۇمباق چېلىپ ، داس - چېلەكلەرنى داراڭشىتىپ چىقىدىغان يەجۇج - مەجۇجلەر ھېلى

بىرنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇشسا، ھېلى بىرنىنى باغلاپ كېتىشەتتى… بىر كۈنى، يېرىم كېچىدە ئۇلار بىزنىڭ دەرۋازىنى گۇمباڭشىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئىككىمىز چۆچۈپ ئويغىنىپ، نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي ئۆينىڭ ئىچىدە پىرقىراشقا باشلىدۇق. سەن مېنى تۇتۇپ كېتىدىغان بولدى، دەپ قورقۇپ كەتكەنىدىڭ: مەن ھېلىقى نەرسىنى ئاختۇرۇپ تېپىۋالسا بېشىمىزغا بالا بولامدىكىن، دەپ ھودۇقاتتىم، ئېسىمنى يىغىپ:

‹مەريەم، بول، ھېلىقى نەرسىنى نەگە قويغانتىڭ، ھېلىقىنى؟›، دەپ ئالدىراتتىم.

‹نېمىنى دەيسىز، نېمىنى؟›، دەپ ئېسىڭگە ئالالماي كەتتىڭ.

‹ھېلىقى دەرھال بىرنېمىگە ئەسقېتىپ قالار، دەپ كۆمگەن نەرسىلەردىن ئايرىپ قالغان نېمىنىچۇ؟›

‹ھە، مانا، مانا …›، دەپ كىچىك تېرە خالتىنى تېپىپ ئېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزدۇڭ.

دەرۋازا تېخىمۇ قاتتىق تاراقشىغىلى تۇرغانىدى، ھويلىغا چىقىپ، تېرە خالتىنى تەۋەككۇل قىلىپ ئۆگزىگە ئاتتىم-دە، دەۋازىنى ئاچتىم. بىرنەچچە قولچىرىغىنىڭ يورۇقى كۆزۈمگە تەڭلا چۈشتى.

‹ئۆيۈڭدە سىرتتىن كېلىپ قونغان ئادەم بارمۇ؟›، دېدى ئۇلار.

‹يوق›، دېدىم.

ئۇلار ھويلىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا، ئۆينىڭ ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى-دە، كېتىپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئاستا شوتىنى قويۇپ، ئۆگزىگە چىقىپ



قارىسام، ھېلىقى خالتا ھېچ يەردە كۆرۈنمەيدۇ. نېمە گەپ بولدى، ئاخشام قورقۇنچلۇقتا قاتتىقراق ئاتقان بولسام قوشنىلار تەرەپكە چۈشۈپ كەتتىمۇ، قانداق؟ دەپ دوختۇرنىڭ ھويلىسىغا ئېگىشىپ قارىدىم. ئۇنىڭ كوكات بېسىپ كەتكەن بېغىدا بىرنېمىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمىدى. كوچىغا چىقىپ، دوختۇرنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىشى بىلەن غىپپىدە قىلىپ باغ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتىم. تام تۈۋىدىكى كوكاتلارنى شۇنچە ماللىلاپ قارىدىم، يوق. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ھېلىقى خالتا مەن تاشلىغاندا يەرگە چۈشمەي ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندەكلا غايىب بولغانىدى.

خالتا يوقالغاندىن كېيىن، ئىچىمنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بولۇپ تۈگىشىپلا كەتتىم. بىر ھەپتە ئۆتتى. سەن ساقلاپ يۈرگەن گۈرۈچ، مايلىرىڭنى چىقىرىپ بىر قازان پولۇ دەملىدىڭ. دوختۇرنى ئۆيگە چاقىرىپ چىقتۇق. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئېغىز ئېچىپ:

‹شېرىپجان، ئۆزىڭىز بىلىسىز، باللىرىمىز ئۇششاق، باللار چوڭ بولسا لازىملىقىغا دال بولۇپ قالامدىكىن، دەپ ساقلاپ يۈرگەن ئازراق بىر نەرسىمىز بار ئىدى… ئۆزىڭىز ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق، دادامدىن قالغان ئەرزىمەسلا بىر نەرسە ئىدى… ئۇ كۈنى كېچىدە سىز ئاڭلىدىڭىزمىكىن؟… كېچىدە تەكشۈرىدىغانلار كېلىپ دەۋازىمىزنى قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى. قورقۇنچلۇقىمدا ھېلىقىنى ئاچىقىپ ئۆگزە تەرەپكە بىر ئىرغىتىپتىكەنمەن، بەكرەك ئېتىۋەتتىممۇ، قانداق، سىلەرنىڭ ھويلىغا چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئەتىگىنى شوتىنى قويۇپ ئۆگزىگە چىقسام يوق. ھەرقاچان شېرىپجانلار تەرەپكە چۈشكەن

بولسا قوشنا بولغاندىن كېيىن ئېلىپ قويۇپ كېيىن بېرىۋېتىدىغۇ ، دەپ خاتىرجەم يۈرۈۋەردىم… شۇ ئىشنى بۈگۈن بىر سوراپ باقاي ، دەپ چاقىرتقاندىم › دېدىم .

‹نېمە دەيدىغانسىز ؟… زادى نېمىتى ئۇ ، ئوچۇق دەڭە ! › دەپ كۆزىنى چەكچەيتتى ئۇ .

‹ئازراق ئالتۇن… ›

‹يائاللا ! بۇ ئاي ، بۇ كۈنلەردە ئۇنداق ئوڭاي ئالتۇن تېپىۋالىدىغان ئىش نەدە تۇرۇپتۇ ، ئەزىمجان ، — دەپ ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن ياقىسىنى تۇتتى ، — بىزنىڭ باغنىڭغۇ ئىشلىمەي تاشلىنىپ قالغاچقا ھەممە يېرىنى كوكات بېسىپ كەتتى . يۈرۈڭ ، چىقىپ قاراپ باقايلى ، تاشلىغان بولسىڭىز بىر يەردە باردۇر . ›

مەن قارىدىم .

‹يوقمىكەن !؟… ئۇنداق بولسا نەگە كېتىدۇ ؟… ئۇنى تېپىۋالغان ئادەممۇ يە ئىگىسىگە ، يە ھۆكۈمەتكە تاپشۇرماي سىڭدۈرۈۋېتەلمەيدۇ ، دەڭا . ›

ئۇنىڭ ھۆكۈمەتنى پەش قىلىشىدا غەرىزى بار ئىدى . مەن قورقۇپ كەتتىم .

‹بوپتۇ ، شېرىبجان ، ئۇغۇ ئازغىنە نېمە ، بەرمىسىڭىزمۇ بەرمەڭ ، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىمەن ، دېمەڭ . بۇنچىلىك بىرنېمە چىققان يەردىن يەنە يوغانراقىمۇ چىقىدۇ ، دەپ ئۆيۈمنى ئاختۇرۇپ ئوڭدا ـ دۈمدە قىلىۋەتمىسۇن . مەنمۇ سىزدىن سورىمىغان بولاي ، سىزمۇ بۇ گەپنى ئاڭلىمىغان بولۇڭ… ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز ، راست ـ يالغىنى ئىگىسىنىڭ ئالدىغا بارغاندا بىر تەرەپ بولار . ›



‹شۇنداق بولماي ، خۇدالىق ئالەم ـ دە بۇ ! قەسەم قىلىپ بېرەيمۇ يا ؟ ! ›

‹بولدى ، مەن سىزگە ئىشەندىم ، بۇ گەپنى بىرىگە تىنمىسىڭىزلا مەن خۇش… ›

دوختۇر ئۈنچىقماي ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى . شۇنچە يىللار مەن ئۇنى كۆزەتتىم . مانا زامان بىرلا ئۆزگىرىۋىدى ، دوختۇر بېغىنىڭ ھېلىقى كوكات بېسىپ ياتقان يەرلىرىگە تاختايلىق ئۆيلەرنى سېلىپ ، دۇكان ئېچىپ تاراقشىپلا كەتتى . ئۇنىڭ قەيەردىكى دۇنيانى خەجلەپ شۇنچە بېيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى مەن بىلمەيمەنمۇ ؟ !… مانا بۈگۈن تۇرۇپلا ئۇنىڭ مېنى ئۆيلەپ قويغۇسى كېلىپ قاپتۇ . مېنىڭدە يەنە دۇنيا بار ، دەپ ئويلايدۇ ـ دە ! يامان خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ بېرىپ ، ھەممىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى… ياكى بولمىسا ، ھېلىقى سېنىڭ دوستۇڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ تىلى بىرمىكىن ، دەيمەن !…

شۇ خىياللار بىلەن ئاچچىقىمدا نېمىلەرنى دېگىنىمنى بىلمەيمەن ، دوختۇرنى تىللاپ ، ئۆيدىن قوغلاپلا چىقىرىۋەتتىم . »

× ×

بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن دوختۇرغا خەتلەرنى قايتۇرۇپ بەردىم .

— قانداق ، ئوقۇدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— ئوقۇدۇم ، بىر ئۆمۈر بالا بېقىپ ، جاپا تارتىپ ، ھالال ياشاپ قېرىغان بىر ئادەمنىڭ ياخشى كۆرگەن جورىسىدىن

ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنكى ئىچكى دۇنياسىنى كۆرگەندەك بولدۇم .

— پاھ ، يازغۇچىلاردەك باھا بېرىۋەتتىڭىزغۇ ، ھېلىقى ئالتۇن ـ كۇمۇشلەر توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئوقۇغانسىز ؟

— ئوقۇدۇم ، سىز توغرۇلۇقمۇ قىزىق گەپلەرنى يېزىپتۇ … ئۇنىڭ ئالتۇن توغرىسىدىكى گەپلىرىنىڭغۇ خىيالىي بىر جۆيلۈشمىكىن ، دەپلا بىلدىم . ئاخىرىغا بېرىپ ھەممىمىز خىلمۇ خىل قېرىيدىغان ئوخشايمىز …

— ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ ، — دەپ گېپىمنى بۆلدى دوختۇر ، — مانا شۇ خالتىدىكى دۇنيا ۋەجىدىن بۇ ئاغىنىمىز مەندىن رەنجىپ ، دوختۇرخانىدىكى ۋاقتىمىزدىمۇ تۇزۇك چىراي ئاچماي يۈرگەن . مەن ئۇنىڭ ئۆگزىگە ئاتقان نىمىسى ھويلامغا چۈشۈپ كەتسە يەپ كېتىدىغان ئادەممىتىم ! مېنىڭمۇ قورسىقىم كۆپتى . زىيان دېگەن كىمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرمايدۇ ؟ بوپتۇلا ، دەپ يەنە چاندۇرماي يۈردۈم … ئەمدى قاراڭ ، مۇنۇ خەتلىرىدە ئۇ كۆمۈپ قويغان ئالتۇنلىرى توغرىسىدا يەنە بىرنېمىلەرنى يېزىپتۇ . سىز ئىشەنمەمسىز ؟ مەن ئىشىنىمەن ، بۇ ئادەمنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ناھايىتى باي ئۆتكەن . ئۇنىڭ ئاكىسى ئۆمرى هاراق ئىچىپ ، قىمار ئويناپ ، بۆۋەكچىلىكتىلا ئۆتكەن ئاغىنىتى ، دادىسىدىن قالغان چوڭ قورۇ ـ جايلارنى سېتىپ يەپ بولۇپ ، ئاخىرىدا ئەزىمجانغا مانا مۇنۇ ئالىقانچىلىك تارچۇق قېپقالغان . ئاڭلىسام ، ئەزىمجاننىڭ بالىلىرى بۇ قورۇنىمۇ سېتىپ ، پۇلنى بۆلۈشمەكچى بولۇۋېتىپتۇ ، ئوبدان باھا قويۇپ سېتىۋالاي ، دەۋاتىمەن . ئۇ بىچارىنىڭ ئۇچ بالىسىمۇ ئالىدىغىنىنى ئېلىپ خاتىرجەم بولسۇن ، مەنمۇ بىر تەلىيىمنى



سىناپ باقاي… ئالتۇن ! چوقۇم ئاشۇ ئەسكى قورۇنىڭ بىر يېرىدە كۆمۈكلۈك ئالتۇن بار !…

شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا دوختۇرنىڭ كۆزلىرىدە چاقنىغان غەلىتە ئۇچقۇننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم . بۇ — كىشىنى خەۋپكە ، تەۋەككۈلچىلىككە ، تەلۋىلىككە ئىتتىرىدىغان ئوتنىڭ نەق ئۆزى ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ، ئاز ئۆتمەي ئەزىمجان رەھمەتلىكنىڭ قورۇسىنى سېتىۋېلىش قىزغىنلىقى مەھەللىنى بىر ئالدى . تەرەپ ـ تەرەپتىن جاي ئالىمەن ، دېگەنلەر كېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى . دوختۇر دۇكىنىنىمۇ ئاچماي ، ھەر كۈنى شۇ قورۇنىڭ ئالدىدا «باشقىلارغا سېتىلىپ كەتمىگىيدى» دەپ ئەنسىرەپ پەرۋانە بولۇپ يۈرەتتى . ئىككى ئېغىزلىقلا ئۆيى بار ، ھازىرقى باھادا جىق بولسا ئون مىڭ سومغا ئارانلا يارايدىغان كاتەكتەك كىچىك بۇ قورۇنىڭ باھاسى قىرىق مىڭ تەڭگىگە چىقتى . ئەزىمجاننىڭ ئوغلى : كىمنىڭ ئالغۇسى بولسا ئەللىك مىڭنى ساق سانىسۇن ، باج ـ ماج بىرنېمىلىرىنى تۆلەپ قولۇمغا قىرىق سەككىز مىڭ تەڭگە نەق تېگىدىغان بولسۇن ، دەپ چىڭ تۇرۇۋاتاتتى .

ھەي ئىنسانچىلىق !… ئۆيلىرى مايماق كەتكەن ھېلىقى ئەسكى قورۇنىڭ مۇنچە پۇللۇق بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ كۆمۈكلۈك ئالتۇنلارنىڭ بارلىقىغا مەنمۇ ئىشىنىپ قالدىم . دوختۇر ئاشۇ ئالتۇنلارنى تېپىۋالسا بىر ئۆزى بېيىپ كېتەرمۇ ؟ دەپ تارلىقىم كەلگەندەك بولدى . لېكىن ، مېنىڭدە ئەللىك مىڭ تەڭگە نېمە ئىش قىلسۇن . ھېچبولمىغاندا ، دوختۇرنىڭ يېتىشتۈرەلمىگەن يېرىگە ئازراق پۇل قېتىپ ، شېرىك بولماقچى

بولۇپ، دوختۇرنى چېكىپ باقتىم.

— شېرىپجان، مەنمۇ ئاز - تولا بىرنېمىنىڭ ئورنىنى قىلاي، شۇ قورۇنى ئىككىمىزلا ئالىمىزمۇ - يە...

— بولدى، بولدى، — دەپ ئاغزىمنىمۇ ئاچقۇزمىدى دوختۇر، — ھېلىقى خەتتىكى گەپلەرنى باشقىلارغا ئېيتىپ قويغۇچى بولماڭ - ھە!... يالڭاچ قالسامۇ بىر ئامال قىلىپ ئەللىك مىڭنى ئۆزۈم سانايمەن. ئالتۇننى تاپقاندا سىزنى ئايرىم رازى قىلىمەن.

دوختۇر يېڭى سالغان ئۆيلىرىنى بىر پارچە يېرى بىلەن قوشۇپ ساتتى. دۇكىنىنى دورا - دەرمانلىرى بىلەنلا يەنە بىرىگە ئۆتكۈزدى. ھېلىقى تارچۇقنى بىرنېمىلەر قىلىپ ئاخىرى ئەللىك مىڭغا سېتىۋالدى. ئالىقانچىلىك يەرنىڭ شۇنچە بازارلىق بولۇپ كەتكىنىنى چۈشەنمىگەن باشقا ئاغىنىلەر ھەيران بولۇشاتتى. دوختۇرنىڭ مېنى شېرىك قىلىۋالمىغىنىغا قورساق كۆپۈكچىلىكىمدە ئەزىمجاننىڭ ھېلىقى خەتلىرىدىكى ئالتۇن توغرۇلۇق گەپلەرنى قارتا ئويناۋاتقان ئاغىنىلەرگە يەتكۈزۈپ قويدۇم. ئۇلار: «ھە، ئەسلىدە مۇنداق گەپكەن - دە!» دېيىشىپ، قولىدىكى قارتىلىرىنى تاشلىماي سىقىمدىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ بىزنىڭ قارتا ئويۇنىمىزنىڭمۇ قىزىقى قالمىدى. دوختۇر ئۇ يەردىن قانچىلىك ئالتۇن كولىۋالدىكىن، دەپ تىڭ - تىڭلاپ ئولتۇرۇپ، بىزمۇ ئالتۇننىڭلا پارىڭىنى قىلىشىدىغان بولۇپ قالدۇق.

— بىرەر كاللەك بىرنېمە چىقىپ قالسىلا دوختۇرنىڭ چىقىمىنى كۆتۈرۈپ، يەنە ئېشىپ قالىدۇ.

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، مانا بازار ئىچىدىكى سادىق



ھاجىمنىڭ جايلىرىنى بۇزغاندا بىرى كەتمەننى سىلىپ شۇنداقلا تارتىپتىكەن، بىرمۇنچە تىللا چىچىلىپلا چىقىپتۇ ئەمەسمۇ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ بىر - ئىككى تالدىن تېرىۋالغىنى قاپتۇ، ئاڭغىچە ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى خەۋەر تېپىپ كولاپ ئەكېتىپتۇ. تازىمۇ يوغان بىر كۆپنىڭ ئىچىدىكىسى ھەممىسىلا ئالتۇنكەن، دەيدۇ.

— ئۇنى دەيسىلەرغۇ، ئەنە ئاۋۇ باغ مەھەللىسىدىكى ھاشىم «گاداي» ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى يىغىپ سېتىپلا ئۆتكەن نېمىتى. بىر قېتىم ئۇنىڭ قولىغا بىر ماكچىيىپ كەتكەن كونا چىلاپچا چۈشۈپ قاپتۇ. مۇنداق قىرىپ كۆرسە ئاجايىپ پاراقىراپ تۇرغۇدەك. ئازراق يېرىنى سۇندۇرۇپ ئاپىرىپ زەرگەرلەرگە كۆرسەتسە ساپلا ئالتۇنكەن دەڭلار. مانا شۇنى كېسىپ سېتىپلا بېيىپ كەتتى. ھازىر ھاشىم «گاداي» دېسە ئۆزىمۇ كۈلىدۇ. ھاشىم باي بولۇپ تونۇلۇپ كەتتى...

— قاسىم گۆركارنىڭ ئىشىنى ئاڭلىمىغانمۇ سىلەر، ئۇمۇ بىر غەلىتە ۋەقە... كونا تۇپراقلىقنىڭ ئورنىغا بىنا سالماقچى بولۇپ، جەسەتلەرنى يۆتكەۋاتقاندا بولغان ئىش. بىر قېتىمدا قاسىمئاخۇن بىر ئىچ گۆرگە كىرىپ قارىسا، قۇرۇپ ئۇستىخانلىرىلا قالغان بىر جەسەتنىڭ قولتۇقىدا بىرنېمە مەھكەم قىسىقلىق تۇرغۇدەك. ھېلىقىنى ئېلىپ، يورۇققا ئاچىقىپ قارىسا، يوغان بىر كاللەك ئالتۇنكەن. خۇشاللىقتا قاسىم گۆركارنىڭ تىلى گەپكە كەلمەي، مانا شۇنىڭدىن بېرى كېكەچ بولۇپ قالدىغۇ...

ئاخىرىدا: مۇنۇ ئەزىمجان قوشنىمىزنىڭ كۆمگىنى زادى قانچىلىك ئالتۇن بولغىيدى؟ كومزەككە سېلىپ كۆمگەندىمۇ،

ماتاغا ئوراپمۇ؟… ئۆيىنىڭ قەيىرىگە كۆمگەندۇر؟ دېگەن مۇلاھىزىلەرگە چۈشۈپ كېتەتتۇق.

دوختۇر ئەزىمجاننىڭ كوچا تەرەپتىكى ئىشىكنى تاختايلار بىلەن مەھكەم مىخلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ قورۇسى تەرەپتىن كىرىپ - چىقىدىغان كىچىك بىر ئىشىك ئېچىۋالدى. ئارىمىزدىكى «زادى دوختۇر ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە قىلىۋاتقاندۇر؟» دەپ تاقەتسىزلەنگەنلەرنىڭ بەزىلىرى كوچا تەرەپتىكى دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن ئانچە - مۇنچە مارايمۇ قويۇشاتتى.

دوختۇر ئاۋۋال ئۆزى گۇمان قىلغان يەرلەرنى تەۋەككۇل قىلىپ كولاپ باقتى، ئاندىن ئۆيلەرنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ياغاچ - تاش، بورا - چەكزىلىرىنى ئۆزىنىڭ قورۇسىغا ئاچىقىپ رەتلەپ تىزدى. بۇ ئىشلار سەرەمجانلاشقاندىن كېيىن، ئۆينىڭ تاملىرىنى بىر - بىرلەپ ئۆرۈگىلى تۇردى. ھەممە ئىشنى ئۇ ھېچكىمنى ئارىلاشتۇرماي يالغۇز قىلاتتى. ھەر كۈنى تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئەزىمجاننىڭ ھويلىسى تەرەپتىن كونا ئۆيلەرنىڭ پۇرقىراپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ - توزانلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. كۆۋرۈك بېشىدىكىلەر چاقچاق قىلىپ: «دوختۇر ئۆيىنىڭ تۇپىسىنى تاسقاپ سورۇۋاتامدۇ، نېمە» دېيىشەتتى. ئاخىرىغا بېرىپ مەھەللىدە قاتتىق بىر ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلسىمۇ: «نېمە بولغاندۇر؟… دوختۇر ھېلىقى ئالتۇننى تېپىۋالدىمۇ، نېمە؟» دەپ باشلىرىمىزنى سوزۇپ ئەزىمجاننىڭ ھويلىسى تەرەپكە قارايدىغان بولۇپ قالدۇق.

دوختۇر ھويلىنى تولۇق بىر ياز بەلگىچە چوڭقۇرلۇقتا ئېتىز چاشقىنىدەك كولاپ، تۇپىسىنى گۈرجەكنىڭ ئارقىسى بىلەن ئۇرۇپ ئۇششاقلاپ، سەۋرچانلىق بىلەن بىر تەرەپكە ئۆرۈپ



چىقتى. شۇ كۈنلەردە ئۇ تالا - تۈزلەرگىمۇ چىقمايتتى، چىقىپ قالسىمۇ، ئىشى ئالدىراش گۆركاردەك ئۇستىبېشى توپا، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن ھالدا غىل - پال كۆرۈنۈپلا غايىب بولاتتى. دوختۇرنى تونۇيدىغانلار، ئانچە - مۇنچە كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىزدەپ كېلىدىغانلار ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھەيران بولاتتى. بىز ئۇنىڭ نېمە ھەلەكچىلىكتە يۈرگىنىنى ئىچىمىزدە بىلىپ ئۈنچىقمايتتۇق… دوختۇر ھەتتا ئەزىمجاننىڭ چوڭقۇر خالا جايىنىڭ گەندىسىنىمۇ تارتىپ كۆردى. ئالتۇن تۇرماق، بىرەر سۇنۇق يارماقمۇ چىقمىدى.

كۈزگە يېقىن، دوختۇر بىرنەچچە ئادەمنى باشلاپ كېلىپ ھېلىقى ھەر تەرەپكە دۆۋىلىۋەتكەن توپىلاردا كېسەك تۆكتۈرۈشكە باشلىدى. ھەر كۈنى ئۇ كېسەكچىلەر بىلەن تەڭ ئىشقا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بېشىدا تىك تۇراتتى. ئىشلەمچىلەرنىڭ كەتمىنى بىرەر تاشقا تېگىپ «تاق» قىلىپ قالىدىغانلا بولسا ئۇ يۈرىكىنى تۇتۇپ شۇ ياققا ئۆزىنى ئاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، كېسەكلەر قويۇلۇپ بولغۇچە دوختۇرمۇ روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ كەتتى…

بىچارە دوختۇرغا ئىچىمىز ئاغرىپ قالدى. يازىچە تارتقان جاپا بىلەن ئۇنىڭ چىرايى قارىداپ، ئورۇقلاپلا كەتكەنىدى. تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن كېسەكلەرنى پىرقىراپ، نېملەرنىدۇ پىچىرلايتتى. ئىككى كۆزى مېيى تۈگەپ كېتىۋاتقان چىراغدەك خىرە پىلىلداپلا قالغانىدى. گەپ قىلسا گەپتىن ئازغىشىپ، «كىمنىڭ كېسەك قۇيىدىغان قېلىپى بار؟» دەيمەن دەپ، «كىمنىڭ قېلىپ قۇيىدىغان كېسىكى بار؟» دەيتتى.

بەزىدە بىزنى «كۆۋرۈك بېشىدا قارتا ئوينايدىغان ئاغىنىلەر» دەيمەن دەپ، «قارتىنىڭ بېشىدا كۆۋرۈك ئوينايدىغان ئاغىنىلەر» دەپ سالاتتى. بىر قېتىم قېشىمىزغا كېلىپ:

— نېمىشقا ھەممە ئادەمنىڭ مورىسىدىن ھور چىقىدۇ، بىزنىڭ قازاندىن تۈتۈنمۇ چىقمايدۇ؟ — دېۋىدى، ئۇنىڭ گېپىنى دەرھال ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالدۇق.

بىر كۈنى، دوختۇر ھېلىقى قۇيدۇرۇپ قويغان كېسەكلىرىنى ساتماقچى بولۇپ بازاردىن بىر ئادەمنى باشلاپ چىقىپتۇ. بىر چاغدا ئىككىسىنىڭ ۋارقىرىشىپ كەتكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. نېمە گەپتۇ؟ دەپ بارساق، دوختۇر ھەممە كېسەكنى ئەللىك مىڭ سومغا ساتىمەن، دەۋېتىپتۇ. ھېلىقى ئادەم: بۇ نېمەڭنى ئەللىك مىڭغا كىم ئالىدۇ!؟ دەپ تالاشقىلى تۇرۇپتۇ. خېرىدار:

— ماۋۇ ئادەم ساراڭمۇ، ئوڭمۇ؟ ھەممە كېسىكىم ئون تۈمەن دەيدۇ، ھازىر خام كېسەكنىڭ مىڭى ئوتتۇز بەش تەڭگىدىن بولۇۋاتىدۇ. بوپتۇ، قىرىق تەڭگىمۇ دەيلى. قىرىق تەڭگىدىن بولغاندا ئون تۈمەن كېسەك جىق كەلسە ئاران تۆت مىڭ تەڭگە بولامدۇ!... — دەپ قايناپتتى. دوختۇرمۇ بوش كەلمەي:

— بىلەمسەن، ماۋۇ ھەربىر ئالتۇننىڭ ئىچىدە كېسەك بار، تېخى مېنى ساراڭ دەيسەنغۇ! — دەپ سەكلەۋاتاتتى. بىز «ھاي، ھاي!» دېگۈچە ئۇ خېرىدارنى، — ھېلى بىكار كۆزۈڭنى ئاناڭغا كۆرسىتىپ، بىر پۇتۇڭنى ئىككى ئۆتۈككە تىقىۋېتىمەن! — دەپ تىللىۋەتتى.

بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۈمەللەپ تۇرغان ھېلىقى ئادەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ توختاپ قالدى. ھەرقاچان ئۇ «ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىمەن، دېگەن گەپنىغۇ ئاڭلىغان. بىر پۇتنى ئىككى ئۆتۈككە تىقىدىغان بۇ قانداق ئىشتۇر؟ پۇتنى كېسىپ پارچىلايدىغان ئوخشىمامدۇ؟...» دەپ ئويلاپ قالدىغۇ دەيمەن، ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي كەتتى.



قىش كىرىشى بىلەن دوختۇرنىڭ جىددىيلىكى سەل پەسىيىپ قالدى. ئۇ ئۆزى دوختۇر بولغاچقا ياخشى دورىلارنى ياساپ يەپ، شەربەت ئىچىپ كۈچلۈك مەجۇنلەرنى كاپ ئېتىپ بەردىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ گەپتىن ئازغىشىپ كېتىدىغان كېسىلى خېلى ئوڭشىلىپ قالدى. ئەمدى ئۇ ھېچكىمگە گەپ قىلماي، يەرگە قاراپ خىيال بىلەنلا يۈرەتتى.

بىر كۈنى، ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە ئەدەپ بىلەن ئىشىكنى چېكىپ كىرىپ، بوسۇغىدا تۇرۇپلا:

— قاراڭ، ماڭا ئۇنىڭدىن خەت كەلدى، — دېدى.

— كىمدىن؟ — دېدىم ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەي.

— ئەزىمجاندىن.

— ئۆلۈپ كەتكەن ئەزىمجاندىن!؟... ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇپ ئۇقتۇرۇپراق سۆزلەڭا.

— دېسەم ئىشەنمەيسىز، ئاشۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئەزىمجاندىن ئاخشام خەت ئالدىم. رەھمەتلىك ئۇ دۇنيادىمۇ بىزنى ئۇنتۇماپتۇ، خۇش بولۇپ قالدىم، — دېدى ئۇ مەن تارتىپ بەرگەن ئورۇندۇققا جايلىشىپ ئولتۇرۇپ.

— خېتى قېنى؟

— خېتىنى ئالغاچ كىرمەپتىمەن... سەۋدا غالىب كېلىپ، سەپرا ئۆرلەۋاتامدىكىن، يېقىندىن بېرى قويغان ـ تۇتقىنىمنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم... ئىشقىلىپ، ھەممىڭلارغا سالام ئېيتىپتۇ. «بۇ تەرەپتىكىلەرنىڭمۇ ھەممىسى تىنچلىق. ئۇ كۈنى بىزنىڭ گۆرگە يىغىلىپ سىلەرنىڭ پارىڭىڭلارنى قىلىشتۇق. ھېلىقى بىزنىڭ مەھەللىدىكى كۆك تاماكىنى ئۈزمەي چېكىدىغان ساۋۇتكامنى بىلىسىلەرغۇ؟ ساۋۇتكام مەشەدىمۇ ئاچچىق تاماكىنى شۇنداق چېكىدىكەن. بىردەمدىلا ئىچ گۆرنى ئىسقا توشقۇزۇپ

بولدى . ماڭە ، تاماكاڭنى تاشقىرىقى گۆرگە چىقىپ چەك ! دەپ چىقىرىۋەتتۇق» دەپ يېزىپتۇ . مەن توغرۇلۇق ئۇ : «شېرىپجان ، بۇ ياققا مېڭىشىڭ ئالدىدا بالىلىرىمغا تۇزۇكرەكمۇ مىراس قالدۇرالمىدىم ، دەپ بەك كۆڭلۇم يېرىم بولغانتى . ئاڭلىسام ، سىز ئۇلارغا ئەللىك مىڭ تەڭگە قايتۇرۇپ بىر ياخشىلىق قىلىپسىز . ئۇ دۇنيانىڭ ھېسابى ئۇ دۇنيادا تۈگەپ كەتكىنى ياخشى !» دەپ يېزىپتۇ .

— ئۇ نېمە دېگىنى ؟

— نېمە دېگىنى بولاتتى ، ئەزىمجاننىڭ ئۆگزىگە ئاتتىم ، دەپ بىزنىڭ قورۇغا تاشلىۋەتكەن ھېلىقى خالتىسىنى مېنىڭ ئالغىنىم راست . شۇ كۈنى كېچىسى بىرلىرى كېلىپ قوشنامنىڭ دەرۋازىسىنى تاراقشىتىپ كەتتى . نېمە گەپكىن ، دەپ چاپىنىمنى يېپىنچاقلاپ ھويلىغا چىقسام ، باغ تەرەپكە بىرنېمە پاققىدە قىلىپ چۈشكەندەك قىلدى . ئەتىسى سەھەردە ئەزىمجان تەرەپتىكى تام تۈۋىنى قاراشتۇرسام كىچىك بىر تېرە خالتا تۇرۇپتۇ . ئېچىپ قارىسام ئالتۇن . ئالتۇننى كۆرۈپلا قوشنامغا قايتۇرۇپ بەرگۈم كەلمەي قالدى . ئەزىمجاننىڭ گۇمانى توغرا ، ئۇمۇ ئىزدەپ تاپالمىسا ، مەنمۇ ئالمىغان بولسام ، بۇ خالتا ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتەتتىمۇ ؟... ئەزىمجان ئەڭ ئاخىرىدا مېنىڭ زادى قانداق ئادەملىكىمنى بىر سىناپ باقماقچى بولۇپ ، ھېلىقى خوتۇنىغا يازغان خەتلىرىنى ماڭا بەرگەن گەپ . ئەگەر مەن قوشنامغا سەمىمىيەتلىكىم بار ئادەم بولغان بولسام خەتلىرىنى ئوقۇمايلا ئاغىنىمىز بىلەن بىللە كۆمۈۋەتكەن بولاتتىم ، ماڭا بۇگۈنكى بۇ تارتقۇلۇقلارمۇ يوق ئىدى . خەۋىرىڭىز بار ، بىز ئۇنى كۆمىدۇق ، ئېچىپ ئوقۇدۇق . خەتتىكى ئالتۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، مەن يەنە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم . نىيەتنىڭ



ئالىلىقى بېشىمغا بالا بولدى . كۆزىڭىز كۆردى . جاپانى يەتكۈچە تارتتىۋالدىم . ئەمدى ئويلىسام ، بايا ئەزىمجان خەتكە ئالتۇن توغرىسىدىكى گەپلەرنى قەستەن قىستۇرۇپ قويغانىكەن... مەيلىغۇ ، مەن نېمىنى ئۇتتۇردۇم دەيسىز . ناھايىتى شۇ ئەزىمجاننىڭ ئالتۇنلىرىنى سېتىپ ئاچقان دۇكان ، سالغان جايلىرىمدىن ئايرىلىپ ، ئۇنىڭ بالىلىرىنى رازى قىلىپ ، يەنە بۇرۇنقى كونا ئۆيلىرىمدە قاپتىمەن . ئەمدى ئۇ دۇنياغا بارغاندىمۇ ئاغىنىلەر بىلەن يۈزۈم يورۇق قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدىغان بولدۇم . ئۆلۈپ كېتىپ قالسام مېنىمۇ شۇ قوشنامنىڭ يېنىغا كۆمۈڭلار ـ ھە !

دوختۇر ئورنىدىن قوپۇپ ماڭدى . مەن بۇ گەپلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا ئەقلىمنى يەتكۈزەلمەي ئولتۇرۇپ قالدىم . ئەتىيازغا چىققاندا دوختۇرمۇ ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇ ھېلىقى ئېگىز قىلىپ تىزىۋەتكەن خام كېسەكلەرنىڭ تۈۋىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا ، قىشچە ياغقان قارنىڭ نېمىنى تارتىپ ئاستى زەيلىشىپ كەتكەن كېسەكلەر ئۆرۈلۈپ ئۇنى بېسىۋالغانىدى . بىز ۋەقەنى ئاڭلاپ يېتىپ بېرىپ ، كېسەكلەرنى ئېچىپ قارىغىنىمىزدا ئۇنىڭ كۆزى ئاللىبۇرۇن يۇمۇلغان بولۇپ ، چىرايىدا ئاجايىپ بىر خاتىرجەملىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى .

دوختۇرنى ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئەزىمجاننىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلدۇق... ئۇنىڭ يەتتە ، قىرىق نەزىرلىرىمۇ تۈگەپ ، مەھەللە ئىچى بۇرۇنقىدەك جىمىپ قالدى . «ھەي ، ئۆلدى كەتتى ، دېگەن مانا شۇ !» دەپ كۆۋرۈك بېشىدىكى قارتا ئويۇنىمىزنى يەنە باشلىۋالدۇق .

1992 ـ يىل 1 ـ ئاي ، غۇلجا

# «تەكشۈرۈش»

ئاسفالت يولدا غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان جىپ قاتتىق بىر سىلكىنىۋىدى، كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ قالغان ھاكىم ئويغىنىپ كەتتى. ماشىنىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان ساقچى باشلىقى بىلەن ھاكىمنىڭ خۇسۇسىي كاتىپى پىخىلداپ كۈلۈشۈپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشاتتى. ھاكىم ئۆزىنى ئۇخلىغانغا سېلىپ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى.

— يېقىندا سىلەرنى تازا ئەشەددىيسىدىن يەنە بىرنى قولغا چۈشۈردى، دەپ ئاڭلىدىمغۇ... ياق، ياق، ئۇنىڭدىن باشقا... ھېلىقىدەك... ھى... ھى... ھى...

بۇ كاتىپنىڭ كۈلكىسى ئىدى. ئارقىدىنلا ساقچى باشلىقىنىڭ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يائاللا، ئۇنىڭدىنمۇ خەۋىرىڭىز بار ئىكەن - دە!... ھېلىقى دوقمۇشتىكى ياش باللار ئاچقان يېمەك - ئىچمەك دۇكىنىنى بىلىسىزغۇ!... ھەببەللى، يېنىدا كىچىك قاۋقىمۇ بار. نەق شۇ يەردىن قولغا چۈشۈردۇق. سىنىئالغۇسىنى لېنتا-پىنتىلىرى بىلەن قوشۇپ بىراقلا مۇسادىرە قىلدۇق.

— نەچچە مىڭ تەڭگىلىك دەسمايىسىدىن ئايرىلىپتۇ - دە؟

— تېخى جەرىمانىمۇ بار، دەڭا!

— ئۇ لېنتىنىمۇ قويۇپ كۆرۈپ باققانسىلەر؟

— كۆرمىسەك شەھۋانىيلىقنى قانداق ھۆكۈم قىلالايمىز؟



— بۇمۇ بەك يامىنىدىنمىكەن؟

— نېمىسىنى ئېيتىسىز، قويۇڭ، رەسۋا، رەسۋا!

— رەسۋا دېگىنىڭىز قانداق ئەمدى؟

— دەھشەت، دەھشەت!

— دەھشەت بولغاندا قانداق دېمەكچىمەن؟

— قانداق بولاتتى. ئەر - ئايال ھەممىسىلا قىپيالىڭاچ.

— ھەرقانچە بولسىمۇ، ھېلىقى يەرلىرىگە بىرنېمە تارتىۋېلىشقاندۇر؟

— نەدىكىنى، ئانىدىن تۇغمىلا. ئادەم دېگەنمۇ كىيىم بىلەن ئادەمكەن، دەڭە.

— شۇنداق بولماي. قىپيالىڭاچ بولۇشۇۋېلىپ نېمە قىلىشىدىكەنوي ئۇلار؟

— ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى سورىمايلا قويۇڭ، ئاجايىپ رەسۋا، نومۇسلۇق ئىشلار!... قانداق قىلىمىز، خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى، كۆرمەي ئىلاجىمىز يوق.

— مەسىلەن، قانداق ئىشلار؟

— مەسىلەن، سىزگە ئېيتسام...

ساقچى باشلىقى سىنىئالغۇدا كۆرگەنلىرىنى سۆزلىگىلى تۇردى. كاتىپ پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. شوپۇرمۇ غەلىتە ھېجىيىپ، پات - پات ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى. كاتىپ سورىدى:

— يائاللا، يائاللا، مۇنداق كارامەتلەرمۇ بار، دەڭ؟ بۇ لېنتىلارنى كۆرۈپ بولۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدىغان گەپمۇ ياكى يۇقىرىغا...

— ئەشقىلىپ، يوق قىلىمىز. ئۆتكەندە كەيپچىلىكتە بۇ

لېنتىنىڭ پارچىنى بىر سورۇندا دەپ سالغانىكەنمەن، شۇنىڭ بىلەن بالاغا قالدىم. ھېلىقى ئەدەبىيات - سەنئەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، سېمىز ئاغىنىنىڭ ئېيتتى نېمىدى؟... ھە، شۇ ئەتىسىلا «ھېلىقى لېنتىنى تەكشۈرۈپ باقساق» دەپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

— بەردىڭىزما؟

— بەردىم. ئۆتكەندە بىرىنىڭ ئۆيىدىن بىر لېنتىنى مۇسادىرە قىلىپ ئەكېلىۋالغانىدۇق، ئاشۇ باشقارمىدىكىلەر ئارىلىشىپ: «ئادەتتىكى بىر مۇھەببەت ۋەقەلىكى تەسۋىرلەنگەن مۇنداق نېمىلەرنى ‹شەھۋانىي لېنتا› دەپ يىغىۋالساڭلار قانداق بولغىنى، ئىندىيىدە بەكمۇ قاتماللىشىپ كېتىپسىلەر» دەپ بىرمۇنچە دەۋالىشىپ، ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگۈزۈۋەتكەن. بولمىسا ئۇنىڭدىمۇ... بوپتۇ، بۇنىمۇ ئاپىرىپ كۆرۈپ بېقىش، يامان بولساڭ قېنى «شەھۋانىي ئەمەسكەن» دەپ ھۆكۈم قىلىشىپ باقە، دەپ ئەتەي قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم.

— كۆرۈپ غىڭ قىلالماي قالغاندۇر؟

— شۇنداق بولماي ئەمىسە، ئارقىدىنلا مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى «بىزمۇ تەكشۈرۈپ باقمىساق بولمايدۇ» دەپ لېنتىنى كۆتۈرۈپ كەتتى. ئاڭلىسام، يەنە بىرنەچچە كاتتىباشلارنىڭمۇ تەكشۈرۈپ باققۇسى بار ئوخشايدۇ...

— بالاغا قاپسىز - دە!

— ھېلىقى مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرمەمسىز. لېنتىنى ئاپىرىپ، شوپۇرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ كۆرۈپ تەكشۈرۈپتۇ. لېنتىنى كېيىن ئۆيىگە قويۇپ قويغانىكەن. ھەممىسى ئىشقا كەتكەندە ئۇنىڭ خوتۇنى ئىشىك - دېرىزىنى چىڭ دۈملەپ، ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ تازا



«تەكشۈرۈپتۇ...»

— ھى... ھى... ھى... خوتۇنىمۇ «تەكشۈرۈپتۇ»، دەڭ. پاھ، پاھ، بۇ قالتىس تەكشۈرۈش بوپتۇ - ھە!؟...

يول ياقىسىدا تېرەكلىك بىر يېزىنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

— مەن مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالاي، — دېدى ساقچى باشلىقى شوپۇرنى ئارقىدىن نوقۇپ.

— مەشەدە چۈشۈپ قالامسىز؟ — ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا شىۋىرلىدى كاتىپ، — ھېلىقىدەك لېنتىلارنى يەنە «تەكشۈرۈپ» قالساڭلار مېنىمۇ «ھايت» دەپ قويۇڭلا، بىر كۆرۈپ باقاي.

ماشىنا توختىشى بىلەن ھاكىم كۆزىنى ئاچتى.

— ماڭا قارىڭلا! — دەپ توختاتتى ئۇ يەرگە چۈشكەن ساقچى باشلىقىنى، — سىز بايا گېپىنى قىلغان سىنئالغۇ لېنتىسىنى ئەتىگىچە نەدىن بولسۇن تېپىپ ماڭا ئەۋەتىپ بېرىڭلا، ئۆزۈم بىر تەكشۈرۈپ باقاي.

ساقچى باشلىقى ھاكىمغا بىر دەقىقە تېڭىرقاپ قاراپ قالدى - دە، ئوڭايسىزلىنىپ كۈلۈمسىرىدى.

— قانداق بولار؟

— ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، — دېدى ھاكىم، — مەن تەكشۈرۈپ بولۇپلا «بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق كىشىنىڭ تەكشۈرۈشىگە رۇخسەت يوق» دېگەن تەستىقنى قوشۇپلا چۈشۈرۈۋېتىمەن، سىزمۇ باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلىسىز...

1989 - يىل 8 - ئاي، ئۈرۈمچى

# ئادەت

«مىش ـ مىش پاراڭلار» ژۇرنىلى ئەدىبلەرنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرى توغرىسىدا بىرنېمە يېزىپ بېرىشىمنى ئۆتۈنۈپ بىر پارچە خەت ئەۋەتكەنىكەن. گەپنى نەدىن باشلىشىمنى بىلمەي خىيال قىلىپ كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم.

ياراتقان ئىگەم ھەربىر كىشىگە تۇغۇلۇشىدىن باشلاپلا ئۆزىگە خاس بىر مىجەز ئاتا قىلسا كېرەك. بولمىسا، دۇنيادىكى ئادەملەر بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىپ، پەرق ئەتكىلىمۇ بولماي قالاتتىمىكىن، دەيمەن. مانا مۇشۇ يېزىقچىلىق قىلىدىغان ئاغىنىلەرنى ئېلىپ ئېيتايلى، قارىسىڭىز ھەممىسىلا كاتتا ـ كاتتا ئەسەرلەرنى يازىدىغان ئادەملەر، ئەمما ھەربىرىنىڭ مىجەزى، تۇرمۇش ھەۋىسى، يېزىقچىلىق ئادەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بەزىلىرى ئاچچىق چاينى دەملەپ قويۇپ ئولتۇرۇپ يازسا، بەزىلىرى تاماكىنى ئارقا ـ ئارقىدىن پۇرقىرىتىپ چېكىپ ئولتۇرۇپ يازىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ يېزىقچىلىق قىلىدىغان ئۆيىگە تۇيۇقسىز كىرىپ قالسىڭىز، يازغۇچىنى ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە كۆرىسىز. بەزىلىرى كۈندۈزى يازسا، بەزىلىرى كېچىدە، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنى ئۇخلىتىۋېتىپ، ئەل ئايىغى بېسىققاندا يېزىشقا ئولتۇرىدۇ. تېخى يېزىۋاتقان ئەسىرىدىكى قەھرىمانلىرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى دوراپ، ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ۋارقىراپ رەپىتىس قىلىپ، ئۆينىڭ ئىچىدە



يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئەسەر يازىدىغانلارمۇ بار. بىر بوتۇلكا ھاراقنى يېنىغا تىكلەپ قويۇپ، ھەربىر ئىلھامى قاچقاندا بىرەر ـ يېرىم رومكىدىن ئوتلاپ تۇرۇپ ئەسەر يازىدىغانلارنىمۇ ئۇچرىتقانمەن. ئۇنى دېسەڭلار، ھاۋا رايىغا قاراپ ئەسەر يازىدىغان پەسىل يازغۇچىلىرىمۇ بار. مانا ئۆزۈمنى ئالسام، كۈن ئىسسىپ كەتكەندە ھېچنېمە يازالمايمەن. يازىچە لەلەڭلەپ يۈرۈپ، سوغۇق چۈشۈپ، گەجگەمنى قورۇشقا باشلىغاندا، يېزىق ئۈستىلىگە قايتىپ كېلىمەن. شۇڭا، باشقىلار مېنى زاڭلىق قىلىپ: «قىشلىق يازغۇچى» دېيىشىدۇ. ئاڭلىسام، نەسىر يازىدىغانلار تولىراق باھار كېلىپ، ئەتراپ كۆكەرگەندە قولىغا قەلەم ئالغۇدەك. شائىرلارنىڭ كۆپىنچە جىگدە چېچەكلىگەن مەزگىلىدە يازغان شېئىرلىرى ئاجايىپ پاساھەتلىك چىقارمىش... قەيەردە دەيدۇ بىر يازغۇچى بار ئىكەن. دائىم، چۈشىدە كۆرگەن نەرسىلەرنىلا ھېكايە قىلىپ يازىدىكەن، چۈش كۆرمىگۈچە ھېچنېمە يازالمىغۇدەك... كۆزۈم بىلەنغۇ كۆرمىدىم، پالانچى دېگەن يازغۇچى قولىغا قەلەم ئالغان ھامان خوتۇنى يېنىدا ئولتۇرۇپ دۈمبىسىگە مۇشتلاپ بېرىدىكەن... تەنقىدكە تەنقىد يازىدىغان بىر ئوبزورچى ئاغىنەم بولىدىغان، ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، تاكى بىرەرىدىن قاتتىق دەشنام يېمىگۈچە ئىلھامى قوزغالمىغۇدەك... چەت ئەلدە بىر مەشھۇر يازغۇچى ئۆتكەنىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى ئىسسىق سۇغا پۇتىنى چىلاپ ئولتۇرۇپ يازغانمىش... قايسىبىر شەھەردە غەلىتە مىجەزلىك بىر يازغۇچى بارمىش، ھەربىر يېڭى رومانىنى يېزىشقا تۇتۇش قىلىش ئالدىدا، ئاۋۋال خوتۇنىنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىپ، بويتاق بولۇۋېلىپ ئەسەر يازىدىكەن؛ رومانى ئېلان قىلىنغاندا، قەلەم

ھەققىگە باشقىدىن خوتۇن ئالىدىكەن. خوتۇن ئىجادىيەتنىڭ دۈشمىنى، دەپ قارايدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ يازغان رومانىمۇ ئۈچ، ئالغان خوتۇنىمۇ ئۈچمىش. يېڭىدىن يەنە بىر رومان يازماقچى بولغانىكەن، ھازىرقى ياش خوتۇنى ئۇنىمايۋېتىپتۇدەك… مانا مۇشۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار.

بىر رومانى ئېلان قىلىنغان بىر بۇرادەر ماڭا يېقىندا ھالىنى ئېيتىپ:

— قويۇڭ، قويۇڭ، يازغۇچىلىق دېگەننىمۇ قىلىدىغان ئىشمۇ؟ — دېدى.

— نېمە بولدى؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— قارىمامسىز، ئۆمرۈمدە يازغىنىممۇ بار - يوقى شۇ بىر رومان. ھەربىر ۋارىقىنى يازغۇچە بېشىمنىڭ ئون نەچچە تال تۈكى چۈشۈپ، رومانىمۇ پۈتتى، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئۆزۈممۇ پايىنەكباش بولۇپ بولدۇم … — دېدى ئۇ.

لېكىن، ئارۇپى «خۇشخۇي» يەنە باشقا بىر مىجەزدىكى يازغۇچى - دە! بىرنەچچە كاتتا رومانلارنى يېزىپ ئېلان قىلىپ بولدى. بېشىنىڭ بىر تال مويىمۇ تەۋرەپ قويغىنى يوق. ئوبزورچىلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىچە، ئۇنىڭ يازغانلىرى دائىم چەت ئەلنىڭ قايسىبىر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشىشىپ قالغۇدەك. ئاڭلاپ كەلسىڭىز، بىزنىڭ بۇ ساھەدە ئۇششاق گەپ تولا. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ تەنقىدچى دېگەن نېمىلەرگە قويۇپ بەرسىڭىز، ئۆزىنىڭ قولىدىنمۇ ھېچنېمە كەلمەيدۇ، باشقىلارنىڭكىنىمۇ پەقەت ياراتمايدۇ. بەزىدە بىرەر ۋاراق سالام خەتنى يازغۇچە، دەيدىغان گەپنى تاپالماي تەرلەپ كېتىسىز، نەچچە يۈز بەتلىك رومانىنى گەپ بىلەن توشقۇزۇپ چىقماق



ئوڭايمۇ؟! قىسمەن سەھىپىلىرى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ قالسا قالىدىغاندۇر!…

— يازدا يازدى، قىشتا يازدى، دېگەن نېمە گەپ ئۇ!؟ — دەپ قايناپ كېتىدۇ ئارۇپى «خۇشخۇي» بەزىدە مېنى كۆرسە، — مانا، مەن قايسى ۋاقىتتا يازغۇم كەلسە، قولۇمغا قەلەمنى ئالىمەن - دە، سىياھنى ئوبدان سۈمۈرگۈزۈۋېلىپ، ئولتۇرۇپ يېزىۋېرىمەن. بەزىدە يېزىق ئۆيىگە بىر كىرىپ كەتسەم، ئايلاپ چىقمايدىغان چاغلىرىممۇ بولىدۇ…

— تاماققۇ يەرسىز؟

— ئانچە جىق ئەمەس… ئىلھام كەلمىگەندە، ئەل - ئاغىنىلەرنى تېپىپ ئويۇنۇمنى ئوينايمەن.

بۇ ئاغىنەمنىڭ مىجەزىنى تونۇشتۇرسام، ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ئەسەر يازمىغان چاغلىرىدا نەدە ئويۇن - كۈلكە بولسا، شۇ يەردە يۈرىدۇ. ئارۇپىنىڭ ئۆزىگە «خۇشخۇي» دەپ تەخەللۇس قويۇۋالغىنىمۇ شۇنىڭدىن بولسا كېرەك بەلكىم. بولۇپمۇ ئۇ يۇمۇر ئاڭلاشقا شۇنچىلىك خۇشتار. تازا ئەپسانە يۇمۇرلار بولسا، كۆزىنى مىت قىلماي ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇچە ئاڭلايدۇ. پالانى يەردىكى پوكونى بىر يېڭى يۇمۇر بىلىدىكەن، دېگەننى ئاڭلاپ قالسا، ئىزدەپ - سوراپ بېرىپ ئاڭلاپ كېلىدۇ. تېخى ئۇنىڭ تازا قىزىق يۇمۇرلارنى خاتىرىلىۋالىدىغان كىچىك بىر قويۇن دەپتىرىمۇ بار.

— ئارۇپى، بۇلارنى خاتىرىلەپ نېمە قىلارسىز؟ — دەپ سورىسىڭىز.

— ئېسىم ياخشى ئەمەس، — دەپ چۈشەندۈرىدۇ ئۇ، — بەزى سورۇنلاردا مەنمۇ باشقىلاردەك قىزىق گەپلەرنى قىلىپ،

ھەممەيلەننى تازا بىر كۈلدۈرۈۋېتەي دەيمەن ، ئاڭلىغانلىرىمنىڭ بىرى كاللامغا كەلسە نېمە دەپ بېرەي . شۇڭا ، قىزىق يۇمۇرلار بولسا ، شۇ زامان خاتىرىلەپ قويىدىغان بولدۇم .

ئەمما ، بۇ ئاغىنىمنىڭ يۇمۇر سۆزلەپ قىلىشىدىن خۇدايىم ئۆزى ساقلىسۇن . ئۈچ - تۆت ئېغىز گەپ بىلەن تامام بولىدىغان يۇمۇرنى ئۇ ئەزمىسىنى ئېزىپ ، خوتۇنلار كىر يايىدىغان ئارغامچىدەك ئۇزارتىپ ، شۇنداق بىرنېمە قىلىۋېتىدۇكى ، قويۇۋېرىڭ ، يۇمۇرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار كۈلدى دېگەندىمۇ ، يۇمۇرنىڭ قىزىقلىقىغا ئەمەس ، ئارۇپنىڭ سۆزىنىڭ تېتىقسىزلىقىغا كۈلىدۇ .

ئارۇپنىڭ مېنىڭ ھېكايىلىرىمنى ئوقۇسىلا ئىچى پۇشىدۇ .

— پالانى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ھېلىقى ھېكايىڭىزنى ئوقۇپ چىقتىم ، — دەيدۇ ئۇ .

— ھە ، قانداقراقكەن ؟ — دېسەم .

— ھەي ، سىز نېمانداق ...— دەپ ئېتىراز بىلدۈرىدۇ .

— نېمە بولدى ؟ !

— پۈتۈن بىر رومان بولىدىغان ۋەقەنى كىچىككىنە بىر ھېكايە قىلىۋېتىپ ئولتۇرۇپسىز . ئىسىت ، شۇنچە ياخشى ۋەقەكەنۇ... خەپ ، بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشۈپ قالغان بولسىزە...

راست ئېيتىدۇ . ئارۇپنىڭ قولىغا مۇنداق ۋەقە چۈشۈپ قالىدىغان بولسا ، سوزۇپ رومان قىلىدىغىنىغا ئىشىنىمەن . ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتىغا مەن قايىل .

× ×

كېچىچە ئويلىنىپ ، ئەتىسى تۇرۇپ «يېزىقچىلىق



ئادەتلىرى»نى يېزىشقا تۇتۇش قىلدىم . ئالدى بىلەن بىر گرافا تۈزدۈم . گرافىنىڭ باش تەرىپىگە يازغۇچىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ، ئەدەبىي تەخەللۇسى ، ھەقىقىي يېشى ، يوشۇرغان يېشى ، قانچە قېتىم ئۆيلەنگەن ، تۇرمۇش ھەۋىسى دېگەندەك ئۇشاق كاتەكچىلەرنى سىزدىم . گرافىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە «يېزىقچىلىق ئادىتى» دېگەن چوڭ كاتەكچە قالدۇردۇم . شۇ ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇراتتىم ، تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ ، ئارۇپى «خۇشخۇي» كىرىپ كەلدى . ئالدىمدىكى قەغەزلەرنى ئالمان - تالمان يىغىپ دۇم قىلىپ قويدۇم .

— ھە ، ھە ، ئەپەندىم ، نېمە قىلىۋاتىسىز ؟ ئىشىكنى چەكسەممۇ تۇيمايسىز ، — دېدى ئۇ .

— كېلىڭ ، كېلىڭ... ياخشىمۇسىز ؟... ئولتۇرۇڭ ! — دېدىم مەن .

— نېمە يېزىۋاتىسىز ؟ — دېدى ئارۇپى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەزلەرگە كۆز تاشلاپ .

— ھېكايە .

— يەنە شۇ ھېكايىمۇ ؟... ماۋزۇسى ؟

— «مۈشۈك بىلەن چاشقان» .

— نېمە ئۇ ، چۆچەكمۇ ؟

— ياق ، ھېكايە .

— «مۈشۈك بىلەن چاشقان» دېگەن قانداق ھېكايە ئۇ ؟... ئۇنىڭدا نېمىلەرنى تەسۋىرلىمەكچىسىز ؟

— ۋەقەسى ئاددىيلا ، — دېدىم مەن يالغاندىن خىيالىمغا كەلگەنلا بىر گەپنى توقۇپ ، — بىر كىشى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۆيىدە چاشقان كۆپىيىپ كېتىپ ، ھەممە نېمىنى غاجاپ ھېچ ئارامىنى

قويمايدۇ . ھېلىقى ئادەم بۇ چاشقانلارنى يوقىتىشنىڭ چارىسىنى قىلالماي ، ئاخىر بىر مۈشۈك بېقىۋالىدۇ . مۈشۈك بىر ھەپتىگە قالمايلا ھەممە چاشقانلارنى سۈر - توقاي قىلىپ ئەدىپىنى بېرىپ ، بۇ ئۆيگە چاشقان دارىماس قىلىۋېتىدۇ . ھېلىقى ئادەم : «ۋاھ ، بۇ ئۇبدان گەپكەنغۇ ، مەن نېمىشقا بۇرۇنراق مۈشۈك باقمىغان بولغىيتتىم» دەپ ئويلاپ ، يەنە ئىككى مۈشۈك سېتىۋېلىپ ، بۇ ئۈچ مۈشۈكنى ئوبدان بېقىپ بوردايدۇ . بۇ مۈشۈكلەر ئىگىسى بەرگەن بەزلەرنى يەپ ، سۈتنى ئىچىپ ، بارغانسېرى ھورۇنلىشىپ ، ئۆيقۇدىن باش كۆتۈرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ . بىرەر چاشقاننى كۆرۈپ قالسىمۇ ، بىر - بىرىگە بەس سېلىشىپ ، ئورۇنلىرىدىن قىمىر قىلىپمۇ قويۇشمايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، بۇ ئۆيدە يەنە باشقىدىن چاشقان كۆپىيىپ ، مۈشۈكلەرنىڭ بېشىدا ئۇسسۇل ئويناپ يۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ... مانا شۇ .

— ۋاھ ، ۋاھ - ۋاھ ، بۇ قالتىس ۋەقەكەن - دە ! — دەپ كەتتى ئارۇپى ، — مەن ھەممىنى چۈشەندىم . بىر ئادەم ھۆددىسىدىن چىقىدىغان ئىشقا ھەرگىز ئۈچ ئادەمنى يىغىۋالماسلىق كېرەك . ئىش ئاز ، ئادەم جىق بولسا ، ئىشلىگۈچىلەر بىر - بىرىگە بەس سېلىپ ، خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىمۇ بولمايدۇ . دېمەكچىسىز ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداقمىكىن .

— مىكىن - پىكىنىڭىزنى قويۇڭ . بۇ ئەسىرىڭىزدە ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان ئاساسىي ئىدىيىڭىز شۇ . سىز ھازىرقى مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچاملاش ، خادىملارنى قىسقارتىش چاقىرىقىنى بەدىئىي جەھەتتىن يورۇتماقچى بوپسىز... لېكىنزە... لېكىنزە ، ئاغىنە... كۆڭلىڭىزگە



كەلمىسۇن . بۇ ۋەقەنى ھېكايە قىلىپلا يازىدىغان بولسىڭىز زايىلا قىلىۋېتىسىز ھەم قەلەم ھەققىدىن زىيان تارتىسىز ، ھەم شۆھرەتتىن !

— شۇنداق بولارمۇ ؟

— شۇنداق بولماي... ئەڭ ياخشىسى ، ئاغىنە ، بۇ ۋەقەنى ماڭا ئۆتۈنۈڭ ، بۇنىڭدىن پۈتۈن بىر رومان پۈتۈپ چىقىدۇ .

— نېمە دەيدىغانسىز ؟

— ئىشەنمەمسىز ؟... شۇڭا سىز ھېكايىچى ، بىز رومانچى - دە !

— ئۆتۈنسەممۇ ئۆتۈنەي . لېكىن ، بۇ كىچىككىنە ۋەقەنى سىزنىڭ قانداق قىلىپ يوغان بىر رومان قىلىپ يېزىپ چىقىدىغىنىڭىزغا زادى ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ .

— قاراڭ ، — دەپ چۈشەندۈردى ئارۇپى «خۇشخۇي» كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ھېلىقى ئۈچ مۈشۈك ئۆينىڭ تۆگىلۈكىدىن پوكلا قىلىپ چۈشۈپ قالمايدۇ - دە ؟ ھەربىر مۈشۈكنىڭ كېلىش مەنبەسى بار . ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تۇغۇلۇشىدىن چوڭ بولغۇچە ئارىلىقتا بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى يازسىڭىز ، ھەربىرى ئاز دېگەندىمۇ بىر بابتىن ئۈچ باب بولىدۇ . مەن رومانىمدا ئۈچ مۈشۈكنىڭ ھەممىسىنى بىر ئادەم سېتىۋېلىپ ئۆيگە ئەكېلىدىغان قىلىپ يازمايمەن ، بىرىنچى مۈشۈكنى ھېلىقى ئادەم ئەكېلىدۇ . بۇ ئادەمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەر ، چاشقانلارنىڭ ئۇنىڭغا سالغان ئازابلىرى ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يازسىڭىز ئىككى بابتىن ئېشىپ كېتىدۇ . خوش ، بەش باب پۈتتىمۇ ؟... ئەمدى ، ئۆي ئىگىسى بولغان ئادەمنىڭ ئۆيدە خوتۇنىمۇ باردۇر يا ئۇ بويتاقمۇ ؟

— مەن بۇ تەرەپلىرىنى ئويلاشماپتىمەن.

— سىزنىڭ ھېكايىڭىزدە بۇ تەرەپلەرنى يېزىشنىڭ ھاجىتى بولمىغان بىلەن، مېنىڭ يازماقچى بولۇۋاتقىنىم رومان - دە! ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئايالىنىمۇ يېزىش كېرەك. ئېرىنىڭ بىر مۈشۈكنى كۆتۈرۈپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ئىككىنچى مۈشۈكنى ئەنە شۇ خوتۇن ئەكېلىدۇ. ئېرى نېمە ئىش قىلسا، سەندىن مەن قالامدىم، دەپ دورايدىغان ئاشۇنداق غەلىتە خوتۇنلار خېلى بار. بۇ خوتۇننىڭ مۇرەككەپ تارىخى، مىجەزى - خاراكتېرى، ئىلگىرى چالا - پۇچۇقلا بىر ئەرگە تېگىپ چىقىپ كېتىپ، مۇنۇ چاشقانلارمۇ بوزەك قىلىدىغان ياۋاش ئادەمنى قىلتاققا چۈشۈرۈپ، مەن قىزمەن، دەپ تېگىۋالغانلىقى دېگەندەك ئىشلارنى يازغىلى تۇرسىڭىز كەم دېگەندىمۇ ئۈچ باب كېتىدۇ. جەمئىي قانچە باب بولدى؟

— سەككىز باب.

— ھە، سەككىز باب... ئەر - خوتۇن بولغان يەردە ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولىدۇ - دە، ئەلۋەتتە. مىسالى، ئۇلارنىڭ ئۆزۈمنىڭكىلا راست، دەيدىغان بىر ئەركە قىزى بار دەيلى، مۈشۈك باقىدىغان گەپ ئوخشايدۇ، دەپ ئۈچىنچى مۈشۈكنى ئەنە شۇ قىز كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. بۇ قىزنىڭ كېچىسى ئانىسى تارتىپ سالدۇرۇپ قويىدىغان تار پۇچاقلىق ئىشتىنى، بىر غېرىچ چەمى بار ئايىغى، كىندىكىنىمۇ ياپالمايدىغان غەلىتە كۆڭلەكلىرى، چەت ئەل ناخشا چولپانلىرىنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن ئايرىم ھۇجرىسى... دېگەنلەرنى گەپنى ئۇزارتماي يازغاندىمۇ كەم دېگەندە ئىككى باب بولىدۇ... شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ مۈشۈكىنى ماختاپ، بىر - بىرىدىن يوشۇرۇنچە ئۆزىنىڭكىلا



مۈشۈكلىرىنى بېقىپ سەمرىتىۋېتىدۇ. نەتىجىدە، بۇ مۈشۈكلەر ھۇرۇنلىشىپ، سىز ئېيتقاندەك، بېشىدا چاشقانلار يۈگۈرۈپ يۈرسىمۇ كارى بولمايدىغان ھالغا كېلىدۇ. بۇ جەريانلارنى تەپسىلىي يازسىڭىز، يەنە بىر قانچە باب بولىدۇ. ئەمدى ھېسابلاپ بېقىڭە، جەمئىي قانچە باب بولدى؟... بىز تېخى چاشقان بىلەن مۈشۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى قىزىق ۋەقەلەرگە كەلمىدۇق.

— چاشقان بىلەن مۈشۈكلەر ئوتتۇرىسىدا نېمە قىزىق ۋەقەلەر بولماقچى؟

— نېمە دېگىنىڭىز ئۇ؟ ۋەقەنىڭ تازا قىزىق قىسمى ئەنە شۇ. مەسىلەن، چاشقانلارنىڭ ئىچىدە تازا مەككار، ھارامزادىسىدىن بىرى بار دەيلى، ئۇ ھېلىقى ئۈچ مۈشۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا گەپ توشۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە غىژ - غىژغا سېلىپ قويۇشى مۇمكىن. ئاچچىقىدا بىر مۈشۈك ئۆي ئىگىسىنىڭ ھارىقىنى ئوغرىلاپ ئىچىپ، ئاخىرىدا بىر ھاراقكەش بولۇپ چىقىدۇ. يەنە بىرى ئۆزىنى چاغلىماي كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ خېروئىن چېكىشكە ئۆگىنىپ قالىدۇ. ئۈچىنچى مۈشۈك چىشى مۈشۈكلەرنى ئىزدەپ تالادىن كىرمەيدىغان بولۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئۆينى يەنە چاشقانلار بېشىغا كىيىدۇ... مانا، كۆرۈۋاتقانسىز؟ ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا پۈتۈن بىر روماننىڭ قۇرۇلمىسى كاللامدا پىشىپ بولدى. بۇ رومانغا يېزىلىدىغان كىرىش سۆز، خاتىمىلەر توغرىسىدا سىزگە تېخى ھېچنېمە دېمىدىم... بولدى قويۇڭ، تولا تالاشماڭ. مەن بۇ ۋەقەنى بىر رومان قىلىپ يېزىپ چىقاي، شۇ چاغدا كۆرۈڭ، شۇنداق بولسۇن - ھە، خەير ئەمىسە!

ئارۇپى «خۇشخۇي» شۇنداق دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ

چىقىپ كەتتى . «راست ، مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى رومان بولىدىغان ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىپ يېزىپ ئولتۇرغاندىمەنمۇ ! » دەپ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم .

× ×

خېلى كۈنلەرگىچە ئارۇپى «خۇشخۇي»نىڭ قارىسىنى كۆرمىدىم . «بۇ ئاغىنە مۈشۈك بىلەن چاشقانلار ھەققىدىكى رومانىنى يېزىشنى باشلىۋەتكەنمۇ ، قانداق ؟ » دەپ ئويلاپ ، ئىچىم تىتىلداپ ، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم . ئىشىكنى ئەدەپ بىلەن چەكتىم . شۇنچە چەكسەممۇ ئىچكىرىدىن ھېچقانداق سادا يوق . «ئادەم يوقمۇ نېمە ؟ » دەپ ئىشىكنى ئىتتەرسەم ، ئىشىك قىيا ئېچىلدى . قارىسام ، ئارۇپى «خۇشخۇي» ئەتراپىغا بىر - بىرىدىن يوغان كىتابلارنى ئېچىپ قويۇپ ، خۇددى سەكسەنخالتىنى يېيىپ قويغان دورىپۇرۇشتەك ، كىتابلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ ، ئۇ كىتابتىن بىر جۈملە ، بۇ كىتابتىن بىر ئابزاس كۆچۈرگىلى تۇرۇپتۇ .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — دەپلا ئۆيگە كىردىم .

ئارۇپى ئارقىسىغا قاراپ ، مېنى كۆرۈپ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— ھوي - ھوي… قا - قا - قانداق شامال ئۇ - ئۇ - ئۇچۇرۇپ كەلدى… ؟ كە - كە - كېلىڭ ، ئولتۇرۇڭ ، — دېدى ئۇ ئوغرىلىق ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالغان كىچىك بالىدەك بىئەپ كۈلۈمسىرەپ .

كۆزۈمنىڭ قىرىدا قارىسام ، ئېچىقلىق تۇرغانلارنىڭ



ھەممىسى بىر زامانلاردا ، كىملەرنىڭدۇ مۈشۈك بىلەن چاشقانلار توغرىسىدا يازغان ئەسەرلىرى ئىكەن .

— ھە ، يېزىۋېتىپسىز - دە ؟ — دېدىم .

— ھە… ھە …— دەپ ئىنجىقلىدى ئۇ .

— مۈشۈك بىلەن چاشقانما ؟

— ھە… تېخى ئەمدىلەتىن باشلاپ…

— ئۇنىڭ - بۇنىڭدىن كۆچۈرۈپ ، قۇراقچىلىق قىلىشقا ئۆتتىڭىزمۇ نېمە ؟… مۇنداقمۇ ھۈنىرىم بار دەڭ ؟ !

— ھوي ، سىز تېخى ئۇقمامسىز ؟ — دېدى ئارۇپى شەلپەردەك قىزىرىپ ، — مۇنداق ئانچە - مۇنچە كۆچۈرۈپ قويۇش ھازىرقى يېڭى چىققان مودا .

— ھە ، مۇنداق دەڭ ، مەن قايتاي ، «ئىجادىيەت» ئۈستىدە ئىكەنسىز ، — دەپ قايتتىم . ئارۇپى ئارقامدىن :

— ھوي نېمىگە ئالدىرايسىز ؟… بىردەم ئولتۇرماي ، — دەپ قالدى .

ئۆيگە كېلىپ ، ھېلىقى تۈزگەن گرافىلىرىمدىن بىر ۋاراقنى سۇغۇرۇۋېلىپ ، «ئىسىم - فامىلىسى» دېگەن كاتەكچىگە «ئارۇپى ‹خۇشخۇي ›» دەپ تولدۇردۇم - دە ، تۆۋەندىكى «يېزىقچىلىق ئادەتلىرى» دېگەن كاتەكچىگە «يېڭى مودىدا يازىدۇ» دەپلا يېزىپ قويدۇم .

2000 - يىل ، ئۈرۈمچى

# بىر مەشھۇر كىشى

قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تونۇشۇم بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مېنىڭدىن:

— مەغپىر خوجا دوستى ئاشىق «مەشھۇرى»نى تونۇمسىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ۋاي - ۋۇي، نېمانچە ئۇزۇن ئىسىم بۇ؟ تونۇمايدىكەنمەن، — دېدىم مەن.

— بۇ كىشى، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇ، — ئۆتمۈشتە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەلۇم بىر شەھىرىدە ئۆتكەن ناھايىتى مەشھۇر ئادەم ئىكەن.

— ئاڭلىمىغانىكەنمەن. بۇ ئادەم قانداق پەزىلەتلىرى بىلەن مەشھۇر بولغانىكەن؟... دېمەكچى بولغىنىم: بەزى ئادەملەر ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكەن ياخشى ئەمەللىرى بىلەن مەشھۇر بولىدۇ، بەزىلەر يامانلىقى بىلەن...

— ھەممە ئادەم دۇنياغا يىغلاپ تۆرەلسە، بۇ كىشى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ھىجايغان پېتى چۈشكەنمىش.

— تووۋا، غەلىتە ئىشكەن بۇ - ھە! سىز بۇ گەپلەرنى كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— تاسادىپىي بىر پۇرسەت بىلەن بۇ ھەقتە يېزىلغان بىر كىتابنى ئوقۇپ قالدىم.

— قاچان، قەيەردە؟



— يېقىندا بىر بۇرادىرىمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشقا توغرا كېلىپ قالدى. بۇ كىشى تىجارەتچى. سوراپ كەلسىڭىز، ئۇنىڭ زادى نېمە ئېلىپ، نېمە ساتىدىغانلىقىنى مەنمۇ دەپ بېرەلمەيمەن. ئىشقىلىپ، سودا ئىشى بىلەن پات - پات چەت ئەللەرگە بېرىپ - كېلىپ يۈرىدۇ. بەزىدە شۇ تەرەپلەردە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ قېلىپ، يەنە پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇ بۇرادىرىمىزنىڭ ئاشۇنداق قەدىمكى كىتابلارنى سېتىۋېلىپ يىغىپ يۈرىدىغان ھەۋىسى بار. كىتابلارنى ئوقۇيالامسىمۇ، كىتاب ئىشكاپىغا رەتلىك تىزىپ، مۈلۈك سۈپىتىدە ناھايىتى پاكىز ساقلايدۇ. سېتىۋالغان كىتابلىرىنىڭ نېمە مەزمۇندا يېزىلغان كىتابلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېرىشكە بەزىدە مېنى تەكلىپ قىلىپ قالىدۇ. بىزنىڭ بۇرادەرچىلىكىمىزمۇ ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغان. ھېلىقى كۈنى مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە خۇسۇسىي بىر ئىش بىلەن بارغان، گەپ بىلەن بولۇپ كۈننىڭ كەچ كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قاپتىمەن. تالادا تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىپ تاراسلاپ يامغۇر چۈشكىلى تۇردى. «ھوي، مەن قايتمىسام بولمايتتى» دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. بۇرادىرىم: «مۇنداق يامان ھاۋادا سىزنى قويۇپ بەرسەم توغرا بولمايدۇ، قونۇپ قېلىڭ» دەپ چىڭ تۇتتى. ئىلاجىسىز ماقۇل بولدۇم. خەير، شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى بۇرادەرنىڭ خانىمى بىر ھۇجرىغا ئورۇن ھازىرلاپ بەردى. ئۇيقۇم كەلمەي خېلىغىچە ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ياتتىم. بىر چاغدا ئۇ بۇرادىرىم كىرىپ: «ھوي، نېمە بولدىڭىز، تېخىچە ئۇخلىماپسىزغۇ؟ بېشىڭىز پەس بولۇپ قاپتىمۇ، ئېگىزمۇ؟» دەپ سوراپ كەتتى. «رەھمەت، ھەممىسى جايىدا. بىرەر پارچە كىتاب يوقمۇ؟ ئازراق بىرنېمە ئوقۇپ ياتمىسام،

مۇشۇنداق ئۇيقۇم كەلمەيدىغان ئادىتىم بار ئىدى» دەپ توغرىسىنىلا ئېيتتىم. ئۇ: «بىرەر پارچە كىتاب يوقمىدى، دېگىنىڭىز نېمىسى؟ مېنىڭ قانداق كىتابلارنى ساقلايدىغانلىقىمنى ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ...» دەپ چىقىپ كېتىپ، بىر كىتابنى ئەكىرىپ بەردى. قولۇمغا ئېلىپ قارىسام، ئەنە شۇ مەغپىر خوجا دوستى ئاشىق «مەشھۇرى» ھەققىدە يېزىلغان كىتاب ئىكەن.

— خوش، ئۇ كىتابتا «مەشھۇرى» ھەققىدە نېمىلەر يېزىلىپتۇ؟

— كىتابنىڭ بېشىدا مۇئەللىپ «مەغپىر خوجا دوستى ئاشىق ‹مەشھۇرى›» دېگەن بۇ ئىسمىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. بۇ ئاشىقلارنىڭ دوستى، خوجىنىڭ ئوغلى مەغپىر، دېگەن گەپ بولىدىكەن. «مەشھۇرى» دېگىنى ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئىكەن.

— تەخەللۇس قوللانغىنىغا قارىغاندا، بۇ ئادەم قەدىمدە ئۆتكەن بىر چوڭ ئەدىب ئوخشىمامدۇ؟

— ياقەي، «مەشھۇرى» ئۆمرىدە بىرەر پارچە كىتاب يازغان ئادەم ئەمەسكەن.

— ئۇنداقتا، ئۇ ئۆزىگە نېمىدەپ شۇنچە ھەشەمەتلىك تەخەللۇس قويۇۋاپتۇدەك؟

— «مەشھۇرى» دېگەن نامنى ئۇ كىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن باشقىلار بەرگەنىكەن. ھېلىقى كىتابنىڭ قالغان قىسىملىرىدا، مۇئەللىپ «مەشھۇرى»نىڭ خەلق ئىچىدە قانداق قىلىپ مەشھۇر بولۇپ قالغانلىقىنى يېزىپتۇ.

— ئۇ قانداق مەشھۇر بولۇپ قاپتۇ؟

— ئېيتىپ كەلسەك گەپ تولا. سىزگە كىتابنىڭ قىسقىچە



مەزمۇنىنىلا دەپ بەرسەم: بايا ئېيتقاندەك، ھەممە ئادەم دۇنياغا قىرقىراپ يىغلاپ تۆرەلسە، «مەشھۇرى» ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ھىجايغان پېتى چۈشكەنمىش. ئۇنىڭ ئانىسىنى شۇ ئازابلىق تۇغۇتتا جان ئۈزگەن دېيىشىدۇ. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن، «مەشھۇرى»غا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ھەمراھ بولۇپ چۈشكەن شۇ ھىجىيىش تاكى ئۆلگۈچە ئۇنىڭ چىرايىدىن كەتمىگەنمىش. «مەشھۇرى» تۇغۇلۇپلا ئانىسىدىن يېتىم قالغان بولسىمۇ، ھەرقانداق ئانا بۇ كۈلۈپلا تۇرىدىغان بوۋاققا ئەمچەك سېلىشقا تەييار ئىكەن. شۇڭا ئۇ قوشنا ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئېمىپ، ناھايىتى ئازادە چوڭ بوپتۇدەك. ئېيىغا يەتمەي چىشى چىقىپ، يېرىم ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا مېڭىپ كېتىپتۇمىش. دادىسى ئۇنى بەش ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا ئۆز يۇرتىدىكى داڭلىق بىر مەدرىسىگە ئوقۇشقا بەرگەنىكەن.

— پاھ، ئۇنداقتا ئۇ بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپلا خېلى كاتتا ئۆلىما بولۇپ يېتىشكەن ئوخشىمامدۇ؟

— بىلىمدا ئۇنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكىنىنى بىلمەيمەن، ئەمما ئۇ ئەل ئارىسىدا ئۆزىنىڭ بىلىمى بىلەن ئەمەس، ھېلىقى چىرايىدىن كەتمەيدىغان سىرلىق ھىجىيىشى بىلەن مەشھۇر بولغانىكەن. مەدرىسىدە خەلپەتمۇ بۇ كۈلۈپلا تۇرىدىغان بالىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن. چۈنكى «مەشھۇرى» تالىپ بالىلار ئارىسىدا بولغان غەيرىي گەپ ـ سۆز، بەڭباشلىقلارنى خەلپىتىمنىڭ قۇلىقىغا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرىدىكەن. تالىپ بالىلار بۇ كىچىك چېقىمچىنى ناھايىتىمۇ ئۆچ كۆرىدىكەن. مەكتەپتىن قايتقاندا، پەيتىنى تېپىپ تازا ئۇرىدىكەن. بىراق، «مەشھۇرى»نى ئۇرۇپ يىغلىتىش پەقەتلا مۇمكىن ئەمەسكەن. ئۇ

قانچە تاياق يېسىمۇ ، يەنە ھېجايغان پېتى تۇرارمىش . «مەشھۇرى» بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەنسېرى چىرايىدىكى يېقىمسىز ھىجىيىشنى شۇنداق ئىللىق تەبەسسۇملارغا ئۆزگەرتەلەيدىغان بولۇپتىكى ، قويۇۋېرىڭ ، شۇ تەبەسسۇملارنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۇ ئۆمۈر بويى ھۇزۇر - ھالاۋەتتە ياشاپ ئۆتكەنىكەن .

— سىز «مەشھۇرى»نى ئۆمۈر بويى كۈلۈپلا ئۆتكەن ، دېمەكچىمۇ ؟

— شۇنداق .

— ئەمىسە ئۇنىڭ ساراڭدىن پەرقى يوق ئىكەن .

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز ؟

— ئەگەر بىر ئادەم ھەممەۋاخ ھىجىيىپلا تۇرىدىغان بولسا ، بۇ نېمە گەپ بولۇپ كەتتى ؟ باھارنىڭ قىشى ، كۈلكىنىڭ يىغىسى بار - دە . ئۆمۈر مۇساپىسىدە «مەشھۇرى»نىڭ بېشىغىمۇ ھېچقانداق دەرد - ئەلەملەر كەلمىگەن بولغىيدىمۇ ؟

— كۈلكىنىڭ قۇدرىتى توغرىسىدا ھازىرقى زاماننىڭ كىتابلىرىغىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ يېزىلىۋاتقىنىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسىز . كۈلۈپ تۇرۇشنىڭ جان بېقىشتىكى ئەپچىل چارە ئىكەنلىكىنى ئۆز زامانىسىنىڭ ئادەملىرىمۇ چۈشىنىپ يەتكەن بولسا كېرەك .

— قېنى بوپتۇ ، سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ .

— شۇنداق قىلىپ ، «مەشھۇرى» مەدرىسىدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپتۇ . ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدى كۆپ بولسا مەھەللىلەردىكى كىچىكرەك مەسچىتلەرنىڭ ئىمامى بولغاندۇ ، «مەشھۇرى» ئابرۇيلۇق خەلپىتىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ، نەق ئوردىنىڭ



ئۆزىگە خىزمەتكە تەيىنلىنىپتۇدەك .

— بىلىمى مول بولغانلىقتىنمۇ ياكى…

— بىلىم دەمسىز ؟… بىلىپ قويۇڭكى ، بىلىم ھەرگىز ئامەتكە قېرىنداش ئەمەس . جاھان تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرسىڭىز ، بىلىمى بارنىڭ ئامىتى يوق ، ئامىتى بارنىڭ بىلىمى يوقلۇقىنى كۆرىسىز . مانا شۇ كەملەردە «مەشھۇرى» تۇرۇۋاتقان يۇرتنى سوراۋاتقان خاننى ئېلىپ ئېيتسىڭىز ، ئۇ بىر ساۋاتسىز ئادەم ئىكەن . ساۋاتسىز بولسىمۇ ، يۇرتنى ئادالەت بىلەن سورىغانىكەن . دائىم ئوردىغا بىلىملىك زاتلارنى تەكلىپ قىلىپ ، ئەلنى قانداق ئىدارە قىلىش توغرىسىدا ئۇلارنىڭ پايدىلىق مەسلىھەتلىرىنى ئېلىپ تۇرىدىكەن . ھەر كۈنى ، مەلۇم ۋاقىتنى ئاجرىتىپ ، ئىلگىرى ئۆتكەن ئۆلىمالار يازغان ھەر خىل مەزمۇندىكى كىتابلارنى ئوقۇتۇپ ئاڭلايدىكەن . كىتاب ئوقۇغان كىشىگە بىر ۋاراق ئوقۇسا ، بىر تىللا ئىنئام قىلىدىكەن . جاكارچىلار شەھەر كوچىلىرىدا داقا - دۇمباقلىرىنى چېلىپ ، بۈگۈن خاننىڭ قايسى كىتابتىن قانچە ۋاراق ئوقۇتۇپ ئاڭلىغانلىقىنى ئەلگە مەلۇم قىلىپ تۇرىدىكەن . «مەشھۇرى»نى بۇ ئوردىغا ئەكىرگەن ئامەت ئۇنىڭ ھېلىقى ئىللىق كۈلۈمسىرىشىدىن كەلگەن ، دەپ چۈشەنسەك بولار . «مەشھۇرى» ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئالدىچە ماڭغان يولىدىن كەينىچە ماڭغان يولى نەچچە ھەسسە ئۇزۇن بولغان ، دەپ يېزىپتۇ ھېلىقى كىتابتا .

— بۇ نېمە دېگەن گەپ ؟

— بۇ گەپنىڭ مەنىسى : «مەشھۇرى» ئوردىدا يادەك پۈكۈلۈپ ، «خوش ، خوش !» دەپ ئېگىلىپ ، دائىم ئارقىچىلا مېڭىپ يۈرگەن ، دېگەن بولىدۇ . مانا شۇنداق يادەك ئېگىلىپ ،

«خوش ـ خوش !» دەپ كەينىچە مېڭىشى ، چىرايىدىن ئۆچمەيدىغان ھېلىقى ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن «مەشھۇرى»نىڭ بۇ يەردىكى مەنسىپى شۇنداق تېز ئۆسكىلى تۇرۇپتۇكى ، ئوردىدىكى كونا ـ يېڭى جىمى مەنسەپدار ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇدەك .

— ئۇ نېمە مەنسەپكە چىقىپتۇ ؟

— خاننىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئوردىدا كىتاب ئوقۇپ بېرىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ .

— شۇمۇ مەنسەپ بوپتۇمۇ ؟ !

— بۇ ئىشنى سىز سەل چاغلىماڭ . «مەشھۇرى» ھەر كۈنى سەللە ـ پەرىجىسىنى كىيىپ ، سالاپەت بىلەن خاننىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭغاندا ، ئوردىدىكى بارلىق ئەمەلدارلار ، ھەتتا ۋەزىرلەرمۇ ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىدىكەن . ھەر كۈنى خاننىڭ ھۇزۇرىدا بولىدىغان مۇنداق مۇھىم ئادەمگە خۇشامەت قىلماي بولامدۇ دەيسىز ؟ ئەگەر ئۇ خاننىڭ قولىقىغا بىرەرنىڭ يامان گېپىنى پىچىرلاپلا قويىدىغان بولسا ، ئۇ ئادەمنىڭ تۈگەشكىنى شۇ… مانا شۇ چاغدا ، «مەشھۇرى» ئامەت قۇشىنىڭ نەق ئۆزىنىڭ بېشى ئۈستىدە قانات قېقىۋاتقانلىقىنى پەملەپتۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئېچىقلىق تۇرغان كىتابتىن خانغا بىر ۋاراق ئوقۇپ بەرسە ، يالتىراپ تۇرغان بىر دانە تىللا يانچۇقىغا چۈشىدۇ ، دېگەن گەپ ، ئەگەر ھەر كۈنى ئون ۋاراق ئوقۇسىچۇ ؟

— ئون دانە تىللا .

— يۈز ۋاراق ئوقۇسىچۇ ؟

— يۈز تىللا .

— «مەشھۇرى» ھەجىيىپ ئولتۇرۇپ بارا ـ بارا كىتابنى



شۇنداق ئىتتىك ئوقۇيدىغان بولۇپ كېتىپتۇكى ، بۇ خاننىڭ قېرىپ قالغان ۋاقىتلىرى ئىكەن ، بىچارە خان «مەشھۇرى»نىڭ زادى نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي تەختتە مۈگدەپلا ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ . ئوردىنىڭ جاكارچىلىرى ھەر كۈنى چىقىپ ، خاننىڭ بۈگۈن قايسى كىتابتىن قانچە ۋاراق ئوقۇتۇپ ئاڭلىغانلىقىنى ئەلگە جاكارلاپ دەبدەبە قىلىشىۋېرىپتۇ ؛ خەزىنىنىڭ ئالتۇنلىرى «مەشھۇرى»نىڭ يانچۇقىغا شاراقشىپ چۈشۈۋېرىپتۇ ؛ خان تەختتە مۈگدەپ ئولتۇرۇپ كۈندىن ـ كۈنگە دۆتلىشىپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ . ئاخىرىغا بېرىپ ، ئوردىنىڭ ئىنتىزامى بوشىشىپ ، ئەمەلدارلار باشباشتاقلىشىپ ، شاھزادىلەر ئۆزى بىلگىنىنى قىلىپ ، پۈتۈن خاندانلىق ۋەيرانچىلىققا قاراپ يۈزلەنگەنىكەن . بۇ قېرى خان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇزۇن يىللارغىچە بۇ يۇرتنىكى پۇقرالارغا ئارامچىلىق بولمىغان دېيىشىدۇ .

— نېمىشقا ؟

— خاننىڭ ئوغۇللىرى تەخت تالىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن توختىماي جاڭجاللىشىپ ، پۇقرالارنى بىر قانچە مەزھەپلەرگە بۆلۈۋېتىدىكەن . ھەربىر مەزھەپكە تەۋە ئادەملەرنىڭ بېشىغا يۆگىۋالغان سەللىسىنىڭ رەڭگى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىكەن . بۇ زاماندا ئاق سەللە ، يېشىل سەللە ، قارا سەللە ، كۆك سەللە دەمسىز ، ئەيتاۋۇر ھەممە رەڭدىكى سەللىلەر بولغانمىش . مۇبادا ئاق سەللىلىكلەر بېسىپ كېلىدىغان بولسا ، قارا سەللىلىكلەر ئۆيۋاقلىرىنى تاشلاپ تەرەپ ـ تەرەپكە قاچىدىكەن ؛ قارا سەللىلىكلەر كۈچىيىپ كەتسە ، ئاق سەللە يۆگىگەنلەرنىڭ جېنىغا ۋايكەن ؛ يېشىل سەللىلىكلەر كۆك سەللىلىكلەرنىڭ پېيىنى

قىرقىيدىكەن؛ كۆك سەللە يۆگىگەنلەرنىڭ قارا سەللىلىكلەر بىلەن تۈگىمەس ئاداۋىتى باركەن. بۇ ئايىغى چىقمايدىغان يېغىلىقلاردا بالا ئاندىن، خوتۇن ئېرىدىن ئايرىلىپ، پۇقرالار خانىۋەيران بولۇپ، يەرلەر قانچە يىل تېرىلماي ئاق قالغان، دېيىشىدۇ. پەقەت «مەشھۇرى»لا مۇشۇ ئېغىر يىللارنىمۇ كۈلۈمسىرەپلا ئۆتكۈزۈۋەتكەنمىش.

— «مەشھۇرى» قايسى مەزھەپكە تەۋە ئىكەن؟

— ئۇنىڭ زادى قايسى مەزھەپكە تەۋەلىكىنى بىر خۇدا بىلمىسە، ئۆزىمۇ بىلمەسمىش. شۇ كۈنلەردە «مەشھۇرى»نىڭ ئۆيىدىكى قوزۇقلاردا ھەممە رەڭدىكى سەللىلەر تېپىلىدىكەن. قايسى مەزھەپ كۈچىيىپ كەتسە، «مەشھۇرى» شۇ مەزھەپنىڭ سەللىسىنى بېشىغا مەھكەم ئوراپ، كوچىلاردا بەخىرامان يۈرۈۋېرىدىكەن؛ قايسى مەزھەپنىڭ ئادىمى تەختكە چىقسا، ئۇ ھېلىقى چىرايىدىن يېتمەيدىغان كۈلۈمسىرىشى بىلەن، ئوردىدا شۇ مەزھەپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋېرىدىكەن. كېيىن - كېيىن، «مەشھۇرى»نىڭ مۇنداق سەللە يەڭگۈشلەش ماھارىتى شۇنچىلىك كامالەتكە يېتىپتۇكى، ئۇ خۇددى سېھىرگەرلەردەك، زۆرۈر بولغاندا سەللىسىنىڭ رەڭگىنى سەللىنى بېشىدىن ئالماي تۇرۇپلا ئۆزگەرتىۋالالايدىغان بولغانمىش... «مەشھۇرى» ئەنە شۇنداق خاتىرجەم ياشاپ، نەق توقسان يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن.

— «مەشھۇرى» ئۆلۈپتۇمۇ؟!

— جاھاندا ئۆلمەيدىغان كىم بار؟ پەقەت تۇغۇلمىغانلارلا ئۆلمەيدۇ.

— «مەشھۇرى» ئۆلگەندىمۇ كۈلۈمسىرەپ ئۆلۈپتۇمۇ، قانداق؟



— نەق شۇنداق بوپتۇ. ئۇنىڭ جەسىتىنى يۇيۇشقا كىرگەن ئادەملەر قارىسا، «مەشھۇرى»نىڭ چىرايىدا تۇغۇلغان چېغىدىكى غەلىتە ھىجىيىش ئەينى ساقلىنىپ تۇرغانمىش. كىتابتا: مۆجىزە دەل «مەشھۇرى» ئۆلگەن چاغدا يۈز بەرگەن، دەپ يېزىلىپتۇ.

— يەنە نېمە مۆجىزە يۈز بېرىپتۇدەك؟

— «مەشھۇرى»نىڭ تاۋۇتىنى ئېلىپ ماڭىدىغان چاغدا، بەردەس تۆت يىگىت تاۋۇتنى يەردىن يۇلۇپ ئالالمىغان، دەيدۇ. جامائەت: «نېمە بالا بولدى؟!» دەپ ھەيران بولۇشۇپ، تاۋۇتنىڭ ئاستىغا ئېڭىشىپ قاراپ بېقىپتۇ. تاۋۇتنىڭ ئاستىغا بىرەرى تاش ئېسىپ قويىدۇ، دەمسىز؟ قارىسا ھېچنېمە يوق، تاۋۇت شۇنچە ئېغىرمىش. ئاخىرىدا يىگىرمە ئادەم «ھە... ھۇ» بىلەن تاۋۇتنى تەستە مۈرىگە ئېلىپ، قەبرىستانلىققا ئاران يەتكۈزۈپ بېرىپتۇدەك. بۇ ئىش ئۇستىدە ئۇزۇن يىللارغىچە كۆپچىلىك ئىچىدە غۇلغۇلا بولغانمىش. بەزىلەر: «مەشھۇرى»نىڭ گۇناھى ناھايىتى ئېغىر ئىدى، ئۇ تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئانىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان؛ ئەلنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندىمۇ سەللىسىنىڭ رەڭگىنى توختىماي ئۆزگەرتىپ، ھىجايغان پېتى ساختىپەزلىك بىلەن كۈن ئالغان، خەزىنىنىڭ پۇلىنى ئالدامچىلىق بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ ھارامدىن بېيىغان؛ ئاخىرىدا پۈتۈن بىر خانلىقنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ، پۇقرالارنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت ياغدۇرغان؛ گۇناھىنىڭ كۆپلۈكىدىن تاۋۇتى تاشتەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن، دېيىشىدىكەن. يەنە بەزىلەر: «مەشھۇرى» ناھايىتى ئۇلۇغ زات ئىدى. ئۇنىڭ تاۋۇتىنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكىنى — ياراتقان ئىگەمنىڭ بۇ زاتنىڭ ئادەتتىكى ئەمەسلىكىدىن بەرگەن

بېشارىتى ، دەيدىكەن .

— شۇنداق قىلىپ ، «مەشھۇرى» ئۆلگەندىن كېيىن تېخىمۇ مەشھۇر بولۇپ كېتىپتۇ ، دەڭ؟

— قىزىقچىلىقنىڭ قىزىقى تېخى كېيىن باشلىنىپتۇ ، دېمەمسىز .

— يەنە نېمە ئىش بوپتۇدەك؟

— «مەشھۇرى» ھايات ۋاقتىدا بار دۇنياسىنى سەرپ قىلىپ ئۆزى ئۈچۈن كاتتا بىر قەبرە ياستىپ ، قەبرە ئەتراپىغا تۇنەكخانا ، ئىستىقامەت ئۆيلىرىنى سالدۇرۇپ ، تېخى ئۇ يەرگە نەچچە يىللارغا يەتكۇدەك ئوزۇق - تۈلۈكلەرنىمۇ توپلاپ قويۇپ ، ناھايىتىمۇ خاتىرجەم كۆز يۇمغانىكەن . «مەشھۇرى» ئۆلگەندىن كېيىن ، بۇ يەر ئۇزۇن يىللارغىچە سوپى ، ئىشان ، مۇساپىر ، دەرۋىش ۋە ئاشىقلارنىڭ قورساق باقىدىغان جايىغا ئايلىنىپ قالغان ، دېيىشىدۇ . «مەشھۇرى»نىڭ «مەغپىرخوجا» دېگەن ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ئاشىقلارنىڭ دوستى» دېگەن گەپنىڭ قېتىلىپ قالغىنىمۇ شۇنىڭدىن بولسا كېرەك . بۇ ئادەملەر بۇ يەرگە توپلىشىۋېلىپ ، «مەشھۇرى» ھايات ۋاقتىدا زادى قانداق رەڭلىك سەللە يۆگىگەن؟ دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلالماي توختىماي دەتالاش قىلىدىكەن . «مەشھۇرى» ئاق سەللە يۆگەيتتى ، دېگەنلەر ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئاق تۇغ قادايدىكەن ؛ «مەشھۇرى» قارا سەللە يۆگىگەن ، دېگەنلەر قارا تۇغ تىكىدىكەن . شۇنداق قىلىپ ، ھەركىم ئۆزى پەرەز قىلغان رەڭدىكى تۇغنى قاداپ قەبرىنىڭ ئۈستىنى ئالىيېشىل لاتا - پۇتا بىلەن كۆمۈۋېتىدىكەن . بۇ مازارنىڭ شەيخلىرى مازارغا ھەر تەرەپتىن كېلىپ تۇرىدىغان نەزىر ، سەدىقىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشىنى



كۆزلەپ ، بۇ كاتتا قەبرىدە ياتقان زاتنىڭ ھەقىقىي ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلماقچى بولۇپ ، جاۋغايلىرىدىن كۆپۈك قايناپ كېتىدىكەن . بۇ گەپكە ئىشەنگەن قانچە ئىخلاسمەنلەر قەبرىنى ئايلىنىپ «ھۇۋ» تارتىپ ، قانچىسى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپمۇ قالىدىكەن... ۋاقىت نېمىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرمايدۇ ، دەيسىز؟ يىللار ئۆتۈپ ، بۇ قەبرىدە زادى كىمنىڭ ياتقانلىقى ئۇنتۇلۇپ ، بۇ يەر ئادەملەرنىڭ تۇغ تىكىپ ، تاۋاپ قىلىدىغان ئادەتتىكىلا بىر جايىغا ئايلىنىپ قاپتۇ . يەنە بىر يىللارغا كەلگەندە ، قەدىمكى خانلارنىڭ قەبرىلىرىگە كۆمۈلگەن مال - دۇنيالارنى ئاختۇرىدىغان قەبرە ئوغرىلىرى بۇ قەبرىنى ئېچىپ قارىسا ، يوغان بىر تاشتىن باشقا ھېچنېمە چىقماپتۇدەك .

— مانا قىزىق ، «مەشھۇرى»نىڭ جەسىتى نەگە كېتىپتۇ؟

— «مەشھۇرى»نى يۇيۇپ تاۋۇتقا سالغاندا ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئاشۇ تاشنى ئالماشتۇرۇپ قويۇپ ، ئۆزى ھىجايغان پېتى ئۆلۈمگە كەلگەن جامائەتنىڭ ئارىسىغا قېتىلىپ كەتكەنمىش . بەلكىم ئۇ باشقىلار ئۇنىڭ ھېلىقى ئېغىرلىشىپ كەتكەن تاۋۇتىنى كۆتۈرەلمەي ھەپىلىشىۋاتقاندا ، مەسخىرە كۈلكىسىنى كۈلۈپ بىر چەتتە قاراپ تۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن . ھېلىقى كىتابنىڭ مۇئەللىپىنىڭ يېزىشىچە : «مەشھۇرى» ھېلىمۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا غايىبانە ياشاپ يۈرەرمىش . شۇڭا بىزگە مۇنداق سەللىسىنىڭ رەڭگىنى جاھانغا بېقىپ ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان ئادەملەر ھەر زامان ، ھەر ماكاندا ئۇچراپ تۇرغۇدەك ....

2000 - يىل 2 - ئاي ، ئۈرۈمچى

# «مۇساپىرلار قاۋىقى» دا

بىزنىڭ بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى «شائىر» دېگەن گەپنى ناھايىتى كەڭ مەنىدە چۈشىنىدۇ . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يالغۇز شېئىر يازىدىغانلارلا ئەمەس ، رومان يازىدىغان چوڭ يازغۇچىلاردىن تارتىپ گېزىتلەرگە پارچە - پۇرات خەۋەرلەرنى يېزىپ تۇرىدىغان كىشىلەرگىچە ھەممىسىلا شائىر . شەھەردە «قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى» دەپ بىر تەشكىلاتمۇ بار ، ئادەتتىكى ئادەملەر ئۇنى «شائىرلار ئىدارىسى»لا دەيدۇ . يېقىندا مېنىڭ بىر- ئىككى پارچە ھېكايەم ئېلان قىلىنىۋىدى ، ئاغىنىلىرىم مېنىمۇ : «پاھ ، سەنمۇ شائىر بولۇپ كېتىپسەن - ھە !» دېيىشىدىغان بولدى .

شامىل دەپ بىر ئاغىنەم بار ، مانا شائىر دېسە شۇنى دېسە بولىدۇ . ئۇ «قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى»نىڭ غوللۇق ئەزالىرىنىڭ بىرى . ئۇنىڭ شېئىرلىرى رايونىمىزدىكى چوڭ- كىچىك گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك چىقىپ تۇرىدۇ . تولىراق ئۇ «پالانى» بولاي ، «پۇستانى» بولاي دېگەن ماۋزۇلاردىكى شېئىرلارنى يېزىشقا ئامراق . «شامال بولاي» دېگەن شېئىرىدا ئۇ ئۆز يارىنى گۈلگە ئوخشىتىپ ، شامال بولۇپ مەشۇقىنىڭ جامالىنى سۆيۈپ ئۆتمەكچى بولغان . «يامغۇر بولاي» دېگەن شېئىرىدا ئۇ تامچە بولۇپ سۇغا تەشنا زېمىنغا



تۆكۈلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن . «كۆمۈر بولاي» دېگەن يەنە بىر شېئىرىدا قەلبى مۇز ئادەملەرنى ئىللىتىش ئۈچۈن كۆيۈپ تۈگەشكە رازىلىقىنى بىلدۈرگەن ، «ئاي بولاي» دېگەن شېئىرىدا قاراڭغۇ كېچىلەرنى يورۇتۇپ ، جىمى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە گۇۋاھ بولماقچى بولغان... ۋاي - ۋۇي ! ئۇنىڭ مۇنداق ئاي بولاي ، كۈن بولاي ، دېڭىز بولاي ، دەريا بولاي دېگەندەك شېئىرلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ . مەن ئۇنىڭ مۇشۇنداق سانسىز «بولاي»لارنى ئويلاپ تاپالايدىغان ، شېئىرىي تەپەككۇرگە باي كاللىسىغا قايىل . يېقىندا ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى ، كىتابىنىڭ ئىسمىمۇ «بولاي» . بۇ كىتابتىن شەھىرىمىزنىڭ كىتابخانىسىغا يۈز پارچىدەك كەلگەنىكەن ، ئۇنىڭ يېرىمىنى شامىل ئۆزى سېتىۋېلىپ ، مۇبارەك ئىمزاسىنى قويۇپ ، ئۇرۇق - تۇغقان ، ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ ھەممىسىگە تەقدىم قىلدى . شۇ قاتاردا بۇ كىتابتىن ماڭىمۇ بىرى تەگدى .

بىر كۈنى ، ئاغىنەمنىڭ ھېلىقى كىتابىنى ۋاراقلىغاچ ، يېقىندىن يازماقچى بولۇۋاتقان بىر ھېكايەمنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم .

— بەللى ، بەللى ! ... — دېگىنىچە شائىر ئاغىنەم شامىل ئۆزى كىرىپ كەلدى ، — مۇشۇنداق ئۆيىنى بېقىپ ئولتۇرۇۋېرەمسىلەر ؟... يۈرۈڭلار !

— نەگە ؟ — دەپ ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم .

— تۇرمۇش ئۆگىنىمىز ، سەنمۇ شائىرلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالدىڭ ، مۇنداق تۆت تامغا قاراپ ئولتۇرغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ .

— گېپىڭغۇ توغرا ، نەگە بارىمىز دەيسەن ؟

— توپتوغرا «مۇساپىرلار قاۋىقى»غىلا بارايلى...
— نەگە دېدىڭ؟
— «مۇساپىرلار قاۋىقى»غا، «مۇساپىرلار قاۋىقى»نى بىلمەمسەن؟... مانا سۇنىڭ ئۈستىدىلا لەيلەپ يۈرگەن كۆپۈك - دە، سەن!
— «مۇساپىرلار قاۋىقى» دېگىنىڭ قانداق يەر ئۇ؟
— قانداق يەر بولاتتى، ئۆتكەن - كەچكەنلەر كىرىپ ھاراق ئىچىدىغان ئاددىي بىر قاۋاق.
— قاۋاقلىقىغۇ ئىسمىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ، نېمىشقا ئۇنى «مۇساپىرلار قاۋىقى» دەيدۇ، دېمەكچىمەن.
— ھە... بارغاندا كۆرىسەن، ئۇ يەرگە شەھەرنىڭ ھەممە ئىچەرمەنلىرى دېگۈدەك بارىدۇ. تۆت سەر ھاراقنى قۇيدۇرۇپ قويۇپ كەچ كىرگۈچە ئولتۇرساڭمۇ ھېچكىم قوغلىمايدۇ. شۇلارنىڭ قاتارىدا بىر جىڭ ھاراقنى تىكلەپ قويۇپ، ئازراق زاكوسكىنى ئېلىپ، ھاراق ئىچكەن بولۇپ ئەتراپتىكى پاراڭغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرىمىز. ئاڭلىمىغاننى ئاڭلاپ، كۆرمىگەننى كۆرىسەن. ئۇ يەرگە يىغىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەربىرىنىڭ كەچۈرمىشىنى يازساڭ بىر كىتاب بولىدۇ... رۇسلارنىڭ گوگول دېگەن يازغۇچىسىنى بىلىسەنغۇ؟ ئۇ «رېۋىزور» دېگەن ھېلىقى قىزىق كومېدىيىسىنى شۇنداق بىر قاۋاقتا ئولتۇرۇپ يېزىپتىكەن. ئاڭلىغان بولغىيدىڭ؟ زۇنۇن قادىرمۇ ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلىرىغا گەپ تاپالمىسا ئاشۇنداق پۇقرالارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، پاراڭ تىڭشايتتىكەن... ھېلىقى بىر چەت ئەل يازغۇچىسىنىڭ ئىسمى نېمىدى؟ مۇپاسسانمۇ، بالزاكمۇ... ھە، مانا شۇلارمۇ ئامېرىكىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ



رېستورانلىرىغا كىرىۋېلىپ، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئەسەر يازاتتىكەن...
مېنىڭ بۇ ئاغىنەمنىڭ گەپ قىلغاندا مۇشۇنداق پونى قېتىپ ھاۋىلىتىۋېتىدىغان ئادىتى بار. بولۇپمۇ، ھاراق ئىچىۋالغاندا ئۇنىڭ ئاغزىدىن يالغان گەپ دېگەن پىلىموتنىڭ ئوقىدەك تىزىلىپ چىقىدۇ. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە تۈزىتىش بېرىپ قويدۇم.
— بالزاك، مۇپاسسان دېگەنلەر ئامېرىكىدا ئەمەس، فرانسىيىدە ئۆتكەن يازغۇچىلار.
— بىلىمەن، بىلىمەن. چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ بارمايدىغان يېرى بار، دەمسەن. ھېلى قارىساڭ پارىژدا، بىردەمدە قارىساڭ لوندوندا، ئەتىگىنى ياۋروپادا كۆرسەڭ، كەچلىكى ئامېرىكىدا... يازىدىغان ئادەم ئۆيدىن چىقماي تۇرۇۋسا قاراپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىدىغان ئىش مانا بىزنىڭ مۇشۇ يەردىلا بار. يۇرۇ كەتتۇق. بۈگۈنكى چىقىمىڭ مەندىن بولسۇن!
شۇنداق قىلىپ، ئاغىنەمنىڭ زورى بىلەن «مۇساپىرلار قاۋىقى»غا قاراپ مېڭىپ كەتتۇق. شەھىرىمىزدە مۇشۇنداق بىر قاۋاقنىڭ بارلىقىنى راستىنلا بىلمەيدىكەنمەن، بۇ قاۋاق بازار ئىچىدىكى بىر ئارقا كوچىدا بولغاچقىمۇ كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىكەن. قاۋاق قىلىنغان ئورۇن ئەينى يىللاردىكى بازاردا تىجارەت قىلىدىغان بىرەر چوڭ سودىگەرنىڭ مال قويىدىغان ئىسكىلاتى بولسا كېرەك، دۇكاننىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى مەزمۇت، ياغاچلىرى پۇختا، ئىچىمۇ خېلىلا كەڭ ئىكەن. كېيىنكى چاغلاردا شىغىل تۆكۈلۈۋېرىپ يول ئېگىزلەپ كەتكەچكە، دۇكان ئازگالدا قاپتۇ.
قاۋاق ئىگىلىرى ئۈچۈن كەچتە مەستلەرنى قوغلاپ

چىقىرىپ ، دۇكاننى ۋاقتىدا ئەتمەكتىن ئېغىر ئىش يوق . ئادەم تازا كەيپ بولغاندا ئەتراپىدىكى ھەممىنى ئۇنتۇپ باشقىچە بىر روھىي ئالەمگە كىرىپ بارىدۇ - دە ، ۋاقتىنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كېتىپ بارغانلىقىنى بىلمەي قالىدۇ . ۋاقىت ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان مۇنداق چاغلاردا مەستلەرنى ئۆزىنىڭ شېرىن خىيالى ، قىزغىن گەپ - سۆزلىرى ، ھاراقتىن ئالىدىغان لەززىتىدىن مەھرۇم قىلىپ قوغلىماقچى بولساڭ ، ئورۇنسىز كۆڭۈلسىزلىكلەر كېلىپ چىقىدۇ… «مۇساپىرلار قاۋىقى»نىڭ خوجايىنى خېلى دىتى بار ئادەم بولسا كېرەك ، دۇكاننىڭ كوچا تەرەپتىكى ئازراق قىسمىنى قېلىن تاختايلار بىلەن بوغۇپ ، ئايرىم بىر مال قويىدىغان ئورۇن قىلىۋاپتۇ ، مال جازىلىرىغا ھەر خىل ئىچىملىكلەر ، تاماكا ، پىششىق تۇخۇم ، چىلىغان سەي ، ئەرزان كەمپۈت ، قاق ، قۇرۇت ، مايلىق پۇرچاق دېگەندەك نەرسىلەرنى تىزىۋېتىپتۇ . دۇكاننىڭ ئىچى تەرىپىگە قوپال ياغاچلاردىن پۇتىنى يەرگە كولاپلا كىرگۈزۈپ ، ئۇزۇن ئۈستەل ، ئورۇندۇقلارنى ياساپ قويۇپتۇ ، ۋاقتى كەلگەندە خوجايىن دۇكاننىڭ تىجارەت قىلىدىغان تەرىپىنى مەھكەم ئېتىۋېتىپ ، دۇكاننى ئوچۇق قويۇپ كەتسىمۇ ، ئۇنىڭ ئىچىدە مەستلەر كۆتۈرۈپ كەتكۈدەك مۇھىم بىر نەرسە قالمىغۇدەك .

كۈن تېخى يورۇق بولغاچقىمىكىن ، پوكەي ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ ئىككى - تۆت سەر قېقىۋېلىپ چىقىپ كېتىدىغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، دۇكان ئىچىدە ئادەممۇ كۆپ ئەمەس ئىكەن ، بىز كىرسەك ھېلىقى قوپال ئۇزۇن ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئۈچ - تۆتەيلەن ئولتۇرۇپتۇ . ھاراق ساتىدىغان يەردە ياش ، قاۋۇل بىرەيلەن سودا قىلىپ تۇرۇپتۇ ، ئۇنىڭ بەستىگە باقماي ئاۋازىنىڭ



ئىنچىكە ، گەپ - سۆزلىرىنىڭ سىلىق - يۇمشاقلىقىغا قاراپ ، «چوقۇم كىچىكىدە مومىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان ئادەم بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم . مومىسى بېقىپ چوڭ قىلغان بەزى ئادەملەردە مۇشۇنداق ياش قۇرامىغا ماس كەلمەيدىغان سىپايى مىجەز پەيدا بولۇپ قالىدۇ .

— خوش ، ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆڭلى نېمىنى تارتىدىكىن ؟ — دېدى ئۇ ئالدىدىكى بىر خېرىدارنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن بىزگە قاراپ ، — قىزىلغا ئاقنى ئارىلاشتۇرۇپ يۈزدىن قۇيايمۇ ؟

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن بىزنى بەك ئاچچىق ھاراقنىمۇ كۆتۈرەلمەيدىغان ، ئەبجەش ھاراق ئىچىدىغان ئادەملەردىن ، دەپ پەرەز قىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

— ياق ، ئاۋۇ ئاق ھاراقتىن بىر بوتۇلكا ! — دېدى شامىل .

بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن تۆت تۇخۇم ، ئىككى تال قۇرۇتنى ئېلىپ ، ئۈستەلنىڭ بىر تەرىپىگە چۆكتۇق . ئاغىنەم يانچۇقىدىن چىرايلىق قەلەمتىرىچىنى ئېلىپ قۇرۇتلارنى پارچىلىدى . بوتۇلكىنىڭ مېتال ئاغزىنى ئۈستەلنىڭ گىرۋىكىگە چىشلەشتۇرۇپ ، ئالىقان بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ھاراقنى ئاچتىم . ئەمدىلا بىر رومكىدىن ئىچىپ ، ئاغزىمىزغا بىر تالدىن قۇرۇت پارچىسىنى تاشلاپ تۇراتتۇق ، يېنىمىزدا بىرەيلەن پەيدا بولدى .

— ئاغىنىلەر ، ماڭىمۇ بىر رومكا قۇيۇۋېتىڭلار ، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى .

«بۇ ھاراق قەلەندىرى كىمدۇر ؟» دەپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ ، تۇزۇكلا كىيىنگەن ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىردۇرغان بىر كىشىنى كۆردۈم ، ئۇنىڭ «تەييارغا ھەييار» كاززاپلىقى

چىرايىدىنلا چىقىپ تۇراتتى. بىر رومكا هاراقنى قۇيۇپ دوققىدە قويۇپ قويدۇم، ئۇ هاراقنى ئالدىغا تارتىپ، تۇخۇمغا قارىدى. تۇخۇملارنى بىر - بىرلەپ قولىغا ئېلىپ، چىشىغا توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ كۆرۈپ باقتى - دە، ئارىسىدىن بىرنى تاللىۋېلىپ، بىزگە قاراپ:

— قانداق، ماۋۇ بىرگە تۇرامسىلەر، ئۈچكىمۇ؟ — دېدى.

بۇ تەكەللۇپسىز «مېھمان»نىڭ قىلىقلىرىغا هەيران بولۇپ، كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا شامىلغا قاراپ قويدۇم، شامىل بۇ ئويۇنغا دەرھاللا قىزىقتى - دە:

— بولدى. مەن ئۈچى بولدۇم، — دېدى.

ئۇلار «سىز تۇتۇڭ»، «سىز تۇتۇڭ»، «ئەلۋەتتە ئۈچى بولغان ئادەم تۇتىدۇ - دە!» دەپ بىردەم تالاشقاندىن كېيىن، شامىل تۇتۇپ بەردى. «هاراق قەلەندىرى» ئېڭىشكىنىچە شامىلنىڭ قولىدىكى تۇخۇملارغا پەم بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۈچ تۇخۇمنىڭ هەممىسى چېقىلىپ، «قەلەندەر»نىڭ قولىدىكى تۇخۇم ساق قالدى.

— ها... ها... ها! — دەپ هۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ كەتتى «قەلەندەر».

— قالتىس تۇخۇمۋازكەنسىز جۇمۇ! — دېدى شامىل.

— مۇنداق هۈنەرلەرگە بىز ئۇستا، ئۇتۇۋالغاندىن كېيىن بىرەر تۇخۇم بېرەرسىلەر؟

«قەلەندەر» قولىدىكى ساق قالغان تۇخۇمنى ئۇستەلگە قويۇپ، پېقىشتىن بىرنى ئېلىپ ئاقلىدى. رومكىدىكى هاراقنى كۆتۈرۈۋېتىپ، تۇخۇمنى پۈتۈنلا ئاغزىغا ئاتتى - دە، قولىنى «رەھمەت» دېگەن مەنىدە كۆتۈرۈپ قويۇپ، نېرىدا هاراق



ئىچىۋاتقانلار تەرەپكە ماڭدى. شامىل ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق.

— هۇزۇر مۇشۇنىڭكەن - دە! — دېدىم.

— قانداق؟ — دېدى شامىل.

— «يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى جېنىمنىڭ راھىتى» دەپ هاراقنى بىكارغا ئىچىپ، بەخۇدۇك پەيزى سۈرۈپ يۈرۈۋېرىدىكەن. ئۆيىدە بالا - چاقىسى يوق نېمىمۇ بۇ؟!...

— سەن ئۇنى تونۇمامسەن؟

— نېمە ئادەم ئۇ؟

— هېيتەك «قان» دېگەن نوچى شۇ، هۆرت - پۆرت دېگەننى باش بىلەنلا سالىدۇ.

مەن جىمىدە بولۇپ قالدىم. يەنە بىر رومكىدىن هاراق ئىچىپ ئولتۇراتتۇق، باياتىن بېرى ئۈدۈلىمىزدا مۈگدەپ ئولتۇرغان بىرى كۆزىنى يوغان ئېچىپ بىزگە قارىدى - دە:

— ئۇكىلىرىم، هارىقىڭلاردىن ماڭىمۇ ئازراق قۇيۇۋېتىڭلار، — دېدى.

سەپسېلىپ ئۇنىڭ ئىچەرمەنلىكتىن كۆزلىرى قىزىرىپ، يۈزلىرى ئىششىغان، يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئادەملىكىنى بايقىدىم. ئۇستىدىكى كىيىملىرىمۇ ناهايىتى ناچار ئىدى. «تۇرقى مۇنداق بولغان بىلەن، بۇمۇ پالان - پۇستان دېگەنلەرنى كەلتۈرۈپ سالىدىغان بىرى بولۇپ قالمىسۇن!» دەپ ئويلىدىم - دە، ئۈنچىقماي تولدۇرۇپ بىر رومكا هاراق قۇيۇپ سۇندۇم.

— ئاز ئىچىڭلار، ئۇكىلىرىم، ئاز ئىچىڭلار! — دېدى ئۇ هاراقنى قولىغا ئېلىپ، — مانا ياش ۋاقتىمدا مەنمۇ: «كىم

سەن؟» دېسە، «مەن!» دەپ مەيدەمگە ئۇرۇپ يۈرىدىغانلاردىن ئىدىم. ئىچىپ ـ ئىچىپ بولغان ئەھۋالىمىز مۇشۇ. «سۈيى يوق يەردىن قاچ، پۇلى يوق ئەردىن» دەپ ئاخىردا خوتۇنمۇ تاشلاپ كەتتى. بىر ئوبدان خىزمەتتىكى باللىرىم، كېلىنلىرىم بار، يېنىدا تۇرالمايمەن. مۇشۇ هاراقكەشلىكىم بىلەن ھەممىنى تويغۇزدۇم. بەزىدە ئۆزۈممۇ «زادى نېمە بولغان ئادەممەن ـ ھە!» دەپ ئويلاپ قالىمەن. يەنە ئىچمىسەم تۇرالمايمەن. هاراقنى ئىچىپ ـ ئىچىپ مەست بولۇپ، كەچتە غېرىب پاڭزامغا بېرىپ گۈپلا چۈشۈپ ئۇخلاپ قالىمەن. ئەتىسى ئويغىنىپ: «خۇدايا شۈكرى، مەن تېخى تىرىككەنمەن ـ ھە!» دەيمەن، يەنە قاۋاققا قاراپ ماڭىمەن...

ئۇ رومكىدىكى هاراقنى ئالدىرىماي تەمشىپ يۇتۇپ، ئاغزىنى ئالىقىنى بىلەن ئېرتتى ـ دە، رومكىنى قايتۇرۇپ بەردى. «زاكۇسكا يەڭ» دەپ بىر تۇخۇمنى تەڭلىگەن قولۇم ھاۋادىلا ئېسىلىپ قالدى. ئۇ بېشىنى ئۇستەلگە قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

— مانا تۇرمۇش! — دېدى شامىل قۇلىقىمغا پىچىرلاپ.

يەنە بىر ـ ئىككى رومكىدىن ئىچىپ تۇراتتۇق، يېشى توختىغان بىر كىشى يېرىم بوتۇلكىدەك هاراقنى كۆتۈرۈپ، بېشىنى ئۇستەلگە قويۇپ ئۇخلاۋاتقان ھېلىقى ئىچەرمەننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— پاھ، ھەسەنباي ئۇيقۇغا تېگىپتۇ ـ دە! — دېدى ئۇ يېنىدىكى ئادەمگە قاراپ، — قوپۇي، مېنىڭ هارىقىمدىن بىرەر رومكا ئىچىپ قويامسەن؟

ئۇخلاۋاتقان كىشى بېشىنى كۆتۈرۈپ، يېڭى كەلگەن مېھمان



سۇنغان هاراقنى «رەھمەت» دەپ ئېلىپ، يەنە ئالدىرىماي يۇتتى ـ دە، بېشىنى ئۇستەلگە قويدى.

— ياخشى ئادەم، — دېدى يېڭى كەلگەن كىشى ھەسەنباينى بىزگە تونۇشتۇرۇپ، — كاتتا بىر باينىڭ ئوغلى بولىدىغان، ئۆمرى ئويناپلا ئۆتۈپ كەتتى ـ دە بىچارىنىڭ، مانا ئاخىرىدا ھەممىدىن ئايرىلىپ، ئىچمىسە تۇرالمايدىغان كۈنگە قالدى. قېنى كەلمەمسىلەر؟

— خۇش، بەھۇزۇر — دېيىشتۇق.

— ھەي، بۇ هاراق دېگەن نېمىنىڭغۇ مەنمۇ بىر ئوبدانلا ئىچمەيدىغان بولۇپ قالغان، — دەپ گەپ باشلىدى ھېلىقى كىشى قولىدىكى هارىقىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، — يېقىندا بىر رەنجىش بولۇپ قېلىپ يەنە ئىچىپ سالدىم. نېمە رەنجىش دېسەڭلار، ئۇزۇن يىل بولدى، ئۆي باشقۇرۇشنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرىمەن دەڭلا، ئىنىلىرىم، بىر كۈنى ئولتۇرسام، ئۆي باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى كېلىپ:

«ئاكا، سىز بۇ ئۆيدىن كۆچۈپ بەرسىڭىز» دەيدۇ.

«نېمە گەپ؟» دېسەم.

«ئاۋۇ ئۆيدىكى قوشنىڭىزنى بىلىسىزغۇ؟» دەيدۇ. ماڭا قوشنا بولۇپ ئولتۇرىدىغان بىر ياش بالا بولىدىغان.

«ھە، بىلىمەن، يېمەكلىكلەر شىركىتىدە ئىشلەيدىغان ماۋۇ بىر تام قوشناممۇ؟» دېدىم. ئۇلار:

«ھە، شۇ قوشنىڭىز ھازىر بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئۆستى. ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى كىچىك بولۇپ قاپتۇ. سىز ئولتۇرۇۋاتقان بۇ ئۆينى قوشۇپ، كېڭەيتىپ رېمونت قىلىپ، شۇ يىگىتكە بەرمەكچى» دەيدۇ.

ئاچچىقىم نەدىن كەلدى :

«ھوي ، مەنمىچۇ ئارمىيە يېڭى كەلگەن چاغلاردا مەھەللىدە ئاكتىپ بولۇپ ئىشلىگەن ؛ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا يىگىرمە — ئوتتۇز ئادەمگە باش بولۇپ ، گومىنداڭچىلار بىلەن سوقۇشۇپ ، يېڭى ھۆكۈمەت ئۈچۈن قان ئاققۇزغان . ئەمدىزە ، تېخى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا يىرتىق ئىشتان كىيىپ يۈرگەن نېمىلەرگە ئۆيۈمنى بوشىتىپ بېرىپ ، كۇدە - كۆرپەمنى يۈدۈپ نەدە سەرسان بولۇپ يۈرگۈدەكمەن . بېرىپ باشلىقىڭغا ئېيت ، كۆچمەيمەن ، قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن !» دېدىم .

مېنىڭغۇ ئۆيدىن كۆچۈرۈۋېتەلمىدى ، شۇنداق بولسىمۇ ، ئاچچىقىمدا كونا پەلتويۇمنى سېتىپ ، مانا ئۈچ كۈن بولدى ، پۇلىغا ھاراق ئىچىپ يۈرىمەن .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتۇق .

— كۆزەتچىلىك قىلىمەن ، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ، — بىزدەك ياشقا چوڭ بولۇپ قالغان ئادەمگە كۆزەتچىلىكتىن باشقا نېمە ئىش قالدى ، دەيسىلەر ؟ شۇنىڭغىمۇ ئاران ئېرىشتىم . نەدە كۆزەتچىلىك قىلسام ، ئىككى - ئۈچ ئاي ئۆتمەيلا بوشىتىۋېتىپ ، شۇ يەرنىڭ كادىرىدىن بىرى ئۇرۇق - تۇغقىنىنى ئەكېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋالىدۇ . ئۆتكەندە بىر ئورۇنغا كۆزەتچىلىك قىلىپ ، بەش يۈز يۈەن قەرز بولۇپ قېلىۋىدىم ، قەرزنى ئۈزۈۋەتسۇن ، دەپ خېلى ئۇزاق ئىشلىتىپ قالدى . «ھە ، ئىشنىڭ يولى مۇنداقكەن - دە !» دېدىم . ھازىرقى كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئورنۇمغا ئىككى مىڭ يۈەندەك قەرز بولدۇم ، خۇدا بۇيرۇسا ، ئەمدى ئۇ يەرگە چىڭىپلا كەتتۇق دەڭلا... قېنى كەلمەمسىلەر ؟...



ئۇ مۇغەمبەرلەرچە كۆز قىسىپ قويۇپ ، قولىدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈۋەتتى ، شامىل «مانا تۇرمۇش !» دېگەندەك ماڭا لاپ قىلىپ قارىدى - دە ، قويۇن دەپتىرىنى ئېلىپ ، كىتىرلىتىپ بىرنېمىلەرنى خاتىرىلەشكە باشلىدى .

قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى مومىسى باققان خوجايىنىنىڭ سودىسى قىزىغىلى تۇردى . كونا مەستلەرگە يېڭى كىرگەن مەستلەر قېتىلىپ ، دۇكاننىڭ ئىچى ۋاڭ - چۇڭغا توشتى . كەيپچىلىكتە خېرىدارلار تونۇشسۇن ، تونۇشمىسۇن بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ ھاراق سۇنۇشاتتى ، دوللىرىغا قېقىشىپ ئەھۋال سورىشاتتى . قايسىبىرلىرى بىزگىمۇ ئۇلپەتچىلىك كۆرسىتىپ ھاراق تەڭلەيتتى . ئاز - ئازدىن ئىچىپ بىزمۇ ھېلىقى بىر بوتۇلكا ھاراقنى قۇرۇقداپ قويغانىدۇق . كۈچلۈك ھاراقنىڭ تەسىرىدە كۆز ئالدىمدىكى مەستلەرنىڭ قىزارغان يۈزلىرى ، مەنىسىز كۈلكە قېتىپ قالغان چىرايلار ، ئەلەڭشىگەن كۆزلەر ئوتتۇرىدىكى قوپال ئۈستەل بىلەن قېتىلىپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ ، موردىن كۆتۈرۈلگەن ئىسسىق ھاۋادەك يېنىك تەۋرەپ تۇراتتى . شامىل يەنە ھاراق ئەكېلىش ئۈچۈن تەمشەلگەن بولسىمۇ ، مەن ئۇنى توختۇۋېلىپ ئۇنىمىدىم . ئۇمۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ بىرقانچە «كەلمەمسىلەر»لىرىگە شېرىك بولۇپ ، ئوبدانلا مەست بولۇپ قالغانىدى . بۇ يەردىن ئالدىراپ كەتكۈسىمۇ يوقتەك قىلاتتى . ئەمدى ئۇ تۇرمۇش ئۆگىنىشنى ، خاتىرە يېزىشنى ئۇنتۇپ ئۆزىنىڭ گېپىگە چۈشكەنىدى .

— قارا ، قارا ! — دەپ مېنى نوقۇيتتى ئۇ ، — ئاۋۇ رومكا تۇتۇپ تۇرغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ ؟ قول تومۇرلىرىنىڭ كۆپكۆك ، يوغانلىقىغا قارا ، ئۇ چوقۇم يا تامچى ، يا تۆمۈرچى ،

ئاۋازىنىڭ بازغان ئۇرغاندەك گۈلدۈرلەپ چىقىۋاتقىنىنى
ئاڭلىدىڭمۇ ؟… ماۋۇ ئادەمنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىكى قورۇقلارغا
سەپسالدىڭمۇ ؟ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا نۇرغۇن ئاچچىق كەچۈرمىشلەر-
نىڭ يىغىندىسى بار… مۇنۇ قولىنى كۆكسىدىن چۈشۈرمەي جىمى
ئادەمگە قاراپ ھېجىيىپ تۇرغان كاززاپنى قارا ، ھەرقاچان ئۇ
يېنىدا ئولتۇرغان ئاۋۇ بېچارىنىڭ پۇلىنى ئالداپ خەجلەيدۇ… يا
قۇدرەت ! باياتىن بېرى بېشىنى ئۈستەلدىن كۆتۈرمەي
مۈگدەۋاتقان ھەسەنباينى كۆرۈۋاتامسەن ؟ ئەمدى ئۇ سەگىپ ،
باشقىدىنلا تېتىكلىشىپ كېتىپتۇ… قانداق ، مېنىڭ
دېگىنىمدە كەمكەن ؟ ئۆگىنىمەن دېگەن ئادەمگە بۇ يەردە تۇرمۇش
دېگىنىڭ ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدۇ . بولۇپمۇ سەندەك ھېكايە
يازىدىغان ئادەم كۈندە كېلىدىغان يەر - دە ، بۇ !… ھاراق ئەكېلەي
دېسەم ئۇنىمايۋاتىسەن ، قورساقمۇ ئېچىپ قالدى . بولمىسا سېنى
يەنە بىر يەرگە باشلاپ باراي… ياق ، ياق ، قاۋاق ئەمەس ؛
كۆڭۈلدىكىدەك بىر ياش چوكاننىڭ ئۆيى ، قورقما ، ئۆزى تۇل ،
پۇللۇق خوتۇن . يەمسەن ، ئىچەمسەن ، ھەممە نېمە باشقا گەپ -
دە . چىۋىقتەك بەل ، تولغان ساغرا ، ئاپئاق كۆكرەك ، مانا ، ناز ،
خۇلق ، ئادەم كۈتۈش دېگەنلەرنى شۇلاردىن سورا…

شامىلنىڭ ئاغزىدىن ئەمدى تېتىقسىز پاراڭلار چىققىلى
تۇردى . كەتمىسەك بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ قالدىم ، يەنە
ئازراقلا ئولتۇرساق ، خەقنىڭ ئويۇنىنى كۆرىمىز دەپ كېلىپ ،
ئۆزىمىز ئويۇن قويۇپ بېرىدىغاندەك قىلاتتۇق… دەل شۇ چاغدا ،
قولتۇقىغا نەقىشلىك دۇتار قىستۇرۇۋالغان بىرەيلەنگە ئەگىشىپ
يەنە ئىككى - ئۈچ خېرىدار دۇكانغا كىرىپ كەلدى .
ئولتۇرغانلار : «ۋاھ ، مانا ياسىن ‹دۇتار›مۇ كېلىپ قالدى . تازا



بىر ساز ئاڭلايدىغان بولدۇق - دە» دېيىشىپ چۇرقىرىشىپ
كەتتى .

ياسىن «دۇتار» قولتۇقىدىكى دۇتارنى تامنىڭ بۇلۇڭىغا
بېشىنى يۇقىرى قىلىپ تىكلەپ قويۇپ ، ئاغىنەم شامىلنىڭ
يېنىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭغا ئەگىشىپ
كىرگەنلەر تۆت - بەش بوتۇلكا ھاراق ، خاسىڭ ، مايلىق پۇرچاق
دېگەندەك زاكۇسكىلارنى ئەكېلىپ جوزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يايدى .
بىرى ھاراقنى ئاغزىنى گۇپپىدە ئېچىپ : «قېنى ، ئاغىنىلەر ،
ھەممەيلەن مۇشۇ ئوتتۇرىغا قارايلى !» دەپ ھاراق قۇيۇشنى
باشلىۋەتتى ، ئەمدى يېرىم تۈنگە سوزۇلىدىغان «كاتتا» بىر
ئولتۇرۇشنىڭ بولىدىغانلىقى جەزملىشىپ قالغانىدى . مەن
كەتسەك بولاتتى ، دەپ شەرەت قىلىپ ، شامىلنىڭ يېڭىنى تارتىپ
قويدۇم . لېكىن ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويماي ، «بۈگۈن قانغۇچە بىر
ئوينىۋالىدىغان بولدۇق - دە !» دەپ جوزىغا بىرنى شاپىلاقلىدى-
دە ، ئورنىدىن قوپۇپ سوزۇلۇپ تۇرۇپ ، بايا كىرگەنلەر بىلەن
قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ، باشقىدىنلا جانلىنىپ كەتتى . يېڭى
مېھمانلارنىڭ بىرى شامىلنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ ،
تۇيۇقسىزلا :

— ھوي ، قاراڭلار ، ماۋۇ شامىل شائىر ئەمەسمۇ ! — دەپ
ۋارقىرىۋەتتى ، — قېنى ئولتۇرۇڭ ، ئولتۇرۇڭ !

«شائىر» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ
بېسىقىپ ، ھەممىنىڭ كۆزى شامىلغا قادالدى . شامىل خۇددى
ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتقاندەك ئۆزىگە سالاپەت
بېرىپ ، قولى يەتكەن ئەتراپتىكى ھەممەيلەن بىلەن قايتا
كۆرۈشۈپ ئولتۇردى .

— مانا ، ماۋۇ ، مېنىڭ ئاغىنەم بولىدۇ ، — دېدى ئۇ مېنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇپ ، — يازغۇچى . يازغۇچى دېسەم نېمە قىلىدىغان ئادەمكىن دەپ قالماڭلار ، ھېكايە يازىدىغان شائىر .
پاھ ! كۆپنىڭ ھۆرمەت نەزىرى ماڭىمۇ تىكىلدى .
— سىلەرنىڭمۇ قەدىمىڭلارمۇ بۇ يەرلەرگە يېتىدىكەن - ھە !؟ ھېلىقى ئولتۇرۇشتىكى ئىش ئېسىمدىن چىقمايدۇ - دە ، — دېدى بايىقى شامىلنى تونۇۋالغان كىشى ئۇنىڭغا قاراپ ، — ۋاتىلداپ سورۇننى بېشىغا كىيگەن ۋاھاپ «كاسكا» نى :

هەي ۋاھاپ ،
هەي ، هەي ۋاھاپ ،
ئولتۇرۇشنى بۇزدۇڭ ئىتتەك قاۋاپ .

دەپ قالتىس رەسۋا قىلغانتىڭىز .
— ھە ، ئۇ شۇنداقلا بىر كېلىپ قالغان ئىلھام دەڭە !
— «بولاي» دېگەن كىتابىڭىزنى ئوقۇدۇم ، قالتىس يېزىپسىز - دە !...
كىتابنىڭ گېپى چىقىۋىدى ، باشقىلار تېخىمۇ جىمىپ كەتتى . بۇ جىمجىتلىقنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي پوكەيدىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ تۇرغان مومىسى باققان خوجايىنىنىڭ چىرايىمۇ شادلىققا تولدى . كىتاب يازغان ئادەملەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇشى «مۇساپىرلار قاۋىقى» ئۈچۈنمۇ بىر شەرەپ - دە !... ئۇ ئۆزىگە خاس سىپايى ھەرىكەتلەر بىلەن پوكەيدىن ئاتلاپ چىقىپ ، شامىل بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئالدىغا ئالاھىدە كېلىپ كۆرۈشتى .



— بىزنىڭ بۇ دۇكىنىمىزنىڭ شارائىتى ناچار ، خاپا بولۇشمايلا ، مانا ماۋۇ داستىخىنىڭلارغا ئاتىغىنىم بولسۇن ، — دېدى - دە ، يىگىرمە - ئوتتۇز تۇخۇمنى ئەكېلىپ ئۈستەلگە قاتار تىزىۋېتىپ كەتتى .
شۇنىڭ بىلەن ھاراق ئىچىش باشلىنىپ كەتتى ، لېكىن كىشىلەر ئىختىيارىي پاراڭ قىلىشتىن سەل قورۇنۇپ ، شامىلنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇشاتتى .
— ئۇزۇن بولدى كۆرۈنمىدىڭىز ، چوڭراق بىر نېمە يېزىۋاتامسىز ، يا... ھۆكۈمەت شائىرلارنى شەھەرمۇ شەھەر ئايلاندۇرىدۇ ، دەپ ئاڭلىۋىدىم ، يىراقىراق بىر يەرلەردە ساياھەتتە بولدىڭىزمۇ ؟
— ھە ، — دېدى شامىل ئۆزىنىڭ ئۆچىرىتىنى شاققىدە ئېلىپ ئىچىۋېتىپ ، — ئىچكى ئۆلكىلەرنى بىر قۇر ئايلىنىپ كەلدىم .
«ئىم !» دەپ قالدىم . ئەمدى ئاغىنەمنىڭ راست - يالغاننى قېتىپ پو ئاتىدىغان كېسىلى قوزغالغانىدى .
— نەلەرنى ئايلاندىڭىز ؟
— گۇاڭجۇ ، خاڭجۇ ، بېيجىڭ ، شاڭخەي دېگەندەك ھەممە چوڭ شەھەرلەردە بولدۇم .
شامىلنىڭ ئىككى - ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ، تونۇش شوپۇرغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ، قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە بىر بېرىپ كەلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇنىڭ «چوڭ شەھەرلەرنى كۆردۈم» دېگىنى قىپقىزىل يالغان ئىدى . قېرىشقاندەك ھېلىقى ئاغىنىمۇ كوچىلاپ سوراۋەرگىلى تۇردى .
— ۋاھ ، قالتىس يەرلەر ، دەپ ئاڭلىۋىدۇق ، ئايروپىلان

بىلەن باردىڭىزمۇ ، پويىزدىمۇ ؟

— ئىلاجى بولمىغاندا چۈشمىسە ، ھازىرقى ۋاقىتتا پويىز دېگىنىڭلار بىر كۆتەك ھارۋا - دە . ئايروپىلان بىلەنلا ئۇچتۇم .

— ۋاھ ، ھۇزۇر قىپسىز - دە !

ئولتۇرغانلار تاماقلىرىنى چېكىپ كېتىشتى .

— ھۇزۇرى شۇ ! — دەپ تەستىقلىدى شامىل باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغانلىرى بويىچە ئايروپىلاننىڭ ئىچىنى تەسۋىرلەپ ، — ئازادە ، لۆم - لۆم ئورۇندۇقتا خىيال سۈرۈپ مۈگدەپ ياتىدىغان گەپ . تازا مەڭزىگە ئەركەك چىۋىنمۇ قونمىغان چىرايلىق قىزلار ئالدىمىزغا كېلىپ ، ھېلى ھەر ياڭزا ئىچىملىك ، ھېلى ھەر خىل كەمپۈتلەرنى تۇتۇپ ، «نېمە يەيسىز ، نېمە ئىچىسىز ؟» دەپ سوراپ تۇرىدۇ . ئايروپىلان موللاق ئاتىدىغان يەرگە كەلگەندە ، «بەللىرىڭگە تاسمىنى باغلىۋېلىشسىلا » دەيدۇ ، «ماڭەۋاي ، كىراغا نەچچە يۈز يۈەن پۇلنى ئالغاندىن كېيىن ، ئۆزۈڭ كېلىپ باغلاپ قويمامسەن !» دەپ قورساقنى چىقىرىپ ، كرېسلودا يانتۇ يېتىپ بېرىدىغان گەپ . ھېلىقى ئايدەك خېنىملار بېلىمىزنى قۇچاقلاپ ، تاسمىسىنى ئۆزى باغلاپ قويىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، نەچچە كۈنلۈك يولغا بىر - ئىككى سائەتتىلا يېتىپ بارىدىغان گەپ…

ئاڭلاۋاتقانلار «قالتىس گەپكەن - ھە !» دېيىشىپ گۇدۇڭلىشىپ كەتتى . شامىلنىڭ ئاتقان پولىرىدىن خىجىل بولۇپ ئولتۇرالمايلا قالدىم ، پېشىنى تارتىپ - تارتىپ قويساممۇ ، ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا ماڭا قارايدىغان كۆزى يوق ئىدى . يەنە بىرەيلەن :

— ئۇكام ، شاڭخەي دېگەننى ناھايىتىمۇ ئادەم جىق شەھەر دەيدىغۇ ؟ — دەپ سوراپ قالدى .



— ئۇنى بىر دېمەڭ ، — دېدى شامىل ، — ئادەمنىڭ تولىلىقىدىن ئىچىڭىز ئېلىشىدۇ . كوچىسىدا كېتىپ بېرىپ ئىتتىك ئارقىڭىزغا بۇرۇلىدىغان بولسىڭىز ، چوقۇم ئىككى - ئۈچ ئادەمگە ئۇسۇۋالىسىز . يەكشەنبە كۈنىدىكى قىستاڭچىلىقتا كۈنىگە نەچچە ئون ئادەم دەسسىلىپلا يىقىلىپ قالىدىكەن ، بىر تەرەپتىن دوختۇرلار ئارىغا كىرىپ يىقىلغانلارنى زەمبىلگە سېلىپ توشۇپ تۇرىدىكەن .

— يائاللا ، پىلانلىق تۇغۇتلار دېگەن گەپمۇ توغرا جۇمۇ ! گۇاڭجۇدا شىنجاڭدىن بېرىپ ئوقەت قىلىۋاتقانلار خېلى بار دەيدۇ ، كۆرگەنسىز ؟

— كۆرمىگەن - دە ! … — دېدى شامىل يەنە بىر رومكا ھاراقنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىپ تۇرۇپ .

— بەزى ياش باللارنى شۇ يەردىمۇ جېدەل - ماجىرا چىقىرىپ يۈرىدۇ ، دەيدىغۇ ؟

— مانا شۇ گەپ ئەمەسمۇ ، تۇرمۇش ئۆگىنەي دەپ ئۇلارغا بىرئاز ۋاقىت ئارىلىشىپ يۈردۈم . كۆپىنچىسى ياش باللار ئىكەن . تەرەپ بولۇشۇپ ، بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇپ ئوينايدىكەن . كۆرگەنلەر ھېچ ۋاقىتتا ئۇنى پالانچاخۇن ، پوكۇنچاخۇن ، دېمەيدۇ - دە ، «شىنجاڭلىقلار »لا دەيدۇ ، ھەممىمىزنىڭ نامىغا سەت .

— شۇنداق بولماي ! — دەپ كۆپچىلىك بۇ گەپنى تەستىقلاشتى .

— بىرنەچچە لاۋبەنلەرنى تۇتۇۋېلىپ ، «ئاغىنىلەر ، مۇشۇ قىلىقىڭلار قاملاشماپتۇ !» دەپ نەسىھەتمۇ قىلدىم ، يەنە ئادەم دېگەن غەلىتە نېمە - دە ، جېدەل بولغان جايدا تۇرۇپ قالسىڭىز ،

قىنىڭىز قىزىپ ، ئۆزىڭىزمۇ ئۇقماي جىدەلگە ئارىلىشىپ قالىدىكەنسىز . بىر كۈنى كەچتە بىر قانچەيلەن رېستوراندىن يېنىپ مېھمانخانىغا قايتىپ كېتىۋاتاتتۇق . «كەلدى ، كەلدى !» دېيىشىپ كەتتى . «نېمە كەلدى ؟» دېسەم ، «پوكۈنى قوشۇننىڭ ئادەملىرى كېلىۋاتىدۇ ، ئەمدى بىر قەپەس مۇشتلاش بولىدىغان بولدى» دېدى . راست دېگەندەك ، گەپ ئاخىرلاشمايلا ئىككى تەرەپ تار كوچىدا تۇتۇشۇپ ، ئۈپۈر - تۇپۇر بولۇشۇپ كەتتى . مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي ، تۇرغان ئورنۇمدا تۇرۇپلا قاپتىمەن ، بىر چاغدا ، يېنىمدا بىر قارا كۆلەڭگە پەيدا بولغاندەك قىلدى ، شۇنداق قارىشىمغا قولاق تۈۋىمگە «قارس !» قىلىپ بىرنى سالماسا ، يۈزۈمنى سىلىسام ، بەش قولنىڭ ئىزى مانا مەن دەپلا چىقىپتۇ . ئاچچىقىمدا ھېلىقىنى ياقىسىدىن قاماپ تۇتۇپ بىقىنىغا نەچچىنى سالدىم ، «ئېھ ، ئېھ…» دەپ ئىنجىقلاپلا قالدى ، تىڭشىسام ، ئاۋازى تونۇشتەك قىلىدۇ . يورۇققا سۆرەپ ئاپىرىپ قارىسام ، لەڭگەردىكى بىر تۇغقان تاغامنىڭ ئوغلى ئىكەن…

پاراققىدە كۈلكە ئاۋازى قاۋاق ئىچىنى بىر ئالدى . بۇ كەيپىياتتىن ئىلھاملانغان شامىل ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە :

— بۇرادەرلەر ، سىلەرگە يېڭى يازغان بىر شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلىڭلار ، — دەپ يانچۇقىدىن خاتىرىسىنى چىقاردى ، «ئىت بولاي» دەپ ، شېئىرىنىڭ ماۋزۇسىنى تەنتەنىلىك جاكارلاپ ئەتراپقا بىر قارىۋەتتى :

خالايمەن بۇرادەرلەر ،
خالايمەن .
بىر ئۆمۈر ئىشىكىڭلاردا ئىت بولۇشنى .



ئۆزۈڭلارنى ،
مۈلكۈڭلارنى ،
چىلبۆرىلەر —
ياۋلاردىن سەگەك تۇرۇپ قوغداشنى .
قاراڭغۇ تۈن ،
سىلەر ئۇيقۇدا ،
مەن ئويغاقمەن ھويلاڭلاردا .
ئېھ !
نېمە ئارمان ئۆلۈپ كەتسەم ،
سادىق ئىت بولۇپ بوسۇغىدا…

ئاغىنەمنىڭ تېتىقسىز قىلىقلىرىغا ئىچىم تىتىلداپ ، قاۋاقتىن قېچىپ چىقىپ كەتكۈدەك بولدۇم ، شېئىر ئاخىرلىشىشى بىلەن ، مەستلەر ۋارقىرىشىپ ، «ئاجايىپ !… ياشا !» دېيىشىپ كەتتى . بۇ چۇقان پەسىيىشى بىلەن ئارىدىن ياشتا چوڭراق بىرەيلەن تۇرۇپ :

— شامىل ئىنىمىز ئوبدان گەپلەرنى قىلىپ بەردى ، شېئىرىنىمۇ ئاڭلىدۇق ، ئەمدى ماۋۇ ياسىنجان ئىنىمىز دۇتارنى ئېلىپ بىردەم پەيزى قىلىپ بەرسە قانداق دەيسىلەر ؟ — دېدى .

كۆپچىلىك «بولىدۇ !» دېيىشتى ، مەنمۇ «خۇداغا شۈكرى» دەپ يېنىك تىندىم ، ياسىنجان ساقىي تولدۇرۇپ قۇيغان بىر رومكا ھاراقنى گۇپپىدە كۆتۈرۈۋېتىپ ، دۇتارنى قولىغا ئېلىپ سازلىدى . دۇكاننىڭ ئىچىنى قايتا جىمجىتلىق باستى . ۋاقتىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئوخشايدۇ ، قارىسام ، مومىسى

باققان خوجايىن دۇكاننىڭ ھېلىقى ھاراق ساتىدىغان تەرىپىنى قۇلۇپلاپ كېتىپ قاپتۇ، كىمدۇر بىرى دۇكاننىڭ قاناتلىق چوڭ ئىشىكىنىمۇ قىيا يېپىپ قويۇپتۇ. ياسىنجان دۇتارنى لەرزان ئۇرۇپ چېلىپ، مۇقام باشلىدى:

پەلەكتىن ياخشىلىق كەلدى، دېبان كۆڭلۈڭنى شاد ئەتمە،
يامانلىق ھەم يېتەر، ھالا ئۇنۇت، ئۆتكەننى ياد ئەتمە.

كەيپ بولغانلارنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ يۇمۇلۇپ، باشلىرى تېخىمۇ تۆۋەن چۈشتى، چوڭلار «ھەق!» دەپ ئېغىر تىنىشتى.

زامان ئەھلىگە گەر يۈز قۇياشچە مېھرى كۆرگۈزسەڭ،
ۋاپانى سەن ئۇلاردىن زەررە چاغلىق ئېتىقاد ئەتمە.

شۇ چاغدا، قۇلىقىمغا مۇقامنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرىدىغان بىر غەلىتە ئاۋۇش ئىشىتىلگەندەك بولدى. «بۇ نېمە ئاۋازدۇر؟» دەپ ئەتراپىمغا نەزەر سالدىم، قارىسام، شامىل ئىككى ئالقىنىنىڭ ئۈستىگە بېشىنى قويۇپ، خۇددى بوسۇغىدا ياتقان ئىتتەك خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. «ئىت بولغان بولسىمۇ، قورسىقى تويسىلا ئۇخلايدىغان ناھايىتى ناچار ئىت بولغۇدەك...» دەپ قالدىم. بايىقى غەيرىي ئاۋازى ئۇنىڭ يېرىم ئوچۇق قالغان ئاغزىدىن چىقىۋاتقان خورەك ئىكەن.

قىلىپ ياخش ئەمە كەسپىي شىئارىڭنى ئىسلاھ ئەتكىل،
ۋەلى خاسىست خىيالىڭ بىرلە ھەر دەم بىر پاسات ئەتمە



ياسىن «دۇتار» مۇقامنى ناھايىتى بېرىلىپ، تەسىرلىك ئېيتىۋاتاتتى. ئاغىنەمنىڭ كانىيىدىن چىقىۋاتقان ھېلىقى خورەكمۇ كىشىنى بىئارام قىلىپ، بارغانسېرى ئەۋجىگە چىققىلى تۇردى. بايقىغانلار نارازى بولۇپ، غۇدۇراشقا باشلىدى. ئالاقزادىلىك ئىچىدە شامىلنى قاتتىق بىر نوقۇپ قويۇۋىدىم، خورىكى توختىماق تۇگۇل، بەئەينى كېسىلى تۇتقان بىمارنىڭ، چالا بوغۇزلانغان مالنىڭ بوغۇزىدىن چىققان خارقىراشقا ئايلىنىپ ئىشنى بۇزدى. شامىلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ دۇتار چېلىۋاتقان ياسىن «دۇتار»نىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ دۇتارنى قويۇپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، شامىلنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ يۇلۇۋېلىپ، قاتتىق بىر سىلكىپ، يەنە بېسىپ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— نېمە بولدى، نېمە بولدى!؟ — دېدى ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن شامىل ئەتراپقا چەكچىيىپ قاراپ.

— سەن ئادەممۇ، ھايۋانمۇ؟

— مەن نېمە قىلدىم؟

— بىزنىڭ ناخشا - سازلىرىمىز قاملاشمايۋاتقان بولسىمۇ، بىردەم قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ قويساڭ ئۆلەمسەن؟ سېنىڭ نەرىڭ شائىر؟ باياتىن بېرى سېنىڭ ئاتقان پولىرىڭ، لاۋزا شېئىرلىرىڭنى ساڭا ھۆرمەت قىلىپ، چىداپ تۇرۇپ ئاڭلىدۇققۇ!... ئۆزۈڭچە بىزنى ھېچنېمە بىلمەيدىغان نېمىلەركەن، دەپ ئويلامسەن؟ بوران بولاي، شامال بولاي، ئىت بولاي، مۈشۈك بولاي دېگەنلىرىڭ شۇمۇ شېئىرما؟ ھەقىقىي شائىر بولساڭ «ئادەم بولاي» دەپ يازمامسەن، ئادەم! دۇنيادا ئادەم بولماقتىن ئۇلۇغ ئىش بارمۇ!؟... چىققە دۇكاندىن،

خورىكىڭنى ئۆيۈڭگە بېرىپ تارت !...

شۇ گەپ بىلەن بىرەيلەن قوپۇپ شامىلنى ياقىسىدىن سۆرىدى ، يەنە بىرەيلەن «شائىر دېگەن سەندەك بولسا» دەپ كۆتىگە بىرنى تېپىپ ، دۇكاندىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى .

— ماۋۇ ئاغىنىسىنى قانداق قىلىمىز ؟

— ئۇنىمۇ شائىر دەۋاتاتتىغۇ !

— ھەيدە !...

«ھەيدە !» دېگۈچىنىڭ گېپى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە چاققانلىق قىلىپ ، تالاغا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىۋېلىپ ، تېپىك يېيىشتىن قۇتۇلۇپ قالدىم . ئەمما تالاغا چىقىپلا تۇرۇپ قالدىم ، ئەللىك سومغا يېڭىلا ئالغان شىلەپەم ئۇستەل ئۈستىدە ئۇنتۇلۇپ قالغانىدى ، «ئىست ، مەستلەر سېتىپ ، پۇلىغا ھاراق ئىچىۋېتىدىغان بولدى ـ دە !» دەپ تۇرۇشۇمغا ، شىلەپەممۇ ئارقامدىن ئۇچۇپ چىقتى . يەردىن ئېلىپ ، توپىسىنىمۇ قاقماي بېشىمغا كىيدىم ـ دە ، ئاغىنەمنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم .

مانا ، «مۇساپىرلار قاۋىقى» دىن قوغلاندى بولغىنىمىزغىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى . شۇنىڭدىن بېرى ئاغىنەم شامىلنى كۆرمىدىم . ئاڭلىسام ، ئۇ «ئادەم بولاي» دېگەن يېڭى شېئىرى ئۈستىدە ئىشلەۋېتىپتۇدەك...

1990 ـ يىل ، غۇلجا



# ئاق مەسچىت

كېچىچە چىققان قاتتىق بوران قارا بۇلۇتلارنى شەرققە سۈرۈپ ، سەھەرگە يېقىن ئاسمان گۈمبىزىدە سانسىز يۇلتۇزلار يەنە چاراقلاپ كەتتى .

«خىسلەتلىك ئالەم ! — دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى بامدات نامىزىغا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن تالاغا چىققان ھەيدەر بوۋاي بىر قولىدا چۆگۈننى تۇتقىنىچە ئاسمانغا قاراپ ، — مانا ، كېچىچە بۇ دالىدا بوران قۇتراپ ، ئاسمانىنى دۇم كۆمتۈرۈۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا گۈركىرەپ كەتكەنىدى ، بىر دەمدىلا جاھان يەنە تىنچىپ سۈكۈتكە چۆكۈپتۇ . »

قەيەردىدۇر بىر نەرسىنىڭ تاشلارغا تېگىپ جاراڭلىغان ئاۋازى سەھەرنىڭ بۇ جىمجىتلىقىنى بۇزدى . بوۋاي قۇلاق سېلىپ تىڭشىدى . ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ سەزگۈرلۈكى ياش ۋاقتىدىكىدىن قېلىشمايتتى . تۆۋەندە — قەدىمكى شەھەر خارابىسى تەرەپتە كىمدۇربىرى ياققان چىراغ غىل ـ پال يورۇپ غايىب بولدى . بوۋاينىڭ كۆزىگە بىر يورۇق يۇلتۇز كۆكتىن خارابىلىك ئىچىگە ئېقىپ چۈشۈپ ئۆچكەندەك بىلىندى... بىلگۈچى ئاللا ، بوۋاي قاچاندۇر بىر چاغدا ، يەنە مۇشۇنداق يۇلتۇزلۇق سەھەر ۋاقتىدا تالاغا چىقىپ ، قەدىمكى شەھەر خارابىسى ئۈستىدە يورۇپ تۇرغان غەلىتە نۇرنى كۆرگەنىدى . ئۇ كەملەردە بوۋاي ياش ۋە

قورقۇمسىز ئىدى . يەردىن ئارغامچا بويى ئېگىزلىكتە ئېسىلىپ تۇرغان ھېلىقى نۇرنى قوغلىشىپ ئۇ تاڭ يورۇغۇچە ماڭدى . ئەتراپقا يورۇق چۈشكەندە ئۆزىنىڭ تازىمۇ يىراقلاپ ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ بويىغىلا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى . دەريا ئۈستىنى داكىدەك نېپىز تۇمان قاپلىغان بولۇپ ، قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى بولسا ئارقىدا قالغانىدى . بەزىدە كۆزنىڭ ئادەمنى ئاشۇنداق ئالداپ قويىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ . بوۋاي ھازىر ئۆزىنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ ئىشەنمەيتتى .

ھەيدەر بوۋاي تاھارەت ئېلىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا ، تاشلارنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلانغاندەك بولدى . بوۋاي يەنە جىمجىت تۇرۇپ قۇلاق سالدى .قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىنى كىمدۇر بىرى كولاۋاتقاندەك قىلاتتى . «ھە ، يەنە بىر تەۋەككۇلچى تەلىيىنى سىناۋېتىپتۇ ـ دە !» دەپ قولىنى شىلتىدى بوۋاي .

بوۋاينىڭ پۈتكۈل ئۆمرى دېگۈدەك مانا مۇشۇ دۆڭلۈكتە ئۆتكەن . كىشىلەر بۇ يەرنى «تاشدۆڭ» دەپ ئاتىشىدۇ . دۆڭ ئۈستىدە قورام تاشلاردىن ئۇل قويۇپ سالغان ھەيۋەتلىك بىر مەسچىت بار . تاشدۆڭ يىراق ـ يېقىندىكــى يۇرتلارغا ئاشۇ مەسچىتى بىلەن مەشھۇر . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ناھايىتى ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدا ، تاشدۆڭ بىر مەھەللە بولغانىكەن . ئالەمنىڭ شۇنچە كەڭرىچىلىكىدە ، كىشىلەرنىڭ نېمىشقا بۇ تاقىر ، تاشلىق دۆڭگە ئۆيلەرنى سېلىپ ، مەھەللە قىلىپ ئولتۇرۇشقىنىنــى چۈشەنگىلى بولمايدۇ . ئېھتىمال ، بۇ يەرنىڭ بىر مەھەللە بولۇپ قېلىشىغا ئاشۇ ئاق مەسچىت سەۋەب بولغاندۇر . بۇ مەسچىت تاشدۆڭنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە سېلىنغانىدى . مەسچىت ئۆزىنىڭ



كۆركەم قۇرۇلمىسى ، ئېگىز پەشتاقلىرى بىلەن ناھايىتــى سەلتەنەتلىك كۆرۈنەتتى . دىنىي ئەقىدىنىڭ كۈچى نېمىدېگەن ئۇلۇغ . ئادەملەر ئۆزى شۇنچە نامرات ياشىســمۇ ، ياراتقان ئىگىسىگە ئىبادەت قىلىدىغان سورۇنلارنى يەنە ئۇلار ئاجايىپ بېزىگەن . ئاق مەسچىتنىڭ ئىشىك ـ دېرىزە ، ھەربىر تۈۋرۈك ، تام ـ تورۇسلىرىغا چېكىلگەن نەقىشلەر بۇ مەسچىــتنــى سالدۇرغۇچىلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەرگە ماھىر بىناكارلىق ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ، خېلى ئەقىدە بىــلەن ئىــش قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى . مەسچىتنىڭ يان تەرىپىدىن ئۆتىدىغان بىر قەدىمىي يول بار ئىــدى . ئۇزۇن سەپەردىن كېلىۋاتقان يولۇچىلار يىراقتىن ئاق مەسچىــتنىـــڭ ئاپئاق ئاقارتىلغان تاملىرى ۋە ئېگىز مۇنارلىرىنى كۆرۈپ ، «ھە ، ئاق مەسچىتكە يېتىپ كەپتــۇق ـ دە !» دەپ خۇشــال بــولۇشاتتى ۋە بۇ يەردە بىر دەم ـ يېرىم دەم توختاپ ، ناماز ۋاقتى بولغان بولسا نامىزىنى ئوقۇپ ، دېمىنى ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى .

بۇ يەر ئىلگىرى مەھەللە بولۇپ ، كېيىــن مەسچىــت سېلىنغانمۇ ياكى ئاۋۋال مەسچىت سېلىنىپ ، ئاندىن مەھەللە بولغانمۇ ؟ بۇنىڭ ئۆزى بىر سوئال ئىدى . بەزىلەر : «مەسچىت دېگەن ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم بار جايغا سېلىنىدۇ ـ دە ! ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئاۋۋال خېلى ئاۋات بىر مەھەللە بولغان ، ئاندىن بۇ مەسچىت چۈشكەن» دېيىشەتتى . يەنە بەزىلەر : «بۇ يەرگە ئاۋۋال ئاشۇ ئاق مەسچىت بىنا قىلىنغان ، ئاندىن مەسچىت ئەتراپىغا كىشىلەر ئۆيلەرنى سېلىپ ، مەھەللە قىلىــپ ئاۋاتلاشتۇرغان» دەيتتى . ئەقلىي يەكۈن چىقارغاندا ، ئالدىنقى قاراش توغرىدەك قىلىدۇ . ئەلۋەتتە جامائەت بولغاندىن كېيىن ، ئاندىن مەسچىت

سىلىش زۆرۈرىيىتى كېلىپ چىقىدۇ ـ دە !؟ لېكىن، كېيىنكى قاراشتىكىلەرنىڭمۇ ئۆز ئاساسلىرىغا ئىسپات بولىدىغان قىزىق ھېكايىلەر ئەل ئىچىدە ئېقىپ يۈرەتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر زامانلاردا، تاشدۆك ئۇستىدىكى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل سەھرا يولى بىلەن ماللىرىنى ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان بىر كاتتا باي بولغانىكەن. كارۋان دائىم مۇشۇ دۆڭگە يېتىپ كەلگەندە ئۇلاغلىرىنى توختىتىدىكەن. خىزمەتكارلار تاشدۆك ئاستىدىكى كۆۋەجەپ سۇ ئېقىپ تۇرغان سايدىن تۇلۇملارغا سۇ ئالىدىكەن. ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ تۆشباغلىرىنى بوشىتىپ ھاردۇق ئالدۇرۇپ، بىرەر ۋاخ نامازلىرىنى ئوقۇپ ئۆتۈپ كېتىشىدىكەن. باينىڭ كاللىسىدا: مۇشۇ دۆك ئۇستىگە بىرەر مەسچىت سالدۇرۇپ قويماق لازىم ئىكەن، دېگەن خىيال غىل ـ پال ئەكس ئېتىدىكەنۇ، سودىسى تازا يۈرۈشۈپ تۇرغان ئالدىراش چاغلىرى بولغاچقا، يەنە ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىكەن. يىللار ئۆتكەنسېرى، بايغا قېرىلىق يېتىپتۇ. ئۇ پۈزۈر تونلىرى بىلەن ئات ئۇستىدە ھەرقانچە چاندۇرماي قەددىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرسىمۇ، ئۇستىخانلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى بەقۇۋۋەت چاغلىرىغا ئوخشاشماي قېلىۋاتقىنىنى ھېس قىلىدىكەن. بىر كۈنى، ئۇ ئېسىگە ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىر ئىشنى ئالغاندەك بولۇپ، ئېتىنى ئېگەرلىتىپ مىنىپ، تاشدۆك ئۇستىگە يېتىپ كېلىپ توختاپتۇدە، ئېگەردە قىڭغىيىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆشۈپ كېتىپتۇ.

ئادەم دېگەن شۇنداق. ياشايسەن، ياشايسەن، تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدە ھەر تەرەپكە پالاقلاپ بىر ئۆمۈر مال ـ دۇنيا يىغىسەن. بىر كۈنلەرگە بارغاندا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىڭنى،



قېرىلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ ھېچ كىشىنىڭ بايلىقى، تاجۇ تەختىگە باقماي يېتىپ كېلىدىغان مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى، مىڭ جاپالاردا يىغقان مال ـ دۇنيالىرىڭنى گۆرگە بىللە ئەكېتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوقلۇقىنى چۈشىنىپ قالىسەن ـ دە، ۋاھ، مەن بۇنچىۋالا دۇنيانى نېمىگە يىغدىم؟... ئەسلىدە بۇ قورساققا ھەر كۈنى ئازغىنە تاماق، يېتىپ ـ قوپۇشقا بىرەر كىشىلىك ئورۇن بولسىلا بولىدىغان جاھان ئىكەنغۇ!؟ دېگەن يەرگە كېلىسەن...

شۇنداق قىلىپ، باي ئات ئۇستىدە قىيسىيىپ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپتۇ. شۇ چاغدا قەدىمكى شەھەر خارابىسى تەرەپتىن چاچ ـ ساقاللىرى كۆمۈشتەك ئاقارغان دەرۋىش سۈپەت بىر ئادەم چىقىپ كېلىۋاتقانىكەن. بۇ ئادەم ئۇزۇن بىر تاياقنى ھاسا قىلىپ تايىنىۋالغان بولۇپ، بېشىدا يىرتىق كۇلاھ، ئۇستىدە نېپىز ئەستەرلەنگەن، رەڭگى ئۆڭگەن چەكمەن چاپان بار ئىكەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك باي! — دەپ باينىڭ خىيالىنى بۆلۈپتۇ ھېلىقى دەرۋىش سۈپەت كىشى.

باي ئالدىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان ئادەمگە ئىتتىك قاراپتۇ. چۆللەرنى كېزىپ يۈرىدىغان ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى «ھۆرمەتلىك باي» دەپ چاقىرغىنىغا خۇشال بولۇپ پەخىرلىنىپتۇ ۋە ئات ئۇستىدە قەددىنى رۇسلاپ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سەن مېنى تونۇمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاستىڭىزدىكى ياخشى ئات، قىممەتلىك ئېگەر ـ جابدۇقلار، ئۇستىڭىزدىكى ئېسىل تونلىرىڭىز ھەرقانداق ئادەمگە

سېنىڭ كىملىكىڭنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ . ساقال - بۇرۇتلىرىڭنىڭ پاكىز ياسىتىلغىنىغا قاراپ ، شەھەردە ئەڭ ئۇستا ساتىراشنىڭ قولى تەگكەن بولسا كېرەك ، دەپ ئويلىدىم ، بىلگۈچى ئاللا ، مەن يەنە شۇنىمۇ پەرەز قىلدىمكى ، ھەرقاچان سەن بۇ يەردە : ياشىدىم ، ياشىدىم ، ئاخىرىدا نېمە بولدى ؟... مەن ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يەنە بۇ دۇنيادا قېلىپ ، ئانامدىن تۇغما ھالەتتە ئۇ دۇنياغا كېتىمەنكەن... دېگەنلەرنى خىيالىڭدىن ئۆتكۈزۈۋاتىسەن . شۇنداق ، تاجۇتەخت ، شان - شەرەپ ، ئامەت ۋە بايلىق ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكۈنچى نەرسىلەر . ساڭا بۇ سىرلارنىڭ تېگىگە يەتكۈدەك ئەقىل بەرگىنى ئۈچۈن ياراتقان ئىگەمگە شۈكۈر قىل . شۇ ئاددىي ھەقىقەتنى چۈشەنمەي ، بىر ئۆمۈر كېبىر بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ! — دەپتۇ دەرۋىش .

باي ھەيران بولۇپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ . ھېلىقى ئادەمگە قول بېرىپ كۆرۈشۈپتۇ . ئۇلار تاش ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ .

— سەن توغرا ئېيتتىڭ . مەن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ بىرەر ساۋابلىق ئىش قىلاي دەيمەن . خۇدا ئۆزى كەچۈرسۇن ، مەن ئۆمرۈمدە قانچىلىك گۇناھلىق ئىشلارنى قىلمىدىم ، دەيسەن ؟ بىر تەڭگە ئۈچۈن قانچە كىشىلەر بىلەن ياقىلاشتىم ، قانچە ئادەملەرنى ئالداپ ۋەيران قىلدىم . شۇ تاپتا ئىككىمىزنى يالىڭاچلىسا ، سەن مەندىن پاكراق بولۇشۇڭ مۇمكىن ، — دەپتۇ باي .

— بىلگۈچى خۇدا ! — دەپتۇ دەرۋىش .

— بەزىدە ، خۇدايىم نېمىشقا بەزىلەرنى باي ، بەزىلەرنى گاداي قىلىپ يارىتىدىغاندۇر ؟ نېمىشقا ئامەتنى بەزىلەرگە كۆپ ،



بەزىلەرگە ئازراق بېرىدىغاندۇ ؟ دەپ ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدىم . سەن ئېيتقىنا ، باي بىلەن گادايىنىڭ زادى پەرقى نېمە ؟ — دەپ سوراپتۇ باي دەرۋىشتىن .

— بەلكىم گاداي ساڭا قارىغاندا كۆپرەك ياش تۆككەندۇ ، سېنىڭ كۈلكەڭ ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولغاندۇ . پەرقى شۇنچىلىكلا... خوش ، سەن نېمە قىلاي دەيسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ دەرۋىش .

— ئىككىمىز تۇرغان مۇشۇ دۆڭگە كېلىشتۈرۈپ بىر مەسچىت سالدۇراي دەيمەن . قارا ، مانا بۇ يولدىن يولۇچىلار ئۆتۈپ تۇرىدۇ . سەپەر ئۈستىدە ئۇلار بۇ يەرگە چۈشۈپ نامىزىنى ئۆتىسۇن ، يامغۇر - يېشىنلاردا بۇ يەردە پاناھلانسۇن . سېنىڭ مەسلىھىتىڭ قانداق ؟ — دەپتۇ باي .

— ياخشى نىيەت ! — دەپتۇ دەرۋىش .

— خۇدا خالاپ مەسچىت پۈتۈپ قالسا ، مەن سېنى شۇ مەسچىتكە ئىگىدارچىلىق قىلىشقا تەكلىپ قىلماقچىمەن . مەيلى بۇ يەردە ئادەم بولسۇن ، بولمىسۇن ، سەن ئۆزۈڭ ۋاقتى - ۋاقتىدا ئەزان چاقىرىپ نامىزىڭنى ئۆتەۋەر . سېنىڭ ۋە مەسچىتنىڭ خىراجەتلىرى شەھەردىكى سودا دۇكانلىرىمدىن كېلىپ تۇرىدىغان بولىدۇ ، — دەپتۇ باي .

دەرۋىش كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە :

— مەن ئۈچۈن ئالەمدىكى ھەممە دىنلار ئوخشاشلا ئۇلۇغ . ئىنسانلار دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپ ، «بۇ ئالەم قانداق بىنا بولدى ؟ مېنى كىم ياراتتى ؟ دۇنيادىكى ياخشى - يامان قىلمىشلارنىڭ سورىقى بولامدۇ ، يوق ؟ » دېگەن سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىگەن . پەقەت شۇ سوئاللارغا بېرىلىدىغان جاۋابلارنىڭ خىلمۇ

خىللىقىدىن ھەر خىل دىنلار كىلىپ چىققان . قارا ، بۇ تاشدۆڭنىڭ تۆۋىنىدە بىر قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى تاشلىنىپ يېتىپتۇ . ئۇ يەرنى ئاختۇرساڭ ، ئاتەشپەرەسلەر ئىشلەتكەن ئىسرىق قاچىلىرىنىمۇ ، بۇتپەرەسلەر چوقۇنغان بۇتلارنىمۇ ئۇچرىتىسەن . ھەركىم ياراتقان ئىگىسىنى ھەرخىل يول بىلەن ئىزدىگەن ، ئۇنىڭغا ھەر خىل شەكىل بىلەن سىغىنغان . بىر ئەقىدىدىكىلەر يەنە بىر ئەقىدىدىكىلەرنىڭ ئەقىدىسىنى مۇتلەق خاتا دەپ ، بىر - بىرىگە قارشى قانلىق قىرغىنچىلىقلارنى ئېلىپ بارغان . ئەسلىدە ھەممىمىزنىڭ ياراتقان ئىگىمىز بىر . ئاللانىڭ ئىلتىپاتى ھەممىگە باراۋەر . كۆپكۆك ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بايلارنىڭ سارايلىرىنىمۇ ، كەمبەغەللەرنىڭ قىيسىق كەپىلىرىنىمۇ ئوخشاشلا زىننەتلەپ تۇرىدۇ . قۇياش مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ، بۇتپەرەسلەرنىڭمۇ ، ئاتەشپەرەسلەرنىڭمۇ ... ھەممىنىڭ ئۈستىگە ئوخشاش نۇر تۆكىدۇ . شۇنداق دېگەنلىكىم ئۈچۈن ، مەن قانچە مەسچىت - خانىقالاردىن قوغلاندى بولدۇم . ئەگەر سەن يېڭىدىن سالدۇرماقچى بولۇۋاتقان مەسچىتىڭدىن مېنى قوغلىمايدىغانلا بولساڭ ، مەن ئۇ يەردە كۆپنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا مىڭ مەرتىۋە رازى . مۇسۇلمانچىلىق مەن ئۈچۈن بىر ئاللاغا سىغىنىدىغان ئەڭ مۇقەددەس ئەقىدە !... قارا ، ئەتراپ چەكسىز كەڭ دالا . يەنە بۇ يەردە قەدىمكى بىر شەھەرنىڭ خارابىلىكىمۇ سوزۇلۇپ يېتىپتۇ . مۇنداق خالىي جايدا ياراتقان ئىگەم ئۈچۈن ئىبادەت قىلىپ ، تاتلىق خىياللارنى سۈرۈش نېمىدېگەن ھۇزۇر ! ... — دەپتۇ .

— سىنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىڭ قانداق تاتلىق خىياللار ئۇ ؟ — سوراپتۇ باي ھەيران بولۇپ .



— ئويلىساڭ شۇنچىلىك كۆلكىلىك . بىر - بىرىمىزدىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن نېمىلەرنىدۇر تالىشىمىز . ئاخىرىدا تالاشقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ ، ياراتقان ئىگەمنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قوللا كېتىمىز . شۇ تالىشىش ، بەسلىشىشلەردىن جەڭگى - جېدەللەر كۆتۈرۈلىدۇ ؛ شۇ تالىشىش ، بەسلىشىشلەردىن بايلارنىڭ سارايلىرى ، شاھلارنىڭ قەسىرلىرى قەد كۆتۈرۈپ ، ئاجايىپ شەھەرلەر بىنا بولىدۇ . دەل ئاشۇ تالىشىش ، بەسلىشىشلەرنىڭ ئۆزى ئاخىرىدا يەنە ھەممىنى بەربات قىلىدۇ ...— دەپتۇ دەرۋىش .

باي دەرۋىشنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسىگە قانچىلىك يەتتى ، ئېنىق ئەمەس ، ئىشقىلىپ ، ئۇ ھەممىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتۇ . باي نامازغا زۆرۈر بولغان بىر قانچە ئۇششاق ئايەتلەرنى بىلگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا ، پۈتۈنلەي ساۋاتسىز ئادەم ئىكەن . كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ياراتقان ئىگىسىگە ئىشىنىدىكەن ، سىغىنىدىكەن ، ئۇنىڭدىن قورقىدىكەن . ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدىسى ئەنە شۇنداق ئاددىيلا ئىكەن .

شۇ سۆھبەتتىن كېيىن ، باي تاشدۆڭگە ئاق مەسچىتنى سالدۇرۇپتۇ . مەسچىتنىڭ خىراجەتلىرى باينىڭ سودا دۇكانلىرىنىڭ كىرىمىدىن چىقىم قىلىنىدىغان بوپتۇ . باي بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەنمۇ ياكى ھېلىقى دەرۋىشمۇ ؟ بۇنىسى نامەلۇم ، باي ۋاپات بولۇش ئالدىدا شەھەردىكى بارلىق دۇكانلىرىنى ئاق مەسچىتكە ۋەخپە قىلىپ قالدۇرغان ، دېيىشىدۇ . خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە ، ئاق مەسچىتكە يېتەرلىك خىراجەتلەر شۇ دۇكانلاردىن ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغاچقىمىكىن ، ئەتراپتىن سوپى- ئىشان ، مۇرىتلار بۇ يەرگە كېلىپ يىغىلىپ ، بىر مەزگىل

بۇ مەسچىت قالتىس ئاۋاتلاشقانىكەن. ھەر جۈمە كۈنى بۇ يەردە قانچە ماللارنىڭ بېشى كېسىلىپ، يوغان داش قازانلار پورۇقلاپ قايناپ، زىكرى - سۆھبەتلەر قىزىپ كېتەتتىكەن. شۇ زامانلاردىن باشلاپ، ئاق مەسچىتنىڭ ئەتراپىغا كىشىلەر ئۆيلەرنى سېلىشىپ، ئاتا - ئاستا بۇ يەردە مەھەللىمۇ پەيدا بولغانىكەن. بىر يىلى كەلگەن غايەت زور كەلكۈندە، تاشدۆڭنىڭ تۆۋىنىدىكى سايىنىڭ سۈيى تاشقىنلاپ، ئەتراپقا سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكەن، پەقەت دۆڭ ئۈستىدىكى ئاق مەسچىتلا ئامان قالغان، دېيىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ ئاۋاتلىقى زادىلا ئەسلىگە كېلەلمىگەن، يىراق ئۆتمۈشنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ مانا شۇ ھەيۋەتلىك مەسچىتلا قالغانىكەن... ئاتا - بوۋىلىرىدىن ئاق مەسچىتنىڭ شۆھرىتى، ئۆتمۈشتە بۇ يەردە بولغان زىكرى - سۆھبەتلەرنىڭ داغدۇغىسى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان بەزى يولۇچىلار ھېلىمۇ بۇ يەردىن ئۆتكەندە يىراقتىنلا ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئاق مەسچىتكە ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن يېقىنلىشىپ، بىر - ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى.

ئېھتىمال، ئاق مەسچىتنىڭ تارىخىنى بىلىدىغان ئادەملەر تېپىلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئاق مەسچىتكە ئانچە يىراق بولمىغان تۈزلەڭلىكتە سوزۇلۇپ ياتقان قەدىمكى شەھەرنىڭ ئۆتمۈشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. قاچاندۇر بىر زامانلاردا بۇ يەردە رەت - رەت كوچىلىرى بولغان، ئېگىز سېپىللار بىلەن قورشالغان ئاۋات بىر شەھەر قەد كۆتۈرگەن بولسا كېرەك، ھازىر دۆمچەك - دۆمچەك توپا دۆۋىلىرىگە ئايلانغان بىر خارابىلىكلا كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇ ناھايىتىمۇ ئۇزۇن بىر تارىخقا باغلىنىشلىق تېپىشماقتەك



جىمجىت - سۈكۈتتە ياتاتتى. كېيىنكى چاغلاردا بەزى تارىخچىلار بۇ شەھەرنىڭ قاچان، كىملەر تەرىپىدىن بىنا بولۇپ، يەنە نېمە سەۋەبلەردىن تاشلىنىپ كەتكىنىگە ئىسپات تاپماقچى بولۇپ تارىخىي خاتىرىلەرنى خېلى ئاختۇرۇشقان، ئەمما بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى نەتىجىسىز ئاخىرلاشقان. ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى تولۇق خاتىرىلەنگەن مۇكەممەل ماتېرىياللارنى تېپىش مۇمكىنمىدى!؟... قانچە قولىيازمىلار يوقالغان ياكى نېمە سەۋەبلەردىندۇر كۆيدۈرۈۋېتىلگەن؛ بەزى خاتىرىلەر بولسا ھۆكۈمرانلارنىڭ خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىلگەن. ھازىرغىچە بىزگە يېتىپ كەلگەن خاتىرىلەر بىر پۈتۈن تارىخنىڭ بۇرجەكلىرىنىلا يورۇتالايدۇ؛ ئەنە شۇ غۇۋا يورۇقلۇقتىن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى قىياسلا قىلىشىدۇ، خالاس.

خارابىلىكتە ھېلىمۇ پات - پات ئاشۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ قىدىرغۇچىلار پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇلار خارابىلىكنىڭ ئاللىقانداق يەرلىرىنى كولاپ، قانداقتۇر چاقچۇق پارچىلىرى، قەدىمكى مىس يارماق... دېگەندەك نەرسىلەرنى يىغىپ، خالتىلىرىغا سېلىپ غايىب بولۇشاتتى. بۇ يەرنى كۆپرەك كېلىپ مالتىلايدىغانلار يوشۇرۇن بىر خەزىنىنى تېپىۋېلىپ، تۇيۇقسىز باي بولۇپ كېتىش ئۈمىدىدە يۈرگەن خىيالپەرەسلەر ئىدى. ئۇلار شېرىن ئارزۇلىرىنىڭ ۋەسۋەسىسىدە ئۇيقۇنىمۇ تاشلاپ، ئاچ - زېرىن ئىشلەپ، تاكى خام - خىياللىرى بەربات بولغۇچە ھەپىلىشەتتى. بىز نېمىشقا ئاتا - بوۋىلىرىمىز كۆمۈپ قويغان تەييار بايلىقلارنى تېپىۋېلىشنىڭلا كويىدا يۈرىمىز؟ ئۇلارنىڭ شۇ بايلىقلارنى قانداق يوللار بىلەن ياراتقانلىقىنى بىلىشكە

قىزنىقمايمىز؟ دېگەن سوئاللار ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيتتى.

× ×

ئاق مەسچىت تەرەپتىن قېرى كىشىنىڭ زەئىپ تاۋۇشتا نامازغا چاقىرغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى.

«ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر!»

مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى بوشلۇقنى تىترىتىپ، كەڭ دالىغا سىڭىپ كەتكەندەك بولدى. ئەزان ئاۋازى چىقىشى بىلەن قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىدىن ئاڭلانغان بايىقى شاراقشىغان ئاۋازمۇ جىمىپ قالدى.

ئازدىن كېيىن ئەتراپ يورۇپ، ئۇپۇقتىن لاۋۇلداپ قىپقىزىل يالقۇن كۆتۈرۈلدى ـ دە، پۈتكۈل دالا قىزغۇچ نۇرغا چۆمۈلدى. ھەيدەر بوۋاي ھاسىغا تايىنىپ، مەسچىت ئالدىدا قۇياشنىڭ ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈشىگە قاراپ تۇراتتى. بوۋاي ئۆزىنىڭ ئاق مەسچىتنى سالدۇرماقچى بولغان ھېلىقى باي بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغان دەرۋىشنىڭ قانچىنچى ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. ئۇ قېرىغان، كۆپ ئىشلارنى ئۇنتۇغانىدى. تولىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئەنسىز يىللار، قاتتىق نامراتچىلىق كىشىلەرنى قورساق غېمىدە تەمتىرەپ يۈرىدىغانلا قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ روھىنى قۇرغاقلاشتۇرۇۋەتكەندەك، ئاددىي بىر دەرۋىشلەر ئاجايىپ پەلسەپىۋى قاراشلارنى بايان قىلالايدىغان زامانلار كەلمەسكە كەتكەندەك قىلاتتى. ھەيدەر بوۋاي خۇددى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان ئۇدۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندەك، مەيلى ناماز ئۆتەيدىغان جامائەت بولسۇن، بولمىسۇن،



ئەزان چاقىرىپ نامىزىنى ئۆتەيتتى. شۇ ئەتراپتا بوۋاينىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەبرىلىرى تۇرۇپتۇ.. بوۋاي تەڭتۇش، يارۇ بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلدى. ئىككى قەدىناس ئايالىنى مۇشۇ ئەتراپقا دەپنە قىلدى. ئۇ قانچە قېتىم بۇ ئاق مەسچىتتىن ئايرىلىپ، باشقا بىر يەردە ئۆز كۈنىنى ئېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يەنە بۇ يەردىن كېتىشكە كۆزى قىيمىدى. ئەمدى، بۇگۈنمۇ، ئەتىمۇ، ئەتىگەنمۇ، كەچمۇ ئەجەل ئۇنىڭغا يېقىنلاپ قالدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك نامازدىن كېيىن قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۆزىتىپ تۇرۇشنى ئادەت قىلغانىدى. بۈيۈك قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ھەرقانداق خاقاننىڭ ئوردىدىن چىقىشىدىنمۇ سەلتەنەتلىك ئىدى. كىم بىلىدۇ، بوۋاي بەلكىم ئەتىكى قۇياشنى كۆرەلمەس. ئۇ قۇياشنىڭ ھەر كۈنى قىپقىزىل ئۇپۇقتىن لاۋۇلداپ كۆتۈرۈلگىنىنى كۆرگەندە، باشلىنىۋاتقان يېڭى بىر كۈنلۈك ئۆمرى ئۈچۈن خۇداغا شۈكۈر ئېيتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

بوۋاي بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قاراپ، كۆز ئالدىدا تۇرغان ئىككى يىگىتنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بويى ئېگىزرەك بىرىنىڭ قولىدا كالتە ساپلىق جوتۇدەك بىر نەرسە بىلەن قارا چىراغ تۇراتتى. بويى پاكارراق ئىككىنچىسى تاياقنىڭ ئۇچىغا بىر خالتىنى باغلاپ مۈرىسىگە تاشلىۋالغانىدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ كىيىملىرىگە ياماق چۈشكەن بولۇپ، پۈتىدىكى ئاياغ كىيىملىرىنىڭ يىرتىقىدىن پۇتىنىڭ بارماقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، يىگىتلەر، قاياقتىن كېلىۋاتىسىلەر؟ سەپەر قاياققا؟ — دەپ سورىدى بوۋاي.

— بىز يىراقتىن ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى سەھرادىن كەلدۇق ، بوۋا ، — دېدى ئېگىز بويلۇق يىگىت ، — مېنىڭ ئىسمىم تاھىر ، ماۋۇ ئاغىنەمنىڭ ئىسمى ئەكرەم . كەمبەغەلچىلىك جېنىمىزغا پاتتى . بىر باي بولۇپ باققۇمىز بار ئىدى…

— كېچىچە خارابىلىكنى ئىمىسقىلاپ يۈرگەنلەر سىلەر ئىكەنسىلەر - دە ؟

— كېچە قاتتىق بوران چىققىنىنى تۇيمىدىڭمۇ ، بوۋا ؟… بىز تېخى سەھەرگە يېقىنلا ، بوران توختىغاندا ئۇ يەرگە بارغاندۇق .

— قانداق ، ئالتۇن - پالتۇن تاپالىدىڭلارمۇ ؟

— ئالتۇن ! — دېيىشتى ئىككى يىگىت تەڭلا ، — ئالتۇن دېگەننى نەدە شۇنداق ئوڭاي تاپىدىغان ئىش باركەن ؟ قولىمىزغا كوزا - قاچىلارنىڭ سۇنۇقلىرىدىن باشقا ھېچنېمە چىقمىدى . بۇرۇنقىلار مۇشۇ خارابىلىكنى كولاپ نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تېپىۋالغان ، دەپ ئاڭلايمىز ، راستمۇ ؟

ھەيدەر بوۋاي كۈلۈپ كەتتى .

— راست ، بىز شۇنداق ئاڭلىغان ، — دېدى پاكارراق كەلگەن يىگىت ئاغىنىسىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ . كۆزلىرى يوغان ، چىرايلىق كەلگەن بۇ قارىقۇمچاق يىگىت ئەمدى مۇرىسىدىكى خالتىنى قولىغا ئېلىپ ، پېشانىسىنى سىلىغىنىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ مەسچىت تەرەپكە قاراپ تۇراتتى ، — پاھ ، بۇ قالتىس ئېسىل مەسچىتكىنا ! ؟

— بۇرۇن بىر كىشى ئاشۇ خارابىلىكتىن بىر كومزەك ئالتۇن تېپىۋېلىپ ، مانا مۇشۇ ئاق مەسچىتنى



سالدۇرۇپتىكەنغۇ ؟… بىز شۇنداق ئاڭلىغان ، — دېدى ئېگىز بويلۇق يىگىت . ئاق يۈزلۈك بۇ يىگىتنىڭ يېڭىدىن خەت تارتقان بۇرۇتلىرى كالپۇكى ئۈستىدە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

— شۇنداق گەپلەرنى مەنمۇ ئاڭلىغان ، راست - يالغىنىنى بىلمەيمەن ، — دېدى بوۋاي .

— ئىشقىلىپ ، بۇ مەسچىت بۇ تاشدۆڭگە ئاسماندىنلا مۇشۇنداق چۈشۈپ قالمىغاندۇر ؟ ئۇنى سالدۇرغان بىرەر ياخشى نىيەتلىك ئادەم باردۇر ؟

— كاساپەتنىڭ پۇلى تازا جىقكەن - دە ؟ ئۇ كىشى تاپقان پۇلنى خۇدا يولىدا سەدىقە قىلىشقا نېمىشقا باشقا يەرنى ئەمەس ، دەل مۇشۇ قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى يېنىدىكى تاشدۆڭنى تاللىۋالغاندۇر ؟ بۇ ئەتراپتا ، مۇنداق چوڭ مەسچىتتە ناماز ئوقۇغۇدەك ئادەممۇ يوققۇ ؟

— بۇ تەرەپلىرىنى خۇدا ئۆزى بىلمىسە ، — دېدى ھەيدەر بوۋاي ، — بەلكىم ئۇ ساخاۋەتلىك ئادەم بۇ يەردىكى قەدىمكى شەھەرنىڭ تارىخىنى ، ئۇنىڭدا قانداق ئادەملەر ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى ئاز - تولا بىلىدىغاندۇر ياكى سىلەر ئېيتقاندەك بىر كومزەك ئالتۇننى خارابىلىكتىن تېپىۋېلىپ ، خارابىلىك يېنىدىكى مۇشۇ دۆڭنىڭ ئۈزىگىلا بىر مەسچىت سالدۇرۇپ قوياي ، دېگەندۇر… قېنى ، يىگىتلەر ، مەسچىت ئىچىنى بىر كۆرۈپ باقامسىلەر ؟

بوۋاي يېڭى كەلگەن ھەربىر كىشىگە مەسچىت ئىچىنى بىر كۆرسىتىپ ، ئايدالىدا مۆجىزىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ ئىمارەتنىڭ ئېسىللىقى بىلەن ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى . ئۇلار تاش پەلەمپەيلەردىن كۆتۈرۈلۈپ ، مەسچىتنىڭ

ئېگىز پېشايۋىنى ئاستىدىكى نەقىشلىك ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بوۋاي ئوڭ قولىدىكى ھاسىسىنىڭ ئىلمىكىنى سول بىلىكىگە تاشلاپ، قوش قاناتلىق ئىشىكنى ئىتتەردى. ئىشىك ئېغىر غاچىلداپ ئېچىلدى.

— قېنى، بىسمىللاھىر رەھمانىرەھىم، دەپ كىرىڭلار.

يىگىتلەر مەسچىت ئىشىكىدىن كىرىپ، بوسۇغىدىلا تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلارنى ئازراق سۇر باسقاندەك بولدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ دېھقان بالىلىرى تۇغۇلغاندىن بېرى ھېچبىر يەردە كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ بىر ھۈنەر - سەنئەت نامايان بولۇپ تۇراتتى. مەسچىتنىڭ تام - تورۇس، مېھراپىنىڭ ئەتراپلىرىدىن ھەربىر بۇرجەكلىرىگىچە ھەممە يەرگە ئاپئاق گەجدىن قاپارتما نەقىشلەر چىقىرىلغانىدى. مەسچىت ئۆگزىسىنى ھەيۋەتلىك ئون ئىككى تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، مەسچىت ئىچىدىكى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان بارلىق چوڭ - كىچىك ياغاچلارغا نەپىس گۈللەر ئويۇلغانىدى. يىراق بىر خىلۋەت ماكاندا، كىملەرنىڭدۇر، نېمە سەۋەب بىلەن مۇنداق ئاجايىپ قۇرۇلۇشنى بەرپا قىلغىنى كىشىنى ئەجەبلەندۈرمەي قالمايتتى. يىگىتلەر ئون ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ھەربىرىنى دېگۈدەك ئەيمىنىپ سىلاپ بېقىشتى. بۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۈستىگە چېكىلگەن گۈل - چېچەكلەرنىڭ شەكلىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى ...گەرچە بۈگۈنكى كۈندە مۇنداق قەدىمكى ئىمارەتلەرنى قايتا سىرلاپ، تۈزەشتۈرۈپ قويىدىغانلارمۇ ئۇنىڭ بىر - بىرىگە ئۆزىنىڭ ئىسىم - شەرىپىنى يېزىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان بولسىمۇ، بۇ مەسچىتنى كىم ياساتقان؟ ئۇ قايسى يىلى، نېمە ۋەجىدىن، دەل مۇشۇ ئورۇننى تاللاپ بۇ مەسچىتنى سالدۇرماقچى



بولغان؟ بۇ تام - تورۇس، تۈۋرۈكلەرگە نەپىس نەقىشلەرنى ئويغان ھۈنەرۋەنلەر كىم؟ ئۇلار قەيەردىن كەلگەن؟ بۇ ھەقتە ئاق مەسچىتنىڭ بىرەر يېرىگە ئىككى ئېلىك خەت بىلەن بولسىمۇ خاتىرە قالدۇرۇپ قويۇش ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمىگەنىدى. ئېھتىمال، ئۇ زاماننىڭ ساخاۋەتچىلىرى «قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمىزنى پەقەت ياراتقان ئىگەملا بىلسە كۇپايە» دەپ قارىسا كېرەك.

— قېنى، يۈرۈڭلار، ئۆيگە چىقايلى، — دېدى ھەيدەر بوۋاي تۆت تەرەپكە قاراپ ھەيران بولغان يىگىتلەرگە، — تېخى ئەتىگەنلىك چايمۇ ئىچمىگەنسىلەر؟

يىگىتلەر ھەيدەر بوۋاينىڭ ئاق مەسچىتكە يانداپ سېلىنغان ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. تۆۋەنكى تەرەپتىن بىر قىز قاپاقتا سۇ ئېلىپ چىقىۋاتاتتى. خۇددى تولۇن ئايغا قاش - كۆز چىقىرىپ قويغاندەك چىرايلىق بۇ قىز ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ نۇرىغا چۆمۈلۈپ بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. بويىغا يېتىپ قالغان قىزنىڭ ناتونۇش يىگىتلەرنى كۆرگەندىكى ۋىللىدە قىزىرىشى ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ قىزىللىقى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ھۆسنىگە ئۆزگىچە بىر رەڭ بەرگەنىدى. شۇ تاپتا يىگىتلەرگە غەلىتە مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئاي بىلەن كۈن ئۇپۇقتىن تەڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك تەسىرات بەردى.

— ھە، ئۇ مېنىڭ نەۋرە قىزىم گۈلسۈم، — دەپ يىگىتلەرنىڭ دىققىتىنى بۆلدى بوۋاي، — ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە. چاي ھازىر تەييار بولىدۇ.

بوۋاينىڭ باشلىغان ئۆيى ئىككى ئېغىزلىق ئاددىي ھۇجرا

ئىدى. ئۆي ئىچى ئاددىي بولسىمۇ ناھايىتى پاكىز سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. دالان ئۆيدىكى سۇپا ئۈستىگە كونا بوز كىگىز تاشلانغان، ئوچاق بېشى ۋە سۇپىنىڭ كىگىز ياپالمىغان يەرلىرى سېغىز لايدا كۆڭۈل قويۇپ سۇۋالغانىدى. تامدىكى ئويۇقلارغا كوزا، ھېجىر قاچا، ماي قاپىقى دېگەندەك لازىمەتلىك نەرسىلەر قويۇلغانىدى. ئوچاقتا ئېسىقلىق تۇرغان قازاننىڭ تۆۋىقى ئۈستىدە ئۇزۇن يىللار تۇتۇلغانلىقتىن قىزىرىپ پىشقان ئەپچىلگىنە نوگاي چۆمۈچ تۇراتتى. ئىچكەركى ئۆيدىكى كونا قەدىمكى ساندۇق ئۈستىگە ئورۇن - كۆرپىلەر رەتلىك يىغىلغان بولۇپ، پەسكە كونا گۈللۈك تېكمەت كىگىز سېلىنغانىدى. تۆردە بىر قۇراق كۆرپە تاشلاقلىق تۇراتتى. بوۋاي مېھمانلارنى ئىچكەركى ئۆيگە باشلاپ، ئۆزى كۆرپىگە چىقىپ سۇنايلىدى.

يىگىتلەر ئاق مەسچىتنىڭ ۋە ئىشىك ئالدىدا ئۇچراشقان گۈزەل قىزنىڭ ئۆزلىرىگە قالدۇرغان تەسىراتىدىن تېخى يېشىلىپ بولالمىغانىدى. ئېگىز بويلۇق يىگىت تاھىرنىڭ كۆزلىرى بوۋاينىڭ تامدىكى قوزۇقتا ئېسىقلىق تۇرغان سەللىسى بىلەن ئۆڭگەن پەرىجىسىگە مەقسەتسىزلا تىكىلگەنىدى. بويى پاكارراق يىگىت ئەكرەم بولسا ئىچىدە: «بوۋاينىڭ نەۋرىسى ئەجەب گۈزەل قىزكىنا. شۇنداق جانان بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتسە، باشقا ھەرقانداق ئېغىر كۈنلەر كەلسىمۇ بىلىنمەيدىغۇ دەيمەن؟...» دەپ ئويلاۋاتاتتى. ئارىنى بىردەملىك جىمجىتلىق باسقاندىن كېيىن، گەپ يەنە قەدىمكى شەھەر ئاستىغا كۆمۈلگەن مال - دۇنيا ئۈستىدە باشلاندى. يىگىتلەرنىڭ پۈتۈن ئەس - خىيالى تەلىيى بىر ئوڭدىن كېلىپ بېيىپ كېتىشتىلا ئىدى.

— بۇ يەردە ئالتۇن - كۈمۈش چېچىلىپ ياتىدۇ، دەپ



سىلەرگە كىم ئېيتتى؟ — دەپ سورىدى بوۋاي كۈلۈمسىرەپ.

— مۇنداق گەپلەر تولىغۇ، — دېدى تاھىر، — مېنىڭ بىر تاغام بار. ئۇنىڭ گېپىگىمۇ تازا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. نېمىشقا دېسەڭ، بوۋا، ئۆزى چېكەرمەن. چېكىۋېلىپ غەلىتە خىياللارنى سۈرۈپ، شۇنداق قىزىق گەپلەرنى قىلىدۇكى، قېپقىزىل يالغان گەپلىرىنىمۇ خۇددى راستتەك قاملاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدا ئەسكەر بولۇپ كۆپ يەرلەرگە بارغىنى راست. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بىر زامانلاردا ئۇ يامۇلغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانىكەن. ئۇلارغا كۆلدە بويىغان ماتادا تىكىلگەن بىر قۇر كىيىمنى كىيدۈرۈپ، ئوقى يوق مىلتىقنى كۆتۈرتۈپ، «ئوڭغا مارش، سولغا مارش!» دەپ كۈندە مەشىق قىلدۇراتتىكەن. بىر كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا: «ئۇرۇشقا بارغۇدەكمىز» دېگەن گەپ تارقىلىپتۇ. ئەسكەرلەر: «مۇنداق سېپىلنىڭ ئىچىدە كۈندۈزى قۇرۇق پوپوغا يۈگۈرۈپ، كېچىسى پىت بېقىپ ئولتۇرغاندىن ئۇرۇشقا بارساقمۇ بارايلى» دەپ خۇشال بولۇشۇپتۇ. بىر كۈنى ئەسكەر باشلىقلىرى ئۇلارنى سەپكە تىزىپ، قولىدىكى مىلتىقلىرىنى يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىردىن كەتمەن - گۈرجەكنى تۇتقۇزۇپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار: «مىلتىقنى تاشلاپ، كەتمەن - گۈرجەك بىلەن قىلىدىغان بۇ قانداق ئۇرۇشتۇر؟!» دېيىشىپ ھەيران بوپتۇ. ئەسلىدە يامۇل ئەسكەرلەرنىڭ قورسىقىنى باقالماي، بۇ خارابىلىكتە كۆمۈلۈپ ياتقان ئالتۇن - كۈمۈش بار، دەپ ئاڭلاپ، ئەسكەرلەرنى بۇ يەرگە ئالتۇن كولاتقىلى ئېلىپ ماڭغانىكەن. بۇ يەرگە كېلىپ كولاپتۇ، كولاپتۇ. زادى قانچىلىك بىرنېمە چىققىنىنى ئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىكەن.

— شۇنداق ئىشنى سەنمۇ ئاڭلىغانمۇ، بوۋا؟ — دەپ بوۋايغا تىكىلدى تاھىرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەكرەم.

— بۇ تېخى يېقىن يىللاردا بولغان گەپلەرغۇ، مەن نېمىشقا بىلمىگۈدەكمەن؟ — دېدى بوۋاي، — شۇ چاغدا نۇرغۇن چېرىكلەر بۇ يەرگە كېلىپ، ئالتۇن تاپىمىز، دەپ خارابىلىكنىڭ ئىچىنى تىلغىۋەتكەنىدى. ھە، شۇلارنىڭ ئىچىدە سىنىڭ تاغاڭمۇ بار ئىكەن - دە؟... ھېچنېمە تاپالماي، ئاخىرىدا دېھقانلارغا ھاشار سېلىپ ئېرىق چاپتۇرۇپ، مىڭ مۇشەققەتتە بۇ يەرگە بىر ئېرىق سۇمۇ باشلاپ كەلگەن. خارابىلىكنىڭ ئىچىنى يول - يول قېزىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن شارقىرىتىپ سۇ ئېقىتقان. شۇ ئېرىقلارنىڭ ئىزناسى خارابىلىك ئىچىدە ھازىرمۇ بار.

— ئۇ يەرگە سۇ ئېقىتىپ نېمە قىلماقچىكەن؟

— توپىنى سۇ بىلەن چايقاپ ئېقىتىۋېتىپ، سۈزۈلۈپ قالغان ئالتۇنلارنى تاغارلارغا قاچىلاپ ئەكەتمەكچى بولغان ئوخشايدۇ.

— قانداق، راستىنلا تاغارلاپ ئالتۇنلارنى سۈزۈۋالدىمۇ؟

— بىلمىدىم. ئۇلار ئەتراپقا جېسەكچىلەرنى قويۇپ، ھېچكىمنى خارابىلىككە يېقىن كەلتۈرمىگەنىدى. شۇنداق بىر- ئىككى ئاي ھەپىلەشتى. چېرىكلەرگە قارىساڭ، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسكەن، كىيىم - كېچەكلىرى رەتسىز، ئۈستىبېشى توپا - تۇمان، بەكمۇ ئاۋارە كۆرۈنەتتى. ھە دېسىلا ئەتراپتىكى يېزىلاردىن توخۇ، تۇخۇم ئوغرىلاپ دېھقانلارنىڭمۇ ئارامىنى قويمىدى. شۇ چاغدا ھەممىمىز: «ھەي، بۇلارنىڭ ئالتۇن تاپالىغىنىمۇ تايىنلىقمىكىن، بولمىسا خەقنىڭ كاتىكىنى مالتىلاپ يۈرمەس ئىدى» دېيىشكەنىدۇق. بىر كۈنلەردە ئۇلار ئۆزلۈكىدىن



غايىب بولۇشتى. بۇ يەرگە شۇنداق تەلەي سىناپ كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغانلار خېلى بار. ھازىرغىچە بىرەرى يوغانراق بىرنېمە تېپىۋاپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ باقمىدىم.

بوۋاينىڭ نەۋرە قىزى كىرىپ ناشتىغا داستىخان راسلىدى. ئەكرەمنىڭ كۆزى نان - توقاچلارنى تىزىپ، چاي قۇيۇۋاتقان قىزغا ئاغدۇرۇلدى. قىزنىڭ كېلىشكەن قامىتى، ساغرىسىدا ئويناپ تۇرغان ئىككى ئۆرۈمە چېچى، ئۇنىڭ يۇمران بەدەنلىرىدىن كېلىۋاتقان خۇش پۇراق يىگىتكە ئىللىق بىر سېزىم ئاتا قىلماقتا ئىدى. بوۋاينىڭ باياتىن بېرىقى سۆزى تاھىرنى ئۈمىدسىزلەندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇمۇ قىزنىڭ چاي قۇيۇۋاتقان قولىغا تىكىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، خىيالى: «تەس گەپ ئىكەن- دە!... ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى شۇنچە ئاختۇرۇپ تاپالمىغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى قۇرۇق قول كولاپ بىز قانداق تاپالايتتۇق؟» دېگەنلەردە ئىدى. «ياق، ئۈمىدسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى، — دەپ خىيالىنى داۋام قىلدى تاھىر، — كىم بىلىدۇ، يىللاردىن بېرى يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان دۇنيالار بەلكىم تىرەنلا بىر يەردە، قايسىبىر تەلەيلىكنىڭ بىر كەتمەن چېپىپلا قومۇرۇۋېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇر...»

— خوش قېنى، جوزىغا يېقىنراق كېلىپ چاي ئىچىڭلار، — دەپ يىگىتلەرنىڭ خىيالىنى بۆلدى بوۋاي، — سىلەر نېمىشقا ئىزدەيدىغان نېمەڭلەرنى كۈندۈزى ئىزدىمەي، خارابىلىكتە قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرىسىلەر؟

ئىككى يىگىت ئىتتىك بىر - بىرىگە قاراشتى. بوۋاي نان ئۇشتۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا سۇرۇپ قويدى.

— بىز تەرەپتە چوڭ بىر مازار بار، — دەپ گەپ باشلىدى

تاھىر چايدىن ئوتلاپ تۇرۇپ . ئۇ گەپنى تولىراق قىلاتتى . بوۋاينىڭ نەۋرە قىزىغا قىزىقىپ قېلىۋاتقان ئەكرەم بولسا ئۇنچىقماسراق يىگىت ئىدى ، — چوڭلار ئۇنى «ناھايىتى ئۇلۇغ مازار» دېيىشىدۇ ، زادى كىمنىڭ مازىرى ئىكەنلىكىنى بىزمۇ ئۇقمايمىز . مازارنىڭ ئېگىز گۇمبەزلىرى قىيسىيىپ ، ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالدى . گۇمبەزنىڭ ئەتراپىدا شاخلىرىنى يېيىپ ئۆسكەن بىر - بىرىدىن يوغان قارىياغاچلار بار . بالا ۋاقتىمىزدا ، كۈندۈزى ئۇ يەردە مۆكىمۆكىلەك ئوينايتتۇق . كېچىسى مازارنىڭ ئەتراپى شۇنچىلىك قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ . قارىياغاچلارنىڭ ئۈستىدە جىنلار ئۇسسۇل ئوينىغۇدەك ، دەپ ئەيمىنىپ ، ئۇ يەردىن ھېچكىم ئۆتەلمەيدۇ . مازارنىڭ يېنىدىكى كىچىك بىر ئۆيدە مازارنىڭ شەيخى يېتىپ - قوپىدۇ . قاشلىرى ئۆسكىلەڭ . مۈكچىيىپ ماڭىدىغان غەلىتە ئادەم . چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ شەيخنىڭ جىنلارنى ياۋاشلىتىۋېتىدىغان ئايەتلىرى بارمىش ، شەيختىن جىنلارمۇ قورقىدىكەن . مەھەللىمىزنىڭ ئادەملىرى يىراقتا سەپەر قىلماقچى ياكى چوڭراق بىر ئىشقا تۇتۇش قىلماقچى بولسا ، ئاۋۋال ئازراق ياغ پۇرىتىپ ، قويماق - پوشكال سېلىپ ، ھېلىقى شەيخنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالىدۇ…

— قېنى ، چاي ئىچكەچ سۆزلە ، — دېدى بوۋاي .

تاھىر ئازراق نان يەپ ، چايدىن بىر سومۇرۇۋېلىپ ، ھېكايىسىنى داۋام قىلدى :

— بىزمۇ شۇنداق قىلماقچى بولدۇق .

— نېمە قىلماقچى بولدۇڭلار ؟

— چوڭلارنى دوراپ ، شەيخنىڭ دۇئاسىنى ئالماقچى بولدۇق . بىراق ، ياغ پۇرىتىپ ، پوشكال سالىدىغانغا نەدە پۇل .



مەن بىر يېتىم بالا ، ھېلىقى تاغامنىڭ ئۆيىدە تۇرىمەن . ئۆزى ياخشى ئادەم ، بەك كەمبەغەل ، چېكىنۋېلىپ : «تاھىر ، خۇدايىم بىزگىمۇ ‹ئال قولۇم › دەپ ئازراق بىرنېمە بېرىۋەتسە ، بىر باي بولۇپ كەتسەك - ھە !» دەپ قۇرۇق خىيال قىلىدۇ ، ئىشى راۋاج تاپمايدۇ . ماۋۇ ئەكرەم ئاغىنەمنىڭمۇ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ، دادىسى شۇنداق ياۋاش ئادەم ، ئىشلەشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ . ئۆگەي ئانىسىنىڭ ھەر يىلى قورسىقى دومبىيىپ تۇرىدۇ ، ئارقا - ئارقىدىن بەشنى تۇغدى . ئۇكىلىرىنى يۇدۇپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ بۇ ئاغىنەمنىڭ بويىمۇ ئۆسمەي قالدى . ئۆگەي ئانىسى شۇنچىلىك زالىم ، ئۇنىڭغا تويغۇدەك تاماقمۇ بەرمەيدۇ .

تاھىر شۇ گەپلەرنى قىلىپ ئاغىنىسىگە قاراپ قويدى . يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ چىنىلەرگە چاي قۇيۇۋاتقان قىز ئەكرەمگە ئىچى ئاغرىپ قاراپ قالدى . ئەكرەم ئاغىنىسىنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان گەپلەرنى قىلغىنىغا خىجالەت بولۇپ قىزىرىپ كەتتى .

— ھوي ، چاي ئىچىڭلار ، چاي ئىچكەچ پاراڭ قىلىڭلار ! — دېدى بوۋاي .

— شۇنداق قىلىپ ، ئەكرەم ئىككىمىز ، ئەمدى قانداق قىلساق بولار ؟ دەپ مەسلىھەتلەشتۇق ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى تاھىر ئاغزىدىكى ناننى چايناپ تۇرۇپ ، — توختا ، بىر ئامالىنى قىلىمىز ، دېدىم . قوشنىمىزنىڭ كاتىكىدىن تۇخۇم بېسىپ ياتقان بىر توخۇنى ئوغرىلاپ ، ئاستىدىكى تۇخۇملىرىنىمۇ قوشۇپ يانچۇققا سېلىپ چىقتىم . شەيخنىڭ ئالدىغا باردۇق . ھېلىقى ئەسكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىشىمىزگىلا ، ئۇ : «كېلىڭلار ، بالىلىرىم . ھە ، سەپەر قاياققا ؟» دەپ سوراپ

قالدى .

ئەكرەم ئىككىمىز ھەيران بولۇپ بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق . ئۆينىڭ ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئۇنىڭ ئولتۇرغان يېرىنى ئارانلا پەرق ئەتتۇق . چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ شەيخ شۇنداق سىرلىق ئادەمكەن . ئۇنىڭ بىلمەيدىغان ئىشى يوقمىش ، غايىبتىن كەلگەن ئاۋازلار ئۇنىڭغا كىمنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى ، مەخپىي سىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرىپ تۇرارمىش . ئۇنىڭغا يالغان گەپ قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايدىكەن . بىزمۇ گەپنىڭ راستىنى قىلىپ ، ئۆزىمىزنىڭ قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىگە بېرىپ ، تەلىيىمىزنى بىر سىناپ باقماقچى بولغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق . شەيخ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي :

«ھە ، بىلىمەن ، بىلىمەن ، سىلەر بارماقچى بولغان يەر نەچچە يۈز يىللارنىڭ ئالدىدا بىر شەھەر ئىدى . توقلۇق ، باياشاتچىلىقتىن شەھەرنىڭ ئادەملىرى بۇزۇقچىلىققا پېتىپ قېلىپ ، ئاللانىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ ، بىر كېچىدىلا ئاسماندىن قۇم - تۇپراق يېغىپ ، شەھەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان» دېدى .

بىز «تۇۋا !» دەپ ياقىمىزنى تۇتتۇق . شەيختىن :

«ئۇنداقتا بىز ئۇ يەرگە بارساق بولارمۇ ؟ بارمىساق بولارمۇ ؟» دەپ سورىدۇق . شەيخ :

«بېرىشقا نىيەت قىلغان بولساڭلار بېرىڭلار ، ئەمما ئۇ يەرنى كېچىسى ئاختۇرۇڭلار» دېدى .

بىز بۇ گەپنى چۈشەنمىدۇق . قاراڭغۇ كېچىدە نېمىنى كۆرگىلى بولىدۇ ؟ ئۇ بىزنى ئوغرىلىق قىلغىلى كېتىپ بارىدۇ ، دەپ قېلىۋاتامدۇ ، قانداق ؟ دەپ ئۇنىڭدىن :



«نېمىشقا ؟» دەپ سورىدىم . شەيخ :

«ياراتقان ئىگەم كېچىنى كۈندۈزدە جاپا چەككەنلەرنىڭ ئارام ئېلىشى ، ئۇياتلىق ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ شۇ ئىشلارنى خۇپىيانە قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ياراتقان . كۆمۈلۈك خەزىنىنى ئىزدىمەكنىڭمۇ مەخپىي بولغىنى ياخشى . سىلەر ئۇ يەرنى ئەڭ ياخشىسى كۈننىڭ قىزىلى يىتكەندىن باشلاپ ئاختۇرۇپ ، تاڭ سەھەردە ئەزان ئاۋازى چىقىشى بىلەن ئاۋارىچىلىكىڭلارنى توختىتىڭلار !» دېدى .

ئەيتاۋۇر تازا ئېسىمدە يوق ، شەيخنىڭ گېپىنىڭ ئورامى مۇشۇنداقراق بولدى . قولىمىزدىكى توخۇ ، تۇخۇملارنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ ، رەھمەت ! دېدۇق . ئۇ :

«بۇ نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ كەلگەندەك تۇرىسىلەر ، ئالمايمەن» دېدى .

شۇنداق بولسىمۇ ، ئاپارغان نەرسىلىرىمىزنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قايتىپ چىقتۇق…

تاھىر يەنە مەھەللىدىن چىققاندا باغلاقتىن بوشانغان قوزىدەك خۇشال بولۇپ قانچىلىك قىيغىتىشقانلىقىنى ، يولدا بىر تونۇردىن كۆمەچ ئوغرىلاپ يېيىشكەنلىرىنى ، كېچىسى ياتىدىغان جاي تاپالماي ، بىر كونا تۈگمەنگە كىرىپ يېتىپ تازا قورققانلىقىنى ، باغدىن ئالما ئوغرىلايمىز ، دەپ تامدىن ئارتىلىپ ، بىر ئىشلەمچىنىڭ باغۋەننىڭ قىزى بىلەن سۆيۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى… يەنە شۇنداق نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلىمەكچىدى . باشقىلارنىڭ چېيىنى ئىچىپ بولۇپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، سۆزدىن توختاپ ئالدىدىكى چېيىنى ئىچىۋېتىشكە تۇتۇندى . ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى :

— شۇنچە يوللارنى بېسىپ، ئىزدەپ - سوراپ بۇ يەرنى ئاران تېپىپ كېلىۋىدۇق، قېرىشقاندەك ئاخشام بوران چىقىپ كەتتى. بىر كونا خاماننى تېپىپ، مەڭگەنگە يۆگىنىپ ياتتۇق. بىر چاغدا كۆزىمىزنى ئاچساق، بوران توختاپ، ئۈستىمىزدە يۇلتۇزلار كۈلۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ. خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتىپ، خارابىلىككە ئالدىراپ يېتىپ كەلدۇق. ئۇيەر - بۇيەرنى ئەمدىلا كولاشتۇرۇپ تۇراتتۇق، بۇ تەرەپتىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئىشىمىزنى توختاتتۇق، — دەپ ئاياغلاشتۇردى.

چايدىن كېيىن بوۋاي دۇئاغا قول كۆتۈردى. دۇئادىن كېيىن بوۋاينىڭ نەۋرە قىزى داستىخاننى يىغىپ دالان ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

— ئەزاننى كىم ئېيتىدۇ، بوۋا؟ — دەپ سورىدى ئەكرەم.

— كىم ئېيتاتتى، مانا مەن ئېيتىمەن.

— كىمنى نامازغا چاقىرىسەن؟ بۇ ئايدالىدا باشقا ئادەممۇ يوقتەكقۇ؟

— بۇ قەدىمكى خارابىلىكتە ئىلگىرى ھالال ئەمگەكلىرى بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن ئاتا - بوۋىلىرىمىز ياشاپ ئۆتكەن، دەپ بىلىمەن، — دېدى بوۋاي، — ياش ۋاقتىمدا، بۇ خارابىلىك ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇرغان نۇرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. ھەر كۈنى ناماز ۋاقتىدا، بۇ ئەتراپتا ياشاپ ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ روھى بولسىمۇ ئاڭلىسۇن، دەپ ئەزان چاقىرىمەن، ھەر نامىزىمدا ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن. نامراتچىلىقتا ئۆتۈۋاتقان كۈنۈمگە شۈكۈر قىلىپ، بۇ يەردە شۇنچە ئۇزۇن يىل ياشاپتىمەن. بىرەر پارچە ئالتۇن تېپىۋالارمەنمىكىن، دەپ شۇ خارابىلىككە بېرىپ بىرمۇ كەتمەن چېپىپ باقماپتىمەن. بۇمۇ بىر



ئەقىدە. مېنىڭ سىلەردەك ياشلىق چاغلىرىم بولغان. لېكىن، سىلەر تېخى مەندەك قېرىلىق دەملەرگە كەلمىدىڭلار. نۇرغۇن نەرسىلەرنى كېيىن چۈشىنىپ قالىسىلەر.

تاھىر بىلەن ئەكرەم بوۋاينىڭ زادى نېمە دېمەكچىلىكىنى ئاڭقىرالماي، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى. تاھىر: «بىزنىڭ ھېلىقى شەيخ...» دەپ يەنە بىر گەپنى باشلىماقچى بولۇۋىدى، بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى.

— بىلگۈچى ئاللا، — دېدى بوۋاي، — شەيخلەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىۋېرىشكىمۇ بولمايدۇ. بۇ يەردە تارقىلىپ يۈرگەن مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ بار: بىر زامانلاردا، مۇشۇ خارابىلىكنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرنىڭ بىرىدە ئاق كۆڭۈل، ساددا بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇششاق بالىلىرى بىلەن كۈنى تولىمۇ غۇربەتچىلىكتە ئۆتەتتىكەن. ئۇ ھەر كۈنى: «ھەي خۇدا، بىر كاللەك ئالتۇننى غايىبتىن تاشلاپ بەرگەن بولساڭ، مۇشۇ ئېغىر كۈنلەردىن قۇتۇلۇپ، مەنمۇ ئارامخۇدا ساڭا ئىبادىتىمنى قىلغان بولسام» دەپ تىلەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ چۈشىدە ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي ھاسىسى بىلەن ئۇنى تۇرتۇپ ئويغىتىپ:

«قوپ ئورنۇڭدىن، قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىگە بار. خارابىلىك ئوتتۇرىسىدا بىر توپ يۇلغۇن ئۆسۈپ تۇرۇپتۇ. يۇلغۇننىڭ ئوڭ تەرىپىنى كولىساڭ، بىر تاش چىقىدۇ، تاشنى ئورنىدىن قوزغاتساڭ، تۆۋەنگە قاراپ كەتكەن يول كۆرۈنىدۇ، ‹بىسمىللا!› دەپ ئوڭ پۇتۇڭنى ئېلىپ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، ئالدىڭدىكى يول بىلەن ماڭساڭ خەزىنىگە يېتىسەن» دەپتۇ.

دېھقان چۆچۈپ ئويغانسا چۈشى . تاڭ يورۇپ قالغانىكەن . ئۇ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، تاھارەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ ، مەھەللىنىڭ يېنىدىكى قەبرىستانلىقتا قارايدىغان شەيخنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ، ئۇنىڭغا كېچە كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ :

«شەيخ ئاتا ، سىزچە قانداق قىلسام بولىدۇ ؟ » دەپ مەسلىھەت سوراپتۇ . شەيخ :

«بالام ، سەن چۈشۈڭدە ساقاللىق شەيتاننى كۆرۈپسەن . ھەرگىز ئۇنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ ، خارابىلىككە بېرىپ ، كەلسە-كەلمەس يەرلەرنى كولاپ يۈرگۈچى بولما ! » دەپتۇ .

شەيخ دېھقاننى شۇنداق دەپ يولغا سېلىپ قويۇپ ، خارابىلىككە ئاستا ئۆزى بېرىپ قاراپ بېقىپتۇ . قارىسا راست . خارابىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىزغۇچ چېچەكلىگەن بىر تۈپ يۇلغۇن باراقسان بولۇپ ئۆسۈپ تۇرغۇدەك . شەيخ يەڭلىرىنى شىمايلاپ ، يۇلغۇننىڭ يېنىنى بىر ھازا كولىغانىكەن ، يوغان بىر تاش چىقىپتۇ . تاشنى ئىنجىقلاپ يۆرۈپ ئورنىدىن قوزغاتقانىكەن ، تۆۋەندە تاش پەلەمپەي كۆرۈنۈپتۇ . شەيخ : «تاپتىم ! تاپتىم ! » دەپ ۋارقىراپ ، خۇشاللىقىدا «بىسمىللا» دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ ، ئۇدۇل كەلگەن پۇتىنى ئېلىپ تاش پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ، شۇنداق قارىسا ، ئۇنىڭ ئىچى كەتكەن ئۆڭكۈر ئىكەن . ئۇ بىر - ئىككى قەدەم باسمايلا ، پۇتىنىڭ ئەتراپىدا مىغىلداپ يۈرگەن يىلانلارنى كۆرۈپتۇ . «ئاللا ، تۇۋا ! » سېلىپ قېچىپ چىققۇچە ، يىلانلار ئۇنى قوغلاپ يېتىپ ، چېقىپ ئۆلتۈرۈپتۇ . كىشىلەر ئەتىسى بېرىپ قارىسا ، شەيخ يۇلغۇننىڭ قېشىدا ئۆلۈپ ياتقۇدەك ، خارابىلىك بولسا



ئىلگىرىكىدەكلا تىمتاس تۇرغۇدەك…

— يائاللا ، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق گەپ بۇ ! ؟ — دەۋەتتى ئەكرەم .

— ئەگەر ، ھېلىقى دېھقاننىڭ ئۆزى بېرىپ يۇلغۇننىڭ يېنىنى كولاپ باققان بولسا ، قانداق بولاتتىكىن ؟ — دەپ سورىدى تاھىر .

— بۇ بىر رىۋايەت ، — دېدى بوۋاي ، — ياش ۋاقتىمدا بۇ خارابىلىك ھەققىدىكى نۇرغۇن رىۋايەتلەرنى بىلەتتىم ، ھازىر ئۇنتۇپ كەتتىم… ھە راست ، ھېلىقى چېرىكلەر بۇ يەردە ئالتۇن ئىزدەپ يۈرگەن چاغلاردا ، كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق بىر ھېكايىنىڭمۇ تارقىلىپ يۈرگىنى ئېسىمدە : قەدىمكى زاماندا ، دەل مۇشۇ خارابىلىكنىڭ ئورنىدىكى شەھەردە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن . بىر قېتىم ، شەھەرگە كۈچلۈك ياۋ بېسىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغاندا ، شاھ خەزىنىدىكى بارلىق ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تاغ ئىچىدىكى بىر مەخپىي ئۆڭكۈرگە يۆتكەپتۇ . كىشىلەر تۆگىلەر بىلەن تۆگە ھەيدىگۈچىلەرنىڭ تاغ تەرەپكە ئۆتكىنىنىلا كۆرىدىكەن ، ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى كۆرمەيدىكەن . شاھ ھېلىقى مەخپىي ئۆڭكۈرگە ئالتۇن - كۈمۈش توشۇغان ۋە ئۆڭكۈرنىڭ سىرىنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆجۈقتۇرۇۋەتكەن ، دېيىشىدۇ . شۇڭا ، ھازىرغىچە ئادەملەر بۇ ئۆڭكۈرنى ئىزدەيدىكەنۇ ، تاپالمايدىكەن . بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغان چېرىكلەرنىڭ تاغ ئىچىنى قىدىرىپ ، نەچچىسىنىڭ ئىگىز قىيالاردىن غۇلاپ چۈشكىنىنى ئاڭلىغانىدۇق . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ ئۆڭكۈرنى زادىلا ئىزدەپ تاپقىلى بولمىغۇدەك . شاھ ئۇ ئۆڭكۈرنى قازدۇرۇپ ، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى كۆمۈپ

بولغاندىن كېيىن، ئۆستىدىن دەريا سۈيىنى باشلىۋەتكەنمىش.

— ئۇنداقتا، بۇ خارابىلىكتە ئىزدەپ تېپىۋالغۇدەكمۇ ھېچنېمە قالمىغان دېگىنە، بوۋا؟ — دېدى تاھىر.

— كولاپ كۆرمەكچى بولساڭلار، كۈندۈزى كولاڭلار، — دېدى بوۋاي، — تەلىيىڭلار بولسا، بىرەر پۇللۇق نەرسە ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس. قاراڭغۇدا قىلغان ئىشنىڭ بەرىكىتى بولامدۇ؟... مانا مۇشۇ ئۆيدە يېتىپ - قوپۇپ، چاينىمۇ مەشەدىلا ئىچىڭلار. بىرەرىڭلارنى نەۋرە قىزىمغا چېتىپ ئوغۇل قىلىۋالغان بولسامغۇ خويمۇ ياخشى بولاتتى. يىراقنى يېقىن قىلغۇدەك سىلەردەك بىر ئوغۇل بالىغا تولىمۇ موھتاجمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەكرەم نېمىشقىدۇ ئۆپكىدەك قىزىرىپ يەرگە قارىدى. تاھىر يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئورنىدىن قوپماقچى بولۇۋاتقان بوۋاينىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى.

× ×

يىگىتلەر خارابىلىكنى خېلى كۈنلەرگىچە قىدىرىشتى. ئۇلارنىڭ قولىغا قانداقتۇر چاقچۇق پارچىلىرى، ئاقىرىپ ياغاچقىلا ئوخشاپ قالغان قۇرۇق ئۇستىخانلاردىن باشقا ھېچنېمە چىقمىدى.

ئاخشىمى - ئەتىسى ئازراق سوغۇق چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، كۈن ئۆرلىگەندە كۈز ئاپتىپىنىڭ يەنە ئوبدانلا تەپتى بار ئىدى. ھارغان، ئۈمىدسىزلەنگەن ئىككى يىگىت ئاپتاپقا ئۆزىنى تاشلاپ يېتىشاتتى. يىراق - يېقىندىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تېخى يېشىللىقىنى يوقاتمىغان



بولۇپ، بۇ يېشىللىقا قايسىبىر مېۋىلەرنىڭ قىزارغان يوپۇرماقلىرى ئارىلىشىپ ئۆزگىچە بىر گۈزەل مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلغانىدى. تىنىق ئاسماننىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىدە ئېسىلىپ تۇرغان پاختىدەك ئاق بۇلۇتلار ھەرىكەتسىز تۇرغاندەك قىلغان بىلەن، سىنچىلاپ قارىغانسېرى ئاستا - ئاستا شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ سېيماسىغا ئوخشىشىپ قالاتتى. قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى بولسا، ئەسىرلەردىن بېرىقى سۈكۈتىنى بۇزماي جىمجىت ياتاتتى.

— قارىغاندا ئىككىمىزدە تەلەي دېگەن نېمە يوقكەن - دە؟ — دېدىم ئەكرەم، — ئالتۇن تۇرماق، بىر تال پۇچۇق يارماق تاپالىغان بولساق كاشكى...

— ئاڭلىغانمىدىڭ؟ — دېدى تاھىر، — بىر زامانلاردا بىر ئادەم مۇشۇ خارابىلىكتىن بىر تىللا، پەقەت بىرلا تىللا تېپىۋېلىپ كاتتا باي بوپتىكەن.

— بىر تىللا!؟ — ئەكرەم بىر تىللانىڭ ئەمەلىي قىممىتىنىڭ زادى قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيتتى، — بىر تىللا دېگىنىڭگە قانچە نان كېلىدۇ؟

— نېمە دېدىڭ؟

— سېنىڭ بىر تىيىنىڭغا قانچە نان كېلىدۇ؟ — دەۋاتىمەن.

— قانچە نان كېلىدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. بەلكىم يۈز نان ياكى ئۇنىڭدىنمۇ جىقراق نان كېلىدىغاندۇر. لېكىن، تىللا تاپقان ئادەم نانلا يەپ ئولتۇرمايدۇ - دە!

— ئەمىسە، ئۇ بىر تىللا بىلەن قانداق قىلىپ شۇنچە باي بولۇپ كېتىپتۇ؟

— ئۇ ھېلىقى تېپىۋالغان تىللاغا ماۋۇ بازاردىن ئازراق بىر نەرسە سېتىۋېلىپ ، يەنە بىر بازارغا ئاپىرىپ ئىككى تىللاغا سېتىپتۇ . ئۇ بازاردىن ئىككى تىللالىق مال ئېلىپ ، باشقا بىر بازارغا ئاپىرىپ تۆت تىللاغا سېتىپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۇنىڭ پۇللىرى ئاستا - ئاستا كۆپىيىپ ، ئاخىرىدا كارۋانلىرىنى ھەيدەپ ، شەھەرمۇ شەھەردە ئارىلاپ سودا قىلىدىغان چوڭ بايغا ئايلىنىپتۇ . ھەر بىر شەھەردە چوڭ - چوڭ دۇكانلىرى ، باغلىق قورۇ - جايلىرى بوپتۇ . ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە بۇ خارابىلىك يېنىغا قايتىپ كېلىپ ، تاشدۆڭگە ئاشۇ ئاق مەسچىتنى سالدۇرغانىكەن . كۆرگەنسەن ، نېمىدېگەن ھەيۋەت ؟ !

— ھەممىسى قۇرۇق گەپ ! — دېدى ئەكرەم ، — بۇ يەردە : پالانچى بۇ خارابىلىكتىن مۇنداق بىرنېمە تېپىۋېلىپ ئۇنداق باي بولۇپ كېتىپتىكەن ، مۇنداق چوڭ ئىش قىپتىكەن ، دەيدىغان رىۋايەتتىن تولا نېمە يوقكەن . كولىساڭ ، تاشتىن باشقا ھېچنېمە يوق .

— دەۋاتىمەنغۇ ، ئالتۇن - كۈمۈش دېگەن كۆرگەنلا ئادەمگە ئۇچراۋەرمەيدۇ - دە ! ئىككىمىزنىڭ پەقەتلا تەلىيى يوقكەن .

ئەكرەم يەنە ئاغىنىسى ئېيتقان ھېلىقى بىر تىللا توغرىسىدا ئويلاپ قالدى .

— نېمىشقا ھېلىقى باي بۇ تاشدۆڭگە بۇ ئاق مەسچىتنى سالدۇرغانىكەن ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— نېمىشقا دېگىنىڭ نېمە گەپ ؟ — دېدى تاھىر جەينەكلىنىپ ، يېنىچە بولۇپ ئاغىنىسىگە قاراپ .

— نېمىشقا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر مەسچىت سالاي ، دېگەن خىيال كىرىپ قاپتۇ ۋە ئۇ مەسچىتنى مۇشۇ قاقاس دۆڭگە



سالغۇسى كەپتۇ ؟

— ئۇ مۇشۇ خارابىلىكتىن تېپىۋالغان بىر تال تىللا بىلەن شۇنچە بېيىپ كەتكەن - دە ، بەلكىم ئۇ خۇدايىمنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقىنى بۇ خارابىلىك يېنىغا بىر مەسچىت سېلىپ قايتۇرماقچى بولغاندۇر ؟ بۇ يەردە ناماز ئوقۇغانلار مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن پات - پات مېنىڭ روھىمغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ تۇرسۇن ، دەپ ئويلىغاندۇر .

— ئەگەر ساڭا شۇنداق بىر تىللا ئۇچراپ قالغان بولسا قانداق قىلاتتىڭ ؟ — دەپ سورىدى ئەكرەم بىلىكىگە ئۆمىلەپ چىقىۋاتقان چۈمۈلىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىپ .

— مەنما ؟ — دېدى تاھىر ، — ھە ، ماڭا شۇنداق بىر تىللا ئۇچراپ قالغان بولسا… ھە ، نېمە قىلاتتىم ؟… مەنمۇ شۇنداق بىر ئىش قىلاتتىم .

— نېمە ئىش ئۇ ؟

— ھېلىقى سودىگەردەك بىرنى ئىككى ، ئىككىنى تۆت قىلىپ سودا بىلەنلا ھەپىلىشەتتىم . بىر تىللاغا قانچە نان كەلمىسۇن ، نان دېگەننى ئۆيدە ئولتۇرۇپ يەۋەرسەڭ ، ئۇمۇ تۈگەپ ، يەنە قورساق ئاچىدۇ - دە ! باشتا نانمۇ يېمەي ئوقەت قىلماق كېرەك… سەنچۇ ؟ بىر تىللا ئۇچراپ قالغان بولسا ، سەن قانداق قىلاتتىڭ ؟

— بىر تىللا ئۇچرىغان بولسا… ھە ، ئۇچرىغان بولسا… قانداق قىلاتتىم… قېنى ئۇ تىللا ؟… سەنمۇ تاغاڭغا ئوخشاش قۇرۇق خىيال قىلىۋەرمىگىنە !

— ياق ، ئەمدى بىر دەۋاتقان گەپقۇ . مىسالى ، ساڭىمۇ شۇنداق بىر تىللا ئۇچراپ قالغان بولسا ، قانداق قىلاتتىڭ ؟

دېمەكچى .

— قانداق قىلاتتىم ؟... تىللانى كۆتۈرۈپ بېرىپ ، بىزگە ھەر كۈنى چاي بېرىۋاتقان ھەيدەر بوۋاينىڭ ئالدىغا قويۇپ : «بوۋا ، تاپقان دۇنيايىم مۇشۇكەن ، نەۋرە قىزىڭنى ماڭا نىكاھلاپ قويساڭ ، ئىككىمىز سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلساق» دەيتتىم .

— ھەي كاساپەت ، بوۋاينىڭ قىزى گۈلسۈمگە كۆزۈڭ چۈشۈپتۇ - دە !

دوستلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى . خارابىلىككە چۈشمەكچى بولۇپ تۆۋەنلىگەن بىر جۈپ دالا تورغىيى كۈلكە ئاۋازىدىن ئۈركۈپ ، يەنە ئۇچقۇپ يۇقىرى ئۆرلىدى . كۆپكۆك كۈز ئاسمىنىدىكى ھېلىقى ئاق بۇلۇتلار ئەمدى نېپىز ئاق داكىدەك بولۇپ يېيىلىپ كەتكەنىدى .

— ھېچنېمە تاپالماي ، مەھەللىگە قۇرۇق قول سالپىيىپ بارىدىغان بولساق ، تازا كۈلكىگە قالىمىز - دە ! — دېدى ئەكرەم .

— تېخى ھېلىقى مەھەللىمىزدىكى شەيخ : «بۇ ھارامدىن بولغانلار قاچان كېلەر ؟» دەپ مەھەللىنىڭ بېشىدىلا كۈتۈپ تۇرامدىكىن ، دېگىنە ؟

— قانداقچىسىگە ؟ — دەپ سورىدى ئەكرەم ئاغىنىسىنىڭ گېپىگە چۈشەنمەي .

— بىز ھېلىقى توخۇ بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭغا چۈجىلىرى چىقايلا دەپ قالغان تۇخۇملارنىمۇ ئاپىرىپ بەردۇق . شەيخ خوجام : «بۇنى ئوغرىلاپ كەلگەندەك تۇرىسىلەر ، ئالمايمەن» دېگەنىبىلەن ، بىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا قاراڭغۇ ئۆيدە بايقىماي قوروپ يېگەن بولسا ، ئىچى ئوقتەك سۇرۇپ كەتتى - دە !



ئۇلار يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى .

— مەن مەھەللىگە قايتىپ بارمايمەن ، — دېدى تاھىر .

— نېمىشقا ؟ — ھەيران بولدى ئەكرەم .

— بارساڭ يەنە شۇ كۆڭۈلسىز ئۆي . تاغامنىڭ چېكىنىۋېلىپ قۇرۇق خىيالنى سۈرگىنى سۈرگەن . دەيدىغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا ئاڭلاۋېرىپ ياد بولۇپ كەتكەن گەپلەر . تاغام ياش ۋاقتىدا ، ئالدىغا ھەر كۈنى بىر قارىغۇ دىۋانە ئۇچرايدىكەن ، دىۋانىنى بىر كىچىك قىز يېتىلەپ يۈرىدىكەن ، ھېلىقى دىۋانە كۆزى كور بولسىمۇ ، تاغامنى ئاياغ تاۋۇشىدىنلا تونۇۋالاتتىكەن . ھەرقېتىم تاغامغا ئۇچراپ قالغاندا ئۇ :

«ئۇرايىم ، مۇشۇ قىزىم رەسىدە بولاي دەپ قالدى ، مەندىن كېيىن قالسا ، ئۇنىڭغا باشپاناھ بولغۇدەك بىر ئەر كىشى بولمىسا بولمايدۇ . شۇ قىزىمنى سەن نىكاھلاپ ئالساڭ» دەيدىكەن .

تاغام ئىچىدە : «مەن ئەمدى سەن قەلەندەرنىڭ قىزىنى ئالامتىم» دەپ ناھايىتى خاپا بولاتتىكەن . كېيىن ئۇ قىزنى باشقا بىرى نىكاھلاپ ئاپتۇ . قەلەندەر ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ يەرگە سالغان كىگىزلىرىنىڭ ئاستى ، ئەسكى يوتقانلىرىنىڭ ئەستىرى ، ئۆينىڭ تام - تۈرۈسلىرىدىكى يوچۇقلاردىن تارتىپ كونا ئوچاقنىڭ مورىلىرىغىچە ھەممە يەردىن شۇنداق جىق پۇل چىقىپتۇكى ، ساناپ تۈگەتكىلى بولمىغانمىش . شۇنىڭ بىلەن دىۋانىنىڭ كۈيئوغلى بىر كېچىدىلا كاتتا باي بولۇپ كېتىپتۇدەك . تاغام ھېلىقى دىۋانىنىڭ قىزىنى ئالمىغىنىغا تا ھازىرغىچە پۇشايمان قىلىدۇ... يەنە ئۇ ئولتۇرۇۋېلىپ شۇنداق غەلىتە چۆچەكلەرنى توقۇيدۇكى ، ئاڭلاپ باقمىغان ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدۇ . بىر دېھقان سوقا بىلەن يەر ھەيدەۋاتسا ، توپىنىڭ

ئاستىدىن بىر قالپاقنىڭ پۆپۈكى كۆرۈنۈپ قاپتۇدەك، قالپاقنى كۆتۈرسە ئاستىدىن بىر باش چىقىپتۇدەك، كولاۋەرسە، بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن جەسىتى ئىكەن. جەسەتنى تارتىپ چىقىرىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئاستىدا ئالتۇن ئېگەر - جابدۇقلىرى بىلەن توقۇلغان بىر ئات تۇرغۇدەك... مانا مۇشۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ گەپلەر. تاغامنىڭ ئەھۋالى شۇ. مەھەللىدە ئۇنىڭدىن باشقا تارتىشىدىغان كىمىم بارتى؟

— مەھەللىگە بارمىساڭ نەگە بارىسەن؟ — سورىدى ئەكرەم.

— چەت مەملىكەتكە چىقىپ كېتەيمىكىن دەيمەن.

— نەگە؟!

— چەت دۆلەتكە. ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ھەيدەر بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردىن يۇقىرىلاپ يەنە بىرەر كۈن ماڭساقلا، چېگرىغا يەتكۈدەكمىز.

بىر - ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا گەپتىن گەپ چىقىپ، ھەيدەر بوۋاي يىگىتلەرگە چېگرىنىڭ بۇ يەرگە ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى، چېگرىغا يېقىن مەھەللىلەردىكى دېھقانلارنىڭ ماللىرى بەزىدە چېگرىدىن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسە، دېھقانلارنىڭ ئۆزى بېرىپ ھەيدەپ كېلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. بوۋاي يەنە: «بىر زاماندا، ئەتراپىمىزدىكى يۇرتلاردىنمۇ خېلى ئۆيلۈكلەر ئۇياققا ئۆتۈپ كەتكەن. بەزىلەر مېنىمۇ بىللە كېتەيلى، دېگەن. مېنىڭ مۇشۇ ئاق مەسچىتتىن ئايرىلغۇم كەلمىدى. ئاتا-بوۋا، دوست - يارەنلىرىمنىڭ قەبرىسى مۇشۇ ئەتراپتا. كۆردۈڭلارمۇ؟ ئەتراپ چەكسىز تىنچ دالا. باھاردا بۇ يەر رەڭمۇرەڭ دالا گۈللىرى ئېچىلىپ شۇنچە چىرايلىق بولۇپ



كېتىدۇ. كۈننىڭ تەپتى، بورانلارنىڭ ئۇشقىرتىشى، پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى كىشىگە ياراتقان ئىگىسىنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ» دېگەنىدى.

— چېگرىنىڭ پايلاقچىلىرى تۇتۇۋالسا، قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى ئەكرەم.

— بۇ تەرەپكە بىر موزىيىمىز قېچىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى، شۇنى ئىزدەپ كېلىشىم، موزايىنى تاپمىسام، دادام ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، دەپ يىغىنى سالىمەن.

ھەر ئىككىلىسى تەڭ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سەنچۇ؟ بولمىسا بىللە كەتمەمدۇق؟ — دېدى تاھىر.

— مەن ئۇنداق يىراق يەرگە كەتمەي، — دېدى ئەكرەم، — دادام بەك ياۋاش ئادەم، قېرىغاندا ئۇنىڭغا كىم قارايدۇ؟

— ئىنىلىرىڭچۇ؟ داداڭ قېرىپ كەتكۈچە ئىنىلىرىڭمۇ چوڭ بولار؟

— ئۆگەي ئانام يامان خوتۇن. دادام قېرىپ ئىشقا يارىمايدىغان بولغاندا، باللىرى بىلەن بىرلىشىپ دادامنى ئۆيدىن قوغلاپلا چىقىرامدىكىن دەيمەن.

— مەھەللىگە قايتىسەن؟

— ھازىرچە قايتماي، ھەيدەر بوۋايغا ئوغۇللا بولۇپ كېتەيمىكىن دەيمەن. دادامنى قېرىغاندا يېنىمغا ئەكېلىۋالىمەن.

— ھىم... بوۋاينىڭ نەۋرە قىزى يۈرىكىڭگە ئوبدانلا ئوت ياققاندەك تۇرىدۇ - ھە!؟

ئىككى يىگىت قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى قېقىشتى.

— مېنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغىنىمنى بوۋاي بىلمىسۇن ، — دېدى تاھىر .

ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن يىگىتلەر تۆۋەنگە — قەدىمكى شەھەر خارابىسى تەرەپكە قاراپ ماڭماي ، يۇقىرىلاپ كەتتى . ئاق مەسچىتنىڭ ئالدىدا ھاسا تايىقىغا تايىنىپ تۇرغان ھەيدەر بوۋاي يىگىتلەرنىڭ بۇگۇنكى سەپىرىگە ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى .

بۇلۇتسىز تىنىق ئاسماندا ئەتىگەنلىك قۇياش پارلاپ تۇراتتى . يىگىتلەر ئاق مەسچىتتىن يىراقلاپ ، ئالدىدىكى بىر دۆڭدىن ھالقىپ چۈشتى . ئوت ـ چۆپلىرى سارغايغان تۆپىلىكلەر بارغانسېرى يۇقىرىلاپ ، قارىغايلىق تاغلارغا بېرىپ ئۇلىشاتتى . ئۇنىڭمۇ ئۇستىدە بولسا ، قارلىق چوققىلار يالتىراپ تۇراتتى . نېمىشقىدۇر ئىككى يىگىت ئۈنچىقماي مېڭىشماقتا ئىدى .

— بولار ، مۇشۇ يەرگىچە ئۇزىتىپ قويغىنىڭمۇ يېتەر ، — دېدى تاھىر بىر مەنزىلگە يەتكەندە ، — ئەمدى قايتىپ كەت !

ئۇلار قۇچاقلاشمىدى ، قولمۇ ئېلىشمىدى ، «خەير ، خۇداغا ئامانەت !» دېيىشىپ ئاددىيلا خوشلاشتى . بۇ ئايرىلىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تېخى ئۇلار چۈشەنمەيتتى…

× ×

ئارىدىن ئاتمىش يىل ۋە بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئوشۇقراق ۋاقىت ئۆتكەندۇر ، تاھىر ئەپەندى قايتىپ كەلدى .

شۇ ئۇزۇن يىللار ئىچىدە تاشدۆڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتلاردا كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى . قىرىلار ئالەمدىن



ئۆتكەن ، ياشلار قېرىغان ، كىملەردۇر تۇغۇلۇپ ، يەنە كىملەردۇر ياشلار قاتارىغا قېتىلىپ ھاياتلىق سىمفونىيىسى ئۇزلۇكسىز تەكرارلىنىپ تۇرغانىدى… ئېگىز بوي ، پۈزۈر كىيىنگەن بۇ ئادەمنىڭ بىر يىللاردا بۇ يەردىن كەتكەن ، بۇرۇتى ئەمدىلەتىن خەت تارتقان يىگىت تاھىر ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئەسلىيەلمىدى . تاھىر ئەپەندىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسىدىكى ھېلىقى چېكىنىۋېلىپ ئاجايىپ قىزىق خىياللارنى سۈرىدىغان تاغىسى ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەنىدى . مەھەللىدە تاھىرنى تونۇغۇدەك ئادەملەرمۇ قالمىغانىدى .

تاھىر ئەپەندى شەھەرلەردىكى ئېگىز بىنالار ، ماشىنىلار غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان كەڭ يوللار ۋە ئادەملەر مىغىلدىشىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك سودا سورۇنلىرىنى كۆردى . توپتوز ئېلىنغان يوللار يېزىلارغىچە ، يېزىلارنىڭ كىچىك كەنتلىرىگىچە سوزۇلغانىدى . يېزىلاردىمۇ ئادەملەر كۆپەيگەن ، دېھقانلارنىڭ ئىككى ـ ئۈچ تال توغرا ياغاچ بىلەنلا توسۇپ ياساپ قويىدىغان غورۇلىرى ئورنىغا دەرۋازىلار بېكىتىلىپ ، مەھكەم قۇلۇپ سېلىنىدىغان بولغانىدى . تاھىر ئەپەندىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولغاندا ، يېزا يوللىرى ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكىنى — قەدىمكى ئەگرى ـ بۈگرى ھالىتىنى ساقلىشى كېرەك ئىدى . تاھىر ئەپەندىنىڭ بالىلىق دەۋرىدە ئېسىگە مەھكەم ئورناپ قالغان يېزا يوللىرىنىڭ قىياپىتى ئەنە شۇنداق ئىدى . ئۇ ئاغىنىسى ئەكرەم بىلەن مەھەللىسىدىن ئايرىلىپ ، قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىنى ئىزدەپ ماڭغاندا ، ئەنە شۇنداق كاتاڭلىشىپ كەتكەن ئەگرى ـ بۈگرى ، توپىلىق ھارۋا يوللىرى بىلەن ماڭغان ، يېيىلىپ ئاققان سۇلارنى كېچىپ ئۆتكەن ، ياغاچلىرى قاغجىراپ كەتكەن قانداقتۇر

بىر سۇنۇق كۆۋرۈكتە پۇتنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرۇشقان ، قايسىبىر شورىلاردىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ ، كىملەرنىڭدۇر مېۋىلىك باغلىرىغا كۆز تاشلىغان… بۇ ئادديلا كۆرۈنۈشلەر تاھىر ئەپەندىنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا داڭلىق رەسسام سىزغان قىممەتلىك رەسىمدەك بىر ئۆمۈر ساقلانغانىدى .

تاھىر ئەپەندى تاشدۆڭگە قايتىپ كەلدى . بۇ يەر ھېلىمۇ «تاشدۆڭ» دېگەن نام بىلەن ئاتىلاتتى . ئاق مەسچىتنىڭ ئەتراپىغا پاكار - پاكار دېھقان ئۆيلىرى چۈشۈپ ، بۇ يەر يېڭىدىن بىر مەھەللىگە ئايلانغانىدى . توپىلىق يوللاردا ئۇششاق باللار ئويناپ يۈرەتتى . ئەتراپ كەڭرى كەتكەن دالا ، يۇقىرىلاپ بېرىپ قارىغايلىق تاغلارغا ئۇلىشىدىغان تۆپىلىكلەر ، قارىغايلىق تاغلارنىڭ ئۇستىدە بولسا ، ئاقباش چوققىلار يەنە شۇ قەدىمكى تۇستە سۈكۈتتە تۇراتتى . قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىنى بولسا ، كىشىلەر تۈزلەپ ئېتىزغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى… تاھىر ئەپەندىنىڭ پىكاپى ئاق مەسچىتكە يېقىنلاشقاندا ، مەھەللە تەرەپتىن بىر توپ باللار چىقىپ پىكاپنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشتى . بۇ دۆڭلۈككە بۇنداق قوڭغۇز پىكاپلار كەمدىن - كەم كېلەتتى .

تاھىر ئەپەندى يىراقتىنلا پىكاپتىن چۈشۈپ ، ئاق مەسچىتكە ئاستا - ئاستا قەدەم ئېلىپ يېقىنلاشتى . ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈلدەيتتى . ئاق مەسچىت ئۇنىڭ كۆزىگە بۇرۇنقىدىن كىچىكلەپ قالغاندەك كۆرۈندى . ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى ئاق مەسچىت ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئىدى . كۆز ئالدىدا بولسا ئېگىز مۇنارلىرى چۇۋۇپ تاشلانغان ، ئۇستىدىكى توپىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن پېشايۋاننىڭ توغرا ياغاچلىرى ئېگىلىپ



ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ، ياغاچلارغا چېكىلگەن گۈللەر ، تام - تورۇسلاردىكى قاپارتما نەقىشلەر ئۆچۈپ خىرەلەشكەن ، ئىشىكلىرى قاغجىراپ يېرىلغان خارابە بىر ئىمارەت تۇراتتى . ئەڭ پاكىز ساقلىنىپ قالغىنى مەسچىت ئىچىدىكى ئون ئىككى تۈۋرۈك ئىدى . تۈۋرۈك يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قارىداپ ، ئىلگىرىكى ئىسكەتىنى يوقاتقان بولسىمۇ ، تۈۋرۈك ياغىچىغا چېكىلگەن نەپىس نەقىشلەر يەنە مەسچىتنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سەلتەنىتىگە گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى .

تاھىر ئەپەندى مەسچىتتىن چىقىپ ، ئاق مەسچىتكە يانداپ سېلىنغان ئۆيگە قاراپ ماڭدى . ئىشىك ئالدىدا چاچلىرى ئاپئاق ، مۈكچەيگەن ، ئورۇق بىر موماي تۇراتتى . «بۇ كىمدۇر ؟ !» تاھىر ئەپەندىنىڭ كالپۇكلىرى تىترىدى .

— ياخشىمۇسىز ، خانىم ؟ — دېدى ئۇ .

«خانىم» دېگەن سۆز مومايغا غەلىتە ئىشىتىلدى . بۇ يەردە ئۇنى ھەممەيلەن «گۈلسۇمخان» دەپ چاقىراتتى .

— تىنچلىقمۇ ؟ — دەپ بىلىنەر - بىلىنمەس ئېگىلدى موماي .

تاھىر ئەپەندى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تونۇشتۇردى .

— ۋاي خۇدايىمەن ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى گۈلسۇمخان موماي ، — نېمە دەيدىغانسىز ؟ شۇ تاھىر سىزمۇ ؟… رەھمەتلىك ئەكرەم گېپىڭىزنى جىق قىلاتتى .

موماي بىر قولى بىلەن بېشىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان ياغلىقىنى تۇتقىنىچە ، ئىتتىك مېڭىپ تاھىر ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلغىنىچە كۆز يېشى قىلدى . تاھىر ئەپەندى مومايىنىڭ ئورۇق گەۋدىسىنى

مەھكەم قۇچاقلاپ باغرىغا تارتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ ياشقا تولغانىدى... بۇنىڭدىن ئاتمىش يىللارچە ئىلگىرى، تاھىر ئەپەندى بۇ يەردىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغاندا ئاغىنىسى ئەكرەم ئۇنى يىراقلارغىچە ئۇزىتىپ بارغان، ئۇلار قۇچاقلاشماي، قولمۇ ئېلىشماي، «خەير، خۇداغا ئامانەت!» دەپ ئاددىيلا خوشلاشقانىدى. ئۇ چاغدا تاھىر ئۆزىنى ناتونۇش مەملىكەتلەرگە ئەمەس، يېقىن ئارىدىكى بىر بازارغا قىزىقچىلىق كۆرگىلى كېتىپ بارغاندەكلا يېنىك ھېس قىلغانىدى. شۇ ئايرىلىش بىلەن ئۇ يېرىم ئەسىردىن ئوشۇق ۋاقىت بۇ يەرگە قايتىپ كېلەلمىدى. ئۇ ئاغىنىسى بىلەن ئەمدى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەكچى، ئۇنىڭغا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرمەكچىدى. خۇداغا شۈكۈر، ئاغىنىسىنىڭ سۆيگەن جۈپتى بولسىمۇ ھايات ئىكەن...

— قېنى ئۆيگە كىرىڭ، ئۆيگە! — دەپ مېھماننى ئۆيگە باشلىدى موماي.

ئۆيگە كىرگەندە، تاھىر ئەپەندىگە ۋاقىت يېرىم ئەسىر كەينىگە چېكىنىپ كەتكەندەك بىلىندى. شۇ قەدىمكى ئۆي، شۇ ئويۇقلار ئويۇقلارغا تىزىلغان نەرسە - كېرەكلەرنىڭ تۈرى ئۆزگەرگەن، سۇپا، ئوچاق باشلىرى بۇرۇنقىدەكلا سېغىز لاي بىلەن پاكىز سۇۋالغانىدى. تۈۋرۈك ئۈستىدىكى قىزىرىپ پىشقان نوگاي چۆمۈچ كۆرۈنمەيتتى. ئىچكەركى ئۆيدە يەنە شۇ قەدىمكى ساندۇق، ساندۇق ئۈستىدە چىرايلىق قاتلاپ يىغىلغان ئورۇن - كۆرپىلەر...

— يۇقىرى ئۆتۈڭ، مانا بۇ كۆرپىگە كېلىڭ!... رەھمەتلىك ئەجەب تولا گېپىڭىزنى قىلاتتى. مانا سىز ياپپاشلا تۇرۇپسىز.



ئەكرەم رەھمەتلىك كېيىنكى چاغلاردا بەك ئاغرىقچان بولۇپ كەتكەنىدى. كۆرۈۋاتقانسىز، مەنمۇ قېرىپ كەتتىم. ئاغرىپ بىرەر كۈن يېتىپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن، كۈندىن - كۈنگە ماغدۇردىن كېتىۋاتىمەن.

موماي جوزا راسلاپ، چاي قۇيۇپ، مېھمان بىلەن ئولتۇردى. ۋاقىت نېمىدېگەن رەھىمسىز. ئەينى يىللاردىكى گۈزەل قىزنىڭ ئايدەك رۇخسارىغا يىللارنىڭ شاماللىرى سانسىز ئۇششاق قورۇقلارنى يادنامە قىلغانىدى. بىر چاغلاردا، شۇ گۈزەل قىزنىڭ ئىشق ئوتى تاھىر ئەپەندىنىڭ ئاغىنىسىنى مۇشۇ ئاددىي، توپا تاملىق ئۆيدىن نېرى كېتەلمەس قىلىپ قويغانىدى. شۇ جەلپكار قىزنىڭ مۇشۇ ئورۇق موماي ئىكەنلىكىگە ھازىر كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

— ئەكرەم قاچان ۋاپات بولدى؟ — دەپ سورىدى تاھىر ئەپەندى.

— مانا، ئالدىمىزدىكى ئاي كىرسە، توپتوغرا بەش يىل بولىدۇ. بوۋامنىڭ قەبرىسى يېنىغا كۆمدۇق. ئۆزى شۇنداق ۋەسىيەت قىلغانىدى...

— ھەيدەر بوۋاي!؟

— ھە، ئېسىڭىزدە باركەن - ھە؟... بوۋام ئەكرەم ئىككىمىزنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپ، بىر - ئىككى يىلغا قالمايلا كۆز يۇمغان... سىز كېتىپ، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە بوۋام ئەكرەمدىن: «ھەي، ھېلىقى ئاغىنەڭ نەگە غايىب بولدى؟» دەپ سوراپ يۈردى... ئەكرەم سىزنى كۆرگەن بولسا قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر ئىدى...

مومايىنىڭ كۆزىگە يەنە لۆممىدە ياش كەلدى.

— بۇ ئەتراپ مەھەللە بولۇپ كېتىپتۇ ، — دېدى تاھىر ئەپەندى .

— شۇنداق بولدى ، — دېدى موماي ، — كىچىكلەر چوڭىيىپ ، باللار تۇغۇلۇپ ، ئادەم كۆپىيىپ كەتتى . كوممۇنا ۋاقتىدا ئەترەت بىر قىسىم ئادەملەرنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىپ مەھەللە قىلدى . تۆۋەندىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى ئېسىڭىزدىدۇر ؟… ھېلىقى سىلەر ئالتۇن تاپىمىز ، دەپ كولىغان ؟

— نېمىشقا ئېسىمدە بولمىسۇن .

— شۇ خارابىلىكنىڭ توپىسىنى تاشلىققا ئەكېلىپ تۆكۈپ ، مىڭ جاپادا بۇ يەرلەرنى ئېتىز قىلدۇق . ھازىر خارابىلىكنىڭ ئورنىمۇ ئېتىز بولۇپ كەتتى…

— ئاق مەسچىتمۇ ئىسكەتىدىن كېتىپتۇ ، — دېدى تاھىر ئەپەندى .

— ۋىيەي ، بۇ مەسچىتنىڭمۇ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمىدى دەيسىز ؟ — دېدى موماي ، — بىر زامانلاردا ئاق مەسچىتنى ئەترەت ئاشلىق ئامبىرى قىلدى ، كېيىن ئۇ ئەترەتنىڭ ئىشخانىسىمۇ بولدى . ھەممە ئادەم بىر قازاندىن تاماق يەيدىغان چاغلاردا ، چوڭ قازاننى شۇ مەسچىتكە ئېسىپ ، ئۇ يەرنى ئاشخانىمۇ قىلدى . توۋا ، ئەجەب بىر زامانلار بولۇپ كەتكەنتىغۇ تاڭ ! لەگمەننىڭ پىلتىسىنى جان سانىغا قاراپ بېرەتتى ، ئۆيگە ئەكېلىپ پىشۇرۇپ يەيتتۇق . ھېچكىمنىڭ قورسىقى تويمايتتى . نېمىگە پۇتلاشتىكىنتاڭ بىلمىدىم ، بىر چاغلارغا كەلگەندە ، يېڭىگە قىزىل لاتا تاقىۋالغانلار چىقىپ ، مەسچىتنىڭ مۇنار - پەشتاقلىرىنى چۇۋۇپ تاشلىدى . ئىشقىلىپ ، ئادەمنىڭ



ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلار… كېيىن ، سىياسەت ياخشى بولۇپ ، مەسچىتنى جامائەتنىڭ ئىشلىتىشىگە قايتۇرۇپ بەردى . بىراق ، تىرىلغۇ يەرلىرىمىز بەك ناچارلىشىپ كەتتى . خارابىلىكنىڭ ئاپتاپ يېگەن توپىسىنى تۆككەندە ، باشتا بىرقانچە يىل يامان ئەمەس ھوسۇل بەرگەن ، سۇمۇ خېلى مول ئىدى . ھازىر سۇ يوق . كۆرگەنسىز ؟ تۆۋەندىكى سايىنىڭ سۈيى پەقەتلا قۇرۇپ كەتتى . ياز بولسا ، بۇ يەردىكى ئەر خەقلەر ئىش ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە چىقىپ كېتىدۇ . نېمە ئىشكىن بىلمىدىم ، ھەممە ئادەم باي بولسام دەيدۇ ، ھېچكىم باي بولالمايدۇ…

ئاق مەسچىت ، قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى ۋە بۇ ھەقتە ھەيدەر بوۋاي ئېيتقان رىۋايەتلەر تاھىر ئەپەندىنىڭ خاتىرىسىدە ئۆتمۈش توغرىسىدىكى ئۇنتۇلماس بىر ناخشىدەك بىر ئۆمۈر ساقلانغانىدى . شۇ تاپتا تاھىر ئەپەندىگە گۈلسۇمخان موماي يەنە شۇ ناخشىنىڭ داۋامىنى ئېيتىۋاتقاندەك بىلىندى .

تاھىر ئەپەندى ئاق مەسچىتنىڭ ئىمامىنى ئېلىپ قەبرىستانلىققا چىقتى . دوغىلاق كەلگەن ، قىزىل يۈز ، ساقاللىق بۇ ئادەمنىڭ ياش جەھەتتىن تاھىر ئەپەندىدىن خېلىلا كىچىكلىكى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى . ئۇلار ھەيدەر بوۋاي بىلەن ئەكرەمنىڭ خۇشبۇي شىۋاقلار قاپلىغان قەبرىسى يېنىدا يۈكۈنۈشتى . ئىمام خېلى ئۇزۇن بىر سۈرىنى قىرائەت قىلىپ تاماملىدى . دۇئادىن كېيىن ، قايتىپ كېلىۋېتىپ تاھىر ئەپەندى ئىمام بىلەن پاراڭلاشتى .

— تەقسىر ، سىلى مېنى تونۇمايدىلا ھەرقاچان ؟

— ئاڭلىدىم ، — دېدى ئىمام ، — ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ يۇرتلاردىن چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپتىكەنلا . خەقلەرنىڭ

ھەممىسى ھازىر سىلىنى كاتتا باي بولۇپ كېتىپتۇ، دېيىشىۋاتىدۇ.

— ھە، تولىمۇ ياش، گۆدەك چاغلىرىم ئىكەن، ئالدى - كەينىمنى ئويلىماي، تەۋەككۇل قىلىپلا كېتىپ قاپتىكەنمەن. بىر ساۋاتسىز دېھقان بالىسىنىڭ يات يەرلەردە جان باقمىقى ئوڭايمۇ دەيسىلە؟ ئۇرۇلدۇم - سوقۇلدۇم، قانچە ئەللەردە سەرسان بولۇپ يۈردۈم. ئىشقىلىپ، بىر ئىنساننىڭ تۇغۇلۇپ ئۆلگۈچە بېشىغا چۈشىدىغان قىسمەتلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بېشىمغىمۇ چۈشتى. خۇداغا شۈكۈر، ھازىر بەك كاتتا باي بولمىسامۇ، ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان يەردە تۆتنىڭ ئالدى. ھازىر ئويلىسام، ئەينى چاغلاردىكى تەۋەككۇل قىلىپ يات مەملىكەتلەرگە چىقىپ، تەلەي سىناپ بېقىش خىيالىم دەل مۇشۇ تاشدۆڭدە ئاق مەسچىت ۋە قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەيدا بولغانىكەن... سىلى ئۇ رىۋايەتلەرنى ئاڭلىدىلىمىكىن؟ ئۇنىڭدا يۇرتىمۇ يۇرت كېزىپ يۈرگەن كارۋانلار، ئاجايىپ پىكىرلەرنى قىلىدىغان دەرۋىشلەر، بىر تال تىللا بىلەن بېيىپ كەتكەن سودىگەرلەر ھەققىدە سۆزلىنىدۇ. بالا ۋاقتىمدا شۇنداق بىلىندىمىكىن، ئىشقىلىپ، شۇنچىلىك گۈزەل... سىلى گېپىمنى چۈشىنىۋاتقانلا - ھە؟... دېمەكچى بولغىنىم، تاشدۆڭدىكى يۇرت - جامائەت ئۈچۈن ئازراق پۇل خەجلەپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بەرسەممىكىن، دەيمەن.

— ياخشى نىيەت! — دېدى ئىمام، — نېمە ئىش قىلىپ بېرەي دەيدىلا؟

— ئۆزۈن يىللارنىڭ ئالدىدا مەن ئاق مەسچىتنى كۆرگەن، ئۇ چاغدا بۇ مەسچىت ناھايىتىمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى. ھازىر



كونىراپ، ئۆرۈلۈپ چۈشەيلا دەپ قاپتۇ. ئەڭ ياخشى ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، مەسچىتنى قايتا سالدۇراي دەيمەن. ئاق مەسچىتنى ئۆز ۋاقتىدا سالدۇرغان زاتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، مەسچىتنىڭ ئىچىدىكى ئون ئىككى تۈۋرۈكنى ساقلاپ قالىمەن. بۇ تۈۋرۈكلەر ھېلىھەم مەزمۇت تۇرۇپتۇ. قالغان يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېڭىلايمىز. ئۇنىڭ تام - تورۇسلىرىغا يەنە ئاجايىپ نەقىشلەرنى چەكتۈرىمەن. مەسچىت پۈتكەندىن كېيىن، ئىچىگە قىپقىزىل گىلەملەرنى سالدۇرىمەن. بۇ — يۇرت ئۈچۈن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا قىلغان بىر خەيرلىك ئىشىم بولۇپ قالار.

— بۇنچىلىك ھەشەمەتچىلىكنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— بۇ نېمە دېگەنلىرى!؟ — دەپ ھەيران بولدى تاھىر ئەپەندى.

— مەسچىت ئاللاغا ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇن، راھەتلىنىدىغان جاي ئەمەس. جانابىي رەسۇلىللا دائىم ئاددىي مەسچىتلەردە، بورا ئۈستىدىلا ناماز ئوقۇيتتى. ھەدىسلەرگە بۇ ئېنىق يېزىلغان.

تاھىر ئەپەندى كۈلۈپ كەتتى.

— تەقسىر! — دېدى ئۇ، — جانابىي رەسۇلىللا ياشىغان دەۋر بىلەن ھازىرغىچە قانچىلىك يىللار ئۆتتى؟... مەن قاھىرە، ئىستانبۇل، دەمەشقلەردىكى ئاجايىپ مەسچىتلەرنى كۆرگەنمەن. بۇ مەسچىتلەرنىڭ قانچىلىك كاتتىلىقىنى كۆرمىگەن ئادەمگە سۆرەتلەپ بەرمەك قىيىن. ئەجەبا، شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار سىلى دېگەن ھەدىسلەرنى ئوقۇمىغانمىدۇر؟... مەن ئاق مەسچىتنى بىر كۆرگەن ئادەم «ۋاي!» دېگۈدەك قىلىپ شۇنداق بىر سالدۇرايكى، ئۇ يالغۇز يارانقان ئىگەمگە ئىبادەت قىلىدىغانلا

ئورۇن ئەمەس، بىر مىللەتنىڭ بىناكارلىق ھۈنىرى، نەققاشچىلىق سەنئىتى، ئەقىل - پاراسىتىنى ئۆزىگە جەم قىلغان كاتتا قۇرۇلۇش بولىدۇ.

× ×

تاھىر ئەپەندىنىڭ ئاق مەسچىتنى بۇزدۇرۇپ باشقىدىن سالدۇرماقچى بولغانلىق خەۋىرى مەھەللىگە پۇر كەتتى.

— نىمىدىگەن ئۇلۇغ نىيەت! — دەپ غۇلغۇلا قىلىشاتتى بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار.

— بىر ساۋابلىق ئىش قىلاي دەپتۇ - دە!

— شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ چەت ئەللىك بۇرادەر كاتتا باي ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق - دە، بولمىسا شۇنچىۋالا يوللارنى بېسىپ كېلىپ، بۇ يەردە پۇل خەجلەلەمدۇ؟

— نەچچە يەردە زاۋۇتلىرى، چوڭ شەھەرلەردە كېچە - كۈندۈز چىراغلىرى ۋالىلداپ يېنىپ تۇرىدىغان دۇكانلىرى بار، دەمدۇ نىمە؟

— بەلكىم، پۇلنىمۇ ئۆزى بېسىپ چىقىرامدۇ تېخى...

— مۇشۇ ئاق مەسچىتنى ئىلگىرى ياساتقان ئادەم كىم بولغىيدى؟ — دەپ سوراپ قالدى بىرەيلەن.

شۇنىڭ بىلەن، ئاق مەسچىت، قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر يەنە باشقىدىن ھېكايە قىلىنىشقا باشلىدى. كىملەردۇر بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئاللىقانداق بىر يەرلىرىنى چۇشۇرۇپ قويۇپ، يەنە قانداقتۇر بىر يەرلىرىگە ئۆزى خالىغان



مەزمۇنلارنى قېتىپ قويۇشاتتى.

— ئاق مەسچىت توغرىسىدا گەپ جىق، — دەپ گەپ باشلىدى ياشتا چوڭراق بىرەيلەن، — ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن ئاق مەسچىتنىڭ ئورنىدا بىر كەمبەغەلنىڭ ئاددىي بىر كەپىسى بار ئىكەن. بىز توپىسىنى توشۇپ، تۈزلەپ، ھازىر ئۈستىگە بۇغداي - قوناق تېرىۋاتقان قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىنى بىلىسىلەر. ھېلىقى كەمبەغەل ھەر كۈنى نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، كەپىسىدىن چىقىپ، قەدىمكى شەھەر خارابىلىكىگە قاراپ: «خۇدا، بىر كۈنى بەختىمنى بېرەرسەن!» دەپ دۇئا - تەلەپ قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ شۇ خارابىلىككە بېرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا بىرى «تۇر ئورنۇڭدىن!» دەپ ۋارقىرىغاندەك بوپتۇ. چاچراپ ئورنىدىن تۇرسا، ئەتراپتا ھېچكىم يوق. نېرىراقتا بىر سېغىزغان ھە دەپ بىرنىمىنى چوقۇلاۋاتقۇدەك. ھېلىقى كەمبەغەل بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، «سېغىزغان بۇ يەردە نىمىنى چوقۇلاۋاتقاندۇ؟» دەپ بېرىپ قارىسا، ئۇ يەردە توپىنىڭ ئاستىدىن بىر كومزەكنىڭ بىقىنى كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەك، كومزەكنى كولاپ ئالسا، ئىچى لىق ئالتۇن ئىكەن. شۇ ئالتۇنلار بىلەن ھېلىقى كەمبەغەل كاتتا باي بولۇپ كېتىپتۇ. ئاخىرىدا، ئەسكى كەپىسىنىڭ ئورنىغا مانا شۇ ئاق مەسچىتنى سالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

— بەلكىم! — دەپ تەستىقلاشتى بىرقانچەيلەن، — ئېسىڭلاردىمىكىن، شۇ خارابىلىكنىڭ توپىسىنى توشۇۋاتقان چېغىمىزدا، ئۇ يەردىن تازىمۇ يوغان بىر كۈپ چىققان ئەمەسمۇ؟... «ۋاي، دۇنيا چىقتى، دۇنيا چىقتى!» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتۇق. ئادەم دېگەن ئولىشىپ كەتتى. مىڭ تەستە

كولاپ ئالدۇق . تېخى بەزىلەر : «توختاڭلار ، ئىچىنى ئاختۇرۇشقا ئالدىرىماڭلار ، ئاۋۋال يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش كېرەك» دەپ كەتتى .

— ئىچىدە نېمە باركەن ؟ — دېدى بىرى تاقەتسىزلىنىپ .

— ھېچنېمە يوق ، لىق توپا .

— ئىچىدىكىسىنى ئاللىبۇرۇن باشقىلار قۇرۇتۇپ بولغان دېگىنە ؟

— شۇنداقمىكىن ، كۆپنى ئۆزۈن ۋاقىتلارغىچە كوللېكتىپ ئاشخانىدا سۇ توشقۇزۇپ ئىشلىتىپ يۈردۇق . كېيىن نېمە بولدى ؟ يوقالدىغۇ .

— مۇنۇ ئاق مەسچىتنى سالدۇرماقچى بولۇۋاتقان ئەپەندىنى ئەللىك - ئاتمىش يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ يەردىن چىقىپ كەتكەن ئادەم دېيىشىدىغۇ ؟ ھېلىقى يوغان كۆپتىكى ئالتۇن - كۆمۈشلەرنى مۇشۇ قېرى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەنمىدۇيا ؟ !

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ جۇمۇ !...

تىمتاس مەھەللە باشقىدىن جانلىنىپ ، ئادەملەر ئارىسىدىكى غۇلغۇلا بىرنەچچە كۈن توختىماي داۋاملاشتى . كىشىلەر ئويلىغانسېرى چەت ئەللىك ئەپەندىنىڭ ئاق مەسچىتنى بۇزۇپ باشقىدىن ياساتماقچى بولغان غەرىزىدىن شۈبھىلىنىشكە باشلىدى .

— بۇ باي - خوجىلارنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ ، — دەپ مۇھاكىمە قىلاتتى بىرەيلەن ، — يۈز سوم پايدا ئېلىشقا كۆزى يەتكەندە ، ئاندىن يانچۇقىدىن ئون سوم چىقىرىدۇ . ئەجەب بۇ كىشى باشقا ئىش قىلماي ، بىزگە مەسچىت سېلىپ بەرمەكچى بولۇپ قاپتۇ - ھە ! ؟

— پۇلۇڭ جىق بولسا ھەربىر ئۆيگە پاقىلدىتىپ بىر



كاللەكتىن تاشلىماسەن . مانا ، ياخشىلىق دېگەن . خەقنىڭ بىر ئوبدان ناماز ئوقۇۋاتقان مەسچىتى بىلەن ھەپىلىشىپ نېمە قىلىسەن !

— باي نەدە ، ۋاي شۇ يەردە . توۋا دەڭلار ، كىم سىلەرگە پاقىلدىتىپ بىكارغا پۇل تاشلاپ بەرگۈدەك... مانا ، ئابباس بايۋەچچىنى بىلىسىلەر . شەھەرنىڭ يېگى بايلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوقتى . پۇلنى تاپتى ، تاپتى ، ئاخىرىدا ، ھەممىنى قىمار ئويناپ ئۇتتۇرۇۋېتىپلا قاراپ ئولتۇردى . ھازىر ئۆزىمۇ بىر نانغا زار...

— مېنىڭمۇ ھېچ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ ، — دېدى باياتىدىن بېرى باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۈنچىقماي ئولتۇرغان بىرەيلەن ئېغىز ئېچىپ ، — بۇ گەدىنىگىچە چاچ قويغان ئەپەندىم قانداق قىلىپ كونا مەسچىتكە پۇل خەجلىمەكچى بولۇپ قالدى ؟... مانا ، پالانچى كېلىپ زاۋۇت قۇردى ، دۇكان ئاچتى ؛ پوكۇنچى كېلىپ شەھەرگە كاتتا مېھمانخانا سالدۇردى . بۇ دېگەن مەسچىت - دە !

— ئىشىكنى توسۇپ ، نامازغا كىرگەنلەرگە بېلەت ساتامدۇ-يا ؟

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى .

— سىلەر ئاڭلىمىغانمۇ ؟ — دەپ سۆز ئالدى يەنە بىرەيلەن ، — ئاشۇ خارابىلىكنىڭ ئۆزى بۇرۇن كاتتا شەھەر بولغانىكەن . بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى بەكمۇ قورسىقى تار ئادەمتىكەن . ئۆلەر ۋاقتى يېقىنلاشقاندا ، ئۇ : «مەن ئۆلۈپ كەتسەم ، خەزىنىدىكى ئالتۇن - كۆمۈشلەرنى كىملەر خەجلەپ كېتەر ؟» دەپ قاتتىق ئازابلىنىپتۇ . تاشدۆڭنىڭ ئۈستىنى چوڭقۇر كولىتىپ ، خەزىنىدىكى ھەممە دۇنيانى شۇ يەرگە كۆمۈپ

جايلاپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ ئاق مەسچىتنى سالدۇرۇپتۇ . ئاندىن ، بۇ سىرنى بىلىدىغان بارلىق ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىپتۇ . ئاخىرىدا شەھەرمۇ خارابلىشىپ ، بۇ ئەتراپتا ئاق مەسچىتتىن باشقا ھېچنېمە قالمىغانىكەن...

— ھىم !... گەدىنىگىچە چاچ قويغان ئەپەندىمنىڭ ئاق مەسچىتنى بۇزۇپ باشقىدىن سالماقچى بولغان غەرىزى ئەمدى ئايدىڭلىشىپ قالدى . قارىغاندا ، بۇ ئەپەندىم ئاق مەسچىتنىڭ تارىخىنى خېلى پىششىق بىلسە كېرەك . مەسچىتنى بۇزۇپ ، ئاستىدىكى خەزىنىنى ئۆزى جايلاپ ، بىزگە قۇرۇق مەسچىتتىن يەنە بىرنى سېلىپ بېرىپ قۇيرۇقىنى خادا قىلماقچىكەن - دە !

— مەسچىتنى باشقىدىن سالغان بىلەن ، ئىچىدىكى ئون ئىككى تۇۋرۇكنى ساقلاپ قالغۇدەك ، — دەپ سۆز قىستۇردى بىرى .

— شۇ ئون ئىككى تۇۋرۇكنىڭمۇ ئىچى كاۋاكمىش . پادىشاھ تۇۋرۇكلەرنىڭ ئىچىگە لىققىدە ئالتۇن توشقۇزۇپ ئۆرە قىلدۇرغانىكەن ، — دەپ سۆزنى ئاياغلاشتۇردى بايىقى ھېكايىنى ئېيتقان كىشى .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ ، كۆزلىرى پارقىراپ قالدى . «ئەجەب ئاشۇ ئۆيەر- بۇيەرلىرىگە قوپال مىخلار قېقىلغان ، جامائەت ھەر كۈنى كىرىپ سەللە - پەللە ، چاپان - چارىلىرىنى ئېسىپ قويىدىغان تۇۋرۇكلەرنىڭمۇ ئىچى لىققىدە ئالتۇن بولسا - ھە !...»

× ×

شۇ كۈنى ، سۈتەك ئايدىڭ كېچە بولدى . ھېچكىمنىڭ



كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى . كىملەرنىڭ قانداق يوللار بىلەن بېيىپ كېتىۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان بۇ جاھاندا ، ھەممىنىڭ كاللىسىدىن تۈيۈقسىز بېيىپ كېتىش خىيالى تۇماندەك ئەگىپ ئېرى كەتمەيتتى... تۈن يېرىملاشقاندا ، ئىتلار قاۋاپ ، كەتمەن - گۈرجەكلەرنىڭ ئېمىلەرگىدۇر تېگىپ جاراڭلىغان ئاۋازلىرى تاڭ يورۇغىچە بېسىلمىدى .

ئەتىسى ئەتىگەندە ، تاھىر ئەپەندىنىڭ پىكاپى سىلىق مېڭىپ تاشيولغا چىقىپ كەلدى . ئۇ ئاق مەسچىت يېنىغا يېتىپ كېلىپ پىكاپتىن چۈشۈپ ، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ داڭقېتىپ قالدى ، مەسچىت پۈتۈنلەي ئۆرۈلگەن بولۇپ ، ئادەملەر ئۇنىڭ خىش - كېسەكلىرىنى تارتىپ چىقىرىپ ، توپىلىرىنى غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى . ئۇلار شۇنچىلىك ئالدىراش ئىدىكى ، ھېچكىمنىڭ تاھىر ئەپەندىگە قارىغۇدەك چولىسى يوق ئىدى . كۆزلىرى قانغا تولغان ھالدا قەيەرلەردىندۇر كولايتتى ، بىر - بىرىدىن نېمىلەرنىدۇر قىزغىنىشاتتى . مەسچىتنىڭ ھېلىقى ئون ئىككى تۈۋرۈكمۇ پارە - پارە بولغان ھالدا يەردە ياتاتتى...

تاھىر ئەپەندى بېشى قايغاندەك بولۇپ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى . شۇ بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە ئۇنىڭ بېجىرىم تۇرغان چىرايىغا قورۇقلار چۈشۈپ ، چاچلىرى ئاپئاق ئاقاردى . ئۆرۈلگەن ئاق مەسچىت بىلەن تەڭ ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەقىدىسىمۇ بەربات بولغانىدى .

2000 - يىل 10 - ئاي ، غۇلجا

# ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنى ئەسلەيمەن

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئالەمدىن ئۆتتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلانغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋەكىلى ئارىمىزدىن كەتتى.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئىشىتكەن چېغىمدا، ئۇرۇمچىنىڭ تۇمان ئىچىدە ئەلەڭشىپ تۇرغان ئېگىز بىنالىرى، قوغۇشۇندەك ئېغىر بۇلۇتلار قاپلىغان كۇز ئاسمىنى ماڭا تېخىمۇ كۆڭۈلسىز بىلىنىپ، كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى... شۇ كېچە ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدىم. كۆز ئالدىمدىن غۇلجا ئۇچدەرۋازا مەھەللىسىنىڭ تېرەكلىك كوچىلىرى، سىرغىپ سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىقلار، كوچا دوقمۇشلىرىغا يايمىلىرىنى يېيىپ قىزغىن سودا قىلىشىۋاتقان باققاللار كەتمەيتتى. رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن، تۇگمىلىرىنى تولۇق ئەتكەن ئابدۇۋەلى ئاكا ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ يەنە قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئاشۇ تېرەكلىك كوچىلاردىن ئۆتۈپ تۇراتتى. بۇ ئورۇق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەقىقىي بىر سەنئەتكارغا خاس چېچەنلىك، پاكىزلىق، غۇرۇر ۋە سالاپەت مۇجەسسەم ئىدى. ھەر دائىم ئابدۇۋەلى ئاكا بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ۋاقتىمدا، ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ يېڭىلا بازاردىن ئېلىپ كىيىۋالغاندەك پارقىراپ، غاچىلداپ تۇرىدىغىنىغا ھەيران بولاتتىم. ئەنە شۇنداق بىرقانچە مويسىپىتلار بىزنىڭ ئۇ



ئۇچدەرۋازىغا ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

بەزى كۈنلىرى ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ ھېلىقى باققاللارنىڭ سودىسى قىزىپ تۇرغان چوڭ كوچىغا چىقىپ، كىملەردۇر قويۇپ بەرگەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتكىنىنى كۆرەتتىم. ئۇنىڭغا ئادەملەر تىقىلىشىپ تۇرغان مۇشۇ كوچىلارنىڭ ئۆتمۇشى، ئۇچدەرۋازا، توغرىكۆۋرۈك ۋە بەلكىم پۈتۈن غۇلجا شەھىرىنىڭ مۇشۇ ئەسىر ئىچىدىكى تارىخى بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۆتمۇش توغرىسىدىكى ئۇ ئېيتقان ۋە تېخى ئېيتىشقا ئۇلگۇرمىگەن نۇرغۇن خاتىرىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتتى... شۇ تاپتا نېمىشقىدۇر ئېسىمگە مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ داۋۇتجان ناسىر ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان مۇنۇ بىر كۇپلېت مەرسىيىسى كېلىپ قالدى:

غۇلجىنىڭ پەركايى ئۇچقاندەك سېزىلدى ئاشۇ كۈن،
چۈنكى ئۇندىن كەتتى بىر تەڭدىشى يوق بۇلبۇل ئۇچۇپ.
ئا. جارۇللايوف تۆكۈپ ياش، كۆلكىدىن قاپتۇ ھېسام،
يىغلىسا ئەرزىيدۇ ئۇيغۇر پۈشتى قەبرەڭنى قۇچۇپ.

ماڭا غۇلجىنىڭ پەركايى يەنە بىر قېتىم ئۇچۇپ كەتكەندەك بىلىندى...

× ×

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر خەلق ناخشىچىسى، ئاتاقلىق دراما ئارتىسى. بۇ ئىككى ئالاھىدىلىك

ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمۈر تارىخىدا كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ 1934 - يىلى غۇلجىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەركىبىدە سانايىنەپىسە تەشكىللەنگەندە، روزى تەمبۇر قاتارلىق سەنئەت يېتەكچىلىرىنىڭ ئىمتىھان ئېلىشى بىلەن ئۆمەككە قوبۇل قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇۋەلى جارۇللايوف يېرىم ئەسىردىن ئوشۇق ئۆمرىنى سەنئەت ساھەسىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ ناخشىدىكى جاراڭلىق ئاۋازى، رول ئېلىشتىكى چەبدەسلىكى بىلەن ئاجايىپ شۆھرەت قازانغان خەلق سەنئەتكارى ئىدى.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان. ئۇ 1953 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى تەركىبىدە بېيجىڭغا بېرىپ خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداپ، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن؛ 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ئۇيۇشتۇرغان مەدەنىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەردە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنداپ ئالقىشقا ئېرىشىپ، ۋەتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈرگەن. ئۇ ئۆز ناخشىلىرى بىلەن مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، چەت ئەللەردىمۇ زور تەسىرگە ئىگە ئىدى..

مەن بىر قېتىم ئابدۇۋەلى ئاكىدىن:

— سىزنىڭ ناخشىدىكى ئۇستازىڭىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىغانىدىم، ئابدۇۋەلى ئاكا ئويلىنىپ كېتىپ، باشتا مۇسابايوفلارنىڭ تېرە زاۋۇتىدىكى ناخشىچى ئىمىنجان ئۇستامنى، ئاندىن ھاسان تەمبۇر، ھۆسىيىن تەمبۇر، روزى تەمبۇرلارنى ئەسكە ئالدى. ئاخىرىدا ساۋۇتكام «بېدىك»، ئاقتېيىپھاجى···



قاتارلىق بىر قانچەيلەننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى - دە، بۇلارنىڭ ئىچىدىن مۇھىمراق دەپ كىمنى ئاتاشنى بىلمەي، ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ئۇستازى مەلۇم بىر شەخس ئەمەس، ئىلىدىكى خەلق ئىدى.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف سەنئەت سېپىگە يېڭىدىن قەدەم قويغان ئەينى يىللاردىلا ئىلىنىڭ داڭلىق ساز ئۇستىسى ھاسان «تەمبۇر» ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ناخشىلىرىغا: «ئابدۇۋەلىنىڭ ناخشىسىدىن جىلىلىيۇزى، تۇرپانىيۇزلەردىن ھارۋا ھەيدەپ كىرىدىغان دېھقانلار ناخشىسىنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ» دەپ باھا بەرگەنىكەن. بىر قېتىم مەن ئاتاقلىق مۇزىكانتىمىز مۇساجان روزى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ ناخشىلىرى ھەققىدە گەپ ئاچقىنىمدا، مۇساجان ئاكا: «ناخشىلارنى مۇزىكىغا چۈشۈرۈپ ئېيتىش بىز ئۈچۈن تېخى يېقىنقى تارىخ. ئابدۇۋەلىكامنىڭ ناخشىلىرىدا ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ناخشا ئېيتىش ئۇسلۇبى ساقلانغان» دېگەنىدى. مانا بۇ ئىككى دەۋردىكى نوپۇزلۇق ئىككى سەنئەت ئەربابىنىڭ ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ ناخشىلىرىغا بەرگەن باھاسى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ناخشىلىرى ناھايىتىمۇ يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

1959 - يىلى مەركەزدىن شىنجاڭغا كەلگەن مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جيەن چىخۇا جەنۇبىي شىنجاڭدىن خەلق ئاھاڭلىرىنى توپلاپ ئايلىنىپ غۇلجىغا كەلگەندە، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ناخشىلىرىدىكى ئالاھىدە تۈسنى بايقىغان. شۇ قېتىم ئۇ ئەمەتخان بارات، زوردۇن نۇسرەت، ئابلاخان «كېپەك»، ھۇسەنجان ھەسەن قاتارلىق سازەندىلەرنىڭ مۇزىكا تەڭكەش قىلىپ بېرىشى

بىلەن، ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ يۈزگە يېقىن ناخشىسىنى لېنتىغا ئالدى. جيەن چىخۇا بۇ ناخشىلارنىڭ لېنتىسىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بوران - چاپقۇنىدىن سالامەت ئۆتكۈزۈپ، كېيىن ئايرىم كىتابچە قىلىپ ئېلان قىلدى.

1976 - ۋە 1981 - يىللىرى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن ئابلىز شاكىر، تۇرغان شاۋۇدۇن، يۈسۈپجان قاتارلىقلار غۇلجىغا كېلىپ، ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ناخشىلىرىنى بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك لېنتىغا ئالدى. ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ سابىق مەسئۇللىرىدىن ھېبىبۇللا ۋە رۇقىيە سابىرلارمۇ بۇ خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ناخشىلىرىنى لېنتىغا ئېلىپ ئارخىپلاشتۇردى. ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئۆزى يەنە جالالىدىن پەخرىدىن بىلەن بىرلىشىپ، ئىلى خەلق ناخشا تېكىستلىرىنى ئېلان قىلدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ ئابلىكىم ئابدۇللا، تۇرغان شاۋۇدۇنلار بىلەن بىللە ئىشلىگەن «ئىلى خەلق ناخشىلىرى» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى.

ناخشا - مۇزىكا ئاھاڭلىرىنى نوتا بىلەن يېزىپ قالدۇرۇشنى ئادەت قىلمىغان بىر مىللەت ئۆزىنىڭ سەنئەت بايلىقلىرىنى كېيىنكىلەرگە قانداق يەتكۈزىدۇ؟ ناخشا ئېيتىپ ئورما ئورۇۋاتقان دېھقانلار، مۇكچىيىپ ئىش راسلاۋاتقان كاسىپلار، بوۋىقىنى ئەللەيلەۋاتقان ئانا، شەھەرمۇ شەھەر كېزىپ يۈرگەن مۇساپىرلار، راۋابىنى قولتۇقىغا قىسىپ دەشت - باياۋانلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئاشىقلار — ئەنە شۇ ئاددىي خەلق سەنئىتىنىڭ ئۆتمۈشىنى كەلگۈسىگە ئۇلىغۇچىلاردۇر. يەنە بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەربىر ھەقىقىي سەنئەتكارنىڭ ئۆزى



ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەردىن ئالىدۇ، ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە قالدۇرىدۇ. ئابدۇۋەلى جارۇللايوف قالدۇرغان ماتېرىياللار مىللىتىمىز سەنئەت خەزىنىسىدىكى پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدىغان قىممەتلىك بايلىق.

× ×

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف مۇشۇ ئەسىردە ئۇيغۇر تىياتىر ئارتىسلىقىدا مۆجىزە ياراتقان شەخس. ئۇ 1936 - يىلىدىن 1962- يىلىغىچە ئىلى سەھنىلىرىدە ئوينالغان قىرىقتىن ئوشۇق دراما، كومېدىيە، ناخشا - ئۇسسۇللۇق ئوپېرالارنىڭ كۆپىنچىسىدە رولغا چىققان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «باي ۋە مالاي»دا غوپۇر، «ئارشىن - مال ئالان»دا ئەسقەر، «غېرىب - سەنەم»دە غېرىب، «پەرھات - شېرىن»دا پەرھات، «لەيلى - مەجنۇن»دا مەجنۇن، «نوزۇگۇم»دا باقەم، «غۇنچەم»دە نۇرۇم بولۇپ ئوينىغان باش روللىرى ئەينى يىللاردىكى تاماشىبىنلاردا ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇرغان. شۇڭا، ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئۆز ۋاقتىدىلا ئۇنىڭغا تىياتىر ساھەسىدە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن «خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىس» دەپ نام بەرگەن.

ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ئەينى يىللاردىكى «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسىدا غېرىب رولىغا چىقىش تارىخى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ بۇ سەھنە ئەسىرىدە يىگىرمە نەچچە يىل باش رول ئالغان. شۇ يىللار ئىچىدە رازىيە خانىم، ھەجەر،

گۇلسۇم ، پەرىدە ، ئاۋتەت ، خەلىپەم قاتارلىق ئارتىسلار سەنەم رولىغا ئالماشقان . بۇ ئىشلارنى ئەسلىگىنىدە ، ئابدۇۋەلى ئاكا قىزىقچىلىق قىلىپ :

— يىگىرمە يىل غېرىب رولىغا چىقىپتىمەن ، توققۇز سەنەمنى قېرىتىپتىمەن ، — دەپ چاقچاق قىلاتتى .

ئۇ چاغلاردا تېخى سەھنىدە ئاۋاز كۈچەيتىدىغان ئەسۋاب ، مىكروفون دېگەنلەر يوق ئىدى . سەھنە ئەسىرىدىكى ھەربىر سۆز ۋە ناخشىلارنى تاكى كۇلۇبنىڭ ئاخىرقى رېتىدە ئولتۇرغان تاماشىبىنلار ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ۋارقىراپ ئېيتىشقا توغرا كېلەتتى . ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ئۆزىنىڭ رول ئېلىشتىكى تالانتى ، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ئۆچمەس شۆھرەت قازىنالىدى . بىر رولنى يىگىرمە يىل مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىقىش بىزنىڭ يېقىنقى زامان تىياتىر تارىخىمىزدا تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش .

1962 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە غۇلجا شەھىرىدە «ئارشىن ـ مال ئالان» يىگىرمە نەچچە مەيدان ئوينالدى . بۇ چاغدا ، ياش ئەسقەرنىڭ رولىنى ئېلىۋاتقان ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنى ھېچكىممۇ ئەللىك ياشتىن ھالقىغان ئادەم دەپ ئويلىمايتتى . بۇ ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم رول ئېلىشى بولۇپ قالدى . شۇنىڭدىن كېيىنكى يىگىرمە يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ھەممىمىز ئۈچۈن تەكشىسىز يىللار بولدى . يەنە كۆپ مۆجىزىلەرنى يارىتىش ئىمكانىيىتى بولغان بۇ تالانتلىق سەنئەتچىنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرى «ئۆزىنى تەكشۈرۈش» ، «ئۆگىنىش كۇرسى»غا قاتنىشىش دېگەنلەر بىلەن بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى . بۇ ئېگىز ـ پەس



يىللار تولىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ئاخىر ئۆتۈپ كەتكەندە ، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف سەھنىدە رول ئېلىش ياش قۇرامىدىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ كەتكەنىدى .

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ ئۇلىنى سالغۇچىلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرى سەھنە ھاياتىنى باشلىغاندا ، تېخى بىزدە سەھنىدە قانداق رول ئېلىش ، ناخشىلارنى مۇزىكىغا قانداق چۈشۈرۈش ، سەھنىنى قانداق بېزەش... دېگەندەك نۇرغۇن ئىشلارنىڭ تەييار ئۈلگىسى يوق ئىدى . ئۇلار ھەممىنى يېڭىدىن باشلىغان ، ئىجادىي ياراتقان ، يول ئاچقان .

× ×

كۆز ئالدىمغا يەنە غۇلجىدىكى بىر ئېغىز ھۇجرام كەلدى . بۇ بىر ئۈستەل ، بىرنەچچە ئورۇندۇق قويۇلغان ئاددىيلا بىر ئۆي . ئابدۇۋەلى ئاكا ئىككىمىز «ئىلى ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە قىسقىچە سۆز» دېگەن ئۇزۇن ماقالىنى مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ بىرلىكتە يازغان ؛ ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ مەرھۇم زىكرى ئەلپەتتا ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىمۇ مۇشۇ ئۆيدە پۈتۈپ چىققان ؛ يەنە مەن ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ھاياتىغا بېغىشلانغان «يىللار شۇنداق ئۆتكەن» ناملىق كىتابىمنى يېزىۋاتقان چېغىمدا ، ئابدۇۋەلى ئاكا بىلەن بۇ ئۆيدە تالاي كۈنلەر پاراڭلاشقان .

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف ۋاقىتقا ئىنتايىن رىئايە قىلىدىغان ئادەم . ئۇ ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن دەل سائەت ئىككىدە يېتىپ

كېلەتتى . دەرۋازىدىن كىرىپلا ، ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ ، «ئۆھۆ !» دەپ يۆتىلىپ قوياتتى ، مەن ئالدىغا چىقاتتىم ، بىز سائەت تۆتكىچىلا ئىشلەيتتۇق . ئۇنىڭ زېھنى ئوچۇق ، خاتىرىسى ئىنتايىن ياخشى ئىدى . ئۇزۇن يىللار ئالدىدىكى ئىشلارنى ھاياجان بىلەن ئەسكە ئالاتتى ... پاراڭلىشىۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئاياپ تاماكىنى ئىلاج بار چەكمەيتتىم . ئابدۇۋەلىكام بەزىدە كۇلۇپ :

— ھە ، تاماكىغا قاراپ ـ قاراپ قويىسەنغۇ ؟ چېكىۋەر ، چېكىۋەر . دېرىزىنى يوغانراق ئېچىۋېتىپ چېكىۋەر ! — دەيتتى .

سائەت دەل تۆت بولغاندا ، ئۇ :

— سائىتىڭگە قارىغىنە . تۆت بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن . بۇگۈن مۇشۇ يەرگىچە پاراڭلاشساق بولار ، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلەتتى .

بەزىدە تاماق تەييار بولۇپ قالغان بولسا ، ئايالىم ئۇنى تاماق يەپ كېتىشكە زورلايتتى . بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئاۋۋال :

— نېمە تاماق ؟ — دەپ سورايتتى .

— لەڭمەن ، — دېسە :

— ھە ، لەڭمەن بولسا ئازراق يەپ قوياي ، لازىنى جىق سالمىغانسىز ؟... ماڭا قاراڭ ، تۇرسۇنئاي ، ماڭا بىر پىيالە ياپىلاق قىلىپ بىرلا پىلتا سېلىڭ ـ ھە ، جىق يېيەلمەيمەن ، — دەيتتى .

راستىنىلا ئۇ ئوشۇق تاماق يېمەيتتى ، تۇرمۇشتا ئۆزىگە خاس ئىنتىزامى بار ئىدى .

مەنمۇ بەزىدە ئابدۇۋەلى ئاكىنى ئىزدەپ ئۆيىگە باراتتىم . چوڭ دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكىدىن ئېڭىشىپ كىرگىنىڭىزدە ،



كۆز ئالدىڭىزدا گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان باغلىق بىر قورۇ پەيدا بولىدۇ . ئېرىق بويىدىكى ئۆرۈك ، ئالۇچىلار ، ئۆينىڭ ئالدىغا سايە تاشلاپ تۇرغان ئۈزۈم باراڭلىرى ئۆزى ئۈنۈپ قالغان بىر تۈپ چىغىرتماق... ھەممە نەرسە شۇنچىلىك تەبىئىي ، تازا ۋە جاي ـ جايىدا . قاچانلا بارماي ، ئابدۇۋەلى ئاكىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى ئامىنە ھەدىنىڭ ھويلا ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر يۆتكەپ ، رەتلەپ ، قەيەرلەرنىدۇر كىرىلىتىپ سۈپۈرۈپ ، تازىلاپلا يۈرگىنىنى كۆرەتتىم . سەنئەت ئىشلىرىمىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئەجىر سىڭدۈرگەن ئابدۇۋەلى ئاكا ئازغىنە بىر كىشىلىك مائاشىنى تېجەپ ئىشلىتىپ ، مانا مۇشۇ قورۇدا بالىلىرىنى قاتارغا قاتقان ، داغدۇغىسىز ، ھەشەمەتتىن خالىي ، ئاددىي ـ ساددا ياشاپ ئۆتكەنىدى .

ئۆتكەن قېتىم غۇلجىغا بارغىنىمدا ، ئابدۇۋەلى ئاكىنى يەنە يوقلاپ بارغانىدىم ، ئابدۇۋەلى ئاكا ئۆيدە ياتقانىكەن ، ئامىنە ھەدىمۇ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچ ھويلىدا كۆرۈنمەيتتى . تەڭ ياشاپ ، تەڭ قېرىغان بۇ ئىككى ھەمراھسىز ماڭا بۇ ھويلىدىكى گۈللەر سولىشىپ ، ھويلىنىڭ ئىچى چۆلدەرەپ قالغاندەك بىلىندى . نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم يېرىم بولدى...

ئابدۇۋەلى ئاكا يەنە ھوشيار ياتاتتى ، سۆزلەپ تۇراتتى .

— قارا ! تېيىلىپ بىر يىقىلغان باھانە بىلەن ئورنۇمدىن تازا تۇرۇپ كېتەلمەيۋاتىمەن . بولمىسا باشقا يېرىمدە چاتاق يوق... ھە ، ئۆزۈڭنىڭ ئىشلىرى قانداقراق ؟... ئورۇمچىدىمۇ كونىلار قالمىدى . ئەمەت ئۆمەر ، قەمبەرخانىملارمۇ ئۆلۈپ كەتتى... مۇساجان روزى ، ھۈسەنجان جامىلار ياخشى تۇرۇۋاتقاندۇ ؟ ... غىياسىدىن بارات ، ئابلىز شاكىرلارنى كۆرۈپ

تۇرامسەن ؟… ماۋۇ كىشىنى تونۇيدىغانسەن ؟ — دەيتتى ئۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرى ساقلاپ كېلىۋاتقان تارىخىي سۈرەتلەرنى كۆرسىتىپ ، — بۇ ئابدۇنەبى ماناپوف بولىدۇ . ماۋۇ مەرۇپكام . بۇلار توغرىسىدا تېخى ھېچكىم بىر نەرسە يازغۇدەك بولمىدى… مانا بۇ تۇرداخۇن ئاكا…

مۇقام ئۇستازى تۇرداخۇن ئاكىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپلا خىيال كەپتىرىم يىراقلارغا ئۇچتى .

ئازادلىقتىن كېيىن ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان «ئون ئىككى مۇقام»نى قۇتقۇزۇپ قېلىش خىزمىتىنى تېزلا قولغا ئالغانىدى . 1951 ـ يىلى «ئون ئىككى مۇقام»نى لېنتىغا ئېلىش ۋە رەتلەش خىزمىتىگە قاتنىششقا جەنۇبتىن تۇرداخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھوشۇرئاخۇن ، ئىلىدىن روزى تەمبۇر ، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف قاتارلىق خەلق سەنئەتچىلىرى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلغان . بۇ خىزمەت دەسلەپتە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئارقىسىدىكى ئاددىي بىر قورۇدا ئىشلەنگەن . «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرى تۇرداخۇن ئاكا بىلەن روزى «تەمبۇر»نىڭ جەنۇب ۋە شىمال ئۇسلۇبىدا ئېيتىشلىرىنى ئاساس قىلىپ ، ئايرىم ـ ئايرىم لېنتىغا ئېلىنغان . شۇ قېتىمدا ئابدۇۋەلى جارۇللايوف «ئىلى مۇقامى»نىڭ داستان ۋە مەشرەپ قىسىملىرىغا قوشۇلۇپ ئاۋاز بېرىپ ، مۇھىم خىزمەت كۆرسەتكەن . بۇمۇ ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ئۆمۈر تارىخىدىكى ئۆچمەس بىر سەھىپە . بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن 1992ـ يىلى جۇڭگو مۇقام پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا « ‹ئون ئىككى مۇقام › سەنئەتكارى » دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەنىدى .



ئابدۇۋەلى جارۇللايوف مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك ئارتىس ، ئۇ سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ يول ئاچقۇچىسى ، ئىجادچىسى ، ئىجراچىسى ، تەشكىللاتچىسى ۋە رەھبىرى ئىدى . ئۇ سەنئەت ساھەسىدە ئىشلىگەن ئەللىك يىلدىن ئوشۇق ئۆمرىدە ، ناخشىچى ، دراما ئارتىسى ، رېژىسسور ، سەنئەت يېتەكچىسى ۋە ئۆمەك باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن . شۇنداقلا ئۇ ھەممىگە تونۇشلۇق جامائەت ئەربابى بولۇپ ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ بىرقانچە نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ، ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان .

ئابدۇۋەلى جارۇللايوف 1998 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدە ، غۇلجا شەھىرىدە سەكسەن توققۇز يېشىدا تىنىقتىن توختىدى . شۇ قايغۇلۇق دەملەردە ، سەنئەت ئىشلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ بىر تۆھپىكارى بىلەن ۋىدالاشقان بولدى ؛ مەن ئۆزۈمنىڭ مۇڭداشقان ، يېقىن بىر قېرىندىشىمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولدۇم…

1998 ـ يىل 10 ـ ئاي ، ئۈرۈمچى

# ئاتاقلىق مۇقامچى كارۇشاڭ ئاخۇنۇم

كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەد موللا . ئۇ 1850 ـ يىللار ئەتراپىدا قەشقەردە تۇغۇلغان . ئېيتىشلارغا قارىغاندا : 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ، قەشقەر ھاكىمبېگى زوھۇردىن بەگنىڭ ئوردىسىدا ، مەشھۇر مۇقامچىلاردىن بولغان ئاكا ـ ئۇكا ھېلىم ـ سېلىم ۋە ئۇزاق ھاجىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقامى» بىر قېتىم رەتلەنگەن ۋە ئۆگىتىلگەنىكەن . كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ ئاتىسى ئەمەت موللا ھېلىم ـ سېلىملارنىڭ تۇغقىنى ۋە شاگىرتى ئىدى . ئەمەت موللىمۇ ئەينى يىللاردا زوھۇردىن بەگ ئوردىسىدا ساز چالغان ، ئۆز ھۈنىرىنى ئوغلى مۇھەممەد موللا (كارۇشاڭ ئاخۇنۇم )غا ئۆگەتكەن . كارۇشاڭ ئاخۇنۇم 1883 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئىلىغا چىققان .

ھازىرغىچە يىغىلغان كۆپلىگەن ماتېرىياللاردا ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئىلى رايونىغا تارقىلىشى پەقەت كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ نامىغىلا باغلاپ قويۇلغان . بۇنى تولىمۇ ئالدىراقسانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسسىز قاراش دېيىشكە بولىدۇ . مۇنداق بولغاندا ئىلى رايونىغا «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تارقالغان ۋاقتى تېخى تۇنۇگۈنكىلا گەپ بولۇپ قالىدۇ .



«ئون ئىككى مۇقام» خەلقىمىزنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدىكى سەنئەت تارىخى ، بەدىئىي دىتى ، مول تەسەۋۋۇرى ، كۈچلۈك تەپەككۇرى ، مۇزىكا تۈيغۇسى قاتارلىق تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مۇزىكا قامۇسىدۇر . «ئون ئىككى مۇقام» مەلۇم بىر ئورۇننىڭ ، مەلۇم بىر دەۋرنىڭ ياكى بولمىسا بىر دەملىك بىر قىزغىنلىقنىڭ نەتىجىسى ئەمەس ؛ ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ، مۇزىكا جەھەتتىكى ئۇزاق يىللىق ئىزدىنىشىنىڭ بەدىئىي مەھسۇلى . «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئاھاڭلىرى تارىختا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار تەركىبىنى شەكىللەندۇرگەن نۇرغۇن قوۋملار ياشىغان ناھايىتىمۇ كەڭ دائىرىدىكى خەلقلەرنىڭ خەلق نەغمىلىرى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى مۇزىكا ئۇستىلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن . جۇملىدىن ئىلى ۋە يەتتىسۇ ئەتراپىدا ئۇزاق تارىختىن بېرى ياشاپ كەلگەن ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلغان خەلقلەرنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىمۇ «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ دۇنياغا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ، يېتۈك ئەدىب يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قاراخانىلار پايتەختى بالاساغۇندا خان سارىيىدا خىزمەت قىلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم . ئۇ تاۋغاچ ئارسلانخان بۇغرا ـ تېگىنگە ئاتاپ «دەردى ھۇسۇيىن» دېگەن مۇقامنى ئىجاد قىلغان[1] .

خوتەنلىك موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ بىزگە مۇقاملار تارىخى ھەققىدە مۇھىم ئۇچۇرلارنى بەرگەن ئەسىرى «تەۋارىخي موسقىيۇن»دا : «مۇزىكىچىلارنىڭ ئۇچىنچى پىرى ئالتاينىڭ

[1] «قازاق ئېنسىكلوپېدىيىسى» 2 ـ توم 125 ـ بەتكە قاراڭ .

بالاساغۇن دېگەن يېرىدە ئۆتكەن مەۋلانە شەيخ ئەبۇ ناسىر فارابىدۇر... ئۇ مۇزىكا ئىلمىدە ناھايىتى يېتىلگەنىدى. قالۇننى ئۆز قولى بىلەن ياساپ، سىم تارتىپ چالغان. ‹راك›، ‹ئوششاق› مۇقاملىرى ۋە ‹ئوششاق›نىڭ مەرغۇللىرىنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە يايغان ھەم شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن. ھازىرمۇ ھەممە سازەندىلەرگە مەلۇم بولغان ‹ئۆزھال مۇقامى› ۋە ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى مەرغۇللىرىنى كەشىپ قىلغانىدى»[①] دەپ يازىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى ئۇلۇغ ئالىم پائالىيەت ئېلىپ بارغان بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ھەقىقىي ئورنىنىڭ قەيەردىلىكى ھازىرغىچە بىر سىر بولۇپ كەلمەكتە. كۆپىنچە تارىخچىلار بۇ شەھەرنى ئىلىنىڭ يەتتىسۇ تەۋەسىگە ئانچە يىراق بولمىغان ئىسسىقكۆل ئەتراپىغا جايلاشقان بىر قەدىمىي شەھەر دەپ قارىسا، يەنە بەزى تارىخچىلار بالاساغۇننى ئىلىدىكى قەدىمكى ئالمالىق شەھىرى دەپ كۆرسىتىدۇ. «تەۋارىخىي موسقىيۇن»دا موللا ئىسمەتۇللا ئېنىق قىلىپ فارابىنى «ئالتاينىڭ بالاساغۇن دېگەن يېرىدە ئۆتكەن» دەپ يازىدۇ. يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىلى ئالمالىق شەھىرىنى «ئالتاي قەدىمكى شەھىرى» دەپ ئاتايدىغانلىقىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىش[②].

موللا ئىسمەتۇللا يەنە مۇزىكىچىلارنىڭ ئون ئالتىنچى پىرى دەپ ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىرى يۈسۈپ سەككاكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سەككاكى ھەققىدە: «بۇ ئەزىزمۇ ھەممە ئىلىمدە ھەزرىتى فارابى ۋە ھەزرىتى لۇتفىدەك ئىدى. مىڭلىغان تالىپلار

① «تەۋارىخىي موسقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى 53 ـ بەت
② شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» دېگەن كىتابنىڭ خەنزۇچە 69 ـ بېتىگە قاراڭ.



ئۇنىڭ قولىدا تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ئىلىملارنى ئۆگىنەتتى... ئۇ مۇزىكا ئىلمى بويىچە رىسالىلەر يازغان. ھازىرغىچە نەغمىچىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان ‹بايات›، ناملىق مۇقامنى شۇ ئەزىز ئىجاد قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن»[①] دەپ يازىدۇ. يۈسۈپ سەككاكى 1228 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1306 ـ يىلى ئالمالىقتا ئالەمدىن ئۆتكەن. سەككاكى مازىرى ئىلىنىڭ چاپچال ناھىيىسى تەۋەسىدىكى «خۇنخاي» دېگەن يەردە ھازىرغىچە قوغدىلىپ تۇرۇپتۇ.

يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلاردىن بىز كلاسسىك مۇقاملىرىمىزنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى تۇرغۇزغان بەزى مۇزىكا ئالىملىرىمىزنىڭ بىر قىسىم ھايات پائالىيىتىنىڭ ئىلى ۋە يەتتىسۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇشۇ كەڭ دائىرىدە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. «ئون ئىككى مۇقام»نى رەتلەشتەك ئۇلۇغ ئىشنى تاماملىغان يەركەن خانلىقى كۈچەيگەن يىللاردا بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىنى ئىدى.

تارىختا ئۇيغۇرلار ياشىغان كەڭ زېمىنلاردىكى خەلق ئىچىدە چېچىلىپ ياتقان مول ناخشا ـ مۇزىكا بايلىقى، ھەرخىل مۇقام ئېيتىش ئەنئەنىلىرى بىر قېتىملىق رەتلىنىش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئۇزاقتىن بېرى تەقەززا قىلىپ تۇرغانىدى. ھالبۇكى، مۇنداق چوڭ ئىشنى ھاكىمىيەت ئارىلاشماستىن تۇرۇپ ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايتتى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىدە ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا ئىلمىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئولتۇردى ۋە بۇ رەتلەش، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ ئەمەلگە

① «تەۋارىخىي موسقىيۇن» مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى 64 ـ بەت.

ئاشۇردى . سۇلتان ئابدۇرىشىتخانغا بولسا ئىلى ۋە يەتتىسۇ ۋادىلىرى (ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى ) ناھايىتىمۇ تونۇش ئىدى . ئۇ ياش ۋاقتىدا دادىسى بىلەن بىللە ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتنىشىپ ، ئىلى ۋادىسى ۋە بالقاش كۆلى ئەتراپىدا قازاق ، جۇڭغارلار بىلەن بولغان سۇلھ تۈزۈش ئىشلىرىغا قاتناشقان[①] . ھەتتا بىر مەزگىل بۇ يەرلەردە يەتتىسۇنىڭ سەرتاپلىقىغا (باش ۋالىيلىقىغا ) تەيىنلىنىپ تۇرغانىدى[②] . شۇنداقكەن ، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان مۇقام ئاھاڭلىرىنى رەتلەش ، تولۇقلاش ، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرىنى ئويۇشتۇرغاندا ، ئۆزىگە تونۇش بولغان ۋە ياش ۋاقتىدا ئۆزىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىلى ۋە يەتتىسۇ ۋادىلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشى ياكى ئۇنى چەتكە تاشلاپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى ، شۇ قېتىمقى رەتكە سېلىشتا ئىلى ۋە يەتتىسۇ ۋادىلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ سازلىرى ۋە بۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇزىكا ئۇستىلىرىنىڭ نادىر ئىجادىيەتلىرىمۇ «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىگە كىرگەن . «ئون ئىككى مۇقام» ھەر خىل ئەلنەغمىلەرنىڭ قالايمىقان توپلىمى ئەمەس ؛ ئۇ ئەينى زامانلاردا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلغان قەبىلىلەر ياشىغان كەڭ زېمىندىكى بارلىق خەلقلەرنىڭ «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ مۇزىكىلىق تەرتىپىگە ماس كېلىدىغان ئاھاڭلىرىنى توپلاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن

① ليۇ زىشياۋ : «ئۇيغۇرتارىخى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى ، بىرىنچى قىسىم ئۇيغۇرچە نەشرى 735 ـ بەتكە قاراڭ .
② «تەۋارىخى موسىقىيۇن» 85 ـ بەت . ئەنۋەر بايتۇر ، خەمىت تۆمۈرلەرنىڭ ئابدۇرېشىتخانغا بەرگەن ئىزاھاتىغا قاراڭ .



مۇزىكىلىق گەۋدە .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چېچىلىپ تۇرغان مول ئەلنەغمە بايلىقىنى يىغىپ ، رەتلەپ ، «ئون ئىككى مۇقام»ىمىزنىڭ يېڭى ئاساسىنى تۇرغۇزۇشتەك ئۇلۇغ ۋەزىپىنى تاماملىغان يەكەن خانلىقى ئاز ئۆتمەي ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلىشىشقا باشلىدى . 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئويرات قەبىلىسى (جۇڭغارلار )نىڭ كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى . ئويراتلار يەكەن خانلىقىنىڭ بالقاش كۆلى ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى كۈچلىرى بىلەن ئۇزاققىچە ئۇرۇش قىلىپ ، ئاخىر يەكەن خانلىقىنىڭ بۇ جايلاردىكى تەسىر كۈچىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى . مۇنبەت ئىلى زېمىنىنى تالىشىشنى چۆرىدىگەن بۇ ئۇزاق يىللار جەريانىدا ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان يېغىلىقلار ، ئۇرۇش ۋە دىنىي ماجىرالار تۈپەيلىدىن ئىلى ۋە يەتتىسۇ تەۋەسىدىكى شەھەرلەر ۋەيران بولدى . ئېتىزلار ئوتلاققا ئايلىنىپ ، سۇ ئىنشائاتلىرى بۇزۇلۇپ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ، دېھقانچىلىق ئىگىلىكلىرى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى . بۇ رايونلاردا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىمۇ يىلدىن ـ يىلغا ئازىيىپ كەتتى . قالغانلىرىنىڭ زور بىر قىسمىمۇ ئۇيغۇرلار كۆپرەك جايلاشقان باشقا ئورۇنلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ ، ھەر تەرەپكە تېزىپ كەتتى . مۇنداق پاراكەندىچىلىك 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىككى يۈز يىلغا يېقىن داۋاملاشتى . ئىككى ئەسىر دېمەك تارىخ ئۈچۈن كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىكلا دەم بولسىمۇ ، بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئاز ۋاقىت ئەمەس ئىدى . گەرچە ئىلى تارىختىن بېرى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قەدىمىي ماكانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ ، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ

ئىلى ۋە يەتتىسۇ رايونىدىكى سانى ناھايىتىمۇ تۆۋەن نىسبەتكە چۈشۈپ قالدى . كېيىنكى ۋاقىتتا ، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە رەتلەپ تۇرغۇزۇلغان مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ كۆپىنچە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتلاردا ساقلىنىپ قالغانلىقى ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىدى . مانا شۇنىڭدىن كېيىنلا ، ئىلىغا ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن قايتا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلىشىشىغا ئەگىشىپ ، ھازىر بىز دەپ كېلىۋاتقان مۇقام ئاھاڭلىرى ۋە بەزى خەلق ناخشىلىرى جەنۇبتىن ئىلىغا ، ئىلىدىن يەتتىسۇ تەۋەسىگە قايتا ئېقىپ كىرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى .

تارىخنىڭ قەدىمى 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا يەتكەندە ، چىڭ خاندانلىقى جۇڭغارلارنى تىنچىتىپ ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈردى . ئىلى رايونىنى قوشۇن تۇرغۇزۇشقا ئەپلىك ئورۇن دەپ تاللاپ ، ئىلىدا ئەينى يىللاردىكى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھاكىمىيەت ئورنى بولغان ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ ، ئاساسلىق مۇداپىئە قوشۇنىنى مۇشۇ ئورۇندا ساقلىدى . بۇ كۆپ سانلىق قوشۇن ۋە ھەربىي ، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ئوزۇقلۇق مەسىلىسىنى ئۇنۇملۇك ھەل قىلىش ئۈچۈن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن ئىلى رايونىغا ئۇيغۇرلارنى قايتا كۆچۈرۈپ چىقىپ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى يولغا قويدى . ئىلىغا ئادەم كۆچۈرۈش ئىشى دەسلىپىدە مەجبۇرىي ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ ، كېيىن ، ئىلى زېمىنىنىڭ كەڭلىكى ، يەر سۈيىنىڭ مۇنبەتلىكى ، تۇرمۇش كەچۈرۈش شارائىتىنىڭ ئەۋزەللىكى بىلەن كۆچمەنلەرنى كۈچلۈك جەلپ قىلدى . بارا - بارا بۇ يەرگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن كۆچۈپ چىققۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولۇپ قالدى .



ئىلىغا چىقىۋاتقان بۇ ئادەملەر ئىچىدە چىڭ خاندانلىقىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئىسيانلارغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئىلىغا پالانغان سۈرگۈنلەر ، ئۆز يۇرتىغا سىغمىغان نوچىلار ، خىيالپەرەس تەۋەككۈلچىلەر ، سوپى - ئاشىق ، جاھانكەزدىلەر ، دېھقانلار ، كاسىپلار ، سودىگەرلەر دېگەندەك ھەممە ئىقلىمدىكى كىشىلەر تېپىلاتتى . تۈرلۈك يۇرتلاردىن خىلمۇ خىل ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن بۇ كۆچمەنلەر ئىلى ۋادىسىدىكى ئىلگىرىدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭىچە بىر تەركىبىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى . ئۇزاق يىللار ئارىلىشىپ بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا ئۇلار ئۆزگىچە بىر تىل شېۋىسى ۋە ئۆزىگە خاس رەڭ ئالغان يەرلىك مەدەنىيەتنى ياراتتى... مانا مۇشۇ دەۋردە ئىلىغا چىققان كۆچمەنلەر ئىچىدە يەنە نۇرغۇن ئەلنەغمىچىلەرمۇ بار ئىدى .

ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ ئىلى رايونىغا قايتا تارقىلىشىنى پەقەت كارۇشاڭ ئاخۇنۇم نامىغىلا باغلاپ قويۇش يەكەن خانلىقىنىڭ ئابدۇرېشىتخان زامانىسىدا رەتلىنىپ ، شۇنىڭدىن بۇيانقى تۆت - بەش ئەسىردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئىلى رايونىغا بولغان تەسىرىنى ناھايىتىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىگەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . ھالبۇكى ، كارۇشاڭ ئاخۇنۇمدىن ئىلگىرىكى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىدىكى يۇرتلاردىن ئىلى رايونىغا ئايىغى ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ناخشا - سازلىرىنى ، جۈملىدىن «ئون ئىككى مۇقام»

ئاھاڭلىرىنىمۇ ئەكەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئەمەلىي پاكىتلارمۇ «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئىلى رايونىغا قايتا تارقىلىشقا باشلىغان ۋاقتىنىڭ كارۇشاڭ ئاخۇنۇم زامانىسىدىن كۆپ ئىلگىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ . خاتىرىلەرگە قارىغاندا ، ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئىلىغا ئون ئەۋلاد مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ، قەشقەر خانئېرىقلىق ساتتار يۈزبېشى دېگەن مۇقامچى ، مۇقامچى ئابدۇللا «خاڭدۇ» ، توختىگۈل سۇناي ، مۇھەممەد باخشى ، ھاشىر جەكەدى ، خوتەنلىك ئاكا ـ ئۇكا ئىندۇللا نىياز ، ئىنايىتۇللا نىياز ، مۇسا باخشى ، دارازا ئەلەم ، ئاقسۇلۇق ھېزىم ، قېيۇم قاتارلىق مۇقامچى ـ سازەندىلەر چىققانىكەن . خاتىرىلەرگە قارىغاندا يەنە ئىلى بەگ ئوردىسىنىڭ تۇرپاندىن نۇرغۇن ئەر ـ ئايال نەغمىچىلەر بىلەن بىللە گايىت جەكەدى دېگەن تۇرپانلىق مۇقامچىنىمۇ ئاچىققانلىقى يېزىلغان . ئىلى بەگلىرىنىڭ تېگى تۇرپان لۈكچۈندىن بولغاچقا ، دەسلەپتە بەگ ئوردىسىدا تۇرپانلىق مۇقامچىلار ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىگەندەك كۆرۈنىدۇ . ئۇلار مۇقامنى ساتار بىلەن ئەمەس ، غېجەك بىلەن باشلاپ ئېيتاتتىكەن . ئوردا مۇقامچىسى گايىت جەكەدىنىڭ ئوغلى داۋۇت ، داۋۇتنىڭ ئوغلى ھاشىم ، ھاشىمنىڭ ئوغلى يەنە گايىت بولغان . ئۆزىنىڭ چوڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان گايىت «ئىلى سۇلتانلىقى» دەۋرىدە سۇلتانلىقنىڭ ئوردا مۇقامچىسى بولغان . «كۆچ ـ كۆچ» ۋەقەسىدە ئۇ يەتتىسۇ تەۋەسىگە كۆچۈپ چىقىپ ، يەتتىسۇدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇقام نەغمىلىرىنى تارقاتقان .

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا ئىشانلىق تازا ئەۋج ئالغان چاغلاردا ئىلىدىكى بەگلىك ۋە دىنىي خادىملارمۇ مۇنداق ئەقىدىنىڭ ئىلىدا



يۈرگۈزۈلمىگەنلىكىنى چوڭ نۇقسان دەپ بىلىپ ، جەنۇبتىن غوجا ـ ئىشانلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىلىغا ئاچىققان . بۇ كىشىلەر ئىلىدا خانىقالارنى قۇرۇپ ، مۇرىتلارنى قوبۇل قىلىپ ، زىكرى ـ سۆھبەتلەرنى باشلىۋەتكەن . قىزىق يېرى ، ئىلىدا بىر مەزگىل مۇشۇنداق زىكرى ـ سۆھبەتلەرگىمۇ سازەندىلەرنى قاتناشتۇرۇپ ، مۇقام نەغمىلىرىنى چېلىشقان . ئىلى تارىخى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدەنگەن مەرھۇم تېيىپجان ھادى «خەلپەم مەھەللىسى ۋە خەلپەملەر توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ : «··· ئاللا قۇلى خەلپەمدىن كېيىن پەرزەنتى خۇداقۇلى خەلپىلىككە ئولتۇردى . خۇدا قۇلى خەلپەم ئۆز زىكرى ـ سۆھبەت ، تەلقىنلىرىنى تېخىمۇ تەسىرلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ ئىشقا ئەلنەغمىچىلەرنىمۇ قاتناشتۇردى . مۇشۇ مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا كۆچۈپ چىققان كۆچمەنلەر ئىچىدە ئىمىن نەغمىچى دېگەن مەشھۇر سازەندە بولۇپ ، ئۇ خانىقالاردا ساز چېلىپ شۆھرەت قازانغانىدى··· شەمشىدىن خەلپەم زامانىسىغا كەلگەندە ، ئۇمۇ ئۆز خەلپىلىكىنى ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ يولى بويىچە ئېلىپ باردى . ئىمىن نەغمىچى ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ زامانىدىشى موللا روزى نەغمىچىنى تەكلىپ قىلىپ سۆھبەتكە قاتناشتۇردى··· »[1] مانا بۇ ئىلىغا خوشىنىزات ۋە خالزات ھېكىملەر ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرغان مەزگىلدىن ، يەنى 1850 ـ يىللاردىن ئىلگىرىكى ئىشلار ئىدى .

19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرى بارغانسېرى چىرىكلىشىپ ، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋان ـ سېلىقلار ھەسسىلەپ ئاشتى . بۇنىڭ بىلەن ، مەملىكەتنىڭ

① «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 2 ـ سان .

ھەرقايسى جايلىرىدا چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭلار ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتۈرۈلدى . ئۇلۇغ تەيپىڭتيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن 1866 ـ يىلى ئىلى دېھقانلىرىمۇ چىڭ خاندانلىقى ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلۈش قىلدى . ھۆكۈمرانلارنىڭ قانلىق بېسىقتۇرۇشى ۋە چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئىلىنىڭ بىر بۆلۈم زېمىنىنى يۇتۇۋېلىش بىلەن ئاياغلاشقان بۇ ئۇرۇش ئىلى خەلقىگە يەنە بىر قېتىم ئېغىر ۋەيرانچىلىقلارنى ئەكەلدى . 1883 ـ يىللار ئەتراپىدا بولغان «كۆچ ـ كۆچ ۋەقەسى»دىن كېيىن ئىلىدا ئادەم شالاڭلاپ ، شەھەر ـ يېزىلار چۆلدەرەپ قالدى . خەلق جان قايغۇسى بىلەن ھەر تەرەپكە پىتىراپ ، ناخشا ـ مۇزىكىلار يەنە بىر قېتىم ئۇنتۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى . مانا مۇشۇ ئۇزۇكچىلىكتىن كېيىن ، ئىلىدا مۇقامچىلىقنىڭ قايتا راۋاجلىنىشىغا تۆھپە قوشقان كىشى كارۇشاڭ ئاخۇنۇم بولدى .

كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ : «مەن ئىلىغا قىرىق يېشىمدا چىققان ، بۇ يەردە قىرىق يىل تۇرۇپتىمەن···» دەيدىغان مەشھۇر بىر ئېغىز سۆزى بار . ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىدا ئۆتكۈزگەن قىرىق يىلدىن ئوشۇق ئۆمرىنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولماي ، سەنئەتنىڭ قەدرىگە ھەقىقىي يېتىدىغان ، نەغمە ـ ناۋانى چۈشىنىدىغان ئاددىي پۇقرالار ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن . كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ قانداق بولۇپ يۇرتىنى تاشلاپ ئىلىغا قايتىپ چىققانلىقى توغرىسىدا خىلمۇ خىل قىياسلار بار . مۇھىمى شۇ مەزگىللەردە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكى بەكمۇ كۈچىيىپ ، خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەب بولسا كېرەك .



ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقامى»نى رەتلەشتەك ئۇلۇغ ئىشنى بەجا قىلغان يەكەن خاندانلىقى ئاخىرىغا كەلگەندە مەختۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىنىڭ قەشقەر ، يەكەن پۇقرالىرىنى «ئاق تاغلىق» ، «قارا تاغلىق» دېگەن ئىككى مەزھەپكە ئايرىۋېتىشى بىلەن بۇ يەرلەر بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ جەڭگاھىغا ئايلىنىپ كەتتى . ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكى ئەۋجىگە چىقىپ خەلق نەغمىچىلىرى پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە يولۇقۇشقا باشلىدى . ئاپاق غوجا مۇقامشۇناس مەشرەپنى قەشقەردىن ھەيدىدى . مەشرەپ قۇندۇزدا دارغا ئېسىلدى . ياقۇپبەگ زامانىسىدا بائىز ساتارچى دىنىي گۇناھ بىلەن زىنداندا چىرىپ ئۆلدى① . ئىمام قۇربان ئىلى ھاجى خالىد ئوغلى دېگەن بىر ئاپتور ئۆزىنىڭ «تارىخ خەمسى شەرقى»② دېگەن ئەسىرىدە «نادان خەلقلەر ئاپاق غوجىغا بولغان چوقۇنۇش ئېتىقادى بىلەن ، كېيىنكى چاغلاردا غوجا ئەۋلادلىرى كەلگەندىمۇ ‹ۋاي ، غوجاملار كەلدى ! › دەپ ئۇلار ئۇچۇن جەڭ قىلىشىپ بەرگەن . غوجىلار بولسا شەھەرنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنى مۇستەھكەملەپ ، قانۇن ـ تۈزۈملەرنى يولغا قويۇش ئورنىغا ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ ، خەلقنىڭ ھالى بىلەن كارى بولماي ، ئالتە شەھەر ئاھالىسىنى ئۆزلىرىنىڭ قۇللىرى ھېسابلاپ ، ئەقىلگە توغرا كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقان» دەپ يېزىپ كېلىپ ، مۇنداق بىر ۋەقەنى ھېكايە قىلىدۇ :

«بىر كۈنى ، — دەپ يازىدۇ ئاپتور ، — غوجىلاردىن بىرى بىر كېچە زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ . زىياپەتكە كاتتىلار جەم بوپتۇ . دۇتار ، ساتار ، نەغمىچىلەرمۇ ھازىر بوپتۇ . زىياپەت داۋاملىشىپ

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن : «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» 262 ـ بەت .
② «تارىخ خەمىس شەرقى» — شەرقنىڭ بەش تارىخى . بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ۋەقە بۇ ئەسەرنىڭ I ـ توم «پەرغانە خانلىرى ھەققىدە» دېگەن قىسمىدىن ئېلىندى .

يېرىم كېچىگە يېقىن بولغاندا، ھېلىقى غوجام تۇيۇقسىزلا ‹جاللات!› دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇ ھامان بوسۇغىدا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ جاللاتتىن ئىككىسى ھازىر بوپتۇ. سورۇندىكىلەرنىڭ تامامى چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا غوجام نەغمىچىلەرنىڭ بىرىنى شەرەت قىلغانىكەن، جاللاتلار ئۇنى دەرھال سۆرەپ ئاچىقىپ، سويۇپ تاشلاپتۇ. ھېچكىم: بۇ بىچارىنىڭ گۇناھى نېمە ئىدى؟ دەپ سوراشقا پېتىنالماي، بەزمىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. نەچچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ۋەزىرلەردىن بىرى غوجامدىن: ھېلىقى نەغمىچى نېمە كەمچىلىك بىلەن ئۆلۈمگە لايىق بولدى؟ دەپ سورىغاندا، غوجام: ئۇ ماڭا تىكىلىپ قارىدى، دېگەنىكەن.»

بەزىلەر يۇقىرىدىكى ۋەقەنى «ئەسلىدە بۇ ۋەقە ياقۇپبەگ زامانىسىدا بولغانىكەن. ھېلىقى نەغمىچىنى بىگۇناھ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان ياقۇپبەگ بولۇپ، شۇ چاغدا نەغمىچىلەر ئارىسىدا مۇھەممەد موللا (كارۋشاڭ ئاخۇنۇم)مۇ بار ئىكەن. بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مۇھەممەد موللا ئەتىسىلا ‹سازچىنىڭ قەدرى مۇشۇنچىلىك بولسا!› دەپ پېشىنى قېقىپلا قەشقەردىن چىقىپ كەتكەنىكەن» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئىشقىلىپ، مۇھەممەد موللىنىڭ ئۆز يۇرتىدىن قاتتىق بىر رەنجىش بىلەن چىقىپ كەتكەنلىكى ئېنىق.

مۇھەممەد موللىغا نېمە ئۈچۈن «كارۋشاڭ» دېگەن لەقەمنىڭ سىڭىپ قالغانلىقىنى كىشىلەر ئۇنىڭ كاۋاپقا ئامراقلىقى بىلەن باغلاپ مۇھاكىمە قىلىدۇ. ئاتاقلىق ئىلى خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايوف بۇ ھەقتە: «كارۋشاڭ ئاخۇنۇم ئالەمدىن ئۆتكەن چاغلاردا مەن تېخى ئون نەچچە ياشلىق



بالا ئىدىم. ئۇ كىشى بىلەن بىر سورۇندا بولۇش ماڭا نېسىپ بولمىغان. كېيىنكى چاغلاردا پېشقەدەملەرنىڭ كارۋشاڭ ئاخۇنۇمنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغانلىقىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. كارۋشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆمرى بويتاقچىلىقتا ئۆتكەچكە، ئۈچ ۋاخ تامىقىنى بازاردىن يەيدىكەن. كاۋاپقا ناھايىتى ئامراقىكەن. باشقىلار ‹ئاخۇنۇم، سىلى كاۋاپلا يەيدىكەنلا؟› دەپ ھەيران بولۇپ سورىسا، ‹ھە، كارۋشاڭ!›[1] دەپ جاۋاب بېرەتتىكەن. ئىلىدا لەقەمسىز ئادەم ئاز بولغاچقا، مۇھەممەت موللىغىمۇ ‹كارۋشاڭ› دېگەن سۆز لەقەم بولۇپ سىڭىپ قالغانىكەن» دەپ ئەسلەيدۇ.

پېشقەدەم ئەدىب ماناپ قادىرى بۇ توغرىدا ئىلىنىڭ كۆپ ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئاقساقاللىرىدىن بولغان مەخسۇت ھاجىم ۋە ئابلىمىت مەخسۇملاردىن ئاڭلىغانلىرىنى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ.

«ئىلىنىڭ شۇ زامانلاردا بىر شەنگىنى بولغانىكەن. بۇ ئادەم غېجەك چېلىشقا ناھايىتى خۇشتار ئىكەن. ئەمما، غېجەكنى ئانچە قاملاشتۇرۇپ چالالمايدىكەن. بىر كۈنى، ئىچى پۇشقان بۇ شەنگەن يەنە ھېلىقى غېجىكىنى غىڭشىتىپ، تۈزۈك بىر پەدىگە كەلتۈرەلمەي ئولتۇرسا تۈكچىسى[2] كىرىپ قاپتۇ. ئۇ شەنگەننىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ:

— پالانى يەردە بىر كىشى بار، ئۇ مۇشۇنداق غېجەكنى قالتىس قاملاشتۇرۇپ چېلىۋېتىدۇ، — دەپتۇ.

شەنگەن بىر ئۇيغۇرنى غېجەكنى قالتىس چالالايدۇ، دېگەن

① كارۋشاڭ — خەنزۇچە «كاۋرۇشياڭ» يەنى ‹كاۋاپ مەززىلىك› دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى.

② تۈكچى — تەرجىمان.

گەپكە ئىشەنمەپتۇ .

— شۇ ئادەمنى نەدىن بولسا تېپىپ كەل ! — دەپ بۇيرۇپتۇ .

تۆۋچى يامۇلنىڭ مەپىسىنى ئېلىپ ، ئاخۇنۇمنى ئىزدەپ سوراپ ، ساز چېلىپ ئولتۇرغان بىر سورۇندىن تېپىپ كەپتۇ . شۇ چاغدا كارۇشاڭ ئاخۇنۇم ھېلىقى شەنگەننىڭ غېجىكىنى ئاجايىپ ئاھاڭلارغا كەلتۈرۈپ چېلىپ ، شەنگەننى تاڭ قالدۇرغانىكەن . شۇنىڭدىن باشلاپ شەنگەن ئاخۇنۇمنى پات - پات مېھمانغا چاقىرىپ ، غېجەك چالدۇرۇپ ئاڭلايدىغان بوپتۇ . ھەر قېتىم شەنگەن :

— ئاقساقال ، سىز شۇ نېمە تاماق يەيدۇ ؟ — دەپ سورىسا ، ئاخۇنۇم كاۋاپقا ئامراق بولغاچقا كاۋاپلا بۇيرۇيدىكەن . شەنگەنمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ، — دۇي ، دۇي ، كاۋۇرۇشياڭ① ، — دەيدىكەن .

«كاۋۇرۇشياڭ» دېگەن سۆزنى ئاخۇنۇم «كاۋاپ» دېگەن مەنىدە چۈشىنىپ ، كېيىنكى قېتىم كەلگەن چاغلىرىدا شەنگەن «نېمە تاماق يەيسىز ؟» دەپ سورىسا ، «كاۋۇرۇشياڭ» دەيدىغانلا بوپتۇ .

كېيىنكى چاغلاردا شەنگەن ئاخۇنۇمنى چاقىرتماقچى بولسا ، مۇھەممەد موللا دېگەن ئىسىمگە تىلى كەلمىگەچكە ، تۆۋچىسىغا دائىم :

— ھېلىقى كاۋۇرۇشياڭ دەيدىغان ئادەمنى چاقىرىپ كەل ! — دەيدىكەن . شۇنداق قىلىپ ئاخۇنۇمغا كارۇشاڭ دېگەن سۆز لەقەم بولۇپ ئۆزلىشىپ قالغانىكەن .

① توغرا ، توغرا ، كاۋاپنىڭ پەيزى بار .



كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنى ئۆز ئۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنىڭ بىرى بولغان ئاتاقلىق سازەندە مەرھۇم ھېزىم موللا بىننى باقى ئوغلى كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنى ئەسلەپ يازغان بىر خاتىرىسىدە ئاخۇنۇمنىڭ تەقى - تۇرقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ :

«ئەسلىشىمچە ، — دەپ يازىدۇ ھېزىم موللا ئاكا ، — كارۇشاڭ ئاخۇنۇم ئوتتۇرا بويلۇق ، بۇغداي ئۆڭ ، ئاغزى يوغانراق ، كالپۇكلىرى قېلىن كىشى ئىدى . ئۇچىسىغا قەشقەرچە پەرىجە ، ئوزۇن ئاق يەكتەك ، ئايىغىغا كەشە كىيىپ يۈرەتتى»① .

كارۇشاڭ ئاخۇنۇم «ئون ئىككى مۇقام» نەغمىلىرىگە تولۇق چالغۇچى ئىدى . مەرھۇم ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ پېشقەدەملەردىن ئاڭلىغانلىرى بويىچە ماڭا سۆزلەپ بەرگىنىگە قارىغاندا : ئاخۇنۇم ھەر دائىم مۇزىكا چېلىشنىڭ ئالدىدا تاھارەت ئېلىپ كىرىپ ، كۆرپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، مۇقام نەغمىلىرىنى ناھايىتى ئەستايىدىل باشلايتتىكەن . ياشىنىپ قالغان چاغلىرىدىمۇ بىر ئولتۇرغىنىچە بىر - ئىككى سائەت ئۈزمەي نەغمە قىلىپ ، ئاخىرىنى يەنە دۇئا بىلەن ئاياغلاشتۇراتتىكەن . كارۇشاڭ ئاخۇنۇم توغرىسىدا ھازىرغىچە يېزىلغان ماتېرىياللاردا : «كارۇشاڭ ئاخۇنۇم ئىلىدا ئاساسەن ‹ئون ئىككى مۇقام›نىڭ داستان ، مەشرەپ قىسىملىرىنى ئومۇملاشتۇرغان» دەپ يېزىلغان . كارۇشاڭ ئاخۇنۇمدەك تونۇلغان مۇقام ئۇستىسىنىڭ ئۆز شاگىرتلىرىغا «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىنى تاشلاپ قويۇپ ، داستان ، مەشرەپ قىسمىنىلا تارقىتىشتەك خاتالىقنى ئۆتكۈزۈشى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش . ئۇنداقتا ،

① «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1982 - يىل 2 - سان .

كارۋشاڭ ئاخۇنۇم ئىلىدا قىرىق يىل تۇرۇپمۇ نېمە ئۈچۈن «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ چوڭ نەغمىلىرىنى ئومۇملاشتۇرالمىدى؟ گەپ ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ قوبۇل قىلالمىغىنىدا ئىدى.

ئىلىدا «ئون ئىككى مۇقام»نى مۇقام مۇقەددىمىسى بىلەن باشلاپ داستان، مەشرەپ قىسىملىرىنى ئورۇنداش بىلەن ئاياغلاشتۇرىدىغان بۇ خىل شەكىل كارۋشاڭ ئاخۇنۇم ئىلىغا چىقىشتىن ئىلگىرىكى تالاي يىللارنىڭ ئالدىدىلا شەكىللىنىپ بولغانىدى. ئەينى يىللاردا كارۋشاڭ ئاخۇنۇمدىن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆگەنگەن ھاسان تەمبۇر، بارات تەمبۇر، جامى ئاكا قاتارلىق كىشىلەر ئىلىنىڭ يەرلىك ناخشا - مۇزىكىلىرىغا پۇختا چالغۇچىلار بولۇپ، مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئورۇنداشتىمۇ ئۇلاردا ئىلىدا بۇرۇندىن قېلىپلىشىپ قالغان ئەنئەنىۋى ئادەتنىڭ تەسىرى چوڭقۇر ئىدى. بۇ كىشىلەر كارۋشاڭ ئاخۇنۇمدىن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆزلەشتۇرگەندە مۇقامنىڭ چوڭ نەغمىلىرىگە ئانچە قىزىقماي يەنىلا داستان، مەشرەپ قىسىملىرىدىكى ئۆزى بىلمىگەن ياكى چالا بىلگەن، ئۇنتۇلغان ئاھاڭلارنى ئۆگىنىپ، تولۇقلاپ ماڭغان. ھېزىم موللا ئاكا ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئەسلىمىسىدە يەنە: «كارۋشاڭ ئاخۇنۇم: ئىلىنىڭ خەلقى ناخشا-سازنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، چوڭ نەغمىلەر بىلەن كارى يوقكەن، دەپ رەنجىگەنىدى» دەپ يازىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئىلىدىكى ساز تىڭشىغۇچىلارمۇ مۇقام مۇقەددىمىسىدىن كېيىن داستان بىلەن مەشرەپنىلا ئورۇندايدىغان، ئىلىدا ئىلگىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كونا ئەنئەنىگە ئۆگىنىپ قېلىشقانىدى. تېخى خەلق ئارىسىدا مۇقام مۇقەددىمىسىدىن كېيىن خەلق ناخشىلىرىنى ئۇلاپ ئېيتىدىغان شەكىل كۆپرەك تارقالغان



بولۇپ، خەلق مۇنداق سازەندىلەرنىمۇ «مۇقامچى» دەيتتى.

ماتېرىياللاردىن بىزگە ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن يەتتىسۇ تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتكەن موللا گايىت، پەخەم قاتارلىق سازەندىلەرنىڭ ئۇ يەرگە مۇقام ئاھاڭلىرىنى تارقاتقانلىقى مەلۇم. بۇ مۇقامچىلارنىڭ چېلىش ئۇسۇلىمۇ مۇقام مۇقەددىمىسى، داستان، مەشرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئىلى ۋارىيانتى شەكلىدە بولسا كېرەك، تارىختا ئىلى ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، مەدەنىيەت ياراتقان يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىمۇ چوڭ نەغمە ئومۇملاشمىغان. كېيىن، كارۋشاڭ ئاخۇنۇم بىلەن بىللە ئىلىغا چىقىپ، يەتتىسۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ئاخۇن بالا دېگەن سازەندە يەتتىسۇ دائىرىسىدە مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئۇمۇ ئوخشاشلا چوڭ نەغمىلەرنى ئومۇملاشتۇرالمىغان. ئاتا - بوۋىلىرى كەسپىي سازەندە بولۇپ ئۆتكەن قەشقەر ئاتۇشلۇق يەنە بىر مۇقام ئۇستىسى موللا ئابلا (ئابلا «دۇمباق») ئىلىغا چىقىپ، كارۋشاڭ ئاخۇنۇم بىلەن بىر دەۋردە سۈيدۈڭدە تۇرۇپ، بۇ كىشىمۇ سۈيدۈڭدىكى يەرلىك چالغۇچىلار ئارىسىدا چوڭ نەغمىلەرنى ئومۇملاشتۇرالمىغان. بۇ ئەھۋاللار بىزگە «ئون ئىككى مۇقام»نى باشقىچە بىر نۇسخىدا ئورۇنداشنىڭ ئىلىدا كارۋشاڭ ئاخۇنۇم دەۋرىدىن ئىلگىرىلا شەكىللىنىپ، ئادەتكە ئايلىنىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

گەرچە كېيىنكى چاغلاردا روزى تەمبۇر، ھۇسىيىن تەمبۇر قاتارلىق ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئانچە چىرمىلىپ قالمىغان ياش چالغۇچىلار كارۋشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ بارلىق ھۈنەرلىرىنى

تولۇق ئىگىلىۋېلىشقا ئوتتەك قىزىققان بولسىمۇ، بۇ چاغدا كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى، بۇ ياش تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئاخۇنۇم بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىنىڭ تولىمۇ قىسقا بولغانلىقى سەۋەبىدىن چوڭ نەغمىلەرنى ئىگىلەش ۋەزىپىسىنى ئۇلارمۇ ئورۇندىيالمىدى. هازىر بىز «ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى ۋارىيانتى» دەپ نام بەرگەن مۇقام مۇقەددىمىسى، داستان ۋە مەشرەپلەردىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئىلى مۇقامى» قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ياكى بىرەر شەخسنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشى بىلەن، بىردەملىك شەكىللەنگەن نەرسە بولماستىن، ئۇ ئىلى ناخشا - مۇزىكا سەنئىتىدىكى ئۇزاق تارىخىي هادىسىلەرنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر.

لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن كارۇشاڭ ئاخۇنۇم قاتارلىق مۇقام ئۇستىلىرىنىڭ ئىلى مۇقامچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قوشقان تۆھپىسىگە كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. ئۇلۇغ دەپ تەرىپلەشكە تامامەن هەقلىق مۇزىكا ئۇستازى كارۇشاڭ ئاخۇنۇم ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە «كۆچ - كۆچ» قالايمىقانچىلىقلىرىدا ئۇنتۇلغان نۇرغۇن مۇقام ئاهاڭلىرىنى ئىلى چالغۇچىلىرىنىڭ ئېسىگە سالدى، چۇشۇپ قالغانلىرىنى تولۇقلىدى، خاتا چېلىنىپ كەلگەنلىرىنى تۈزىتىپ ئىلى مۇقامچىلىقىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى؛ ئاۋامنىڭ مۇقام ئاهاڭلىرىغا بولغان قىزىقىشىنى قايتا ئويغاتتى. شۇڭلاشقىمۇ بۇ زات ئىلى خەلقى ۋە چالغۇچىلىرىنىڭ بىردەك هۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى.

كارۇشاڭ ئاخۇنۇم 1923 - يىلىدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئاخۇنۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇتقان ساتارى



هاكىمبەگ غوجا[1] ئوردىسىدا ساقلانغانىكەن. غۇلجىدا 1934 - يىللىرى ئەتراپىدا سانايىنەپىسە قۇرۇلغاندا، بۇ يېڭى تەشكىللەنگەن سەنئەت ئۆمەككە هاكىمبەگ ئوردىسىدىن گىلەم، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا كېرەكلىك بۇيۇملار ئىئانە قىلىنغان بولۇپ، شۇ قاتاردا كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ تەۋەررۇك ساتارىمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنىكەن. كېيىن بۇ ساتارنىڭ كىملەرنىڭ قولىدا قالغانلىقى نامەلۇم.

2006 - يىل، ئۈرۈمچى

① بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان هاكىمبەگ غوجا ئىلى هاكىمبەگلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى «غىياسىدىن هېكىم» (جاهانگىر غوجا)نى كۆرسىتىدۇ.

# خاسىيەتلىك قار

## 1

زۆھرە! ھېلىمۇ سەن ھېلىقى قىيسىق، كونا ئۆيدە تۇرۇۋاتامسەن؟ قولۇمغا كويزا سېلىنغاندا چىرقىراپ يىغلىشىپ قالغان ئىككى ئوغلۇم ھاياتمۇ؟ نارەسىدىلەرنىڭ ئاشۇ يىغا ئاۋازى تېخىچە قۇلىقىمدىن كەتمىدى. شۇ ئىشلارنى ئويلىسام، يۈرىكىمنى مۈشۈك تاتىلىغاندەك بولۇپ ئازابلىنىمەن.

بۈگۈن كېچە كارىۋىتىمنىڭ ئاستىدىن ساپما كەشىمنى ئىزدەۋېتىپ، نېمىشقا شۇ كۈنگىچە زۆھرەگە بىرەر پارچىمۇ خەت يازمىدىم؟ دەپ ئويلىنىپ قالدىم. ئايرىلغىنىمىزغا شۇنچە يىللار بوپتۇ. ئارىمىزنى ناھايىتىمۇ ئۇزۇن يوللار، تاغ - داۋان، تۈرلۈك مەملىكەتلەرنىڭ چېگرا توسۇقلىرى توسۇپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، كۆزۈمنى يۇمسامىلا، يىراقتىكى شۇ مۇقەددەس ماكان - لايىقىپ ئاقىدىغان دەريالار، چوققىلىرىدىن قار كەتمەيدىغان ئاق باش تاغلار، ئېتىزلار ئارىسىدا سوزۇلۇپ ياتىدىغان توپىلىق يوللار، پىژغىرىم ئاپتاپتا كۆكۈللۈك سايە تاشلاپ تۇرىدىغان يوغان ئۈجمە دەرەخلىرى، تار، ئەگرى - بۈگرى كوچىلىق مەھەللىلەر ھېلىمۇ ئېنىق كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ... ئادەملەر بىلەن تولۇپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى بۇ يەر شارىمىزدا ئاددىي بىر ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى خەشەكچىلىكمۇ بولمىسا كېرەك، بەزىدە مەن



تەقدىر بورىنىنىڭ مېنى ئاشۇ قىممەتلىك نەرسىلىرىمدىن ئايرىپ، قانداق قىلىپ شۇنچە يىراق يەرلەرگە تاشلىۋەتكىنىنى زادى ئويلاپ يېتەلمەيمەن. بالىلىقىم، تەنتەكلىكىم ئۆتكەن شۇ ئانا ماكانىنى، تۇنجى قېتىم مۇھەببەتلىك بېقىشلار بىلەن يۈرىكىمنى ئىللىتقان جاپاكەش ئايالىم — سېنى، كۆڭلىكىڭنىڭ پېشىنى تۇتۇپ يىغلاپ قالغان سەبىي بالىلىرىمنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. بەزىدە ئۆكسۈپ يىغلىغۇم كېلىدۇ. لېكىن، ئەتراپىمدا نېمىشقا ياش تۆكۈۋاتقىنىمنى چۈشەنگۈدەك بىرمۇ ئادىمىم يوق...

شۇ خىياللار بىلەن كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن ئىزدەۋاتقان نەرسەمنى شۇنچە سىيپاشتۇرۇپمۇ تاپالماپتىمەن. ئېسىمنى يىغىپ قارىسام، ساپما كەشىم قولۇمنىڭ ئۇچىدىلا تۇرۇپتۇ. بۇ كەشنى كىيىپ نەگە بارماقچى، نېمە قىلماقچى بولغانلىقىمنى يەنە ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئورنۇمدا قايتا سوزۇلۇپ ياتتىم.

زۆھرە! مەن ئۆلۈپ كېتىمەن. ئۆزىنىڭ يات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدىغىنىنى بىلىپ تۇرغان ئادەمنىڭ كۆڭلىدىنمۇ سۇنۇق كۆڭۈل بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇ شۇ يورۇق جاھان، شۇ نۇرلۇق قۇياش، شۇ يۇلتۇزلۇق ئاسمان... ھەممىنى تاشلاپ، قايتىپ كەلمەيدىغان بىر سەپەرگە يۈرۈش ئالدىدا تۇرغان يولۇچىغا ئوخشايدۇ؛ ئۇنىڭ قەلبى ھەسرەتكە، پۇشايمانغا تولغان بولىدۇ؛ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بارلىق كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ سەھەردە كۆتۈرۈلگەن تۇماندا داۋالغۇپ تۇرغان مەنزىلەردەك غۇۋا نامايان بولىدۇ - دە، پاك بىر ئادەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ھاياتىدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن يىغلاپ تۇرۇپ تۇۋا قىلغۇسى كېلىپ قالىدۇ. مېنىڭ تەسەۋۋۇرىمدىكى ئەڭ پاك ئادەممۇ سەن.

ئېسىڭدىمۇ ؟ بىز تۇنجى قېتىم قار يېپىنغان ئاپئاق بىر دالىدا سۆيۈشمىگەنمىدۇق ؟ قار — ئاقلىقنىڭ ، پاكلىقنىڭ سىمۋولى ئەمەسمۇ ؟… بەلكىم ، يازغان خەتلىرىم ساڭا يېتىپ بارالماس ياكى سەن قايتا تۇرمۇشلۇق بولغان بولساڭ ، تۇرمۇش خاتىرجەملىكىڭنى بۇزۇشنى خالىماي ، دۇنيانىڭ قايسىبىر بۇرجىكىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان مەندەك بىر قاچقۇننىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىشنى رەت قىلارسەن . مەيلى نېمىلا بولمىسۇن ، يۈرىكىمدىكى ئاداققى سۆزلىرىمنى ساڭا ، پەقەت ساڭىلا ئېيتقۇم كېلىدۇ . ئەگەر راستتىنلا ئۆلۈپ كېتىپ قالسام ، بۇ مېنىڭ خوشلىشىش سۆزلىرىم بولۇپ قالار .

بۈگۈن سەھەردە كېسەل كارىۋىتىم يېنىدا پەيدا بولغان ئاياغ تىۋىشىنى ئويقۇلۇق يېتىپ سېزىپ تۇردۇم . ئايالىم (بۇ ھازىرقى رەپىقەم ، ئىسمى ھىدايەت خانىم ) بىلەن دوختۇر شۇنچە ئاستا پىچىرلاشقان بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدىم . دوختۇرنىڭ : كېسەلنى ئاچىقىپ كېتىڭلار ، كۆڭلى تارتقان نەرسىسىنى قىلىپ بېرىڭلار ، دېگەن گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى كىم بىلمەيدۇ . بۇ «ئۇزاققا بارماي ئۆلىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ سىلىق ئېيتىلىشى… دوختۇر چىقىپ كەتتى . ئايالىم بېشىمدا ئولتۇرۇپ ئۈنسىز يىغلىدى . نېمىشقىدۇر «ئۆلۈم !» دېگەن سۆز قۇلىقىمغا جاراڭلىشى چەكسىز بوشلۇقتا تارقىلىپ بارغانسېرى سۇسلاپ كېتىۋاتقان بىر ئەكس سادادەك ئاڭلاندى ؛ كۆز ئالدىمغا كۆيۈپ تۈگەۋاتقان شام ، قاراڭغۇ تۈن ئاسمىنىدىن كۆچكەن بىر يۇلتۇز ، شېخىدىن ئايرىلىپ چۈشۈۋاتقان بىر تال يوپۇرماق كەلدى ـ دە ، ئۇزاقتىن بېرىقى جىددىيلىكىم پەسىيىپ ، كۆڭلۈم ئارام تېپىپ قالغاندەك بولدى… دۇنيادا ئۆلمەيدىغان كىم بار ؟ ! ئۆلۈمدىن



ئىبارەت بۇ رەھىمسىز ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر . ئۇ شاھنىڭ تاجىسىغا ، گادايىنىڭ نالىسىغا قارىمايدۇ . ئەجەل ھەممىمىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن ، ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ۋە بۈگۈن بولمىسا ئەتە ، سەھەردە بولمىسا كەچتە چوقۇم سادىر بولىدىغان مۇقەررەرلىك !

ئايالىم شىپىرلاپ يۈرۈپ ، كىيىم ئاسقۇچتىن بىرنېمىنى ئالغاندەك قىلدى ـ دە ، نەگىدۇر غايىب بولدى . بەلكىم ئازدىن كېيىن ئۇ ماشىنا ئەكېلىپ مېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتىدۇ . «دوختۇر سىزنى چوقۇم ساقىيىپ كېتىدۇ ، دېدى . ئەمدى ياخشى بولۇپ قالىسىز» دېگەندەك تەسەللى گەپلەرنى قىلىدۇ . دوختۇرخانىدىن چىققىنىمنى ئاڭلاپ قوشنا ـ قولۇملار يوقلاپ كىرىدۇ . ئۇلار چىرايلىرىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئەھۋالىمنى سورايدۇ . «ئۆتكەنكىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ ، چىرايىمۇ بىر ئوبدانلا بولۇپ قاپتۇ» دېيىشىپ ، يالغاندىن كۆڭلۈمنى ياسايدۇ . ئىشىكتىن چىقىپلا : «قاراڭلار ، ئورۇقلاپ ياغاچتەكلا بولۇپ قالغىنىنى …» دېيىشىپ ، بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدىكى مەغرۇر يۈرگەن چاغلىرىم توغرىسىدا غەيۋەتكە چۈشۈشىدۇ . ئەگەر مەن راستتىنلا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسام ، ئۆيگە قايتىپ چىقىپ باشقىلارنى يەنە ئاۋارىچىلىككە سېلىشىمنىڭ ، ياخشى تاماقلارنى يەپ ئۆزۈمنى كۈتۈشۈمنىڭ نېمە ھاجىتى ؟…

ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، بالنىتسىنىڭ كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ ، ئۆز كىيىملىرىمنى كىيدىم . ئۇزۇن كەتكەن زالدىن پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دىگۇدەك مېڭىپ ئۆتۈپ ، دوختۇرخانىدىن ئاستىلا قېچىپ چىقتىم . دوختۇرخانىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قانداقتۇر بىر ئىت يېتىلىۋالغان خانىمغا سوقۇلۇپ كېتىپ ،

يېقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدىم. ھەر ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ ئەپۇ سوراشتۇق. خانىمنىڭ ئۆزى شۇنچىلىك سېمىز، يېتىلىۋالغىنى بولسا ئورۇق بىر تايغان ئىدى. خانىم چىرايىمغا قاراپ ھەيران بولغاندەك بولدى. شۇنىڭدىمۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ سورىدى:

— سىز بۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان بىمار ئوخشىمامسىز؟

— شۇنداق.

— ناھايىتى ئورۇقلاپ كېتىپسىز، ئايال كىشى تۇرۇپ سىزنى ئۆرۈۋەتكىلى تاسلا قالدىم. خۇدا بىر ساقلىدى.

— ھېچ ۋەقەسى يوق.

— نېمىشقىدۇر، ئورۇقلار مېنىڭ خەيرخاھلىقىمنى قوزغايدۇ. بۇ كۈچۈك نەسىللىك ئىتلاردىن ئىدى. يېقىندىن بېرى سەۋەبسىزلا ئورۇقلاپ كېتىۋاتىدۇ. مانا، مۇمكىن بولسا مەن بەدىنىمدىكى گۆشلەردىن سىزگە خالىغانچە بېرىشكە تەييار ئىدىم.

— رەھمەت، ماڭا ئەمدى گۆشنىڭ لازىمى يوق. مەن پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىمەن.

ئايالنىڭ قورقىنىدىن كۆزى چەكچىيىپ كەتتى.

— ئۈمىدسىزلەنمەڭ، سىزگە شىپالىق تىلەيمەن!

«بۇ خانىم سېمىزلەر كۇلۇبىنىڭ ئەزاسى بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم. بۇ يەردە شۇنداق بىر كۇلۇبمۇ بار. بۇ كۇلۇبنىڭ ئادەملىرى «سېمىزلەر ئاق كۆڭۈل كېلىدۇ» دەپ ئۆزلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ.

ئايالىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن دوختۇرخانىنىڭ



ئالدىدىلا كىرا ماشىنىسىغا چىقىۋالدىم. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، «خەيرلىك سەھەر» ساتىراشخانىسىنىڭ ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشۈپ قالدىم. بۇ شەھەر بويىچە ئەڭ ئەتىگەن ئېچىلىدىغان ساتىراشخانىلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ دۇكاننى دەسلەپتە بىر تۈركىيىلىك كىشى ئاچقان دېيىشىدۇ. شەھەردىكى رەڭگارەڭ چىراغلىرىنى چاقنىتىپ، يېرىم كېچىگىچە ئوچۇق تۇرىدىغان باشقا ساتىراشخانىلارنىڭ ئەكسىچە بۇ ساتىراشخانا ئەتىگەن ئېچىلىپ، بالدۇر تاقىلاتتىكەن. چاچ - ساقىلىنى ئالدۇرۇشقا پەقەت ئەتىگەنكى ۋاقىتنىلا ئاجرىتالايدىغان ئالدىراش كىشىلەر، تۈنەپ قالغان يەرلىرىدە ئۆزىگە پەرداز قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن خانىملار بۇ يەرگە كېلىشەتتىكەن. كېيىن بۇ دۇكان بىرقانچە خوجايىنلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىجارەتنى سەھەردىن باشلايدىغان ئەنئەنىسى ئۆزگەرمىدى.

«خەيرلىك سەھەر» نىڭ كەڭ دېرىزىسىدە ئېسىقلىق تۇرغان، چېچى ئەڭ يېڭى مودىدا ياسالغان خانىمنىڭ سۈرىتىنى يىراقتىنلا كۆردۈم. يېقىنلاشقاندا بۇ رەسىمدىكى گۈزەلنىڭ يوغان كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، خېرىدارنى دۇكانغا شەرەتلەيتتى. ئىشىكنى ئېچىشىم بىلەن زەي ۋە ھەرخىل ماي، ئەتىرلەرنىڭ قويۇق پۇرىقى دىمىغىمغا ئۇرۇلدى. دۇكان خالىي ئىدى. ساتىراش خانىم ئەينەككە قاراپ قاش - كۆزلىرىنى زىننەتلەۋاتاتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ قورقۇپ كەتكەندەك بولدى - دە:

— ياخشىمۇسىز؟ ... كېلىڭ! ... — دېگەن گەپلەرنى ئارانلا ئاغزىدىن چىقىرالىدى. ئېھتىمال ئۇنىڭ كۆزىگە ئەتىگەندە ئىشىك ئېچىپ كىرىۋاتقان ئەرۋاھتەك كۆرۈنگەن بولسام كېرەك. چوڭ

ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈممۇ چۆچۈپ كەتتىم. چىرايىمدا قان دىدارى كۆرۈنمەيتتى. ئورۇقلۇقۇمدىن كۆزۈمنىڭ چاناقلىرى ئىچىگە پېتىپ، ئىككى مەڭزىمنىڭ سۆڭىكى پۇلتىيىپ چىقىپلا قالغانىدى. ئەلەم بىلەن كۇلۇمسىرەپ قويدۇم. بىر چاغلاردا، مىلتىقنىڭ ئىستۇۋولى ئالدىدا ئىشلىگەن مەھبۇسلۇق ھاياتىمدىمۇ مۇنچىلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغانتىم... مەيلى ئەمەسمۇ، ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئادەم ئۈچۈن سەت - چىرايلىق، ئورۇق - سېمىزلىكنىڭ نېمە پەرقى؟

— چاچ - ساقىلىمنى ياساپ قويۇڭ! — دېدىم ئارقامدا تېخىچە تېڭىرقاپ قاراپ تۇرغان خانىمغا.

ئۇ ھەر كۈنى بۇ دۇكاندا نەچچە ئون ئادەمنىڭ چاچ - ساقىلىنى سىيپاپ پاختىدەك يۇمشاپ، ئۆزىدىمۇ، كىشىدىمۇ ھېچقانداق سېزىم ھاسىل قىلالماس بولۇپ كەتكەن قوللىرىنىڭ ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن چېچىمنى رەتلەپ:

— چېچىڭىزنى قانداق پاسوندا ياساپ قويسام بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىختىيارىڭىز، مېنىڭ مۇشۇ تۇرقۇمغا لايىق بىرنېمە قىلىپ قويسىڭىز بولىدۇ. سىز بىلمەيسىز، مەن يېقىندا ئۆلۈپ كېتىمەن. ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ، دەپ ئۇزاقتىن بېرى ئازابلانغانىدىم، جەزمەن ئۆلۈپ كېتىدىغىنىمنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم تىنچىپ قالدى. تەقدىر تۇرمە ئەمەس - دە، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟ مەن بىر چاغدا تۇرمىدىنمۇ قاچقان... ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا بولسىمۇ سەل ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈپ قوياي، دەپ ئالدىڭىزغا كىردىم. تۇرمىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بىر مەھبۇسنى كۆرگەنمەن. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك ساقال -



بۇرۇتىنى قىرىپ، ناھايىتى پاكىز يۈرەتتى... قانداق پاسوندا بولسا بولىۋېرىدۇ، — دېدىم.

ساتىراش خانىم ئالدىراپ ئالدىمغا پەرتۇق تارتتى، ساقال-بۇرۇتۇمغا مازغاپ سۈركەپ ئىشنى باشلىۋەتتى. ئۇ پات - پات ئەينەكتىن قورقۇنچ ئىچىدە چىرايىمغا قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ مېنى «روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى» دىن قېچىپ چىققان بىرنېمە بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئەتتىكەرەك يولغا سېلىۋەتمەكچى بولىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. يۇمشاق ئورۇندۇقتا كۆزۈمنى يۇمۇپ سوزۇلۇپ يېتىپ، ئۆزۈمنىڭ خىيالىغا كەتتىم.

خېلى يىللارنىڭ ئالدىدا بۇ ساتىراشخانىغا بىر قېتىم كەلگىنىم ئېسىمدە. شۇ چاغدا، ئەينەكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەنە ئاۋۇ خېرىدارلار ئولتۇرىدىغان ئۇزۇن ساپا ھازىرقىدەك ھاۋارەڭ رەختتە ئەمەس، يېشىل بەرقۇت بىلەن قاپلانغانىدى. ساپادا ياشقىنا ئىككى خانىم بىر رەسىملىك ژۇرنالنى ۋاراقلاپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. شۇ چاغدا چېچىمنى ياساۋاتقىنى مۇشۇ ساتىراش خانىممۇ، باشقا بىرىمۇ، ئېسىمدە يوق. ئىشقىلىپ، ئۇ ھازىرقى بۇ خانىمدىن ياشراق ۋە يۇرەكلىكرەك كۆرۈنگەنىدى. ئۇمۇ ئارىلاپ ئۈچەرەت كۈتۈپ ئولتۇرغان خانىملارنىڭ پارىڭىغا ئارىلىشىپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى باشتا مودا كىيىملىرى، يېقىندا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولىۋاتقان ئىت بەيگىسى، قانداقتۇر بىر كېچىدىلا مىليونلاپ ئاقچا ئۇتۇۋېلىپ بېيىپ كەتكەن ئامەتلىك بىر خانىم ئۈستىدە بولدى. ئىككى ئايال خېرىدارنىڭ چىرايى ئالدىمدىكى ئەينەكتىن ماڭا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى قوڭۇر چاچ، ئاق يۈزلۈك، زەڭگەر كۆز، بۇرۇنلىرى ئىنچىكە، قىپقىزىل لاكلىۋالغان كالپۇكلىرى

بەكمۇ نىپىز ، پۇتلىرى ئۇزۇن ، مۇشۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئېيتقاندا ، گۈزەل ھېسابلىنىدىغان خانىملاردىن ئىدى . ئىككىنچىسى بولسا ، قارىقۇمچاق ، يۈزلىرى دۈگىلەك ، قوي كۆز ، كالپۇكلىرى قېلىنراق كەلگەن ، دوستىغا سىلىشتۇرغاندا ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ كىشىگە يېقىملىق كۆرۈنىدىغان ، ئاسىيا قان تىپىدىكى ئايال ئىدى . تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ تۈرك تىلىدا سۆزلىشىۋاتقىنى قۇلىقىمغا چۈشۈپ قالدى . بۇ يەرگە ھەر تەرەپتىن كېلىپ قالغان كۆچمەنلەر بەزىدە ئۆزئارا مەخپىي قىلىشىدىغان گەپلىرىنى بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى چۈشەنمەيدىغان ئاشۇنداق تىللاردا سۆزلىشىپ قالىدۇ . بۇ ئىككى خانىم ساپ تۈرك بولمىغان تەقدىردىمۇ تۈركىيىدە بىر مەزگىل يۈرۈپ جان باققان ئاياللاردەك قىلاتتى . ئۇلار مېنىڭ تۈرك تىلىنى بىلىدىغىنىمنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەي پىخىلداپ كۈلۈشۈپ ، بەخۇدۇك پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى . گەپ مېنىڭ ئۈستۈمدە بولۇۋاتاتتى .

— مۇنۇ چاچ ياستىۋاتقىنى قانداقراق ؟ — دەپ سورىدى ئاق يۈزلۈك خانىم دوستىدىن ، — قارا ، تەقى - تۇرقىمۇ يامان ئەمەسكەن . كىيىم - كېچەكگە قارىغاندا ئوقىتىمۇ يۈرۈشۈپ تۇرغان بىرنېمىدەك قىلىدۇ .

— ساڭا باب كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ ، — دېدى قارىقۇمچاق ئايال .

— ماڭىمۇ ؟ بىر كېچىلىككە دېسەڭ كۆرۈپ باقساق بولىدۇ… ساڭا نەرى باب كەلمىگۈدەك ؟

— ئەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن سەسكەندىم .

— ھەممىسىلا سەن ئۇچراتقانلاردەك قوپال بولۇۋەرمەيدۇ…



كېيىن خالاپ قالىسەن .

— قېنى ، خالاپ قالغاندا بىر گەپ بولار… سەن ھەرقانداقىدىن قايتمايسەنغۇ ؟

— پۇرسەت بولسا «ياق» دېيىش ئەخمەقلىق . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ، پەقەت مۇئامىلىسى ، قىلىدىغان قىلىقلىرى ئوخشاشمايدۇ . بىزنى قىزىقتۇرىدىغىنىمۇ شۇ… راستمۇ ؟ سەن دەپ باققىنا…

قارىقۇمچاق ئايال ئاغزىنى تۇسۇپ كۈلۈپ ، دوستىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى . ئاندىن ئۇلار چىراي شەكلىم ، كىيىملىرىمنى سىلىپ يالىڭاچ بولغاندىن كېيىنكى كۆلكىلىك ھالىتىم ۋە ئاياللار بىلەن بىللە بولغاندا قانداق قىلىقلارنى چىقىرىشىم توغرىسىدا بىمەنە پەرەزلەرگە چۈشۈپ ، تېتىقسىز چاقچاقلار بىلەن كۈلۈپ قېتىپ قېلىشتى .

چاچ - ساقىلىمنى ئالدۇرۇپ بولۇپ ، كېيىنىپ پۇل تۆلىدىم ، ئاندىن ھېلىقى خانىملارغا قاراپ تۈرك تىلىدا :

— خوش ، شۇنداق قىلىپ ، قايسىڭلار بۈگۈنكى كەچلىك تاماقنى مېنىڭ بىلەن بىللە يەيدىغان بولدۇڭلار ؟ — دېدىم .

تېخىچە ماڭا قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇرغان ئاياللارنىڭ چىرايىدىن كۈلكە ئۆچتى - دە ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپلا قېلىشتى . خىجالەتچىلىكتىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ چىرايىغا سۈس قىزىللىق يۈگۈردى . بۇ قىزىرىش ئۇلارنىڭ يۈزىدىكى ئۇپا - ئەڭلىك بېسىپ كېتەلمىگەن تاتىرىشنى يوقىتىپ ، ئازراق بولسىمۇ چىن گۈزەللىك بېغىشلىدى . «خۇدايا شۈكۈر ! ھەرنېمە بولسا قىزىرىشنى ئۇنتۇمىغانلاردىن ئىكەن» دەپ ئويلىدىم - دە ، تالاغا قاراپ ماڭدىم . شۇ چاغدا ئۇلاردىن بىرى ئېسىنى يىغىپ :

— كەچۈرسىز، سىز تۈركىيىلىكمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— جۇڭگولۇقمەن! — دەپ جاۋاب بەردىم.

شۇ ئاياللار بۈگۈنمۇ بۇ يەردە بولغان بولسا، بۇ قۇرۇپ ياغاچقا ئايلانغان ئەپتىمگە قاراپ يەنە قانداق مۇلاھىزىلەرنى قىلىشقان بولاتتىكىن؟!...

ساتىراش خانىم ئىشىنى ئالدىراش تاماملاپ، ئالدىمدىن پەرتۇقنى يېشىۋالدى. ئەينەككە قاراپ ئۆزۈمگە ئازراق بولسىمۇ ئىسكەت كىرىپ قالغانلىقىمنى كۆردۈم. ساتىراش خانىم ئارقامدا تېخىچە مېنى ئەندىشە ئىچىدە كۆزىتىپ تۇراتتى. ئېھتىمال ئۇ: بۇ قاچقۇن پۇل تۆلەرمۇ، يوق؟ پۇل تۆلىمىسىمۇ تېزرەك كۆزدىن يوقالسا بولاتتى، دەپ ئويلاۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئارقامغا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ قولىغا كۈتكىنىدىن كۆپرەك پۇل تۇتقۇزدۇم. ئۇ ھەيران بولۇپ:
— يەنە باشقا خىزمىتىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سورىدى.
— رەھمەت، ئالدىرايمەن، — دېدىم.

## 2

زۆھرە!

ساتىراشخانىدىن چىقىپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدىم. ئالدىمدىكى تار كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنىڭ بىرىگە چىقتىم. يولدا كىچىك ماشىنىلار ئېقىن سۈدەك ئىلگىرىلىشەتتى. پىيادىلەر يولىمۇ ئەمدى ئىشقا ماڭغان ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. ئاسمانغا قارىدىم. بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. لېكىن، بۇ ئالدىراش ئادەملەرنىڭ



ھېچقايسىسىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان قۇياشقا، كۆپكۆك ئاسمان ۋە ئۇنىڭ بىر چېتىدە قېتىپ قالغان پاختىدەك ئاق بۇلۇتلارغا، ئاۋۇ ئېگىز بىنانىڭ ئۈستىدە تۆۋەنگە ھەيران بولۇپ قارىشىپ تۇرغان كەپتەرلەرگە قاراشقا چولىسى يوق ئىدى. بۇ يەردە ھەممە ئىش شۇنداق ئالدىراشچىلىق، جىددىيلىك ئىچىدە پۈتىدۇ. ئىشقا كېتىۋاتقانلار، كېچىلىك ئىسمىنىدىن قايتقانلار، نەرسە - كېرەك ئالماقچى بولۇپ دۇكانمۇدۇكان باش تىقىپ يۈرگەن خېرىدارلار، ئۇچرىشىش ئورنىغا ئالدىراۋاتقان خانىملار، بەيگە، قىمار مەيدانلىرىنى ئاۋات قىلىدىغان پۇللۇق بايۋەچچىلەر، يۈزلىرىگە غەلىتە بەلگىلەرنى سىزىۋالغان توپ مەستانىلىرى، ھەتتا ئاۋۇ كونا بىر گىتارنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، پۇتىنى سۆرەپ كېتىپ بارغان قېرى تىلەمچىمۇ شۇنداق ئالدىراش ئىدى. مۇشۇنداق مۇھىت ئىچىدە ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، تالىشىش، جان بېقىش تەقەززاسى مېنىمۇ ئالدىراڭغۇ قىلىپ قويغانىدى. لېكىن، مەن ھازىر نېمىگە ئالدىرايمەن؟ ئۆلۈمگە ئالدىراپ يەتكىلى بولمايدۇ. ۋاقتى - سائىتى توشقاندا ئۇ ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ...

ئالدىراش يۈرگەن شۇ ئادەملەرگە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ يۈرۈپ، خېلى ۋاقىتقىچە بازار ئايلاندىم. تونۇش ئادەملەر بىر - بىرى بىلەن باشكىيىمنى كۆتۈرۈپ سالاملىشىپ ئۆتەتتى. ئەنە ئاۋۇ ياشانغان كىشى چىرايلىق بىر يىگىت بىلەن يەنە بىر خانىمنى قولتۇقلاپ، نېمىلەر توغرىسىدىدۇر قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىپ باراتتى. زىبۇزىننەت دۇكىنىنىڭ ئالدىدا مۈرىلىرى ئوچۇق كۆڭلەك كىيگەن بىر خانىم قارشىسىدىكى ساقاللىق كىشىنىڭ دولىسىغا خۇددى ئەرلەردەك ئۇرۇپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ

كۈلۈۋاتاتتى . شۇنچە ئادەملەرنىڭ ئىچىدە مېنىڭ بىلەن باش لىڭشىتىشىپ قويغۇدەك بىرەر تونۇشمۇ ئۇچرىمىدى . ئۈستۈمدىكى ئېسىل كىيىملەرنىڭ ، يانچۇقۇمدىكى باھالىق چەك- پۇللىرىمنىڭ قىممىتى زادى نېمىگە تەڭ ؟ ئەجەبا ، ئۇلار مېنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغىنىمنى ، كۆڭلۈمنىڭ سۇنۇق ، مىسكىن ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىكىنا ! ؟

شۇنداق ، بۇ بىر يات مەملىكەت ، يات ماكان ، ئۇلار كىملىكىمنى ، نەدىن ، قانداق بولۇپ كېلىپ قالغانلىقىمنى ؛ كەچۈرمىشلىرىم ، خاراكتېرىم ، ئارزۇ - ئىستەكلىرىمنى نەدىن بىلسۇن . ئەگەر ئۆزۈمنىڭ يۇرتىدا بولغان بولسام ، شەھەرنىڭ چېتىدىكى ھېلىقى مەھەللىدىن بازارغا يېتىپ كەلگۈچە ئونلىغان ئادەملەر بىلەن ئەھۋاللىشىپ ئۆتكەن بولاتتىم . شۇ تاپتا ئۆزۈمنى قايناق بازاردا ئەمەس ، ئادەمسىز چۆل - جەزىرىدە كېتىپ بارغاندەك يېگانە ھېس قىلدىم...

چۈشلۈك تاماقتا «ئالەمگە نەزەر» مېھمانخانىسىغا يېتىپ كەلدىم . بۇ ئەللىك قەۋەتلىك ،ناھايىتىمۇ ئاۋات بىر مېھمانخانا . ئۇنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ئاشخانىدىن جۇڭگوچە سەي ، تۈرك تاماقلىرىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ . ئۆزۈمگە كالا گۆشى قورۇدىقى بىلەن ئازراق ئۇسسۇلۇق بۇيرۇتتۇم . بۇنداق چوڭ رېستورانلاردا كىشىنىڭ ئالدى يەيدىغان نېمىدىن تولىراق پىچاق ، ۋىلكا ، چوڭ- كىچىك تەخسە ، رومكا ، شالداما ، سۈرتكۈچ قەغەز دېگەندەك بىرنېمىلەر بىلەن تولۇپ كېتىدۇ . شۇڭلاشقىمىكىن ، تاماق باھاسىمۇ ناھايىتى ئۈستۈن بولىدۇ . بۇنداق چاغلاردا ، ھېلىقى بىزنىڭ كاسىپلار ، ئېلىپساتارلار ، دېھقانلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى بىلەن گۇرۇلدەپ تۇرىدىغان بازارلىرىمىزدىكى



ئىسلىشىپ كەتكەن ، پاكار ، ئاددىي ئاشخانىلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن . ئۇ يەردە ھەربىر ئاشخانا ، ھەربىر ئۇستامنىڭ قولىنىڭ تەمى ئۆزگىچە بولىدۇ . شۇ ئەرزان ، لەززەتلىك مانتا ، سامسا ، پولۇ ، لەغمەن ، ئۇگرە ئاشلارنى ئويلىسام ھېلىمۇ ئاغزىمغا سېرىقسۇ كېلىدۇ . بىزنىڭ ئادەملىرىمىز تەردىن نەملەشكەن دۈمبىلىرىنى بىر - بىرىگە چاپلاپ ، قىستىلىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشىدۇ . ئۇلارنىڭ قېنىق دەملەنگەن قىزىق چايىنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىپ ئولتۇرۇپ بىر - بىرىگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ، توغرىدىن - توغرا قىلىشىدىغان قوپال ، ساددا گەپلىرىنى ، قىزىق چاقچاقلىرىنى ئويلىسام ھېلىمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەيمەن...

تاماقتىن كېيىن ھاردۇق يېتىپ مۈگدەپ قالغان ئوخشايمەن بىرىنىڭ :

— ئەپەندىم ! — دېگەن ئاۋازىدىن ئۆزۈمگە كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام ئالدىمدا يېشى توختىغان بىر ئەر مۇلازىمەتچى تۇرۇپتۇ ، — كەچۈرىسىز ، ئارامىڭىزنى بۇزۇپ قويدۇم ، ساقلىنىڭىز يوقمۇ ، قانداق ؟ — دېدى ئۇ .

— رەھمەت ، سەل ھاردۇق يەتكەن ئوخشايدۇ .

— چىرايىڭىز ياخشى ئەمەس كۆرۈنىدۇ ، سەل ئەنسىرەپ قالدۇق . بۇ يەردە دەم ئېلىش ئۆيى بار . باھاسىمۇ بەك يۇقىرى ئەمەس . ئازراق ئارام ئالامسىز ؟

— بىكار ياتاق بولسا ماڭا بىرنى يازدۇرۇپ قويۇڭ ، ئەڭ ياخشىسى يۇقىرى قەۋەتلەردىن ، خالىيراق بىر ئۆي بولسۇن .

— قانچە كۈنلۈك ؟

— بىر كۈن... ئىككى كۈن بولسىمۇ بولىدۇ . قانچە كۈنلۈك

ئۆمرۈم قالغىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، يېقىن ئارىدا ئۆلۈپ كېتىمەن.

كۇتكۇچى ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى.

— قىزىق، سىز قايسى دىنغا ئىشىنىسىز؟ — دېدى ئۇ، — ھە، ئۇنداق دېگىنىم سىزمۇ ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز، ھازىر بەزى دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ياشاشنى بىمەنە ئىش دەپ بىلىپ، مەلۇم بىر كۇننى ئۆلىدىغان كۇنى قىلىپ بەلگىلەپ ئۆلۈۋالىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىدىغان بولۇپ قالدى.

— مەن ئاساسى بولمىغان ھېچقانداق دىنغا ئىشەنمەيمەن. پەقەت خۇدانىڭ بىرلىكىگە، بارلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرھەق پەيغەمبەرلىكىگە شەكسىز ئىشىنىمەن. مېنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ، بىزگە بىرەر ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرەمدىكىن، دەپ ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەن ۋاقتى - سائىتى توشۇپ، ئۆزى كېلىدىغان ئۆلۈمنى كۇتۇۋاتىمەن.

— چۈشەندىم، — دېدى ئەر مۇلازىم، — سىزنىڭ قاراشلىرىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئېتىقاد!

كۇتكۇچى ئالدىراش مېڭىپ بېرىپ، پوكەي يېنىدىكى تېلېفوننى قولىغا ئالدى. ئازدىن كېيىن بىر ياش كۇتكۇچى قىز كېلىپ مېنى يۇقىرى قەۋەتتىكى بىر ياتاققا باشلاپ ئاچىقىپ قويدى. ياتاققا چىققاندا ئاشخانىدىكى مۇگدەشتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. يوغان تەشتەك گۇلنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ ساڭا مانا بۇ خەتنى يېزىشقا باشلىدىم:

زۆھرە، ئۇزاق يىللارنىڭ ئالدىدا، ئادەم ئۆلتۈردى، دەپ ئەيىبلىنىپ سوغۇق كامېرغا تاشلانغىنىمدا، مۇشۇ سېسىق تارچۇقتا ئۆلۈپمۇ كېتەرمەنمۇ، دەپ ناھايىتى قورقانىدىم.



كېيىن بىز يىراق چۆللۈكتە ئىككى يىلچە ئىشلىدۇق. ئىش ئېغىر، تاماق ناچار، مەھبۇسلارنىڭ بەزىلىرى ئىششىپ، قورسىقى كۆپۈپلا ئۆلۈپ قالاتتى. ئەتراپ چەكسىز كەتكەن قۇملۇق ئىدى. ئۆلگۈچىنى يۆيۈپ كېپەنلەپ، نامىزىنى چۈشۈرىدىغانمۇ ئادەم يوق ئىدى. قۇمنى تۆت چاسا قىلىپ كولاپ، ئورەككە جەسەتنى چۈشۈرەتتۇق. جەسەت ئۈستىگە بىرەر باغلام قومۇش ياكى جىگدىنىڭ شاخ - شۇمبىلىرىنى تېپىپ ئەكېلىپ تاشلاپلا كۆمۈپ قوياتتۇق. ئەمما، چۆل شاماللىرى بىر-ئىككى كۇندىلا ھېلىقى قۇم دۆۋىسىنى ئۇچۇرۇپ تۈگىتىپ، چەكسىز قۇملۇق بىلەن پەرقسىز قىلىپ قوياتتى. شۇ ئىشلارنى كۆرگىنىمدە ئاسمانغا قاراپ نالە قىلىپ، «خۇدايا، ھەرنېمە قىلساڭ قىل، ئۆلۈكۈمنى بۇ چۆل - جەزىرىگە تاشلاپ قويمىغىن!» دېگەنىدىم. مانا ئەمدى: «جەسىتىم ۋەتىنىمدىن، تونۇش ئادەملىرىمدىن يىراق مۇشۇ يات ئەللەردە قالارمۇ» دەپ ئازابلىنىدىغان بولدۇم. نېمىشقا شۇ چاغدا شۇ زەي كامېردا، ئاشۇ بوران ئۇچۇپ تۇرغان قۇملۇقتا ئۆلۈپ قالمىغاندىمەن، دەپمۇ ھەسرەت چېكىمەن.

زۆھرە، بۈگۈن مۇشۇ يەرگىچە يازاي. مۇبادا، خېتىم قولۇڭغا تېگىپ ماڭا خەت يازماقچى بولۇپ قالساڭ، كونۋېرتتىكى ئادرېسنى يېزىپ، «ھىدايەت خانىم ئارقىلىق تىلەك ئەپەندىگە تەگسۇن» دېسەڭ بولىدۇ.

## 3

زۆھرە! بۈگۈن كېچە مەن قونغان بۇ مېھمانخانا بىناسى بىر

زامانلاردا شەھەر بويىچە ئەڭ ئېگىز ئىمارەت ھېسابلىناتتىكەن. مېھمانخانا سىرتىدىن قارىغاندا، ئادەمگە ئەللىك قەۋەتلىكتەك تەسىرات بەرسىمۇ ئەمەلىيەتتە قىرىق يەتتە قەۋەت. ئارخىتېكتور ئۇنى شۇنداق كۆركەم ۋە غەلىتە لايىھىلىگەن. بىنانىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە ھەممە تەرىپى ئەينەك بىلەن قورشالغان بىر قەھۋەخانا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ يەردە ئىچىملىك ئىچىپ ئولتۇرۇپ شەھەرنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ مېھمانخانىنىڭ «ئالەمگە نەزەر» دېگەن نامىمۇ شۇنىڭدىن قالغان. بۇ بىنا توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايىمۇ تارقالغان:

«ئالەمگە نەزەر» نىڭ خوجايىنى بۇ بىنانى سالدۇرۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئەللىك ياشقا تولغانلىقىنى تەبرىكلەپ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. زىياپەتكە شەھەر باشلىقىدىن تارتىپ شەھەردىكى بارلىق مەشھۇر شەخسلەر، كاتتا بايلارنىڭ ھەممىسى قاتناشقان، دېيىشىدۇ. مېھمانلار ئېسىل شارابلارنى ئىچىپ، ئويۇن تازا قىزىغان ۋاقىتتا ساھىبخانا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خانىملار، ئەپەندىلەر، بىر سوئال سورىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىلەر. مەن نېمە ئۈچۈن بۇ مېھمانخانىنى سىرتىدىن قارىغاندا ئەللىك قەۋەت، ئەمەلىيەتتە قىرىق يەتتە قەۋەت قىلىپ سالدۇردۇم؟ مانا بۇ سوئالىمغا رەپىقەمنىڭ جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ ئايالى كۈتۈلمىگەن بۇ سوئالدىن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا تېڭىرقاپ قاپتۇ، دەماللىققا مۇۋاپىق بىر جاۋاب تاپالماي:

— سىز ئەزەلدىن ئاشۇنداق غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ نام چىقىرىشقا خۇشتارسىز… ياكى بۇ لايىھىلىگۈچىنىڭ كاللىسىغا كېلىپ قالغان ئاجايىپ بىر پىلان بولۇشىمۇ مۇمكىن… ياكى



بولمىسا، ئىچىنىمۇ ئەللىك قەۋەت قىلىشقا خىراجەت يەتمىگەندۇر… دېگەندەك پەرەزلەرنى تەۋەككۈلگىلا، — دەپ بېقىپتۇ. خوجايىن:

— تاپالمىدىڭ! — دەپ ئايالىنىڭ ھەممە پەرەزلىرىنى رەت قىپتۇ ۋە مېھمانلارغا قاراپ، — قېنى، قىممەتلىك مېھمانلىرىمنىڭ ئىچىدە بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلىگۈدەك كىشى چىقامدىكىن؟ — دەپتۇ.

شۇ چاغدا، مېھمانلار ئارىسىدا ئولتۇرغان ياش، گۈزەل بىر خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سىز بۇ بىنانى ئۆزىڭىزنىڭ قىرىق يەتتە ياشقا كىرىدىغان يىلىڭىز ياساپ پۈتكۈزۈشنى پىلانلاپ، قىرىق يەتتە قەۋەت قىلىپ سالدۇرغان. شۇ چاغدا، يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۆزىڭىزنىڭ ئەللىك ياشقا تولغانلىق خاتىرە كۈنىنى مۇشۇ بىنادا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈشنىمۇ كۆڭلىڭىزگە پۈككەنسىز. شۇڭا، ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئەللىك قەۋەتلىكتەك قىلىپ لايىھىلەنگەن، — دەپتۇ.

زىياپەت زالىدا ئولتۇرغان پۈتۈن مېھمانلار جايىدا بېرىلگەن بۇ جاۋابقا ئاپىرىن ئوقۇشۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىشىپتۇ. مېھمانخانا خوجايىنى كىشىلەرنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ:

— خانىملار، ئەپەندىلەر، ئايالىم تۇرمۇشۇمدىكى مۇشۇ ئاددىي بىر ئىشقىمۇ ئەقلىنى يەتكۈزەلمەي، مېنى ھەرقايسىڭلارنىڭ ئالدىدا تەڭلىكتە قويدى. ھازىردىن باشلاپ بۇ خانىمنى ئايالىم دەپ تونۇمايمەن. ئەگەر تەكلىپىمنى مۇۋاپىق كۆرسە، ئاشۇ ئەقىللىق خانىم بىلەن تويلىشىدىغانلىقىمنى ئېلان قىلىمەن! —

دەپ سوئالغا جاۋاب بەرگەن ھېلقى ياش خانىمنى كۆرسىتىپتۇ.

بۇ يەردە ئادەمنىڭ تەقدىرى بىردەملىك ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالىدىغان ئەنە شۇنداق كۈلكىلىك ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ئەسلىدە ھېلقى گۈزەل خانىم مېھمانخانا خوجايىنىنىڭ ئوينىشى ئىكەن، ئۇ شۇنداق جاۋاب بېرىشنى ئۆز ئاشنىسىغا ئۆگىتىپ قويغان بولسا كېرەك. خوجايىنىنىڭ ئايالىمۇ بوش كەلمىگەن ئوخشايدۇ. كېيىن ئۇ ئېرى بىلەن ئون يىلغا يېقىن دەۋالىشىپ، ئاخىرىدا بۇ بىنانى ئۇنىڭدىن تارتىۋالغانىكەن. ئەر خوجايىن ئەيش- ئىشرەت، پۇلنىلا قوغلىشىدىغان ئادەم بولغاچقا «ئالەمگە نەزەر» بىر مەزگىل پاھىشە ئايالLAR ۋە ھەرخىل تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ، سېسىق نامى پۇر كەتكەنىكەن. ئايال خوجايىنىنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ساپلىشىپتۇ. ھازىر بۇ بىنانىڭ كۆركەم سىرتقى كۆرۈنۈشى ساقلاپ قېلىنىپ، ئىچى زامانغا لايىق جاھاز ۋە قۇرۇلمىلار بىلەن يېڭىلانغان بولۇپ، شەھەردىكى يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان ئاسمان -پەلەك بىنالار ئارىسىدا يەنىلا ئۆز سۆلىتىنى يوقاتماي قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

چۈشتىن كېيىن، «ئالەمگە نەزەر» نىڭ ئۈستىدىكى ئەينەكلىك قەھۋەخانىغا چىقتىم. دېرىزىگە يېقىن بىر ئورۇننى تاللاپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈمگە ئىچىملىك بۇيرۇتتۇم. ئەينەكتىن شەھەرنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسى ئوچۇق كۆرۈنەتتى. شەھەر سىرتىدىكى پارچە - پارچە يېشىللىقلار، تۈتاش كەتكەن ئورمانلار، تېخىمۇ يىراقتا بولسا غۇۋالىق ئىچىدە ياتقان دېڭىز كۆزگە چۈشەتتى. يۇقىرىدىن قارىغاندا شەھەر كوچىلىرى كىشىگە ئېگىز بىنالارنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ، تارىيىپ كېتىۋاتقاندەك تەسىرات



بېرەتتى. چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت بولغاچقا كوچىلاردىكى ئادەملەر تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەنىدى. ماشىنىلار، ئادەملەر، ھەممە نەرسە غايەت زور شاۋقۇن ئىچىدە تەۋرىنەتتى...

يۇرتۇمدىكى شەھەرلەرنىڭ ئاجايىپ بىر چەت مەھەللىلىرى بولىدىغان، كوچىنىڭ ئوتتۇرىدا تېزەك تاتىلاپ دانلاۋاتقان توخۇلار، پېشايۋانلاردا بۇغۇلدىشىپ تۇرغان كەپتەرلەر، قەيەردىدۇر ئانىسىنى ئىزدىگەن بىر قوزىنىڭ مەرىشى، شىرىلداپ سۇ ئېقىپ تۇرغان مەھەللە ئۆستىڭىدىن ئېتىكىنى يىغىپ سۇ ئېلىۋاتقان قىزچاق، تاسادىپىي ھاڭراپ، پۈتۈن مەھەللىنى بېشىغا كىيىدىغان ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازى، قولىغا ئۇزۇن تايىقىنى تۇتۇپ ھويلىمۇ ھويلا كىرىپ يۈرگەن دىۋانىنىڭ پېشىنى تالاپ، غەزەپلىك ھاۋشىۋاتقان ئىتلار... كېچىلىرى مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى قاتار تېرەكنىڭ بېشىغا چۇۋۇلدىشىپ قونۇپ قاقىلدىشىدىغان قاغىلار، تېرەكنىڭ ئۈستىگە ئېسىلىپ قالغان تولۇن ئاي، ھارۋىكەشلەرنىڭ يىراقتىن ئاڭلىنىدىغان كۆڭۈللۈك ناخشىسى ... كۆڭلۈمدە ساقلىنىپ قالغان شۇ خاتىرىلەرنى ئەسكە ئالسام، قەدىمىي مەملىكەتلەر توغرىسىدىكى گۈزەل بىر رىۋايەتلەرنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولىمەن.

زۆھرە، بىزنىڭ كونا مەھەللىلىرىمىزنىڭ كۆرۈنۈشلىرىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

بۇ مەھەللىنى كىشىلەر «ئويمانمەھەللە» دەپ ئاتىشاتتى. شەھەرنىڭ چېتىگە جايلاشقان بۇ مەھەللىنىڭ ئورنى چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەسلىدە قىش - ياز سۇ يىغىلىپ تۇرىدىغان بىر ئويمانلىق ئىكەن. كېيىن بازارنىڭ ئەخلەتلىرى، كىملەرنىڭدۇر ئەكېلىپ تۆككەن توپا - تاشلىرى بىلەن تىنىپ، بۇ بىر پارچە

يەر قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ . ئاندىن شەھەرنىڭ كەمبەغەللىرى ، كاسىپلار ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيلەرنى سېلىشقا باشلاپتۇ . ھەركىم دەرۋازىسىنى خىيالىغا كەلگەن تەرەپكە ئېچىپ ، ماڭىدىغانغا ئازراقتىن يول قويۇشۇپ ھويلا تاملىرىنى سوقۇشۇپتۇ . نەتىجىدە بۇ يەردە ھېچبىر لايىھىلىگۈچىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغان شۇنداق غەلىتە كوچىلار پەيدا بولغانىكەن . بىر كوچىدا كېتىپ بېرىپ ، «خالتا كوچىغا كىرىپ قالدىمۇ ، قانداق ؟» دەپ ئارقاڭغا قايتماقچى بولسەن ، تاقاشقان يەرگىچە بېرىپ قارىساڭ ، سولغا كەتكەن يەنە بىر تار كوچىنى كۆرىسەن ؛ پاكار تاملار ، قىيسايغان دەرۋازىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ، ئۇدۇلۇڭدىكى يەنە بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ، ئوڭغا كەتكەن ئىككىنچى بىر كوچا كۆز ئالدىڭدا پەيدا بولىدۇ . بۇ كوچىلارغا زادى كېلىپ باقمىغان ئادەملەرنىڭ بېشى ئايلىنىپ ، بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدىن بىرنەچچە قېتىم چىقىپ قالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ... مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى مەسچىتنىڭ ئالدىدا كىچىككىنە مەيدانمۇ بار . مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى ياغاچتا دائىم پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان بىرنەچچە بوۋاينى ئۇچرىتىسەن . بوۋايلارغا سالام بېرىپ مېڭىۋەرگەندە ، قانداقتۇر بىر ئەگىملەر ، بۇرۇلۇشلاردىن ئۆتسەڭ تېخى بىر ئۆستەڭ سۇمۇ ئۇچرايدۇ . بۇ سۇ خۇددى مۆجىزە كۆرسىتىۋاتقاندەك بىردە قايسىبىر ھويلىلار ئىچىدىن ئېقىپ چىقىپ يولنىڭ يان تەرىپىدە پەيدا بولۇپ قالىدۇ ـ دە ، يەنە قانداقتۇر بىر ھويلىلارنىڭ شورلىرىدىن كىرىپ غايىب بولىدۇ . ئۆستەڭنى ياقىلاپ مېڭىۋەرسەڭ بىردىنلا كەڭ جاھانغا — ھەرخىل كۆكتات ، بۇغداي ، قوناقلار تېرىلغان يېشىللىقلارغا ئۇلىشىسەن .



بىزنىڭ بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىگە بىرەر ھارۋا شاخ ـ ئوتۇن ساتقان دېھقاننىڭ ياكى بىرەر ماشىنا كۆمۈر چۈشۈرمەكچى بولغان شوپۇرنىڭ جېنىغا ۋاي ئىدى . ئۇلار ھەم تېرىكىش ، ھەم ھەيرانلىق ئىچىدە كىملەرنىدۇر تىللاپ ، نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇراپ ، ھەربىر بۇرۇلۇشلاردا ئالدى ـ كەينىگە سا بولۇپ تاملارنىڭ بىقىنلىرىنى سىجاپ ئۆتۈپ ، بۇ يەرگە ئىككىنچى كەلمەيدىغانلىققا مىڭ قېتىم قەسەم ئىچىپ ، مەنزىلگە ئاران يېتەتتى .

قىش كۈنلىرى مەھەللىمىز يەنە باشقىچە تۈسكە كىرەتتى . ئۆگزىگە قار چۈشۈرگىلى چىققان كىشىگە ئاپئاق قارغا پۈركىنىپ ياتقان مەھەللە ، دۈمچەك ـ دۈمچەك ئۆيلەر ، باغلار ، مەھەللە چېتىدىكى ئېتىزلار ئۆزگىچە گۈزەل كۆرۈنەتتى . قار قېلىن ياغقان يىللىرى ھېلىقى تار كوچىلارغىمۇ قار دۆۋىلىشىپ كېتەتتى . بالا ۋاقىتلىرىمىزدا شوخلۇق قىلىپ ئۆگزىدىن قارغا سەكرەپ دومىلاپ ئوينىشاتتۇق... ئېسىمدە قېلىشىچە ، تولىراق نامرات ئادەملەر ئورۇنلاشقان بۇ مەھەللىگە كېيىن ھۆكۈمەت «ئازاد مەھەللە» ، «تاڭ نۇرى كوچىسى» دېگەندەك چىرايلىق ناملارنى قويۇپ باققان ، ھەتتا ، ھەربىر دەرۋازىنىڭ بېشىغا «بەخت كوچا» دېگەن يالتىراپ تۇرغان خېتى بار ئىشىك نومۇرلىرىنى قاققان بولسىمۇ ، شەھەرنىڭ ئادەملىرى يەنىلا بۇ يەرنى ئادىتى بويىچە «ئويمانمەھەللە» دەپ ئاتىشاتتى .

بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىمۇ ئاجايىپ ئىدى . ئۆز ۋاقتىدا چوڭلىرىمىزنىڭ ئىشى ئالدىراشمىتىكىن ياكى بالا تېپىپ ، ئىسىم قويۇشنى بىلمەمتىكىن ، تۇغۇلغان باللىرىغا ئوتتۇر كەلگەن بىر ئىسىمنى — قانداقتۇر بىر قۇلىقىغا سىڭىشىپ قالغان ياكى ئاشۇ

مىنۇتتا تۇيۇقسىزلا خىيالىغا كېلىپ قالغان، ياكى بولمىسا قايسىبىر شۆھرەتلىكرەك ئۆتكەن ئاتا - بوۋىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ، ھەتتا بەزىلىرى ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ قايتىلاپ قويۇۋېرەتتى. بەزىلىرى تېخى قاپىيىگە باي ئۇستا شائىرلاردەك باللىرىنىڭ ئېتىنى ئاھاڭلاشتۇرۇپ سادىر، نادىر، قادىر، ئاۋۇت، ساۋۇت، داۋۇت ... دېگەنلەرنى ياغدۇرۇۋېتەتتى. بۇ باللار چوڭ بولغاندىن كېيىن قارىساڭ، بىر كوچىدىلا مەمەتتىن ئىككى - ئۈچى، سەمەتتىن تۆت - بەشى، ئاسىم - قاسىم دېگەنلەردىن ئالتە - يەتتىسى پەيدا بولۇپ قالاتتى. شۇڭا بەزىدە كېچىلىرى كېلىپ جىنايەتچىنى تۇتماقچى بولغان ساقچىلارمۇ ماۋۇ كوچىدىكى ئەخمەتجاننى تۇتىمەن، دەپ باشقا بىر كوچىدىكى ئەخمەتجاننى تۇتۇپ كېتىپمۇ قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا ساقچىلارمۇ ھەرگىز «خاتا تۇتۇپ قويۇپتۇق» دېگەن گەپنى قىلمايدۇ. ئۇنداق دېگەندە، بىرىنچىدىن، ساقچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئابرۇيىغا ياخشى ئەمەس، ئىككىنچىدىن، ھېلىقى ئەخمەتجاننىڭ سىرتقا چىقىپ كۆرەڭلەپ، قانۇن ئورۇنلىرىمىزنىڭ ئۈستىدە ھەرنېمىلەرنى دېيىشى تۇرغانلا گەپ. مۇنداق ئۇقۇشماسلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ساقچىلارنىڭمۇ ئۆز ئۇسۇلى بار. ئالدى بىلەن خاتا تۇتۇلغان ھېلىقى ئەخمەتجاننى رەسمىي سوراقخانىغا ئاچىقىدىغان گەپ. ئاندىن تازا سۈرى بار سوراقچىدىن بىر - ئىككىسى ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ: «خوش ئەخمەتاخۇن، قىلغان گۇناھىڭلىنى بىلەمسىلەر؟ ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئىقرار قىلغىنىڭ ياخشى!» دەپ قويسىلا بولغىنى. بەزى ئادەملەر شۇنچىلىك ساددىكى، «خاتا تۇتۇلدۇم» دېگەن نەرسە ئۇنىڭ كاللىسىغىمۇ كىرىپ، چىقمايدۇ ... ھېلىقى ئەخمەتجانمۇ كوچىدا



گۇر - گۇر ۋارقىرىغىنى بىلەن ساقچىلارنى كۆرگەندە دۇدۇقلاپ:

— پوكۇنچىدىن ئىككى يۈز سوم ئالغىنىم راست، ئالمىدىم ئەمەس، ئالدىم. مانا خۇدا تۇرۇپتۇ، تېنىۋالغىنىم يوق ... لېكىنزە، يېقىندىن بېرى ئىش - ئوقەتنىڭ تايىنى يوق، بېرەلمەيۋاتىمەن ... بەلكىم خوتۇنىنىڭ ئىشىنى دەمسىلەركىن، خوتۇننى ئىككى بالا بىلەن ئۆيدىن مەن قوغلاپ چىقارمىدىم. مەنمۇ ئادەمغۇ، باللار ئۆزۈمنىڭ تۇرسا، خوتۇن ئۆزى ئانام بىلەن چىقىشالماي باللارنى ئەكېتىپ قالدى. ئەمدى مەن بۇ دۇنيادا شۇ يالغۇز ئانامنى دەپ ياشىمىسام ماڭا بۇ ھاياتلىقنىڭ نېمە كېرىكى ... — دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، سوراقچىغا يەر ئاستىدىن ئەيمىنىپ قاراپ قويىدۇ.

— يەنچۇ؟ — دەيدۇ سوراقچى ئەلپازىنى ئۆزگەرتمەي.

— يەنە ... يەنە ...— دەپ كېكەچلىگىنچە ئەخمەتجان قايسىبىر چاغدا ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ، ئاغزىغا كەلگەن گەپلەرنى قىلغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، — خۇدا تۇرۇپتۇ، ئىشەنسەڭلار ھەممىسى مەستچىلىكتە بولغان گەپ. ئۆزۈمدىن ئۆتكەن، ئاچ قورساقتا شۇنچىۋالامۇ ئىچكەن بارمۇ. قىلغان ئىشلىرىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئەتىسى ئۇقسام، مەھەللىنىڭ ئىمامىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتىمەن. ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارنىڭ: «ھاي بەچچىغەر، ئۇنداق قىلما، قولۇڭ قۇرۇپ كېتىدۇ!» دېگىنىگە قارىماي مۇشت ئاتىمەن، دەپ ئۆزۈمنى دەڭسەلمەي ئېرىقتا يۇمىلاپ چۈشۈپتىمەن. ئۈستىبېشىم لاي پېتى ئۆمىلەپ قوپۇپ، قېيناتامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ دەرۋازىسىنى جالاقلىتىپ تېپىپ، ئاغزىمنى بۇزۇپ ... — دەپ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا زادىلا ئېغىزغا ئېلىشقا بولمايدىغان سەت

گەپلەرنى قىلغىلى تۇرىدۇ .

— بولدى ، بولدى ! — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىدۇ سوراقچى ، — سېنىڭ نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگىنىڭنى بىز ئوبدان بىلىمىز . كېچە سېنى بىر ئاگاھلاندۇرۇپ قويايلى ، ھوشىنى يىغىۋالسۇن ، دەپ چاقىرىپ ئەكەلگەن . قايتىپ بېرىپ ، ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ تاپشۇر . مۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىل ـ ھە !

ساقچىخانىدىن چىقىپ كېتىپ بارغاندا ئەخمەتجاننىڭ كاللىسىغا ھەرگىزمۇ يەنە «مېنى زادى كېچە نېمىشقا تۇتۇپ كېلىشتى» دېگەن گۇمان كەلمەيدۇ ، بەلكى ئۇ تېخى بايا ساقچىغا ئېيتىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىشلار — قەيەردىدۇر بىر يەردە باشقىلارنىڭ قولىدىن تاسادىپىي ئېلىپ چېكىپ سالغان نەشە ، سەھرادىكى قايسىبىر تويدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ، مەستچىلىكتە ئاغىنىلىرى بىلەن ئوغرىلىغان بىر ـ ئىككى توخۇ دېگەندەك نېمىلەرنى ئويلاشقا باشلايدۇ ـ دە ، مەھەللىدە خېلى ۋاقىتلارغىچە ياۋاشلاپ كېتىدۇ…

مۇنداق ئوخشاش ئىسمىدىكى ئادەملەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا بىرەر لەقەمنى ئۇلاپ قويماي بولمايتتى . شۇڭا ، بىزنىڭ ئۇ مەھەللىمىزدە لەقەمسىز كىشى يوق ، دېگۇدەك ئىدى . مۇنداق خىلمۇخىل لەقەملەر ئۇلارغا يا ئاتا بوۋىسىدىن مىراس قالاتتى ، ياكى بولمىسا ئۆزىنىڭ چوڭ بولۇش جەريانىدا چىراي ـ شەكلى ، مىجەز ـ خۇلقى بىلەن ئۆزىگە ئۆزى تېپىۋالاتتى . ئادەتتە ، بۇ مەھەللىگە كېچىسى تۇرماق ، كۈندۈزى بىرەرنى ئىزدەپ كەلگەن كىشىمۇ ئىزدىگەن ئادىمىنىڭ لەقىمىنى بىلمىسە تاپالماي خېلىلا



قايمۇقىدۇ . ھەر ھالدا مەھەللىمىزنىڭ ئادەملىرى مۇنداق قايمۇققۇچىلارنى تولا كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغاچقا ، ھەرقانداق ئادەمنى ئۇچۇق چىراي قارشى ئالىدۇ . ئادەم ئىزدىگۈچىنىڭ :

— ئەمەتنىڭ ئۆيى قەيەردە ؟ — دېگەن سوئالىغا ، ئۇلار :

— قايسى ئەمەتنى ئىزدەيسىز ؟… چوڭىنىمۇ ، كىچىكىنىمۇ ياكى ھېلىقى ئەمەت «چوقۇر »نىمۇ ؟ … — دېگەندەك بىرمۇنچە سوئاللار بىلەن جاۋاب بېرىدۇ .

مېھمان ئۆزى ئىزدىگەن ئادىمىنىڭ لەقىمىنى بىلمىسىمۇ ، ئۇنىڭ چىراي ـ شەكلى ياكى شۇغۇللىنىدىغان كەسپى ، ھېچبولمىغاندا ئوڭ مەڭزىدىكى خال ، ئېڭىكىنىڭ ئاستىدىكى بىرەر تال سۆگەل قاتارلىق بىرەر بەلگىسىنى ئېيتىپ بېرەلىسىمۇ كۇپايە . مەھەللىدىكىلەر «ھە ، پالانچى ئەمەتنى ئىزدەيدىكەنسىزغۇ» دېيىشىدۇ ـ دە ، توپتوغرا ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇشىدۇ .

× ×

كەچ كىرىپ ، شەھەر ئۈستىگە تۈن قانىتىنى ياپتى . قەھۋەخانا ئىچى بارغانسېرى ئادەم كۆپىيىپ ، قالايمىقانلىشىپ كەتتى . ئەمدى بۇ يەردە ھەرخىل كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش ، رومكا سوقۇشتۇرۇشلار قىزىپ كېتىدۇ . ئورنۇمدىن تۇرۇپ بىر كېرىلدىم ـ دە ، ئىچىملىكلەرنىڭ پۇلىنى تۆلەپ ، ياتىقىمغا قايتىپ چۈشتۈم . ياتاقنىڭ كوچا تەرەپتىكى بالكونىغا چىقىپ تۈۋرۈككە يۆلەندىم . تۆۋەندە شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىلىرىنىڭ بىرى سانسىز ئېلېكتر چىراغلىرى بىلەن كۈندۈزدەك يورۇپ

تۇراتتى . شۇ تاپتا ئاشۇ كوچىلارغا كىرىپ بارساڭ ، بۇ ئەركىن دۇنيانىڭ خىلمۇخىل قەھرىمانلىرىنى ئۇچرىتىسەن . كىشىگە ھەرخىل بوياقلار تۆكۈلۈپ كەتكەندەك تەسىرات بېرىدىغان گۈللۈك رەختلەردىن كىيىم كىيىۋالغان غەلىتە پەرەسلەر ، يېرىم يالىڭاچ خېنىملار ، ئەرەنچە ياسىنىۋالغان ئاياللار ، ئاياللاردەك ياسىنىۋالغان ئەرلەر… بىرىبىنىپ ، بىر ئۆچۈپ تۇرغان رەڭگارەڭ چىراغلار كۆزۈڭنى ئىلەشتۇرۇپ ، تانسخانا ، قاۋاق ۋە ھەر خىل كېچىلىك سورۇنلىرىدىن ئاڭلىنىپ تۇرغان ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ، بوۋاقنىڭ ئىگىرىشى ،كالىنىڭ مۆرىشى ، ھەرىنىڭ غارتىلداشلىرىغا ئوخشىشىدىغان مۇزىكا ئاۋازلىرى قۇلاق - مېڭەڭنى يەپ ، كۈن بويى ئارام تاپمىغان بۇ شەھەرنىڭ ئۆزىنىمۇ ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدۇ . ئەسەبىيلىك ، جىددىيلىكتىن نېرۋىلىرى چىڭقىلىپ كەتكەن بىرمۇنچە ئادەملەر ئاراملىق ئىزدەپ ھەر ھەپتە ئاخىرىدا شەھەر سىرتىغا ، دېڭىز بويلىرىغا بېرىشقا ئاران ئۈلگۈرىدۇ .

زۆھرە ، يازغانلىرىمنى ئوقۇپ بېقىپ ھەيران بولدۇم . ساڭا بۇ يەردىكى ئەھۋاللىرىمنى ، دېمەكچى بولغان يۈرەك سۆزلىرىمنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ ، يازمىساممۇ ئۆزۈڭ بىلىدىغان كونا مەھەللىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى سۈرەتلەپ كېتىپتىمەن . مۇنداق خاتىرىلەرنىڭ قىممىتىنى ۋەتىنىدىن ئىلاجسىز ئايرىلغان مېنىڭدەك مۇساپىرلا چۈشىنەلەيدۇ . يۇرتۇمنىڭ ئاشۇ نامرات ، ئاددىي ھالىتىنى بۇ يەردىكى ھەشەمەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغىنىمدا ؛ ماڭا يەنىلا شۇ ئەگرى - بۈگرى كوچىلار ، ھەتتا ھېلىقىنىڭدەك جىناتەتچىلەرنى خاتا تۇتۇپ قويىدىغان تەجرىبىسىز ساقچىلارمۇ قىممەتلىك بىلىنىدۇ…



چارچىدىم . قالغان گەپلەرنى كېيىنكى خېتىمدە يازىمەن ، كۈتكۈچىنى چاقىرىپ بۇ خەتنى ھازىرلا پوچتىغا سالدۇرۇۋېتىمەن .

زۆھرە ، شۇ تاپتا مەنمۇ مۇشۇ كونۋېرتقا سىغقان بولسام ، قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ۋەتىنىمگە يېتىپ بېرىپ ھېلىقى بىقىنلىرى سىجىلىپ كەتكەن ، پاكار توپا تاملاردىن مېۋە شاخلىرى ئارتىلىپ چۈشۈپ تۇرىدىغان مەھەللە كوچىلىرىغا كۆلۈپ كىرىپ بېرىپ ، ھەممىنى ھەيران قالدۇرسام ، قانداق ئاجايىپ ئىش بولغان بولاتتى - ھە ! ؟ … لېكىن ، ۋاقتى كەلگەندە ئادەمنىڭ شۇ ئاددىي بىر پارچە قەغەزگىمۇ ئايلىنالمايدىغىنى ناھايىتىمۇ ئېچىنارلىق ئىش !

## 4

زۆھرە !

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يەر ئاستى پويىزغا ئولتۇرۇپ ، بۇ شەھەرنىڭ بىر بېشىدىن يەنە بىر بېشىغىچە ماڭدىم . شەھەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭىدىن يىراقلاشقاچقىمىكىن ، يەر ئاستى يولدىن چىققاندا كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالغاندەك بولدى . بۈگۈنمۇ ھاۋا ناھايىتى ياخشى ئىدى . مۇشۇ ئەتراپتا بىر كەڭ مەيدان بار ، ئۇ يەردە ھەر شەنبە چۈشتىن كېيىن قەدىمىي مۇزىكىلارنى ئورۇندايدىغان مۇزىكچىلار پەيدا بولىدۇ . مۇزىكا ئاڭلاشقىمۇ كۆپىنچىسى ياشتا چوڭ بوۋاي - مومايلار ، تۇرمۇشتا بەختى كەلمىگەن ، رېئاللىقتىن بەزگەن خىيالپەرەسلەر يىغىلىدۇ . بۇ يەردىكى بەزىلەر ئۆزىنى «قەدىمىي پەرەسلەر» دەپمۇ ئاتىشىدۇ .

ئۇلار قەدىمىي نەرسىلەرنى سېغىنىدۇ، يېڭىلىقنى رەت قىلىدۇ. دۇنيادىكى ھازىرقى يېڭى نەرسىلەرنى، ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى «ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسانىيەتنى ھالاك قىلىدىغان نەرسىلەر» دەپ قارايدۇ. مەنچۇ؟ مەنمۇ بىر سېغىنغۇچىمەن. ئەمما، قەدىمىينى ئەمەس، ۋەتىنىمنى سېغىنىمەن. مەن ئۇچۇن ۋەتەننىڭ قەدىمىي ھالىتىمۇ، ھازىرىمۇ، كەلگۈسىمۇ ئوخشاشلا قىممەتلىك... بۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنىدە ئازراق ئارام ئېلىپ، خىيال سۈرۈش ئۈچۈن شۇ يەرنى تاللىۋالدىم.

مەن يېتىپ كەلگەندە مەيداندىكى مۇزىكىچىلار قەدىمىي بىر كۈينى ئورۇنداشنى باشلىۋەتكەنىدى. سايىۋەنلەر ئاستىدىكى دۇگىلەك ئۇستەللەرنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان كىشىلەر جىمجىت مۇزىكا تىڭشاۋاتاتتى. چەت ئەللەردە مۇشۇنداق سائەتلەپ زېرىكمەي ئولتۇرۇپ مۇزىكا تىڭشايدىغان ئادەملەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بىزنىڭ يۇرتىمىزدا بولسا كۆپىنچە ناخشىسىز ساز بولمايدۇ. بىرەر سازچى قولىغا دۇتار ياكى تەمبۇرنى ئېلىپ بىردەمدىلا قۇرۇق تىرىڭلاتسا، ئەتراپتىكىلەر ئىچى پۇشۇپ «ناخشىسىنىمۇ ئېيتامسەن!» دېيىشىدۇ. ئېھتىمال بۇ ئادەملەر بىلەن بىزنىڭ تەربىيىلىنىشىمىز، مىللىي پسىخىكىمىز ئوخشاشمىسا كېرەك... بوش ئورۇنلارنىڭ بىرىگە بېرىپ ئولتۇردۇم. كۈتكۈچى ئارقامدىنلا يېتىپ كەلدى.

— سورۇنىمىزنى ئاۋات قىلغىنىڭىزغا خۇشالمىز. بىرەر نەرسە كېرەكمۇ؟

بىر ئورۇندۇقنى ئىگىلەپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئازراق پۇل



خەجلىمەيمۇ بولمايدۇ. ئۆزۈمگە بىرەر بوتۇلكا ئۇسسۇلۇق بۇيرۇتتۇم. بۇ يەرنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ھاۋاسى شامال يوق، تىنچىق بولۇۋاتاتتى. مۇزىكىچىلارغا سايە تاشلاپ تۇرغان دەرەخلەرنىڭ ئالىقاندەك كەڭ يوپۇرماقلىرىمۇ گويا شۇ قەدىمىي كۈيلەردىن سېھىرلەنگەندەك جىمجىت ئېسىلىپ تۇراتتى... شۇ بىرقانچە يىللار ئىچىدە بېشىمدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىم مېنى ھالسىزلاندۇرغانىدى. مۇشۇنداق جىمجىتلىقنى، جىمجىتلىق ئىچىدە خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئېھتىمال، قورساق بېقىشنىڭلا كويىدا پالاقلاپ يۈرگەن بولسام نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالغان بولاتتىممىكىن، ئامما قولۇمدا ھازىر يېتەرلىك دۇنيايىم بار. بۇ باياشاتچىلىق ماڭا ھېچقانداق بەخت ئەكېلەلمىدى. كۈندىلىك تۇرمۇش غېمىدىن قۇتۇلغان كۈنۈمدىن باشلاپ مېنى تېخىمۇ خىيال بېسىۋالدى. گويا تەقدىر مېنى باياشاتچىلىق ئىچىدە مەسخىرە قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك، يىراقتا قالغان يۇرتۇمنى، نامرات كۆلبەمنى، قىرقىراپ يىغلىشىپ قالغان باللىرىمنى ھەر ۋاقىت ئېسىمگە سېلىپ تۇراتتى...

— ئەپەندىم، ئاشۇ قۇشلارغا دان چېچىش ئۈچۈن ئازراق پۇل چىقىرالامسىز؟

بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئالدىمدا تۇرغان ئىچىملىك ۋە بۇزۇقچىلىقتىن چىرايى بوزىرىپ، كۆزلىرىنىڭ ئاستى قارىداپ كەتكەن بىرى كىشىنى كۆردۈم. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە قۇياش نۇرى ئاستىدا تاۋلىنىپ ياتاتتى. يۇرىكىمدە بولسا ئېغىر بىر بۇلۇت كېزىپ يۈرگەندەك غەشلىك ھۆكۈمران ئىدى... مەيداننىڭ بىر چېتىدە دانلاپ يۈرگەن كەپتەرلەرنى كۆردۈم. ھېلىقى ئادەمگە

ئۇنچىقماي پۇل سۇندۇم .

بۇ مەدەنىي قەلەندەر كېتىشى بىلەنلا ئۈستەل يېنىدا ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىرىپ ، رەتلىك كېيىنگەن ، سالاپەتلىك يەنە بىر كىشى پەيدا بولدى . ئۇنىڭ قولىدىكى قىممەت باھالىق ھاسىدىنلا دۆلەتمەن ئادەم ئىكەنلىكىنى پەملىگىلى بولاتتى . ياش جەھەتتە ئۇ يەتمىشلەردىن ھالقىغاندەك كۆرۈنەتتى ، چىرايىدىكى سانسىز ئۇششاق قورۇقلار ئۇنىڭ ناھايىتىمۇ ئۇزاق بىر مۇساپىنى جاپالىق قەدەملەر بىلەن بېسىپ ئۆتكەن ئادەم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى .

— ماۋۇ بوش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلامسىز-كىن ؟ — دېدى ئۇ .

— مەرھەمەت ! — دېدىم .

مويسىپىت ئورۇندۇققا جايلىشىپ ، قولىدىكى ھاسىسىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئېلىپ تۇرۇشىغا كۈتكۈچى پەيدا بولدى . ئۇ ئۆزىگە بىر ئىستاكان پىۋا بۇيرۇدى ، ماڭا قاراپ :

— سىز يەنە باشقا بىرەر نەرسە ئىچەمسىز ؟ — دېدى .

— رەھمەت ! — دېدىم .

ئاندىن ئۇ ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ كەتتى :

— بۇ يەرگە مەن ھەر شەنبە كېلىپ مۇزىكا تىڭشايمەن . ئادەم قېرىغاندا جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ . قاراڭ ، بۇ ئەتراپتا ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ماڭا ئوخشاش يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان قېرىلار . ئۇلار ساز تىڭشىغاچ ئۆزلىرىنىڭ ياشلىقىنى ، ئۆتمۈشنى ئەسلىشىدۇ . قارىسام سىزمۇ خىيالغا كېتىپ قاپسىز . ئەمما سىز تېخى ياش .

— ئۆزۈم ياشتەك كۆرۈنگىنىم بىلەن روھىم قېرىپ كەتتى .



— شۇمۇ گەپ بوپتۇمۇ ! ياشلىقنىڭ قەدرىنى بىلىش كېرەك . بىز ھەممىمىز پۇل تاپىمىز ، دەپ ئالتۇندەك دەۋرىمىزنى پالاقلاپ ئۆتكۈزۈۋېتىمىز ؛ پۇل تېپىپ باي بولغاندا ئۆزىمىزنىڭ قېرىپ ، ھېچ ئىشقا چامى يەتمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغانلىقىمىزنى كۆرىمىز - دە ، ھەسرەت چېكىمىز . ھەرقانچە باي بولسىڭىزمۇ ئۈچ ۋاخلا تاماق يەيسىز ، پۇلۇم بار ، دەپ جىق يەۋالسىڭىز ئاشقازانىنى كاردىن چىقىرىسىز ؛ كىيىممۇ شۇنداق ، ئوشۇق كىيىۋالسىڭىز ئۆزىڭىزگە يۈك بولىدۇ . ياشلىقنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەك ، سىزنىڭ تېخى ياشايدىغان ۋاقتىڭىز ، خىيالغا پېتىشقا تېخى ئەتىگەن… ئايالىڭىز باردۇر ؟

— بار .

— مانا مەن بىرنەچچە يىلدىن بېرى بويتاقمەن . ئۆيدە يالغۇز زېرىكمەن… ئايالىڭىز بىلەن بەختلىك ئۆتىدىغانسىز ؟

— بىلمەيمەن .

— شۇنداق ، — دېدى ئۇ ، — ئايال خەقنى چۈشەنمەك تەس . ئۇلار جاۋابى قىيىن تېپىشماققا ، مەزمۇنى چىگىش بىر كىتابقا ئوخشىشىدۇ . بۇ كىتابنى ئوقۇمىسا كىشى زېرىكىدۇ… مۇھەببەت دېگىنىمىز زادى نېمە ؟ بىر ئائىلىدە ئىناق ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ چوڭقۇر بىر مۇھەببەت . كۆپىنچە بىز بۇنى ئادەتتىكى ئىش ، دەپلا قارايمىز . مانا مەن ئايالىم بىلەن ئوتتۇز يىل ئوبدان ئۆتكەن . ئوتتۇز يىل ئوڭايمۇ ؟ ئۇ گۈزەل ۋە ياش خانىم ئىدى .

— سىزدىن كىچىكمىدى ؟

— مېنىڭدىن توپتوغرا يىگىرمە ياش كىچىك ئىدى . ئەمما ، ئۆي ئىشلىرىغا ئانچە چېۋەر ئەمەستى . ئۆزىنىمۇ بەكلا تۈزەشتۈرۈپ كەتمەيتتى . ئېھتىمال ئۇ «ئېرىمنىڭ يېشى چوڭ

بولغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى ئارتۇقچە ياساپ يۈرۈشۈمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» دەپ قارىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن… نېمىلا بولمىسۇن. ئۇ سادىق، ياخشى ئايال ئىدى. ياش قۇرامىمىزدىكى پەرقنىڭ چوڭلۇقىدىنمۇ، مەن ئۇنىڭ مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغىنىغا ئانچە ئىشەنمەيتتىم. ھاياتىمدا ئۆتكۈزگەن ئەڭ چوڭ خاتالىقلىرىمنىڭ بىرى ئەنە شۇ ئىشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىقتى… ۋاتىلداپ مۇزىكا ئاڭلىشىڭىزغا دەخلى يەتكۈزدۈممۇ؟… قېرىلىق…

— ياق، ناھايىتى ياخشى بىر ھېكايىنىڭ كىرىش قىسمى باشلانغاندەك بولۇۋاتىدۇ.

— شۇنداق، ئاشۇ ئىشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىقتى… ئارىمىزدا مۇنداق بىر ۋەقە سادىر بولدى: بىر كۈنلەردە بايقىسام، ئايالىم ئۆزىگە كۆڭۈل قويۇپ پەرداز قىلىدىغان، كىيىمىنىڭ پاسونلىرىنىمۇ يېڭىلاپ، ياسىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇنلاردا ئۇ ئۆيدىن چىقىشقا ئانچە قىزىقمايتتى، ئەمدى بازاردىن بولىدىغان سودىلىقلارنى ئۆزى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ پۈتتۈرىدىغان بولدى. دېرىزە پەردىلىرىنى پات - پات ئالماشتۇرۇپ، لوڭقىلارغا ھەر كۈنى يېڭى گۈللەرنى چىلاپ قوياتتى. تاماقلارنىمۇ ناھايىتى مەززىلىك قىلىپ پىشۇرىدىغان بولدى. مىجەزى خۇشخۇيلىشىپ، ماڭا بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئىللىقلىشىپ كەتتى. مەن خۇشال بولدۇم. ئەمما، قانچە ئويلاپمۇ تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم. كۆڭلۈمدە غۇۋا بىر گۇمان پەيدا بولدى. بىر پايلاقچىنى ياللىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىزىغا سېلىپ قويدۇم. بىر ھەپتىدىن كېيىن ھېلىقى لەنتى پايلاقچىدىن: ئەپەندىم، خانىمىڭىز ئۆيىڭىزدىن ئىككى كوچا نېرىدىكى سودا



دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان بىر يىگىت ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك قىلىدۇ، دەپ تېلېفون كەلدى. ئەتىسى ئايالىم ئۆزىنى تۇزەپ كوچىغا مېڭىشى بىلەن مەنمۇ ئوغرىدەك ماراپ ئارقىسىدىن چىقتىم. نېرىقى كوچىنىڭ دوقمۇشىدا چوڭ بىر سودا سارىيى بار ئىدى. ئايالىم توپتوغرا شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ماگىزىننىڭ ئىچىگە كىرگەندە ئادەملەر ئارىسىدا ئۇنى يىتتۈرۈپ قويدۇم. ئىككىنچى قەۋەت، ئۈچىنچى قەۋەت، ھەتتا تۆتىنچى قەۋەتكىچە چىقتىم. قايتىپ يەنە بىرىنچى قەۋەتكە چۈشتۇم. قارىسام، ئايالىم بىرىنچى قەۋەتتە يىمەكلىكلەر تىزىلغان ئۇزۇن مال جاھازىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ. قامەتلىك، كېلىشكەن بىر ياش يىگىت ئۇنىڭ ئارقىسىدا پايپېتەك بولۇپ مال تاللىشىپ بېرىۋېتىپتۇ. يىگىتنىڭ كۆزىدە تېخى ئىش كۆرمىگەن ياش باللاردا بولىدىغان ئەيمىنىش ئارىلاش تەشنالىق چاقناپ تۇرۇپتۇ. ئايالىممۇ يىگىتنىڭ ئالدىدا قىزىرىپ ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۆز خانىمىمنىڭ كىشىنىڭ كۆزى چۈشكۈدەك شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ تۇنجى قېتىم ھېس قىلغاندەك بولدۇم. ئاخىرىدا يىگىت ئايالىمنى سارايىنىڭ ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ قويدى. ئايالىم كەتكەندىن كېيىنمۇ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ قالدى…

— يېڭى بىر پاجىئە ئەنە شۇنداق باشلاندى، دەڭ …

— ياق، مەن ئۇلارنى بىرەر ئەسكى ئىش قىلىشماقچى بولۇشتى، دەپ ئېيتالمايمەن. ھەر ئىككىلىسىنىڭ چىرايىدىكى قىزىرىشلاردىن تېخى ئۇلارنىڭ قەلبىدە پاك، غەرەزسىز بىر يالقۇننىڭ يېڭىدىن ئوت ئېلىۋاتقىنىنىلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، كەچتە ئايالىمنى قاتتىق تىللىدىم. ئۇ

ھېچقانداق ئىزاھاتمۇ بەرمەي ، ئۈنچىقماي يەرگە قاراپ ئولتۇردى .

سودا سارىيىنىڭ خوجايىنىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ ، ھېلىقى يىگىتنى ئىشتىن بوشاتقۇزۇۋەتتىم... ۋىجدان بىلەن ئېيتقاندا ، ھەممىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا مۇنداق مۇھەببەتكە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىشلار غىل - پال سادىر بولۇپ تۇرىدۇ ، بەزى ئىشلار كۆڭۈلدە مەڭگۈ سىر بولۇپ ساقلىنىپمۇ قالىدۇ . لېكىن ، مەن ئايالىمنىڭ كۆڭۈل دۇنياسىدا يېڭىدىن پەيدا بولۇشقا باشلىغان ، ئۇنى ھاياجانغا ، لەرزىگە سېلىۋاتقان مەنىۋى نەرسىنى ئەنە شۇنداق رەھىمسىزلىك بىلەن ۋەيران قىلىۋەتتىم . شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئۆزىنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر تاشلىۋەتتى . كىيىم - كېچەك ، يۈرۈش - تۇرۇشقا ئېتىبار بەرمەيدىغان ، ئۆي ئىشلىرى بىلەن پەقەتلا كارى يوق ، ھەممىگە پەرۋاسىز قارايدىغان بىر كىشىگە ئايلىنىپ قالدى . بارا - بارا چاچلىرىمۇ ئاقىرىپ ، ئاغرىقچان بولۇپ ، ئىككى يىلغا قالمايلا ئۆلۈپ كەتتى...

— ئۆلۈپ كەتتى ! ؟

— شۇنداق ، بىر - ئىككى كۈن ئورۇن تۇتۇپ ياتتى ، ئۆلۈپ قالدى...

موسىيېت بىر ھازا جىمىپ كەتتى . مۇزىكىچىلار ئىككىنچى بىر مۇزىكىنى ئورۇنداۋاتاتتى . ئۇ كەتمەكچى بولغاندەك ھاسا تايىقىنى قولىغا ئالدى - دە ، ئۇياق - بۇيېقىغا ئۆرۈپ قاراپ قويۇپ ، يەنە جايىغا ئېلىپ قويدى .

— ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى يامان دەيدىغانلارغا قارشىمەن ، سىزچە قانداق ؟ — دەپ سورىدى ئۇ يەنە ماڭا قاراپ .

— پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن ، ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى يامانغا چىقىرىدىغانلار ئۆزىنىڭ قويندا ياتىدىغان جورىسىنىڭمۇ ، ئۆزىنى



تۇغقان ئانىسىنىڭمۇ ئايال ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىسا بولىدۇ .

— توغرا ئېيتتىڭىز ! — دەپ تەستىقلىدى ئۇ ، — مەن بۇ ۋەقەلەرنى سىزگە نېمىشقا سۆزلەپ قالدىم ؟ ... ھە ، بايا مەن سىزدىن «ئايالىڭىز بىلەن بەختلىك ئۆتىدىغانسىز ؟» دەپ سورىسام ، «بىلمەيمەن» دېدىڭىز . دېمەكچىمەنكى ، بەختلىك بولۇش دېگەننىڭ مەنىسى باشقا گەپ ئەمەس ، ئىناق ئۆتۈۋاتقان بولساڭلارلا شۇ كەيپىياتنى قەدىرلەش كېرەك...

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە كۈلۈپلا قويدۇم . خوشلىشىپ ماڭماقچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم .

— مەنىسىز پاراڭلار بىلەن سىزنى بىزار قىلىپ قويدۇمغۇ دەيمەن ؟ — دېدى ئۇ .

— ئىبرەتلىك بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردىڭىز ، رەھمەت !

— سىز تۈركىيىلىكمۇ ؟

— ياق ، جۇڭگولۇقمەن .

— جۇڭگو ! — ئۇ بۇ سۆزنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالدى ، - ھە ، ئاجايىپ دۆلەت .

— جۇڭگوغا بارغانمۇسىز ؟

— بارغان ، بەش يىلنىڭ ئالدىدا چەت ئەلگە ساياھەتكە چىققاندا بارغان... قاراڭ ، بىزنىڭ بۇ يەردە ھەممە نېمە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ . ئېگىز بىنالار ، تېز سۈرئەتلىك يوللار ، ياشلىرىمىزنىڭ بارغانسېرى غەلىتىلىشىپ كېتىۋاتقىنى... قېرىپ قالغاچقىمۇ بەزى نەرسىلەرگە كاللام يەتمەيدۇ . مەسىلەن ، يەرشارى ئادەم بىلەن تولۇپ كېتىۋاتقاندا يەنە بىزگە ماشىنا ئادەم دېگەنلەرنىڭ نېمە لازىمى ؟ ھېلىقى ئېلېكترونلۇق مېڭە دېگەنلەرچۇ ؟... ئاللا ماددىنىڭ ئاتومىغا بەند قىلىۋەتكەن كۈچىنى

قوزغاپ بومبىلارنى ياسىۋىدۇق ، دەھشەتلىك ئاقىۋەتلەرگە دۇچ كەلدۇق ··· بىز يەر شارىنىڭ قېنىنى شوراش بەدىلىگە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىمىز ، تەبىئەتنىڭ ئەسلىي قىياپىتىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىۋاتىمىز . ئاخىرىدا بىزنى شۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزى ھالاك قىلىدۇ ، تەبىئەتنىڭ ئۆزى جازالايدۇ ··· ئىشەنمەمسىز ؟ تارىخ شۇ يەرگە ئاپىرىدۇ ··· ھە ، جۇڭگو ، جۇڭگودا يەنە نۇرغۇن قەدىمىي نەرسىلەر ئۆز ئەينى ساقلىنىپ قاپتۇ . ئۇ ئاشۇ قەدىمىي قىياپىتى بىلەن كىشىدە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك تۇيغۇ پەيدا قىلىدىكەن ··· مانا ، بۇ مېنىڭ ئىسىم كارتۇشكام . خالىغان ۋاقتىڭىزدا ئۆيۈمگە كېلىڭ ، قارشى ئالىمەن ··· يالغۇزلۇقتا زېرىكىمەن ، كېلىڭ ، پاراڭلىشىمىز .

— رەھمەت ! — دەپ ئۇنىڭ قولىدىن كارتۇشكىنى ئالدىم ، — دوختۇر مېنى يېقىن ئارىدا ئۆلۈپ كېتىسەن ، دېگەن ، ھايات بولسام بارىمەن .

— سىز ··· نېمىدەپ ئۆلۈپ كەتكۈدەكسىز كەن ، — مويسىپىت كۈلۈپ كەتتى ، — ئورۇق كۆرۈنىسىز ··· دوختۇرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپمۇ كەتمەڭ . مانا مەن ئېيتتىم : تېخى ياشايسىز !

دېڭىز تەرەپتىن ئۇرغان شامال باياتىن بېرى بولۇۋاتقان تىنچىقنى كۆتۈرۈپ كەتكەندى ··· سۆھبەتدىشىم بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتىم .

5

زۆھرە !

راستىمنى ئېيتسام ، ئۆزۈمنىڭ كېسەللىكىمگە ئۆزۈمنىڭمۇ



ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ . گۈركىرەپ بوران چىقىپ تۇرغان بىر كېچىدە كۆرگەن دەھشەتلىك چۈشۈم ئېسىمدە تۇرۇپتۇ . شۇ چاغدا ، ئېغىر بىر يەر چىڭداش ماشىنىسى گۈرۈلدەپ كەلگىنىچە مېنى بېسىپ ئۆتۈپ كەتكەندى . مەن «ئۆلدۈم !» دەپ ئويلىدىم . لېكىن ، ساق قالغىنىمغا ھەيران بولدۇم . قەغەزدەك يالپاقلىنىپ يەرگە چاپلىشىپ كەتكەن بولساممۇ ، يۈرىكىم يەنىلا ھاياجاندا دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى ··· قانچە غەيرەت قىلىپمۇ ئورنىمدىن تۇرالمىدىم . بىردەمدىلا ئەتراپىمغا ئۇششاق بالىلار ئولاشتى . ئارىدىن يېشى چوڭراق بىرى مېنى يەردىن سويۇۋالدى . قەغەزدەك يالپاقلىنىپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ «پاھ ، لەگلەك قىلىپ ئۇچۇرۇپ باقساق ، قالتىس بىر ئادەم لەگلەك بولغۇدەك !» دەپ ۋارقىرىدى . ئەتراپتىكى بالىلارمۇ خۇشال بولۇپ چۇرقىراشتى . شۇنىڭ بىلەن ئۆپچۆرەمدە ئىش قايناپ كەتتى . كىمدۇر بىرى بىر كاللەك كاناپ يىپ تېپىپ كەلدى . بىرقانچىلىرى قولى قولىغا تەگمەي تارازا ، قۇيرۇقلارنى چىگىشتى . قايسىبىرلىرى قىزىقچىلىق قىلىپ ئىككى مۈرەمنىڭ ئارىلىقىغا بىر دارقىراتمىمۇ بېكىتىپ قويدى ··· بىر چاغدا پەيدىنمۇ يەڭگىل بولۇپ لەپپىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۈم . ئايھاي ، نېمىدېگەن ئاجايىپ مۆجىزە ! ئۆمرۈمدە ئۆزۈمنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلغان مىنۇتلىرىممۇ شۇ بولغان بولسا كېرەك . ئۈستۈمدە پاختىدەك ئاق بۇلۇتلار ، ئۇنىڭمۇ يۇقىرىسىدا چەكسىز كۆك ئاسمان ، بۈيۈك قۇياشتىن بولسا تال ـ تال نۇرلار تۆكۈلۈپ تۇرۇپتۇ . تۆۋەندە چاقماقتەك تىزىلغان بىنالار ، بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن يوللار ··· تۈيۈقسىز كۆزۈم كۆكۈچ تۇمان ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتقان دېڭىزنىڭمۇ ئۇ تەرىپىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان

قارلىق بىر چوققىغا چۈشتى . ھاياجاندىن يۈرىكىم تېخىمۇ قاتتىق دۈپۈلدەپ كەتتى . «قار ، قار ! مەن قارنى كۆردۈم...» دەپ توۋلىۋەتتىم .

قار ، پۈتۈن دالىلار مۇزدەك ، ئاپئاق قار بىلەن پۈركىنىپ ياتىدىغان ئاجايىپ مەنزىرىنى بۇ يەردە زادىلا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ . شۇڭلاشقىمىكىن ، قار ماڭا بەكمۇ سىرلىق ، مۇقەددەس نەرسە بىلىنىدۇ . يىراقتىكى كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ماكانىمنى دائىم قار بىلەن بولغان تەسەۋۋۇرلار ئارقىلىق ئۆزۈمگە باغلايمەن... كىچىكىمدىن قارنى ياخشى كۆرەتتىم . قىش كۈنلىرى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپلا تالاغا قارايتتىم . يېڭى قار ياغقان بولسا خۇشاللىقىمدىن دېرىزە تەكچىسىگە چىقىۋېلىپ سەكرەپ كېتەتتىم . قار توختىغاندىن كېيىن قاتتىق سوغۇق بولۇپ ، يوپۇرماقسىز دەرەخ شاخلىرىدا ، دېرىزىلەردە خىلمۇخىل قىرو گۈللىرى ھاسىل بولاتتى . چانىلىرىمىزنى سۆرەپ مەھەللە چېتىدىكى دۆڭلۈكلەرگە قاراپ يۈگۈرۈشەتتۇق . خۇشاللىقتىن مەڭزىلىرىمىز ئوت بولۇپ ياناتتى... ھەيرانمەن ، قار — شۇ ئاپئاق ، تازا ، ئاجايىپ نەرسە بۇ يەردە نېمىشقا يوق !؟

كۈچلۈك باھار شامىلى مېنى كۆتۈرۈپ ئەنە شۇ كۆكتە تۇتۇپ تۇراتتى . مەن يەنىمۇ يىراقلارغا ئۇچۇشنى ، تېخىمۇ ئېگىز پەرۋاز قىلىشنى ، ھېلىقى قۇملۇقلار بىلەن ئورالغان قاقاس يۇرتلارغا ، بۈيۈك چوققىلىرى دائىما قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان تاغلار تەرەپكە كېتىشنى خالايتتىم . لېكىن ، گېلىمگە باغلانغان يىپ ماڭا كاشىلا قىلاتتى . «سادىغاڭ كېتەيلەر ، مېنى قويۇۋېتىڭلار ، قويۇۋېتىڭلار ! مەن ئاشۇ دېڭىزلارنىڭمۇ ئۇ چېتىگە ، قارلىق تاغلار تەرەپكە كېتىشنى



خالايمەن !» دەپ ۋارقىرايتتىم . تۆۋەندىكىلەر پەريادىمنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇلار زارلىنىشلىرىمنى ئۆزلىرى بېكىتكەن دارقىراتمىدىن چىققان نەغمە دەپ بىلىپ ، «قاراڭلار ، ماۋۇ لەگلەكنىڭ چىرايلىق سايرىشىنى !» دېيىشەتتى . لەگلەكنىڭ يىپىنى گاھ يىغىپ ، گاھ قويۇپ بېرىپ مېنىڭ قىلغان نالەمدىن ھۇزۇرلىنىشاتتى . خۇددى مېنى مەسخىرە قىلغاندەك ، قۇشلار ئۈستۈمدىن ئەركىن ئۇچۇپ ئۆتۈشۈپ ، چەكسىز بوشلۇقنىڭ قەيەرلىرىدىدۇر غايىب بولۇشاتتى... ئاھ ، دۇنيادا قۇشلاردىنمۇ بەختلىك نەرسە بارمىدۇ ؟ ئۇلار يەر شارىنىڭ ھەقىقىي پەرزەنتلىرى ، ئۇلار ئۇچۇن چېگرا مەۋجۇت ئەمەس ، قانات قاققۇدەكلا ماجالى بولسا خالىغان يېرىگە ئۇچۇپ چۈشەلەيدۇ... چېگرىلار بىز ئۇچۇن زادى نېمىگە ھاجەت؟ نېمە ئۇچۇن بىز سۆيۈملۈك يەر شارىمىزنى سىم - توسۇقلار بىلەن توسۇپ ، بۆلەكلەرگە بۆلۈۋالىمىز !؟...

ئاشۇ غەلىتە چۈشنى كۆرگەندىن باشلاپ ئۆزۈمنى راستتىنلا يالپاقلىنىپ ، پەيدەك سالماقسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك سېزىدىغان بولدۇم . يېگەن - ئىچكىنىم چىرايىمغا چىقمايدىغان بولدى . تېنىمدىن ئەت قاچتى . ئۆلۈمگە رازى بولۇپ قالدىم . خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ھېلىقى يەر چىڭداش ماشىنىسىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى قۇلىقىمدىن كەتمىدى .

## 6

زۆھرە !

كېچە دېڭىزغا يېقىن بىر جايدىكى مېھمانخانىدا قوندۇم .

ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ شۇ ئەتراپتىكى پوچتىخانىغا باردىم. ساقا يازغان خەتلىرىمنى پوچتىغا سالدىم. بۇ ئىش مەيۈس كۆڭلۈمگە ئارام بەرگەندەك بولدى··· ھازىر ياتاققا قايتىپ كېلىپ دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپتىمەن. مېھمانخانىنىڭ ئالدىدىكى ماشىنا قويۇش مەيدانىدا ھەر خىل رەڭدىكى ماشىنىلار قاتارلىشىپ تۇرۇپتۇ. بۈگۈن يەكشەنبە، دېڭىز بويىدا ئادەم كۆپ بولىدىغان كۈن. بۇ مېھمانخانىدىن بەش يۈز مېتىرچە تۆۋەنلەپ ماڭغاندا دېڭىزغا ئۇلىشىسەن. ئۇ يەردە ئەڭ ياخشى بىر چۆمۈلۈش مەيدانى بار، يالىڭاچ دېگۈدەك يۈرگەن ئەرلەر، ئاياللار، قارا بەدىنىنى ئاقارتماقچى بولۇپ چۆمۈلۈۋاتقانلار، ئاق بەدىنىنى قارايتماقچى بولۇپ كۈن نۇرىغا قاقلىنىپ ياتقانلار، يالىڭاچ بەدەنلەردىن ھۇزۇرلانغۇچىلار··· ئىشقىلىپ، ئۇ يەردىن ھەممە ئىقلىمدىكى ئادەملەرنى تاپقىلى بولىدۇ.

شۇ تاپتا ئولتۇرۇپ، مەھەللىمىزنىڭ ئادەملىرىنى ئەسلەپ قالدىم. مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۆزۈمچە يازغۇچى بولۇش خىيالىم بار ئىدى. بىر چاغلاردا مەھەللىدىكى ئادەملەرنىڭ لەقىمى، مىجەز، خاراكتېرى ئۈستىدە خاتىرىمۇ يازغانىدىم.

ئېسىمدە قېلىشىچە، مەھەللىمىزدە تۇراخۇن دېگەن بىر ئادەم بولىدىغان، مەھەللىدىكىلەر ئۇنى تۇراق «پاتقاق» دەپ چاقىرىشاتتى. تۇراخۇننىڭ ئۆمرى لاي ئېتىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم ئىدى. ئۇ لاي ئېتىشكىمۇ شۇنچىلىك ئۇستا ئادەم ئىدى. كېسەككە لاي ئەتمەكچى بولسا ئۇ ئاۋۋال توپىنى ئوبدان يۇمشىتىپ، تاش ـ داشقاللىرىنى تېرىۋېتىپ، سۇ قۇيۇپ بىرلا ئۆرۈۋېتتى ـ دە، لاي تەييار بولاتتى. ئۇنىڭ قۇيغان كېسەكلىرى



شۇنچىلىك بېجىرىم ۋە سۈپەتلىك چىقاتتى. چوڭلار: «تۇراقنىڭ ئەتكەن سامانلىق لېيىنى ئۆگزىگە يېيىتسا سېمونتتەك جاراڭلاپ تۇرىدۇ. پەقەت يېرىلمايدۇ؛ سىلىق سۇۋاققا ئەتكەن لايلىرى ئۈستىدە تامچە ئۇستاملارنىڭ ئەندۇۋىسى ئۇسسۇل ئوينىغاندەك مېڭىپ كېتىدۇ» دەپ ماختىشاتتى. دوغىلاق، مىختا كەلگەن بۇ ئادەم كىشىنىڭ كۆزىگىمۇ گويا لاي ئېتىش ئۈچۈنلا تۆرەلگەندەك كۆرۈنەتتى. كېيىن ئۇ بىز بىلەن ئەترەتتە بىللە ئىشلىدى. ئۇ يەردىمۇ كۈنى ئەترەتنىڭ قۇرۇلۇشلىرىغا لاي ئېتىپلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ياۋاش ئادەم ئىدى. قاچانلا قارىساڭ ئۇنىڭ كىيىم- كېچەكلىرى لاي يۇقى بولاتتى. باشقىلار ئۇنى «ھوي، تۇراق ‹پاتقاق!›» دەپ چاقىرسا ئۆزىمۇ كۈلۈپلا قوياتتى.

ئابدۇرېھىم «گۈي» دەيدىغان يەنە بىر ئادەم بولىدىغان، مەھەللىدىن چىققاندا — چوڭ كوچىنىڭ ئېغىزىدا ئۇنىڭ ۋېلىسىپىت رېمونت قىلىدىغان كىچىككىنە بىر دۇكىنى بار ئىدى. دۇكاننىڭ تۆت تېمى ۋە ئىشىكىدىكى قوپال مىخلارغا ياماق چۇشۇۋېرىپ توقاملىشىپ كەتكەن كامېر ۋە ھەرخىل كۇلۇچقا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېسىۋېتەتتى. دۇكىنىنى ئېچىپ، ئىشىك ئالدىغا ناسوس، ئامبۇر، يېلىم قاچىسى، چوپسا ۋە ھەرخىل ۋېنتلار سېلىنغان قۇتىلىرىنى ئاچقىپ يېيىپ قويسىلا ئوقىتى يۈرۈشۈۋېرەتتى. «گۈي» دېگەن بۇ گەپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۈنىگە مىڭ قېتىم چىقاتتى. ھەرقانداق ئاغىنىسىنى ئۇ «پالانچى گۈي!» دەپلا چاقىراتتى. ۋېلىسىپىت رېمونت قىلىۋېتىپمۇ: «ناسوس دېگەن گۈينى قايسى گۈي ئالدى··· ئامبۇر دېگەن گۈي ھېلىلا مۇشۇ يەردە تۇراتتىغۇ··· ماۋۇ قايسى گۈينىڭ ۋېلىسىپىتى··· » دەيتتى، ھاراقنىمۇ ئوبدانلا ئىچىپ قوياتتى.

كېيىن ، مەھەللە ھۆكۈمىتى «ئەترەتكە چۈشۈپ ئىشلەيسەن» دەپ ئۇنىڭ رېمونتچىلىق دۇكىنىنى تاقىتىۋەتتى . شۇ كۈنى كەچتە ئۇ ھاراقنى تازا ئىچىپ كېلىپ ، «ھوي ، گۇيلار ، ئەمدى مۇشۇ رېمونتچىلىق دېگەن گۇيىنىمۇ قىلدۇرۇشمامسەن ! !...» دەپ مەھەللە باشلىقلىرىنى پۇخادىن چىققۇچە تىللىدى ، ئاخىرىدا يەنە ئەترەتكە باردى . ئەترەتكە ئىشلىگەندىن باشلاپ تېخىمۇ ھاراقكەش بولۇپ كەتتى . باشقىلار بىلەن ھاراق ئىچىشكەندە ، ئۇ : «قېنى ھارىقىڭنى ئىتتىكرەك قۇيۇشمامسەن ، گۇيلار !» دەپ ساقىينى ئالدىرىتاتتى . ھاراق تۈگىسە : «ھاراق دېگەن گۇي تۈگەپ قالاي دېگەنمۇ نېمە ؟ قايسى گۇي ماگىزىن دېگەن گۇيغا بېرىپ كېلىدۇ ؟» دەپ ئەڭ بۇرۇن يانچۇقىنى كولايتتى ، ئەگەر ئۇ ئۆزى ساقىي بولۇپ ھاراق قۇيۇپ قالسا ناھايىتىمۇ قىزىق ئىشلار بولاتتى . «قېنى غاچ - غۇچ ئىچمەمسىلەر ، گۇيلار ، ئىچمەمسىلەر !» دەپ ئۇچېرىتى كەلگەنلەرنى ئالدىرىتاتتى . ھاراق تۈگەپ ، ئىككىنچى بىر بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچقاندا ، بايا ھاراقنىڭ كىمگە كېلىپ توختىغىنىنى ئۇنتۇپ قالاتتى - دە ، «ھاراق قايسى گۇيغا كەلگەنتا !... بولدىلا ، ئابدۇرېھىم دېگەن گۇيدىنلا باشلاي !» دەپ ئۆزى گۇپپىدە ئىچىۋېتەتتى . شۇڭا ھەرقانداق سورۇندا ھەممىدىن بۇرۇن مەست بولاتتى ، يەنە ھەممىدىن كېيىن قايتاتتى .

بىز بىلەن ئارىتام قوشنا ئابلا دېگەن بىر ئادەممۇ بار ئىدى . ئۇنى خەقلەر ئابلا «پىت» دېيىشەتتى . ئابلا ئاكا كەمبەغەل بولسىمۇ ناھايىتى تىرىشچان ، مېھماندوست ئادەم ئىدى . ئانچە - مۇنچە ياغاچچىلىق قىلىپ ، بۆشۈك ياساپ جېنىنى باقاتتى . ئۇنىڭغا نېمىشقا «پىت» دېگەن لەقەمنىڭ قويۇلۇپ قالغىنىنى



چۈشەنمەيتتىم . رەھمەتلىك مومام بىر كۈنى ماڭا بۇ لەقەمنىڭ كېلىش تارىخىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى :

«پىت» دېگەن لەقەم ئابلا ئاكىغا ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن مىراس قالغانىكەن . بىر زامانلاردا شەھىرىمىزدە «پىت بازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر بازارمۇ بولغانىكەن . ئەلۋەتتە بۇ بازاردا پىت سېتىلمايدىكەن ، ئەسكى - تۈسكى كىيىم - كېچەك ، تۆمۈر - تەرسەك سودىسى بولاتتىكەن . ئۇ يەردە كۆپىنچە شەھەرنىڭ نامراتلىرى ئېلىم - بېرىم قىلىشاتتىكەن . كونا زامانلاردا پىت دېگەن بۇ جانىۋار شۇنداق نۇرغۇن بولاتتىمىكىن ، موماملىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە ، شۇ زاماندىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭمۇ كىيىم - كېچىكى ناھايىتى ئاۋارە ئىكەن . ئۇلار سېپىلنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پىت باقسا ، قارىسىلدىغان ئاۋازى تۆۋەندە كوچىدا كېتىپ بارغان ئادەملەرگە ئاڭلىناتتىكەن (مومام قىزىقچىلىق قىلىپ بەزى گەپلەرنى ئاشۇرۇۋېتەتتى ) . ئۇ چاغلار ، يامۇلنىڭ ئىچىدىكى ياغاچنى شادا قىلىپ ياساپ قويغان قەپەسلەرگە زىنداندىكى جىنايەتچىلەرنى ئاچىقىپ سولاپ قويىدىغان ئىشلارمۇ بار ئىكەن . بۇ ئىش يامۇلغا كىرگەن - چىققانلارغا ئىبرەت بولسۇن ، دەپ شۇنداق قىلىناتتىكەن . قەپەسنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ ، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بىچارىلەرنىڭ شۇنچە ئورۇقلۇقىغا قارىماي ، پىتلىرى دەھشەت يوغان بولاتتىكەن . قەپەسكە ئاپتاپ چۈشكەندە جىنايەتچىلەر پىتنىڭ دەستىدىن ئولتۇرالماي ، كىيىملىرىنى سېلىپ يېنىغا قويۇپ قويسا ، پىتلىرى كىيىمنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتىكەن...

ھېلىقى ئابلا ئاكىنىڭ بوۋىلىرى بىر زامانلاردا ئاشۇ پىت

بازىرىدا ئوقەت قىلىپ كۈنىنى ئالغان بولسا كېرەك ئابلا ئاكىغا دادىسىدىن ھېچنېمە قالماي، شۇ «پىت» دېگەن لەقەم قاپتۇ. ئابلا ئاكا ئۆزىنى لەقىمى بىلەن ئاتىغاننى ئاڭلىسا ناھايىتى ئاچچىقى كېلەتتى. لېكىن، مەھەللىمىزدە لەقەمسىز ئادەم بولمىغاچقا، كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن لەقىمىگە يۆلەپ چاقچاق قىلىشاتتى. ئابلا ئاكىنىڭ تەڭتۇشلىرىمۇ بەزىدە ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ:

— قاق سەھەردە كىمنىڭ قويىدىن چىقتىڭ ھوي! — دەيتتى.

— ئاپاڭنىڭ! ... — دەيتتى ئابلا ئاكا زەردە بىلەن ئاغىنىلىرى:

— ئەتىگەندە نېمانچە چاقىسەن ھوي، شۇنىڭغا قارىغاندا كېچىچە ئاچ قاپسەنكەن - دە! — دەپ كۈلكە قىلىشاتتى.

مەھەللىدىكى كىشىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان ئاجايىپ ئادەملەرنىڭ يەنە بىرى ئىسمايىل «زاڭ» ئىدى. ئىسمايىل ئاكا ساتىراشلىق قىلاتتى. «زاڭ» دېگەن لەقەم ئۇنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىدىن كېلىپ چىققانىدى. مەسىلەن، ئۇ رولى ئارقارنىڭ مۈڭگۈزىدەك غەلىتە بىر چەت ئەل ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ يۈرەتتى. ۋېلىسىپىتىنىڭ ئېگىرىگە چۇچىلىق ياپقۇچ يېپىپ، راملىرىغا ئالىيېشىل لېنتىلارنى باغلىۋېتەتتى. پىرقىرىغاندا دۈپدۈگىلەك دائىرە ھاسىل قىلىپ، باشقىلارنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتسۇن، دەپ ۋېلىسىپىتىنىڭ ئىسپىسلىرىغىمۇ ھەر خىل رەڭدىكى قەلەيلەرنى ئورىۋالاتتى. خۇددى ئۇزۇن يوللۇق مۇسابىقىگە چۈشىدىغان ۋېلىسىپىت تەنھەرىكەتچىلىرىدەك رولىنىڭ ئالدىغا چىراغ بېكىتىپ رامىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىچىك



بىر ناسوسنىمۇ قىستۇرۇۋالاتتى. ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ ئالدىغا خۇددى باش ئەلچىخانىنىڭ پىكاپىغا ئوخشاش كىچىك بىر بايراقنى قادىۋالغان ۋاقىتلىرىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ قاتۇرۇپ دەزمال سېلىنغان تۆت يانچۇقلۇق چاپىنىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى مەيدە يانچۇقىدا تاغاقنىڭ، سول تەرەپتىكى مەيدە يانچۇقىدا ئاپئاق قولياغلىقنىڭ ئۇچى چىقىپ تۇراتتى. ئويمانمەھەللە ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ قىلىقلارنىڭ ھەممىسى زاڭلىشىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئىسمايىل ئاكىنىڭ بازار ئىچىدە ساتىراشخانىسى بار ئىدى. بۇ دۇكاننىڭ ئىچىمۇ ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيا ئىدى. دۇكاننىڭ پۈتۈن تۆت تام، ھەتتا تورۇسلىرىغىمۇ خىلمۇخىل رەسىم، گۈللەرنىڭ نۇسخىلىرى چاپلىۋېتىلگەنىدى. دۇكانغا تازىلىق قىلىش توغرا كەلگەندە ئىسمايىل ئاكا تاملارنى ئاقارتماي، رەسىملەرنىڭ ئۈستىگە يېڭىدىن رەسىملەرنى چاپلاپ چىقاتتى. ساتىراشخانىنىڭ ئىشىكى ئۈستىدە «ئىسمايىلجان ساتىراشخانىسى — شەھەر بويىچە بىر» دېگەن ھۆسنخەت يالتىراپ تۇراتتى. ئىسمايىل ئاكىدا مۇشۇنداق ھەممە نەرسىگە ئىسمىنى يېزىپ قويىدىغان بىر ھەۋەس بار ئىدى. يانچۇقىدىكى قەلەمتىراچ، تامدا ئېسىقلىق دۇتارنىڭ سېپى، ھېلىقى ۋېلىسىپىتنىڭ راملىرىدا ئۇنىڭ ئىسمى يېزىقلىق ئىدى. ئۇ ئۆزى ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا ئولتۇرغان پارتىلىرىغا، مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى يوغان تېرەككە، ھەتتا قاچاندۇر بىر چاغدا ساياھەتكە چىققاندا، ھەربىر قونغان ياتاقلىرىنىڭ تاملىرىغا، تۇرپاندىكى مۇساگۇك مۇنارى، قەشقەردىكى ئاپاق غوجام، ھېيتگاھ مەسچىتلىرىگىمۇ ئىسمىنى ئويۇپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ ماختىناتتى... لېكىن، ئىسمايىل ئاكا ئۇستا كاسىپ ئىدى، چاچ

- ساقاللارنى ناھايىتى سىلىق ئالاتتى. ئۇنىڭ ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلىرى ئىتتىك، لۆڭگە، پەرتۇقلىرى دائىم پاكىز تۇراتتى.

ئۆزىنىڭ قىزىقچىلىقلىرى بىلەن ئېسىمدە قالغان يەنە بىر ئادەم ياسىن «يالغان». ياسىن ھەققەتەنمۇ «يالغان گەپ تاپالمىغاندا راست گەپ قىلىپ سالىدىغانلارنىڭ بىرى» ئىدى. بەزىدە ئۇ يالغاننى شۇنچىلىك قىزىشىپ سۆزلەپ كېتەتتىكى، ئۆزىنىڭ يالغىنىغا ئۆزىمۇ ئىشىنىپ قالاتتى.

— ئەكەلگىنە، پۇلۇڭ بولسا ئەللىك كوي بېرىپ تۇرغىنا، — دەيتتى ئۇ ئۇچرىغانلا بىرىنى توختىتىپ، — ئەتىلا ساڭا ئاتمىش كوي قىلىپ قايتۇرۇپ بېرەي!

ئۇنىڭ بۇ گېپىنىڭ قىپقىزىل يالغانلىقىنى بىلگەچكە، ئەللىك كوي تۇرماق ئەللىك پۇڭنىمۇ ھېچكىم قەرز بېرىشمەيتتى. ياسىن «يالغان» قاچانلا قارىساڭ ناھايىتى ئالدىراشتەك كۆرۈنەتتى.

— ياسىنئاخۇن، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىغانلارغا ئۇ:

— تۈنۈگۈن قىرىق - ئەللىك سومغا ئازراق تېرە ئېلىۋىدىم، بۈگۈن ساتسام تەڭمۇ تەڭ پايدا قاپتۇ، — ياكى بولمىسا، — ئۆتكەن ھەپتە سەھرادىن بەش - ئالتە قوي ئەكىرىپ قاسساپلارغا تارقىتىپ بېرىۋىدىم، شۇلارنىڭ پۇلىنى يىغالماي يۈرىمەن ... — دېگەندەك يالغانلارنى قويۇۋېتەتتى. شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپلا ئۆيىگە كىرىپ ئايالىدىن تاماكىغا پۇل سورايتتى.

ئەمەلىيەتتە ياسىننىڭ ئىش - ئوقىتىنىڭ تايىنى يوق ئىدى. دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان ئايالىنىڭ مائاشىغا تەڭ شېرىك بولۇپ بىكارلا يۈرەتتى. كۆپىنچە مەھەللىنىڭ دوقمۇشىغا چىقىپ،



باشقىلار بىلەن قۇرۇق پاراڭ سېلىشاتتى.

— ھېلىقى «سەرگەردان» دېگەن كىنونى يېڭىدىن قويۇۋاتقان چاغ، — دەپ ھېكايىسىنى باشلايتتى ياسىن «يالغان»، — قارىسام، كىنوخاناڭنىڭ ئالدى دېگەندە ئادەمنىڭ ئۈستىدە ئادەم. ئىشىك دېگىنىڭنىڭ ئالدىغا يېقىن بارغىلى بولامدىغان. ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، قولۇمدىكى چاپاننى ئۇكامغا تۇتقۇزۇپ، ئالدىمغا سېلىپ مەنمۇ بىر قىستاپتىكەنمەن، ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتىمەن. قارىسام، ئۇكام دېگەن شۇمتەك خەقنىڭ چاتىرىقىدىن ئۆتۈپلا كىنوخانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بوپتۇ. مەنمۇ بېلەتنى سۇناي دەپ تۇرسام، پۇتۇمنى بىرى شۇنداق قاتتىق دەسسىمەسما، ئاغرىقى مېڭەمگە چىقىپ كەتتى. «قانداق گۇيدۇ بۇ؟» دەپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئالدىمدا تامدەك ئېگىز بىر قارا نېمە تۇرمامدا، ئاچچىقىمدا ھېلىقىنى بىر ئىتتىرىپتىكەنمەن، بىر - ئىككى مېتىر كەينىگە داجىپ كەتتى. خەقنىڭ ئارىسىدا بولمىغان بولسا چوقۇم ئوڭدىسىغا چۈشەتتى. ھېلىقىمۇ يامان نېمە ئوخشايدۇ. كاپپىدە قىلىپ كانىيىمدىن ئالدى. نېمانداق يوغىناپ كەتتىكى دېسەم ئەتراپىدە تۆت - بەش ئاغىنىسى بار ئىكەن. ھېلىقىلار مېنى ئارىغا ئېلىپ ئىتتىرىپ - سۆرەپ چەتكە ئاچىقتى. ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، ئۇ چاغلاردا مېنىڭمۇ تازا قارا كۈچكە تولغان ۋاقتىم. جۇدۇنۇم غۇژژىدە تۇتتى. چاپىنىمنى غاچچىدە سېلىپ ئۇكامغا تاشلاپ بېرىپ، ھېلىقى ياقامغا ئېسىلىپ تۇرغان نېمىنى كەلتۈرۈپ بىر قويۇپتىكەنمەن، گۇپلا چۈشتى. ئارىسىدا نوچىراقىمۇ شۇ ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۆمىلەپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، قالغىنىمۇ يېنىمغا كېلەلمەي قالدى. «بولدى قىلايلى،

ئاغىنىلەر، ھە، بولدى... بىر مۇشتقا بىرىڭلار پايلىماي ئۆمىلەپ يۇرسەڭلار. يا بۇ مۇشت دېگەننى پارچىلاپ ئاتقىلى بولمىسا... ئۇنىڭدىن شىمشىكەڭلىنى چېقىپ، ئاستا كىرىپ كىنورىڭلىنى كۆرۈڭلار!» دېۋىدىم، ھەممىسى شۈككىدە بولۇپ قالدى...

ياسىننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاۋاتقانلار:

— گېپىڭنىڭ ھېلىقى يېرى چېنىپ قالدى، ياسىن، ھېلىقى يېرى، — دېيىشەتتى.

— قەيىرى؟ — دەپ ئۆزىمۇ ھەيران بولاتتى ياسىن.

— ھېلىقى چاپىنىڭنى غاچچىدە سېلىپ ئۇكاڭغا تاشلاپ بەرگەن يېرىڭ... ئۇكاڭ چاپىنىڭنى كۆتۈرۈپ كىنوخانىغا كىرىپ كەتمىگەنمىدى؟

ياسىن ئۆزىمۇ كۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ «گېپىم راست» دەپ تالىشىپ تۇرۇۋالىدىغانلاردىنمۇ ئەمەس ئىدى.

— بىر قېتىم ئاتلىق كېتىپ بېرىپ چۆلدە ئېزىپ قالدىم دېمەمسىلەر، — دەپ ئىككىنچى بىر ھېكايىسىنى باشلايتتى ياسىن، — كېتىپ بارىمەن، كېتىپ بارىمەن، بۇ چۆلنىڭ ئايىغى كۆرۈنەي دېمەيدۇ، بىر چاغدا بىر كۆلنىڭ بويىدىنلا چىقىپ قالدىم. «خۇدايا توۋا، بۇ چۆلدە بۇ كۆل ئەجەب پەيدا بولۇپ قالدا!» دېدىم. كۆل بولغاندىمۇ قانداق كۆل دېمەمسىلەر، سۈيى سۇپسۈزۈك، ئاستىدىكى لەش ئوت دېگىنىڭنىڭ ھەممىسى ياپپېشىل بولۇپ، مانا مەن، دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئاتتىن چۈشۈپ ئوچۇملا سۇ ئىچتىم. بېشىمنى شۇنداق كۆتۈرسەم، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بېلىق بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ، تىككىدە بولۇپ ماڭا قاراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. ھېلىقى بېلىقنىڭ كۆزلىرى شۇنچىلىك مىسكىن، قاراپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا



بولۇپ قالدى. ئويلىسام بۇ بېلىقنىڭ چىرايىنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەن. «ھەي، بۇ تونۇش بېلىقتەك قىلىدىغۇ، نەدە كۆرۈۋىدىمكىنا؟» دەيمەن. تازا ئېسىمگە ئالسام، ھېلىقى بىز بىر يىلى ئولاش - چولاش دەريا بويىغا ئويىنغىلى چۈشكەندە ھاراققا زاكۇسكا قىلىپ يەۋەتكەن بېلىقىمىز شۇ. «ۋاھ، بۇ بېلىق قانداقسىگە تىرىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى؟» دېدىم. ئۆزۈمنى بىر سۇر باسقاندەك بولدى. ئالدى - كەينىمگە قارىماي قېچىپتىمەن. بىر چاغدا قارىسام، پۇتلىرىم قاپىرىپ، سۇ كۆتۈرۈپ كېتىپتۇ...

شۇ چاغدا، ئاڭلاۋاتقانلار ياسىن «يالغان»نىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ياسىنجان، ئات قېنى، ئات؟ ئاتلىق كېلىۋاتاتتىڭلار ئەمەسمۇ...

— ھە راست ئات، ئات نەدە قالدى؟! — دەيتتى ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران بولۇپ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە كۇلۇشۇپ كېتەتتى.

زۆھرە، نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە شۇ ئادەملەرنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن؟ مۇساپىرچىلىق جېنىغا پاتمىغان ئادەملەرگە بۇنى چۈشەندۈرمەك تەس.

چەت ئەلدىكى چېغىمدا ئۇچراتقان جاڭ فامىلىلىك بىر خەنزۇ يىگىتنى پات - پات ئەسكە ئېلىپ قالىمەن. مەن ئۇنى ۋوگزال مەيدانىدا كۆرگەنىدىم. ئۇ نۇرغۇن ئادەملەر ئارىسىدا كېتىپ بارغان بولسىمۇ، مېنىڭ بىلەن ۋەتەنداش ئىكەنلىكىنى چىرايىدىنلا تونۇۋالدىم. ئارقىسىدىن يېتىشىپ بېرىپ، خەنزۇ تىلىدا:

— ياخشىمۇسىز ؟ — دېدىم .

ئۇ تورمۇزلىغاندەك چىپپىدە توختاپ ، ھەيران بولۇپ يېنىغا قارىدى . مېنى كۆرۈپ ناھايىتىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى .

— ياخشىمۇسىز ؟ ... جۇڭگودىن كەلدىڭىزمۇ ؟ قاچان كەلدىڭىز ؟ ئۇ تەرەپنىڭ ئەھۋالى قانداق ؟ — دېگەن بىرمۇنچە سوئاللار بىلەن مېنى كۆمۈۋەتتى .

بىز ئەتراپنى بىللە ئايلاندۇق . كېيىن ئۇ مېنى بىر رېستورانغا باشلاپ مېھمان قىلدى . ئۇ يەردە ئۇزاقتىن - ئۇزاق پاراڭلاشتۇق . ئەسلى ئۇ 60 - يىللارنىڭ بېشىدا — بىزدە ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقان مەزگىلدە بۇ تەرەپكە قېچىپ ئۆتكەنىكەن . ئۇ بۇ يەردە بىر رۇس قىزغا ئۆيلىنىپتۇ . ھازىر ئىككى بالىسى بار ئىكەن ، تۇرمۇشىمۇ يامان ئەمەس ئىكەن . ئۆيدىكى بالا - چاقىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى خەنزۇ تىلىنى بىلمەيدىكەن . بىچارە ئۆز تىلىدا سۆزلەشكۈسى كېلىپ كەتسە ئادەم يوق يەرگە بېرىپ ئۆزى بىلەن ئۆزى پاراڭلىشىدىكەن . خەنزۇچە خەتلەرنى ئۇنتۇپ قالدىممۇ ، قانداق ؟ دەپ يەرگە سىجاپ ئولتۇرىدىكەن...

— جۇڭگوغا قايتىپ كەتسىڭىز بولمامدۇ ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا .

— نامرات ئانىسىدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋاپاسىز بالىدەك ئېغىر كۈنلەردە ئۇنى تاشلاپ كەلدىم ، ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن قايتىپ بارىمەن ، سىز قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

نېمە سەۋەبتىن قېچىپ ئۆتكىنىمنى ئېيتقۇم كەلمىدى . ئۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپ كەتتى - دە ، بۇ سوئالنى قايتىلىمىدى



... ئاندىن ئۇ تۇرغان ئورنۇمنى كۆرۈۋالماقچى بولۇپ ماڭا ئەگىشىپ ياتىقىمغىچە كەلدى . ئۇ ئەتىسىمۇ ، ئۆگۈنىمۇ ، ئىندىنىمۇ... ئۇدا ئۈچ كۈن مېنى يوقلاپ كەلدى . ھەر كەلگەندە بىرمۇنچە تەييار يېمەكلىكلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ، پاراڭلىشىپ كېتەتتى . چالا - پۇچۇق سۆزلىگەن خەنزۇچە گەپلىرىمنى زوقلىنىپ ئاڭلايتتى . ھەر قېتىم مېنى ئۆيىگە باشلاپ بارماقچى بولۇپ زورلايتتى :

— كۆكتات يېيىشنى سېغىنمىدىڭىزمۇ ؟ قورقماڭ ، مەن قوي گۆشىدە تازا تەملىك قىلىپ جوڭگوچە سەي قورۇپ بېرىمەن . ھويلىغا ھەر يىلى ھەممە كۆكتاتلارنى تېرىيمەن . بۇ يەردىكىلەر كۆكتاتنى ئاز يەيدۇ . چىڭسەي ، لوبۇ ، شياڭسەيلەرنى قورۇپ يېسەم بالىلىرىم بۇرۇنلىرىنى تۇتۇپ «ئۆينى سېسىق پۇرىتىۋەتتىڭ !» دەپ سوقۇشىدۇ . ئۇلار يوق چاغدا قورۇپ يەپ ، خۇمارىمنى بېسىۋالىمەن ... — دەيتتى .

ئۇنىڭ ھەر كۈنى كېلىۋېرىشى مېنى قورقۇتۇپ قويدى . چېگرىدىن يېڭى ئۆتكەن ۋاقىتلىرىم بولغاچقا ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ تۇراتتىم . جاڭغا تۇيدۇرمايلا ئۇ يەردىن كېتىپ قالدىم . بىر قېتىم ئۇنىڭ مەندىن سوۋغات سورىغان ۋاقىتتىكى مىسكىن ھالىتىنى پەقەت ئۇنتۇيالمايمەن .

— جۇڭگودىن ئەكەلگەن بىرەر نەرسىڭىز بولسا ماڭا سوۋغات قىلسىڭىز بولمامدۇ ؟ — دەپ ئۆتۈنگەنىدى ئۇ .

مەندەك بىر قاچقۇننىڭ يانچۇقىدا قانچىلىك دەسمايە بولماقچى . ئىلاجسىز ئۇنىڭدىن :

— نېمە سوۋغا قىلسام بولار ؟ — دەپ سورىدىم .

— نېمە بولسا مەيلى . بىر - ئىككى خەنزۇچە خېتى بار

بىرنىمە بولسىلا بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭغا يېنىمدا ئېلىپ يۈرگەن بىر تىرناقئالغۇچنى سۇندۇم. جاڭ ئۇنى پادىشاھنىڭ قولىدىن سوۋغات ئېلىۋاتقاندەك ئىككى قوللاپ ئالدى، كۆرۈپ تاغدەك خۇشال بولدى. تىرناقئالغۇچنىڭ ئۇستىدە «جۇڭگو» دېگەن ئىككىلا خەنزۇچە خەت بار ئىدى…

ئاشۇ خەنزۇ يىگىتنىڭ ھېسسىياتىنى مەن تېخى ئۇ چاغلاردا ئانچە چوڭقۇر چۈشىنىپ كېتەلمىگەنىدىم. مانا ھازىر مەنمۇ يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىمدا ئۆزۈم بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا پىچىرلىشىدىغان، ئادەمسىز خالىي جايلارغا بېرىپ، مەجنۇنلاردەك ئۆز يۇرتۇمنىڭ ناخشىلىرىنى توۋلايدىغان، مەھەللىدىكى ئاشۇ ساددا ۋە ئۇنتۇلماس ئاجايىپ ئادەملەرنىڭ قىزىق گەپ - سۆزلىرىنى، چاقچاقلىرىنى ئەسلەپ كۈلىدىغان بولۇپ قالدىم…

## 7

زۆھرە!

شۇ تاپتا مەن دېڭىز قىرغىقىدا ئولتۇرۇپتىمەن. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىدىكى ۋاڭ - چۇڭلاردىن كېيىن، بۈگۈن بۇ ئەتراپ قايتا جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى. سۇ يۈزى ئۇششاق جىمىرلاپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كېلىۋاتقان دولقۇنلار سانسىز بۈژغۇنلارنى قىرغاققا ئۇراتتى؛ دولقۇن قايتقاندا بولسا، دېڭىز سۈيىنىڭ قىرغاقتىكى قۇمغا سىڭىپ ۋىشىلدىغان ئاۋازى قۇلاقتا قالاتتى. بىپايان، چەكسىز



دېڭىزغا ئۇزاق قارىغانسېرى گويا ئادەم ئۆزىنى قۇرۇقلۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. قۇياش دولقۇنلاردا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرىنى قالدۇرۇپ، غايەت زور بىر ئوت شارىغا ئايلىنىپ دېڭىزغا چۆكمەكتە ئىدى… ئارقامدا بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى پەيدا بولدى. بۇرۇلۇپ قارىدىم. كۆز ئالدىمدا يېشى ئوتتۇز بەشلەر چامىسىدىكى بىر خانىم تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىدىمۇ قىزغۇچ شەپەق نۇرى ئەكس ئېتەتتى.

— خەيرلىك كەچ! — دېدى ئۇ، — يالغۇز ئولتۇرۇپسىز؟

— قۇياشنىڭ پېتىشىنى تاماشا قىلىۋاتىمەن.

ئايال ئىجازەتسىزلا يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. مېنىڭ مۇنداق خوتۇنلار بىلەن خۇشۇم يوق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاشۇ چىرايلىق بەدىنىدە مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ خىلمۇ خىل كېسەللىرىنى يۇدۇپ يۈرىدۇ… قۇياش ئاستا - ئاستا دېڭىزغا چۆكۈپ، يىراق ئۇپۇقتا پەقەت قىپقىزىل بىر پارچە يالقۇنلا قېلىپ قالدى.

— ئەمدى قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ، — دېدى ئايال، — سىز ئۆيىڭىزگە قايتارسىز؟

— مېنىڭ ئۆيۈم يوق، بۇ يەرگە مۇساپىرمەن.

— مېنىڭ بوۋام «بىز ھەممىمىز بۇ يەرگە مۇساپىرمىز» دەيدىغان. ھازىر ئۆزىنى بۇ يەرنىڭ غوجىلىرى بىز دەۋالغانلارمۇ ئىككى - ئۈچ يۈز يىلنىڭ ئالدىدا بۇ قۇرۇقلۇققا بايلىق ئىزدەپ كەلگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى. بۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى ئۆز ۋاقتىدا قىرىۋېتىلگەن، خالىسىڭىز بىزنىڭكىگە بارايلى. مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا ئىجارىگە ئالغان ئۆيۈم بار.

— سىز مېنىڭدىن قورقامسىز ؟ — دەپ سورىدىم .

— نېمىدەپ قورققۇدەكمەن ! ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ .

— ئەپتىمگە قاراڭ ، مەن ئەتە - ئۆگۈن ئۆلۈپ قېلىشىم مۇمكىن...

— ناھايىتى ياخشى . ماڭىمۇ دەل سىزگە ئوخشاش پات ئارىدا ئۆلۈپ قالىدىغان ھەمراھ لازىم .

— نېمىشقا ؟

— مۇنداق ئادەم مېنى قايتا كېلىپ ئاۋارە قىلمايدۇ ، ئارقامدىن سۆز - چۆچەكمۇ ئاز بولىدۇ . مەنمۇ ئۇنى پاتلا ئۇنتۇپ كېتەلەيمەن...

— شۇ بۈگۈن كېچە يېنىڭىزدا ئۆلۈپ قالسامچۇ ؟

— بۈگۈن كېچە ئۆلۈپمۇ قالمايسىز ، بارغۇدەك ماكانىڭىز يوق ئادەممۇ ئەمەسسىز .

— سىز قانداق بىلىسىز ؟

— مەن ھەممىنى بىلىمەن ، خانىمىڭىز ماڭا سىزنى كۆزىتىپ تۇرۇشۇم ئۈچۈن پۇل تۆلىگەن...

— ئايالىم ؟ !

— شۇنداق ، سىزنىڭ ئايالىڭىز... سىز دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنى ئەتىگەندىلا «خەيرلىك سەھەر» ساتىراشخانىسىغا كىرىپ ، ئۇ يەردىكى ساتىراش خانىمنى چۆچۈتۈۋېتىپسىز . ئاندىن «ئالەمگە نەزەر» مېھمانخانىسىدا تاماق يەۋېتىپ مۈگدەپ قاپسىز ، توغرىمۇ ؟

— توغرا .

— ئاندىن سىز مېھمانخانىدىكىلەردىن ئۆي بېرىشنى تەلەپ قىپسىز ، «يېقىندا ئۆلۈپ كېتىمەن» دېگەن گەپلەرنىمۇ



قىپسىز . مېھمانخانىدىكىلەر ئەندىشىگە چۈشۈپ قاپتۇ . سىز ئۇ يەردە ئۇزۇندىن ئۇزۇن خەتلەرنى يېزىپسىز . «ئالەمگە نەزەر» نىڭ ئۇستۇنكى قەۋىتىدە ئولتۇرغىنىڭىزدا ، مېھمانخانا باشقۇرغۇچىسى سىزنى مۇشۇ يەردىن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالمىغىيدى ، دەپ گۇمان قىلىپ ، كۆزىتىشكە ئىككى ئەر كۈتكۈچىمۇ قويۇپتۇ... يەر ئاستى تۆمۈريولغا يېقىن مەيداندا ، مۇزىكا تىڭشاۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغىنىڭىزدا مەن سىزنى تېپىۋالدىم . ئۇ يەردە سىز بىر قېرى كىشى بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتىڭىز ، شۇنىڭدىن بېرى ئارقىڭىزدا مەن... بىر ئىشنى سورىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ ، سىز دوختۇرخانىدىن نېمىشقا قاچتىڭىز ؟

— دوختۇرنىڭ مېنى ئۆلىدۇ ، دېگەن مەزمۇندىكى ياپما گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم . كارىۋاتتا ئۇخلىدا يېتىپ ئۆلۈمنى كۈتكەندىن ، ئۆلۈش ئالدىدا بولسىمۇ ئادەملەرنى ، يورۇق دۇنيانى ئارىلاپ ئۆلۈپ كېتەي ، دېدىم . قاراڭ ، بۈگۈنكى قۇياش بىلەن ھازىرلا خوشلاشتۇق . مەن تېخى ھايات تۇرۇۋېتىمەن . رىزقىم پۈتمىگەنلا بولسا ، ئەتە كۈلۈپ چىققان قۇياش بىلەن يەنە كۆرۈشىمەن... بىلەمسىز ، شۇ قۇياش مېنىڭ يىراقتا قالغان يۇرتۇمغا نۇر تۆكۈپ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ... قار ، قارىنچۇ ، قارنى كۆرگەنمۇسىز ؟ ئەپسۇسكى ، بۇ يەردە قار يوق . ئاپئاق قارنى بىر قۇچاقلىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ئىدى . قۇياش چىققاندا قار ئاجايىپ چاقناپ كېتىدۇ...

ئايال ئىككى قولىنى كەينىگە تىرەپ ئولتۇرۇپ ماڭا بىر ھازا قاراپ قالدى - دە :

— سىزنى مەن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بىر خەتەردىن

ئاگاھلاندۇرسام قانچە پۇل تۆلەيسىز ؟ — دېدى .

— ئۆلۈمگە يېقىنلاپ قالغىنىمدىن خەۋىرىم بار ، — دېدىم .

— سىز دوختۇرنىڭ سۆزىنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز ، — دېدى ئايال ، — دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە ، دوختۇرخانىدىكى بارلىق تەكشۈرۈشلەر سىزنىڭ ئىچكى ئورگانىزملىرىڭىزدا ھېچقانداق كېسەلنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپتۇ .

— ئۇنداقتا...

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم باشقا بىر خەتەر .

— قېنى ئېيتىڭا ، بەش يۈز دوللار بېرەي .

— بەك ئاز بولۇپ قالدى ، كەم دېگەندە ئىككى مىڭنى سانىسىڭىز بولىدۇ .

— ھەقىقەتەنمۇ چوڭ بىر خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغۇدەك بولسام ، دېگىنىڭىزنى ئېلىڭ .

— دوختۇر سىزدىكى كېسەلنى «روھىي كېسەل» دەپ خۇلاسىلەپ ، سىزنى ئاچقىپ روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا كۆرسىتىپ بېقىشنى تەكلىپ قىلغانىكەن . مەسىلەن ، سىز شۇ دوختۇرخانىدىمۇ كېچىلىرى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ، بىر يەرگە بېرىشقا ئالدىراپ تۇرغان ئادەمدەك ھەدەپ كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن سايىما كەشىڭىزنى ئىزدەيدىكەنسىز . كەش ئالدىڭىزدا تۇرسىمۇ كۆرمەيدىكەنسىز . يېنىڭىزدا ئادەم يوق چاغلاردا ئۆزىڭىز بىلەن ئۆزىڭىز بىرنېمىلەرنى دەپ سۆزلىشىدىكەنسىز... روھىي كېسەل دېگەننى ئاڭلاپ ھىدايەت خانىممۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ قاپتۇ . دوختۇرخانىدىن چىقىپ ، دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، دوختۇرنىڭ ئېيتقانلىرىنى يەتكۈزۈپتۇ . خانىم بىلەن قېيناتىڭىز ئوتتۇرىسىدا ئازراق سۈركىلىش بولغاندەك تۇرىدۇ . قېيناتىڭىز ئۆز



ئائىلىسىنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاشقا ناھايىتى تىرىشىدىغان ئادەم . ئۇ سىزنى روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن ، دەپ چىڭ تۇرۇۋېتۇ . چۈنكى ، ئۇ سىزنىڭ بەزى ئەخمىقانە ئىشلارنى تېرىپ قويۇپ ، ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزدىن ئەنسىرەيدىكەن . ئەخمىقانە ئىشلار دېگىنىمىز ، مەسىلەن ، سىزنىڭ كوچىلاردا بەزى غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ يۈرۈشىڭىز ياكى بولمىسا ئىتتىك كېتىپ بارغان ماشىنا ، پويىز دېگەندەك بىرنېمىلەرنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىپ ، ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىشىڭىزنى كۆرسەتسە كېرەك . مانا مۇشۇ يەردىمۇ سىز خەتەرگە ناھايىتى يېقىن ئولتۇرۇپسىز ، كاللىڭىزغا بىرەر بىمەنە خىيال كىرىپ ، ئەنە ئاۋۇ ئېگىز قىرغاقتا چىقىپلا ئۆزىڭىزنى دېڭىزغا ئاتسىڭىز ئىش تامام ، دېگەن گەپ ـ دە... مەنمۇ ئارقىڭىزدا يۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئەندىشىسىنىڭ ئاساسى بار ئىكەن ، دەپ قالدىم . مەسىلەن ، سىز يول ماڭسىڭىز خۇددى تامنىڭ ئاستىدا قېلىپ يالپاقلىنىپ كەتكەن ئادەمدەك قىيپاش ماڭىدىكەنسىز ، خېلى كەڭ ئىشكەلەردىنمۇ يانتۇ بولۇپ كىرىدىكەنسىز... گېپىمنىڭ باش ـ ئاخىرى نېمە بولۇپ كەتتى ـ ھە ؟ ئۇ سىزنى يىراقتا قالغان بالا ـ چاقىلىرىنى تولا خىيال قىلىپ شۇنداق بولۇپ قالغان ، دەپ پەرەز قىلسا كېرەك . دادىسىنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلسە ، سىز دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىپ قاپسىز . ماڭا سىزنى ئىزدەپ تېپىپ ، كۆز ـ قۇلاق بولۇپ قويۇشنى تاپشۇرغانىدى . «روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسى» دېگەننىڭ قانداق ئورۇن ئىكەنلىكىنى سىز ئوبدان بىلىسىز . قانداق ، مەن سىزنى چوڭ بىر خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇپتىمەنمۇ ؟

— ھەقىقەتەن چوڭ خەتەر ئىكەن!... ئەمما، دوختۇر توغرا ئېيتىپتۇ. روھىي كېسەل بولمىغان تەقدىردىمۇ، روھىمنىڭ گۇمران بولۇۋاتقىنى راست. بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار مېنى بەك ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى. يىراق بىر يەرگە بېرىشقا ئالدىرايمەن، لېكىن بارالمايمەن؛ ئۆلۈشنى خالايمەن، ئەمما ئۆلۈۋالالمايمەن. مېنى قىينايدىغان ئازابمۇ شۇ...

ئارىمىزنى بىردەملىك سۈكۈت باستى. ئەمدى دېڭىز ئۈستى قارىيىپ كەتكەن بولۇپ، دولقۇنلارنىڭ قىرغاققا يېنىك ئۇرۇلۇپ شالاقلىشىشى جىمجىتلىقنى بۇزاتتى.

— قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى، — دېدى خانىم، — يۈرۈڭ كېتەيلى.

— مەن سىزدىن قورقۇپ قالدىم، — دېدىم.

— قورقماڭ! — دەپ ئورنىدىن قوپتى ئايال، — مەن سىزنى قېيناتىڭىزغا تۇتۇپ بەرمەيمەن. ھىدايەت خانىم ھازىرچە سىزنى ئۆيگە قايتىپ كەلمىسە مەيلى، زۆرۈر بولغاندا ئۆزۈم ئىزدەيمەن، دېدى. خانىمىڭىز كۆڭلى يۇمشاق ئايال، ئۇ سىزنىڭ خەۋىرىڭىزنى بىلىپ تۇرسىلا بولىدۇ...

— نەگە بارىمىز؟

— دېدىمغۇ، مېنىڭ ئۆيۈمگە بارايلى.

— سىزنىڭكىگە بارالمايمەن.

— بەرىبىر يولىمىز بىر...

— قانداقچە؟

— مەنمۇ كېچە سىز قونغان مېھمانخانىدا تۇردۇم. سىز ئۈچىنچى قەۋەتتىن ئۆي ئالدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ مەن ئىككىنچى قەۋەتتە، سىزنىڭ ئاستىڭىزدىكى ئۆيدە، كېچىچە ئاياغ



تاۋۇشىڭىزنى ئاڭلاپ ياتتىم.

ئۆلۈمدىن قورقمىغىنىم بىلەن «روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسى» دېگەننى ئاڭلاپ قورقتۇم. بۇ تىرىك تۇرۇپ دوزاخقا كىرگەن بىلەن باراۋەر گەپ. ئۆمرۈمدە تارتقان كۈلپەتلىرىمنى ئاز دېگەندەك، ئەمدى ساراڭلار ئارىسىدا ياشايدىغان ئىش قاپتۇمۇ!؟... قاچىمەن! ئاۋۋال يېنىمدا ئالۋاستىدەك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان مۇنۇ خوتۇندىن قۇتۇلۇش كېرەك... شۇ چاغدا كاللامغا: «دەل ئىزىمغا چۈشكەن مۇشۇ پايلاقچىنىڭ ئۆزىنى ئۇلارغا خەۋەر يەتكۈزەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش كېرەك» دېگەن پىكىر كەلدى. بۇنىڭ ئامالى: ھازىرچە مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرىمەن، ئۇنى پاراڭغا سالىمەن، ئەگەر ئۇ خەۋەر يەتكۈزمەكچى بولۇپ يوقىلىپ كەتسە، مەنمۇ يوقىلىپ كېتىمەن...

ھېلىقى ئايال بىلەن بىللە ماڭدىم. يېرىم سائەتتىن كېيىن بىز مېھمانخانىغا يېتىپ كەلدۇق. خانىم راستتىنلا ئىككىنچى قەۋەتتە، مەن ئىجارىگە ئالغان ئۆينىڭ نەق ئاستىدىكى خانىدا تۇرىدىكەن. بۇ ئۆي تېخى مەن تۇرغان ئۆيدىن ئازادىرەك، جاھازىلىرىمۇ كۆركەملىكرەك ئىكەن.

— خوش، — دېدى پايلاقچى خانىم مېنى ئۆيىگە باشلاپ كىرگەندىن كېيىن، — سۇ تەييارلاپ بېرەي، يۇيۇنۇۋالامسىز؟... خالىسىڭىز مەن ئۆزۈم يۇيۇپ قوياي.

«بۇ قانداق چاقچاق بولدى» دەپ ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم.

— قورۇنماڭ! — دېدى ئۇ، — مانا بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىجارە ھەققىنىمۇ، يۇيۇش ھەققىنىمۇ خانىمىڭىز تۆلەيدۇ.

— رەھمەت ! — دېدىم .

— ئىختىيارىڭىز ، ئەمىسە بىردەم يالغۇز ئولتۇرۇپ تۇرسىز ـ دە ، مەن يۇيۇنۇۋالاي .

ياستۇق قويۇلغان يۇمشاق ساپاغا كېلىپ يانپاشلىدىم . ئايال نېرىقى ئۆيگە كىيىملىرىنى سېلىپ ، ئىچ كىيىملىرى بىلەن ۋاننا ئۆيگە كىرىپ كەتتى . سۇنىڭ شارقىراپ چۈشكەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىپ ، بىر قانچە يىللارنىڭ ئالدىدا بولغان بىر ۋەقەنى ئېسىمگە ئالدىم .

تۇرمۇشۇمنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن ئۆلەر ـ تىرىلىشىمگە قارىماي ئىشلەپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىم ئىدى . بىر كۈنى ، قاراڭغۇ كېچىدە شەھەرنىڭ چەت بىر يېرىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئۈچ كىشىگە ئۇچراپ قالدىم . ئۇلار «توختا» دەپ ئالدىمنى توستى . ئىككىسى ئىككى يېنىمدىن كېلىپ ئامبۇردەك قوللىرى بىلەن بىلىكىمنى قىسىپ تۇتۇپ تۇردى . ئۈچىنچىسى ھەممە يانچۇقلىرىمنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ ، بار پۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى سىيرىۋالدى ـ دە ، مېنى قويۇپ بېرىشتى . بۇ مېنىڭ بىر ئاي ئىشلەپ تاپقان پۇلۇم ئىدى . ئەگەر ئۇنىڭدىن ئايرىلسام ، يەنە بىر ئايغىچە سارغىيىپ ئاچ يۈرۈشۈم كېرەك ئىدى . ھېلىقى بۇلاڭچىلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم . يېتىشىپ بېرىپ ئايىغىغا يىقىپ يالۋۇردۇم :

— چوڭ بولساڭلار ئاكىلار ، كىچىك بولساڭلار ئۇكىلىرىم ، ماڭا رەھىم قىلساڭلار كەلسۇن ، مەن كەمبەغەل ئىشلەمچىمەن . ئاشۇ پۇلۇمنى ئېلىۋالساڭلار يەنە بىر ئايغىچە مەن نېمە يەيمەن ؟… سىلەرمۇ ئادەمغۇ ، سىلەردىمۇ ۋىجدان بولۇشى كېرەكقۇ ؟… پۇلى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغانلارنىڭكىنى



بۇلىساڭلار بولمامدۇ ؟ … ھېچبولمىغاندا يېرىمىنى بولسىمۇ بېرىۋېتىڭلار…

يەنە نېمىلەرنى دېگىنىمنى بىلمەيمەن . ئارىسىدىن بىرى چىقىپ ياقامنى سىقىپ ، كېكىردىكىمگە پىچىقىنى تەڭلىدى ـ دە :

— جېنىڭنى ئامان قويغانغا خۇش بول ، ماڭ يوقال ! — دەپ ئارقامغا ئىتتىرىۋەتتى .

ئورنۇمدىن قوپۇپ ، ھېلىقىلارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە يۈگۈردۈم .

— يەنە نېمە دەيسەن ؟ — دېدى ئۇلار ھەيران بولۇپ توختاپ .

— ياق ، پۇلۇمنى ئەمەس ، پۇلۇمنى دەپ كەلمىدىم… ئويلىسام ، سىلەرنىڭ مۇشۇ كەسىپڭلارمۇ دەسمايە كەتمەيدىغان ئوبدان ئىش ئىكەن . مېنىمۇ ئاراڭلارغا قېتىۋالساڭلار…

شۇنداق دېگىنىمنى بىلىمەن ، ھېلىقى ئۈچى مېنى يامغۇردەك مۇشت ياغدۇرۇپ ، تېپىپ ، دەسسەپ ياتقۇزۇۋېلىۋەتتى ـ دە ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك كىيىملىرىنى قېقىپ كېتىپ قېلىشتى . ئىڭراپ قانچىلىك ياتقانلىقىمنى ئۇقمايمەن . بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام ، بېشىمدا بىر ئايال كىشى ئولتۇرۇپتۇ . ئۇ مېنى يۆلەشتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ باردى . بۇ ئاق تەنلىك بىلەن قارا تەنلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بولغان ، بۇرۇنلىرى كەڭ ، كالپۇكلىرى قېلىن كەلگەن ، مېھرى ئىسسىق ئايال ئىدى . ئۇ ھالىمغا ئېچىنىپ كۆز يېشى قىلدى ، يالىڭاچلاپ ۋاننىغا سېلىپ يۇدى . ئۇ بىر تەرەپتىن ماڭا سوپۇن سۈركەپ ، بىر تەرەپتىن ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيتتى .

— ھە ، مېنى مېھرىبان خانىم ئىكەنسىز دەمسەن ؟ —

دەيتتى ئۇ ، — رەھمەت . يولى كەلگەندە باغرى تاشتىن قاتتىق خوتۇنمەن . ئىشىنەمسەن ، مېنىڭ ئانامىۇ ، دادامىۇ ئاق تەنلىك ، ئانامنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ بۇرۇن قارا تەنلىكلەرنى زادى كۆرۈپ باقماپتىكەن . بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ، بىر قارا تەنلىك ئىشلەمچىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تازا كۈلۈپتۇ . كېيىن ئۆزىمۇ رەڭگى قارا تەنلىكلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانراق بىر بالىنى — مېنى تۇغۇپتۇ . ئانام مېنى تۇغۇپ قويغانلىق گۇناھى ئۈچۈن بىرئۆمۈر ئازاب تارتتى . دادام ئانا ـ بالا ئىككىمىزنى يەتكۈچە خورلىدى . ئانام ئۆلگەندىن كېيىن مېنى «پۈشتۈمدىن بولغان بالا ئەمەس » دەپ مىراسسىز قالدۇرۇپ ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى . ئەقلىمنى تېپىپ ، تازا كۈچۈمگە كەلگەن ۋاقتىم ئىدى . بىر كۈنى ئۆيگە قايتىپ كەلدىم . دادامغا «مېنى قىزىم دەپ ئېتىراپ قىلامسىز؟ » ئاشۇ ئانام ياتقان كارىۋاتتا بىر كېچە بولسىمۇ يېتىۋالاي !» دەپ يالۋۇردۇم . شۇ كېچە ئۇ مېنى ئاياغ ئاستى قىلدى… ئىشىنەمسەن ؟ سەھەردە ، سېنى يۆيۈۋاتقان مۇشۇ قوللىرىم بىلەن ھېلىقى نەرسىنى — ئۆزۈمنىڭ دادامنى بوغۇپلا ئۆلتۈرۈپ قويدۇم… ھاياتىمدا مەن تارتقان ئازاب ئانامنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى . مەن ھەم ئاق تەنلىكلەرنىڭ مەسخىرىسىگە ، ھەم قارا تەنلىكلەرنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرىدىم . ئاللا بۇ ئالەمنى شۇنداق ئاق ، قارا ، يېشىل ، سېرىق قىلىپ رەڭمۇرەڭ ياراتتى . ئەمما ، بەزى ئادەملەر ئۇنى بىر خىل رەڭدە قىلالمايلا ھەلەك…

بۇ ئايال مېنىڭ يېرىلغان ، ئىششىغان يەرلىرىمگە دورا سۈرتتى . بىر ھەپتىگىچە ئۆيىدە باقتى… كېيىن ، مەن پۈللۈق بولۇپ قالغان ۋاقتىمدا ئۇنى بىر رازى قىلماقچى بولۇپ ئىزدەپ



باردىم ، تاپالمىدىم . ئۇ ھېلىقى مەن ياتقان ئۆيدىن كۆچۈپ كەتكەنىدى . نەگە كەتكىنىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمىدى .

زۆھرە ، نېمىشقىدۇر مۇساپىرلىق ھاياتىمدا كۆپىنچە مەن ئەرلەرنىڭ دۈشمەنلىك نەزىرىگە ، ئاياللارنىڭ خەيرخاھلىقىغا ئۇچراپ كەلدىم .

## 8

پايلاقچى ئايال يۈيۈنۈپ چىقىپ كەچلىك تاماق ھازىرلىدى . ئالدىمغا جوزا راسلاپ ئۆزىمۇ كېلىپ ئولتۇردى ، ئاندىن ماڭا قاراپ كۈلۈپ :

— قانداق چىرايلىقمىكەنمەن ؟ — دەپ سورىدى .

— چىرايلىقكەنسىز ، — دېدىم .

بۇ خۇشامەت گەپ ئەمەس ئىدى . شۇ تاپتا بۇ خانىم مېنىڭ قارشىمدا ، ئۇخلاش كىيىمىنى كىيىپ ، تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى (بۇ يەردە ھازىر ئەرلەر تاماكا تاشلاپ ئۆمرىنى ئۇزارتىشنىڭ كويىدا يۈرگەندە ، مۇشۇنداق تاماكا چېكىدىغان دەردمەن ئاياللار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ ) . ئۇنىڭ ئالدىغا سوزۇلغان ئۇزۇن پۇتلىرى ، ئۇخلاش كىيىمى ئاستىدىن بىلىنىپ تۇرغان كۆكرەك ، ساغرىلىرى ناھايىتى كېلىشىملىك ئىدى .

— ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت ! — دېدى ئۇ ، — ئالدىڭىزدا تاماكا چېكىۋەردىم ، ئەپۇ قىلغايسىز… سىزمۇ بىرەر تال چەكمەمسىز ؟

— بىر چاغلاردا چەككەنىدىم ، تاشلىۋەتتىم .

— ئىرادىلىككەنسىز . مەنمۇ تاماكا تاشلايمەن ، دەپ كۆپ

ھەپىلەشكەنىدىم. بىر قېتىم بىر ئابرۇيلۇق دوختۇرنىڭ تاماكىنىڭ زىيىنىنى ھەققىدە يازغان كىتابىنى ئوقۇپ قالدىم. ئۇنىڭ يېزىشىچە، تاماكا چەككەن بىر كىشى بىلەن تاماكا چەكمەيدىغان يەنە بىر كىشىنى ئۇزاق يىل كۆزەتكەنىكەن. ھېلىقى تاماكا چېكىدىغان كىشى تاماكا چەكمەيدىغىنىدىن تۆت يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. «شۇنچىلىك گەپمىدى؟ ... تۆت يىل ئوشۇق ئۆمۈر كۆرىمەن، دەپ بىر ئۆمۈر تاماكا چېكىش لەززىتىدىن قۇرۇق قالايمۇ!» دېدىم ـ دە، تاماكىمنى چېكىۋەردىم. بۇرۇنقىدەك كۆپ چەكمەيمەن، بىر چاغلاردا ناھايىتى كىرىشىپ كەتكەنىدىم.

— سىز توي قىلمىغانمۇ؟

— قىلغان، خالىسىڭىز سىزگە ئۆمۈر تارىخىمنىمۇ سۆزلەپ بېرىشىم مۇمكىن.

— سۆزلەڭ، قىزىقىپ ئاڭلايمەن.

— بالا ۋاقتىمدا نامرات بىر ئائىلىدە چوڭ بولغانتىم، — دەپ گېپىنى باشلىدى ئۇ، — ئەمما ناھايىتى گۈزەل ئىدىم. ئاپام مېنى تېخى تۇرمۇشقا چىقماي تۇرۇپ تۇغقانىكەن. دادامنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن. كېيىن، ئاپام مېنى مومامغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى ئەرگە تېگىپ يوقالدى. مومام «چىرايلىق قىز دۈشمەنلىك بولىدۇ» دەپ ماڭا ئەسكى ـ تۈسكى كىيىملەرنىلا كىيدۈرۈپ قوياتتى. كېيىن موماممۇ ئۆلۈپ كەتتى. نەق ئون سەككىز ياشقا تولغان ۋاقتىمدا مېنى بىر قېرى ئالماقچى بولدى. ئۇ نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئىگە باي ئادەم ئىدى. ئىلگىرىكى خوتۇنلىرىدىن بولغان بالىلىرىمۇ مېنىڭدىن نەچچە ياش چوڭ ئىدى. بو تويغا مەن رازى بولدۇم.



— دېمەك، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا شۇ يولنى تاللىدىڭىز ـ دە؟

— شۇنداق بولدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھېلىقى قېرىغا تېگىشكە ماقۇل بولدۇم. «بۇ قېرىنىڭ كۆپ بولسا يەنە ئون يىللىق ئۆمرى قالغاندۇر، ئازراق ۋاقىتنى لېۋىمنى چىشلەپ ئۆتكۈزسەم، كېيىن ئۇنىڭدىن مىراس قالغان دۇنيا بىلەن ئۆزۈم خالىغانچە ياشارمەن» دەپ ئويلىدىم. سىز يىراق بىر يەردە، ناھايىتىمۇ چىرايلىق بىر ئارال بار، دەپ كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. ئەنە شۇ ئارالدا قېرىنىڭ داچىسى بار ئىدى. ئۇ مېنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئەرگە تەگدىم، دەپ ئۆزۈمنىڭ ئەركىنلىكىمنىمۇ قوشۇپ سېتىۋەتكەنىكەنمەن. دەسلەپتە بىرەر يىل ئارالنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىسىگە، قىممەتلىك ئۆي، جاھاز، كىيىم ـ كېچەك، زىبۇزىننەتلىرىگە مەست بولۇپ يۈردۈم. ئاز ئۆتمەيلا ھەممىدىن زېرىكتىم.

— سىزنىڭ ئۇ ئادىمىڭىز نېمە ئىش قىلاتتى؟

— ئۇ كارخانىلارغا قوشقان ھەرخىل پاي ـ چەكلىرىنىڭ پايدىسىنى يەپ ياتىدىغان قېرى ئىكەن. قەغەزلىرىنى پۇلغا ئالماشتۇرىدىغان چاغلاردە يىراق ـ يېقىنلارغا بارىدىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ھېچ يەرگە بارمايتتى. ھەر يەكشەنبە كۈنى داچىدىن بەش ـ ئالتە كىلومېتىر نېرىدىكى كىچىك بازارغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ياشانغانلار كۇلۇبىدا قارتا ئوينايتتى ياكى ھاراق ئىچەتتى. مېنىڭ كۈنۈم تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتەتتى. تېلېۋىزوردا كۆرىدىغىنىم ئەركىن بىر دۇنيا، ئۆزۈم بولسا تۇرمىدە ئولتۇرغاندەك داچىدىن نېرىغا بارالماي كۈننى كەچ قىلاتتى، . ئۆيدىن چىقسام ھەر كۈنى كۆرىدىغىنىم

ئاشپەز ئايال بىلەن داچىدا ئىشلەيدىغان بىرنەچچە ئىشلەمچىلەرلا ئىدى. ئون يىل شۇنداق ئۆتتى.

— توپتوغرا ئون يىل دەڭ؟

— شۇنداق، مەن ئۇ ئون يىلنىڭ ھەربىر كۈننى ساناپ ئۆتكۈزدۈم. ھېلىقى قېرىغا ئەجەل يېقىن كېلىش نەدە؟ ئۇ بارغانسېرى ياشىرىپ كەتتى، مەن روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ كەتتىم...

بىر كۈنى ئۆيدە زېرىكىپ ئولتۇرسام ئىشىك ئالدىدا ناتونۇش بىر كىشى پەيدا بولدى. قارىسام، ياش ۋە كېلىشكەن يىگىت ئىكەن.

«خانىم، مەنزىرە رەسىملىرىدىن بىرەر پارچە سېتىۋالامسىز؟» دېدى ئۇ.

«كۆرۈپ باقاي» دېدىم.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ، رەسىملىرىنى يېيىپ كۆرسەتتى. ھەممىسى ناچار سىزىلغان رەسىملەر ئىكەن. مەن مۇنداق رەسىملەرنى سېتىۋالمىسامۇ، داچىنىڭ ئەتراپىدىكى تەبىئىي مەنزىرىلەرنىڭ كۆرۈنۈشى يېتىپ ئاشاتتى. لېكىن. مەن رەسىملەرگە ئەمەس رەسسامنىڭ ئۆزىگە قىزىقىپ قالدىم. دېگەن باھادا پۇل تۆلەپ، بىر پارچە رەسىم سېتىۋالدىم. يىگىت ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىممۇ كەلدى. ئۇ ھەر قېتىم دەل قېرىنىڭ ئۆيدە يوق ۋاقتىنى تېپىپ كېلەتتى. بىز چىقىشىپ قالدۇق. مەسلىھەتلىشىپ قاچماقچى بولدۇق. بىر كۈنى، ئۆيدىكى بارلىق نەق پۇللار، پۇلغا يارىغۇدەك قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ بىر- ئىككى چامادانغا جايلىدىم- دە، ھېلىقى يىگىت بىلەن قېچىپ كەتتىم.



بىز يىراققا قاچتۇق. ھېلىقى رەسسام بايقۇشنىڭ رەسىم سىزىدىغان بىرنەچچە پەلكۈچىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىكەن. چەت بىر يېزىدا توختاپ، دەريانىڭ بويىدىن ئاددىي بىر يۈرۈش ئۆينى سېتىۋالدىم. ئىككى ئايچە مەن ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈردۈم. كېيىن قېرىنىڭ ئەتراپقا ئەۋەتكەن ئادەملىرى بىزنى سېزىپ قالدى. قېرى ئارقامدىن قوغلاپ كېلىپ دەۋا قىلىپ، مېنى قايتۇرۇپ ئەكەتتى.

— بوۋىيىڭىز بىلەن يەنە ئەر- خوتۇنچىلىقىڭىز باشلاندىمۇ؟

— نەدىكىنى، ئۇ مېنى ئۆيگە ئەكېلىۋالغاندىن كېيىن: «كۆڭلۈڭدە سەن مېنى يەنە خوتۇن قىلىدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ باشقىلارنىڭ قوينىدا ياتقان پاسكىنىنى خوتۇن قىلىشقا ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ. كۆرسەن، ئەتىلا پۇل خەجلەپ سېنىڭدىن چىرايلىقراق يەنە بىرىنى ئەكېلىمەن. مەن پەقەت سېنى رەسۋا قىلىپ، ئۆزۈمنى بىر تېتىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا قايتۇرۇپ كەلدىم. ئۆيدىن ئەكەتكەن بارلىق پۇل، ماللارنى قايتۇر!» دېدى.

ئۆيدىن ئەكەتكەن نەرسىلەرنى قايتۇرۇشنى رەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېلىقى كەمبەغەل رەسسامنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىۋەتكەنىدىم. قېرى ئۈستۈمدىن ئەرز قىلىپ، مېنى ساقچىغا تۇتۇپ بەردى. «باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، ئېرىنىڭ مال- مۈلكىنى بۇلاپ كەتكەن» دېگەن جىنايەت بىلەن ئۈچ يىل تۈرمىدە ياتتىم.

— ھېلىقى رەسسامچۇ، سىزنى يوقلاپ تۇرغاندۇر؟

— ئەلەم قىلغىنىمۇ شۇ بولدى. مەن ئۇنى «جەزمەن كېلىدۇ» دەپ تەلمۈردۈم. ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇ مېنى بىرەر

قېتىممۇ يوقلاپ قويمىدى. تۇرمىدىن چىقىپ، كۆڭلۈمدىكى ئاغرىنىشىمنى چىقىرىۋېتىپ، يەنە توپتوغرا ئۇنى ئىزدەپ باردىم. بارسام، يىگىتىم مېنىڭ پۇلۇم بىلەن دەريا بويىدىكى ھېلىقى ئۆيلەرنى يېڭىلاپ باشقىدىن ياسىتىپ، ئەتراپىنى يەر سېتىۋېلىپ، ئىگىلىكىنى كېڭەيتىپ كېتىپتۇ. چىرايلىق بىر خېنىمغا ئۆيلىنىپمۇ ئۈلگۈرۈپتۇ. مېنى ئۆيىگە كىرگۈزۈشمىدى، تالادىلا قالدىم.

ئايال يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى.

— ئەمدى سىز رەسسامنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىشىڭىز كېرەك، — دەپ سۆز قىستۇردۇم مەن، — چۈنكى ئۇ سىزنىڭ پۇللىرىڭىزغا كەلگەن ئۆيلەر - دە؟

— ئۇنداق ئادەم بىلەن دەۋالىشىپ يۈرۈشنى لايىق كۆرمىدىم، — دېدى ئۇ، — كۆلپەتلىك تۇرمۇشۇم شۇنىڭدىن باشلاندى. قارىسام، ئۆزۈم ئەركىن، يانچۇقۇمدا بىر تىيىن يوق، تۇفى، مۇنداق ئەركىنلىك قۇرۇپ كەتسۇن! پۇلۇڭ بولمىسا ئەركىنلىكىڭ ئۆزى سەرگەردانلىق… شۇ كۈندىن باشلاپ پۇل تېپىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن قايتمىدىم. ئاچلىقتا ئۆلۈپ كېتىشنىڭ ئورنى يوق - دە!… باشقىلارنىڭ قوينىدا ياتتىم، ئۆزۈم خالىمىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم… ھازىر كۆڭلۈم ياخشىلىنىپ قالدى. ئەرگە تېگىشنى ئويلاپمۇ باقمايمەن. ھېلىقى ئىككى ئەركەكنىڭ ۋاپاسىزلىقى ماڭا ئەر دېگەننىڭ نېمىلىكىنى تونۇتتى… ئەمما، بەزىدە زېرىكىمەن، پۇل ئۈچۈن ئەمەس، كۆڭۈل ئۈچۈن بىرەر ئەركەك بىلەن بىللە بولىمەن - دە، ئۇنى پاتلا ئۇنتۇپ كېتىمەن… پۇل ئىشقا كەلسەك، ھازىر مېنىڭ باشقىچە يوللىرىم بار. مەسىلەن،



مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن پايلاقچىلىق قىلىمەن… مانا سىز مەن يەتكۈزگەن بىر ئېغىز ئۈچۈر بىلەن ماڭا ئىككى مىڭ دوللار قەرزدار بولدىڭىز، ئۆزىڭىزمۇ بىر خەتەردىن خەۋەر تېپىپ قالدىڭىز… سىزنى چارچىتىپ قويدۇمغۇ دەيمەن؟

— ياق، ناھايىتى قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ بەردىڭىز.

— رەھمەت، بولمىسا دەم ئالايلى، سىز مۇشۇ يەردىلا قونۇپ قېلىڭ.

— مەيلى، سىزگە مالاللىق يەتمىسە … — دەپ رازى بولدۇم.

شۇ تاپتا ھەر ئىككىلىمىز بىر - بىرىمىزنى يېنىمىزدا تۇتۇپ تۇرالىساق خاتىرجەم بولاتتۇق. ئۇ مېنىڭ تۇيۇقسىز يوقىلىپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەيتتى. مەن ئۇنىڭ قېيناتامغا خەۋەر بېرىپ قويۇشىدىن قورقاتتىم.

— سىز ئىچكەركى ئۆيدە كارىۋاتتا يېتىڭ، مەن مۇشۇ يەردە ساپادا ياتاي، — دېدى خانىم.

— رەھمەت، كارىۋاتتا ئۆزىڭىز يېتىۋېرىڭ، بۇ يەردە مەن ياتاي! — دېدىم.

چۈنكى تېلېفون مۇشۇ تاشقىرىقى ئۆيدە ئىدى. پايلاقچى خېنىم تالاغا چىقماقچى بولسىمۇ بۇ يەردىن ئۆتمەي ئىلاجى يوق ئىدى.

## 9

زۆھرە!

يات ئايالنىڭ ئۆيىدىكى ئۇزۇن ساپا سوزۇلۇپ يېتىپ

ئۆزاقىچە ئويقۇم كەلمىدى . مۇنداق ئۇدۇل كەلگەن يەردە قونۇپ قالىدىغان ئىشلار مۇساپىرلىق هاياتىمدا كۆپ سادىر بولغان . بايا بۇ خانىم سۆزلىگەن ئۇمۇر تارىخى بەلكىم راستتۇر ياكى ئۇ مېنى پاراڭغا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈنلا توقۇپ چىقارغاندۇر . ئۇنىڭ «پۇلۇڭ بولمىسا ئەركىنلىكىڭ ئۆزى سەرگەردانلىق… » دېگەن بىر جۈملە سۆزى كاللامدىن كەتمىدى… تۇغۇلغان ماكانىمدىن چىقىپ بۇ يەرلەرگە كەلگۈچە مەن نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم ؟ باشقىلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدىم ، كەمسىتىلدىم ، خورلاندىم . ئۆلگۈدەك تىرىشىپ ئىشلەپمۇ باشقىلار ئالغان هەقنىڭ پەقەت ئۈچتىن بىر قىسمىنىلا ئالدىم . كېكەچلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن هەم ئىشلەپ ، هەم ئوقۇپ تىل ئۆگەندىم . يىلتىزى يوق قامغاقتەك شەهەرمۇ شەهەر دومىلاپ ، ئاخىر مۇشۇ يەرگە كېلىپ توختىدىم… كېيىن پۇلمۇ تاپتىم ، لېكىن هازىرغىچە ئەركىن بولالىغىنىمنى ئۇقمايمەن . يات ئەلدە ، يات ئادەملەر ئارىسىدا هامان قورۇنىمەن… شۇ تاپتا ئۆزۈمنى پايلاپ يۈرگەن بىر ئايالنىڭ ئۆيىدە يېتىپتىمەن . «روهىي كېسەللەر ساناتورىيىسى» دېگەن چىرايلىق نامى بار ، ئەتراپى تىكەنلىك ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان مەدەنىي تۈرمىگە كىرىپ قېلىش خەۋپىم كۆز ئالدىمدىلا تۇرۇپتۇ…

كۆز ئالدىمغا هىدايەت خانىم كەلدى . ئۇ مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئالغان ئايالىم . هىدايەت خانىم زۆرۈرىيەت بولمىسا ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان ، كۈننى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ، قانائەتچان ، هەقىقىي مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ بىرى . ئۇنىڭ دادىسى هىممەت ئەپەندى بۇ يەردىكى كاتتا بايلاردىن هېسابلىنىدۇ . بۇ ئائىلىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى تىكلىگەن ئادەم — ئۇلارنىڭ



بوۋىسى هاشىم بېسىپ ئۆتكەن هاياتمۇ ئاجايىپ بىر تارىخ .

هاشىم ئەسلىدە بىر چوڭ سودىگەرنىڭ ئاددىي چاكىرى ئىكەن . ئۇ ئون ئىككى يېشىدىن باشلاپ ئوتتۇز يىل ئاشۇ سودىگەرنىڭ ئىشىكىدە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىپتۇ . سودىگەرنىڭ بالىلىرى تۇرماق ، نەۋرىلىرىنىمۇ هاپاش قىلىپ چوڭ قىپتۇ . خوجايىنىنىڭ بىرقانچە يەردە ئۆي ـ جايلىرى ، تۆت خوتۇنى بار ئىكەن . هاشىم قىرىق ياشتىن ئاشقاندىمۇ باينىڭ ئۇنى ئۆيلەك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويۇش خىيالىغا كىرىپ باقماپتۇ . هاشىم بالا ۋاقتىدا شۇ سودىگەرنىڭ ئانىسىغا قانداق زورلۇق قىلغىنىنى ، كېيىن ئانىسىنىڭ نومۇسقا چىدىماي ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغىنىنىمۇ بىلىدىكەن . هاشىم ئۈنچىقماي كالىدەك ئىشلەيدىكەن . ئەمما ، بۇ ئۈنچىقماسلىقنىڭ ئاستىغا سودىگەرگە بولغان كۈچلۈك نەپرەتمۇ يوشۇرۇنغانىكەن…

بىر قېتىم هاشىمنىڭ خوجايىنى هەج قىلماقچى بولۇپ سەپەرگە چىقىپتۇ . يولدا خىزمىتىگە سېلىش ئۈچۈن پەقەت سادىق مالىيى هاشىمنىلا ئېلىۋاپتۇ . هاشىم يول بويى باينى كۈتىدىكەن ، ئۇلاغ هەيدەيدىكەن ، قونالغۇلارغا چۈشكەندە تاماق ئېتىدىكەن . مەملىكەت چېگرىسىدىن چىقىپ ، ئادەمسىز بىر ئۆزۈن چۆلدە كېتىپ بارغاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ . ئۇلار چېدىر تىكىپ چۆل ئوتتۇرىسىدىلا تۈنەپتۇ . باي بىلەن هاشىم ئوتتۇرىسىدا نېمە گەپ ـ سۆزلەر بولۇنغىنىنى هېچكىم بىلمەيدۇ . ئەتىسى يولغا چىقىش ئالدىدا ، هاشىم باينىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ياساۋېتىپ ، ئۇنى ئۇستىرا بىلەن بوغۇزلاپلىۋېتىپتۇ . جەسەتنى چېدىر ئىچىنى كولاپ كۆمۈپ ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئېشەك بىلەن قېچىرغا ئارتىپ مېڭىپتۇ . ئەمدى ئۇ سەپەرنى مۇقەددەس

مەككىگە ئەمەس، باشقا تەرەپكە قاراپ داۋاملاشتۇرۇپتۇ. تونۇش-بىلىشلىرىنىڭ گۇمانلىق نەزىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بىر يەردىمۇ ئۇزاقراق تۇرالماي، ئادەم تونۇمايدىغان يۇرتنى ئىزدەپ، ئاخىرى مۇشۇ ئەلگە كېلىپ توختاپ قالغانىكەن.

ھاشىم قاتتىق ئىشلەيدىغان، تىرىشچان ئادەم ئىكەن. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ يەر ئېلىپ، يەر سېتىپلا بېيىپ كېتىپتۇ. بىلىدىغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھاشىمنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى بولغانىكەن. ئۇ پۇللىرىنىڭ سانىنى بىلمىگۇدەك بېيىپ كەتكەن چاغلىرىدىمۇ ئۇماچ ئىچەتتىكەن. بالا ۋاقتىدا رەھمەتلىك ئانىسىنىڭ قوناق ئۇنىنى سوغۇق سۇغا چېلىپلا، بىرنەچچە تال چامغۇر، ئازراق پىياز، بولسا ياڭاقتەك ئېرىتكەن ماينى تاشلاپ، بوش ئوتتا پىلتىقلىتىپ قاينىتىپ پىشۇرۇپ بەرگەن ئۇمىچىنىڭ تەمى ئۇنىڭ ئاغزىدىن كەتمەيدىكەن. كېيىن نۇرغۇن ئۇماچلارنى ئىچكەن بولسىمۇ تەمى ئۇنىڭغا ئوخشىماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ھاشىم ئانىسى ئېتىپ بەرگەن شۇ ئۇماچنىڭ تەمىنى قوغلىشىپ بىر ئۆمۈر ئۇماچ ئىچكەنىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئادىتى پىخسىقلىقى توغرىسىدىكى نۇرغۇن غەيۋەتلەرگە سەۋەب بولغان، دېيىشىدۇ. ھاشىم ئاشۇنداق راھەتلىنىشنى بىلمەيدىغان ئورۇق، تىنىمسىز ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەرىكەتنىڭ ئۆزى راھەت بولسا كېرەك، ئۇ تاكى كۆزى يۇمۇلغىچە ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۇچۇن بايلىق يىغىپ توختىمىغان. يەنە بەزىلەر: ھاشىمنى ئارام ئالدۇرمىغان نەرسە ئۇ بوغۇزلىۋەتكەن ھېلىقى سودىگەرنىڭ كۆزى ئىكەن، جېنى چىقىش ئالدىدا ھاشىمغا نەشتەردەك قادىلىپ قالغان بۇ كۆزلەر كېچىلىرىمۇ ئۇنىڭ خىيالىدىن كەتمەي ئويغىتىۋېتەتتىكەن... دېيىشەتتى.



قېيناتام ھېممەت ئەپەندى دادىسىنىڭ يولى بىلەن ماڭمىغان. ئۇنىڭغا يېمەي - ئىچمەي دۇنيا يىغىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، دادىسى قالدۇرۇپ كەتكەن مال - مۈلۈكلەرنىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ ئاشاتتى. بۇ ئادەم ياشلىقنى كەيپ - ساپانى قوغلىشىپ ئۆتكۈزۈپ، يېشى قىرىقتىن ئۆتكەندە بارلىق ئەخمەقانە ئىشلىرىنى توختاتقانىكەن. ھېممەت ئەپەندى قولىنىڭ ئوچۇقلۇقى بىلەن دادىسىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. كىچىكىدىن تارتىپ ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقاچقا، ھەرقانداق مۇساپىرغا قولىدىن كېلىشىچە ياردىمىنى ئايىمايتتى، ئائىلىسىنىڭ ياخشى نامىنى ساقلاشنى ئەۋزەل بىلەتتى.

ئۇ ياشلىقنى شاللاقلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بالىلىرىنى قاتتىق تۇتاتتى. ھىدايەت خانىم ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك ئامراق قىزى ئىدى. بۇ قىزنىمۇ ئۇ پۈتۈنلەي ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنىدى. ھىدايەت خانىم ئىلگىرى ئىككى نىكاھلىق بولغان، پەرزەنت كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەر ئىككىلا ئېرى تاشلاپ كەتكەن ئايال ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ بەختسىزلىكىنى خۇدانىڭ تەقدىرى، دەپ بىلەتتى. ھېممەت ئەپەندى بولسا بۇ ئىشنى «ياشلىقىمدا قىلغان ئەسكىلىكلىرىم ئۈچۈن ئاللا مېنى بالىلىرىم ئارقىلىق جازالىدى!» دەپ چۈشىنەتتى... بۇ يەردە كۆچمەنلەر بىلەن ئۆزىنى يەرلىك دەپ ئاتىۋالغانلار بىر - بىرىگە قىز بېرىشمەيدىغان ئادەت ھازىرغىچە ساقلانغان. ھېممەت ئەپەندى ئامراق قىزىنىڭ تۇل ئولتۇرۇشىنى مۇۋاپىق كۆرمەي، مېنى ئۆزى ئىزدەپ كەلگەن؛ قىزى ھىدايەت خانىمنى نىكاھلاپ ئېلىشىمنى ئۆزى تەكلىپ قىلغانىدى. ماڭا ئۇ: «سېنىڭ كىملىكىڭنى، كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىڭنى،

ئۆتمۈشتە نېمە ئىشلارنى قىلغىنىڭنى سورىمىدىم . يىلتىزىمىز بىر ئىكەن ، ئاتا ـ بوۋام بىلەن ۋەتەنداش ئىكەنسەن ،شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە... سەندىن قىزىمنى بېقىشنى تەلەپ قىلمايمەن . دۇنيا دېگەننى ئۇ ئالەمگە يۇدۇپ كەتكىلى بولمايدۇ ، يەپ ياتساڭمۇ پۇل- پۇچەكلىرىمىز يېتىپ ئاشىدۇ... گۇناھلىق ئىشلارنى قىلساڭ ، ئۇ دۇنيادا ئاللا ئۆزى جازالايدۇ . سەندىن بىرلا ئۆتۈنۈشۈم — قىزىمنىڭ كۆڭلىگە ئورۇنسىز ئازار بەرمە !... » دېدى . ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گەپلەر شۇنچىلىك قىسقىلا بولدى . مەن ئۇنىڭغا كۇيئوغۇل بولۇپ قالدىم...

زۆھرە ، كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپ بېرىپ «قېيناتامنىڭ ئەمدى مېنى نېمە ئۈچۈن روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسىگە تۇتۇپ بەرگۇسى كېلىپ قالغاندۇ !؟» دېگەننى ئويلىدىم . ئېھتىمال ئۇ مېنى قىزىغا ئەر بولۇش لاياقىتىدىن قالغان ، ئۆزىنىڭ ئابرۇيىغا نۇقسان يەتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان بىر ساراڭغا چىقىرىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن !

## 10

زۆھرە !

ناتونۇش ئايالنىڭ ئۆيىدىكى بىر كېچىنى مەن ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن تاڭغا ئۇلىدىم . تاماققا ئولتۇرغان چېغىمىزدا ھېلىقى خانىم :

— كېچە نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈپ چىققىنىڭىزنى بىلەمسىز ؟ — دەپ سورىدى .

— نېمىدەپ جۆيلۈدۇم ؟ — دېدىم .



— كېچە سىز ئۇزاققىچە ئۇخلىماي ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلدىڭىز . ئۇخلىغاندىن كېيىنمۇ بىرنەچچە قېتىم «قار ، قار !» دەپ ۋارقىراپ كەتتىڭىز . ئەمما ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ سايما كەشنى ئىزدىمىدىڭىز .

— قىزىق ، مېنى كېچىچە ئۇخلىماي كۆزنىتىپ چىققان ئوخشىمامسىز ؟

— ئوتتۇرىدىكى ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ ، ھەربىر شەپىگە قۇلاق سېلىپ ياتتىم .

— نېمىشقا ؟

— قانداقلا بولمىسۇن ، مەن دېگەن ئايال ـ دە ! ... ئايال كىشى يات بىر ئەر بىلەن بىر ئۆيدە يالغۇز ياتقاندا نېمىلەرنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ ، دەيسىز ؟

— مەسىلەن ، سىز نېمىلەرنى خىيالىڭىزغا كەلتۈردىڭىز ؟

— بىر كىتابتىن مەن «ئاللا كۈندۈزنى ئىنسانلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن ، كېچىنى دەم ئېلىشى ، بىر - بىرىدىن يوشۇرىدىغان خۇپىيانە ئىشلىرىنى قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ياراتقان» دېگەن جۈملىلەرنى ئوقۇغان ... مەسىلەن ، سىز ئىچىڭىز پۇشۇپ ئۇخلىيالماي مېنى چاقىرىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن ياكى قانداقتۇر بىر بولمىغۇر خىياللار كاللىڭىزغا كىرىۋېلىپ ، مېنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىڭىزمۇ مۇمكىن . كېچىسى دېگەندە نېمە ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ دەيسىز ... ئەمما ، ئەخلاق جەھەتتە ئىشەنچلىك ئادەمدەك كۆرۈنىسىز . ئېيتىڭا ، نېمىشقا «قار ، قار !» دەپ ۋارقىرايسىز ؟ خانىمىڭىزنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۆيدىمۇ سىز بەزىدە شۇنداق جۆيلۈپ ۋارقىراپ كېتەتتىڭىزكەن ... كەش ئىزدەيدىغان ئىش دوختۇرخانىدىن باشلىنىپتۇ ...

— سىزگە نېمىدەپ چۈشەندۈرسەم بولىدۇ، — دېدىم، — تۇغۇلغان يۇرتۇمدا تۆت پەسىل ناھايىتى ئېنىق ئۆتىدۇ. باھاردا قاتتىق بورانلار چىقىدۇ، قارلار ئېرىپ، يەر - جاھان قايتىدىن ئويغىنىدۇ، ئاندىن باھار قۇشلىرى يېتىپ كېلىدۇ، داللاردا رەڭمۇرەڭ چېچەكلەر ئېچىلىپ كېتىدۇ. يازدا بولسا بۇ يەردىكىدىن قېلىشمىغۇدەك ئىسسىقلار بولىدۇ. ئېرىق - ئۆستەڭلەردە قىيان سۇلىرى تولۇپ ئاقىدۇ، مېۋىلەر شىرنە باغلاپ پىشىدۇ. كۈزدە پۈتۈن تەبىئەت ئالتۇن رەڭگە كىرىپ، يوپۇرماقلار تۆكۈلىدۇ. قىشتا قېلىن قار چۈشۈپ، داللار ئاپئاق تونغا پۈركىنىدۇ… ھاياتىمدا قار بىلەن باغلىنىپ كېتىدىغان ئاجايىپ ئىشلار بولغان. مەسىلەن، مەن سىزگە ئېيتسام، مېنىڭ ئۆز يۇرتۇمدا ئىككى ئوغلۇم بىلەن ئايالىم قالغان. تۇنجى سۆيگەن شۇ ئايالىم بىلەن مەن قارلىق بىر دالىدا مۇھەببەتلەشكەن، لەپىلدەپ قار چۈشۈپ تۇرغان بىر كېچىدە تويلاشقان… يەنە شۇنداق بىر قارلىق كېچىدە قاتىل بولۇپ قالدىم. قارلىق بىر دالىدا تۇرمىدىن قاچتىم… بالا ۋاقتىمدا قارنى بەك ياخشى كۆرەتتىم. كېيىن قاردىن بىزار بولدۇم. قاراڭ، تەقدىر مېنى مەسخىرە قىلغاندەك، مانا قار چۈشمەيدىغان بىر جايغا ئەكېلىپ تاشلىدى. ئەمدى قارنى سېغىنىدىغان بولدۇم…

— قىزىق گەپلەر ئىكەن. ئۇچۇقراق ئېيتىشىڭىزغا مۇمكىن بولارمۇ؟… مېنىڭ قىزىقىۋاتقىنىم، سىز قانداق بولۇپ قاتىل بولۇپ قالدىڭىز؟ بالا - چاقىلىرىڭىزنى نېمىشقا تاشلاپ كەلدىڭىز؟

— بۇ ئۇزاق بىر تارىخ، خانىم، سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويىمەنمىكىن؟



— سىزنى يېنىمدا سالامەت تۇتۇپ تۇرغان ۋاقتىمنىڭ ھەممىسىگە ھىدايەت خانىم پۇل تۆلەيدۇ. ئۆزىڭىزگىلا مالاللىق يەتمىسە سۆزلەۋېرىڭ. غەلىتە ۋەقەلەر يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن. بۈگۈنمۇ شۇنداق بىر ئاجايىپ ۋەقەلەرنى ئاڭلايدىغاندەك قىلىپ تۇرىمەن. ئەلۋەتتە بۇ تىرىك ئادەمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ھەقىقىي ئىشلار بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ قىزىق بولۇشى مۇمكىن.

— قىزىق بولۇشى ناتايىن، بىر قورقۇنچلۇق چۈشكە ئوخشىشىدىغان كۆڭۈلسىز ۋەقەلەر. ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىسام، تۇرمۇشتىكى كىچىككىنە بىر ئۇقۇشماسلىقلارنىڭمۇ كىشىنىڭ ھاياتىغا كۈتمىگەن پاجىئەلەرنى ئەكېلىدىغىنىغا ھەيران بولىمەن… گەپنى يىراقتىن باشلىسام، مەنمۇ بىر كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئىدىم. دادام كىچىكىمدە ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، مەن ئانامنىڭ بالىلىرى توختىماي، ئاخىرىدا تۇرۇپ قالغان يالغۇزلا ئوغلى ئىكەنمەن. مېنىڭ ئەسلىي ئىسمىم «تىلىۋالدى». مەن تۇغۇلغاندا ئانام خۇدايىمنىڭ مېنىمۇ كىچىك ئەكېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاۋۋال بىر قازاق ئايالغا بېرىۋەتكەن بولۇپ، كېيىن ئۆزى دېرىزىدىن چۈشۈپ ئوغرىلاپ ئاچىققانىكەن. خۇدادىن تىلىۋالدىم، دەپ ئىسمىمنى «تىلىۋالدى» قويۇپتىكەن.

بىچارە ئانام مېنى ناھايىتى جاپادا بېقىپ چوڭ قىلدى، ئوقۇتتى. ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا ئوقۇپ پۈتتۈردۇم. ئانام قېرىپ ئاغرىقچان بولۇپ، ئىشلىگۈدەك ھالى قالمىغانىدى. ئاپامغا قارايمەن، دەپ ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشتىن قالدىم. ئەترەتكە كىرىپ ئىشلىدىم. «ئەترەت» دېگەننى سىز «دېھقانچىلىق قىلىدىغان بىر كوللېكتىپ» دەپ چۈشەنسىڭىز

بولىدۇ. كېيىن ئانام ئۆلۈپ كەتتى. يالغۇز قالدىم. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىمدا ياخشى ئۆتۈشكەن بىر قىز ساۋاقدىشىم بار ئىدى. قىشنىڭ قار يېغىپ تۇرغان بىر كېچىسى توي قىلىپ ئۆيگە ئەكىلىۋالدىم. ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى بالىلىق بولدۇق. جان سانىمىز كۆپەيگەنسېرى تۇرمۇشىمىز ئېغىرلاشتى. ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئېتىزدا ئىشلىسەك دەپتىرىمىزگە قۇرۇق نومۇرنى خاتىرىلەپ قوياتتى، قولىمىز پۇل كۆرمەيتتى، ھەممە نېمىنى ئەترەتتىن قەرزگە ئالاتتۇق... كېيىن، ئەترەتنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ خادىن كۆمۈر توشۇدۇم. بۇنىڭدا ئازراق بولسىمۇ تاپاۋەت قىلغىلى بولاتتى. بىرەر مىشكاپ ئۇششاق كۆمۈرنى ھارۋىنىڭ ئۈستىگە تاشلىۋېلىپ، ئۆينىڭ قىشلىق كۆمۈرنى غەملىۋالاتتۇق. ماخودىن ئاتقا دەپ بىر - ئىككى باغ بېدىنى ئوشۇق ئېلىۋېلىپ، يولدا سېتىپ پۇل قىلاتتۇق. بەزىدە ئاتنىڭ يېمىنىمۇ ئوغرىلايتتۇق. مەنلا ئەمەس، ھەممە ھارۋىكەش شۇنداق قىلاتتى... ھارۋىكەشلىكنىڭ جاپاسى كۆپ بولسىمۇ، ئۆزىگە تۇشلۇق راھىتىمۇ بار ئىدى. غاچىلداپ تۇرغان سوغۇقتا داۋانلاردىن ئات - ھارۋىنى سالامەت ئۆتكۈزۈپ كەڭ يولغا چىققاندا، كىشىنىڭ ھاردۇقى چىقىپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلار روشەن پارلاپ كەتكەندەك بولاتتى... كەمبەغەلنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق خۇشاللىقى بولىدۇ. كۆمۈرنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ھېلىقى بېدە ساتقان پۇللارغا بالىلارغا دەپ ئالغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ئىسسىق ئۆيگە كېلىپ، بالا - چاقا بىلەن ئولاش - چولاش بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش، خاتىرجەم ئۇخلاپ، ئەتىسى ھاردۇقى چىقىپ قالغان ئاتلارنى ھارۋىغا قېتىپ يەنە يولغا چىقىش كۆڭۈللۈك ئىدى.



ئەترەت قوشۇمچە كىرىم قىلىش ئۈچۈن بەزىدە ئىدارە - جەمئىيەتلەرگە كۆمۈر يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشىنىمۇ كۆتۈرە ئالاتتى. بىر قېتىم بىر كادىرنىڭ ئۆيىگە كۆمۈر ئاپىرىپ بېرىشكە توغرا كەلدى. ئېسىمدىن چىقمايدۇ، تازا جېدەللەپ قارا يېغىۋاتقان بىر كۈن ئىدى. كۆمۈرنى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاران يەتكۈزۈپ كەلدىم. دەرۋازىنى قاقسام ھېلىقى كادىرنىڭ ئايالى چىقتى، كۆمۈرنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ھارۋىنى سا قىلىپ، كۆمۈرنى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغىلا چۈشۈرۈپ بەردىم. ھېلىقى ئايالنىڭ كۆمۈرگە قاراپ:

«يولدىشىم كاماندىروپكىغا چىقىپ كېتىۋىدى، بۇ كۆمۈر كېچىچە مۇشۇ قاردا تالادا تۇرارمۇ؟!» دەپ بېشى قاتتى. مەن:

«بىرەر قول ھارۋا يوقمۇ؟ قول ھارۋا بولسا تېپىڭ، مەن ئەكىرىشىپ بېرەي» دېدىم.

ھېلىقى ئايال خۇشال بولۇپ، بىر قول ھارۋىسىنى سۆرەپ چىقتى. يالغۇز ئايالكەن، دەپ ئىچىم ئاغرىپ كۆمۈرنى توشۇپ، كۆمۈرخانىسىغا رەتلىك قىلىپ تىزىۋەتتىم. ئايال خۇشاللىقىدا چاي قىلىپ، سەي قورۇپتۇ. كۆمۈرلەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولۇشۇمغا يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇشقا ئىسسىق سۇ بېرىپ، ئۆيگە باشلىدى. كىرسەم يېڭى ئەكەلگەن كۆمۈرنى سېلىپ، ئۆي دېگەننى تازا ئىسسىتىۋېتىپتۇ. تەرلەپ ئولتۇرۇپ سەي بىلەن ئەتكەنچاي ئىچتىم، ئاندىن ئايالغا چاقچاق قىلىپ:

«سەينى تازىمۇ ئوبداق قورۇپسىز. ئاكىمىزنىڭ تىقىپ قويغان ھاراقلىرىدىن يوقمۇ؟ بىرەر يۇتۇم يۇتۇۋالغان بولسام سوغۇقتا تازا قاملىشاتتى - دە!» دېدىم. ئايال:

«ھاراق دەمسىز؟ مەن قاراپ باقاي، — دەپ ئىچكەركى

ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ، ياخشى هاراقتىن بىر بوتۇلكا كۆتۈرۈپ چىقىپ ، ئالدىمغا قويۇپ قويدى ، — ئەمىسە ئۆزىڭىز ئازادە ئولتۇرۇپ تاماقلىنىۋېرىڭ ، مەن بالامغا هەمراھ بولاي » دەپ ئىشكىنى يېپىپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

شۇنداق قىلىپ ، هاراق ، سەي ، تاتلىق - تۈرۈملار تىزىلغان ئۈستەلدە ئۆزۈم يالغۇز قالدىم «خوش ، تىلىۋالدىئاخۇن ، مېهمان بولۇشۇڭنى بىل !» دەپ هاراقنى گۇپۇلدىتىپ قويۇپ ئىچىشكە باشلاپتىمەن . شۇ چاغدا كۆز ئالدىمغا قېيىسىيىپ كەتكەن كونا ئۆيدىكى خوتۇن - بالىلىرىم كەپتۇ . نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئۆيلىرى مۇنچىلىك ئىسسىق ، داستىخىنى مول ، مېنىڭ ئۆيۈمدىن بوران ئۇچۇپ تۇرىدۇ ؟ نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئۆي - جاهازلىرى شۇنچە كۆركەم ، تاملىرىدا گىلەم ، مېنىڭ ئۆيۈمدە بىر پارچە يىرتىق كىگىز ، كونا يوتقان - كۆرپىلەردىن باشقا هېچنېمە يوق ؟ ··· دېگەنلەرنى ئويلاپتىمەن .

ئوقۇغۇچى ۋاقتىمدىن باشلاپلا هەر خىل كىتابلارنى كۆپ ئوقۇيتتىم . چەت ئەللەرنىڭ تۇرمۇشىغا ناهايىتى قىزىقاتتىم . قاچانمۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز شۇنداق ياخشى كۈنلەرگە ئۇلىشار دەيتتىم··· دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنى كىشىلەر مەن تۇغۇلماستىن بۇرۇنلا بۆلۈشۈپ بولغانىكەن . مەن سىزگە ئېيتسام ، خانىم ، ئەقلىمنى تېپىپ بىرىنچى بولۇپ چۈشەنگىنىم — بۇ دۇنيادا ئىگىسى يوق نەرسە بولمايدىكەن ، دېگەن هەقىقەت بولدى . ماۋۇ جاي كىمنىڭ ؟ پالانچاخۇننىڭ ، ماۋۇ دۇكان كىمنىڭ ؟ پوكۇنچاخۇننىڭ ، ماۋۇ دەل - دەرەخلەر كىمگەقاراشلىق ؟ پوستانچىغا··· مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ، ئىش ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى . قارىسام هەممە ئورۇننى مەندىن



ئىلگىرىرەك تۇغۇلغانلار ئىگىلەپ بولغانىكەن . بىركۈنى شەهەرنىڭ كوچىسىدا هارۋامنى هەيدەپ كېتىۋېتىپ ، خېلى سالاپەتلىك ئىككى ئادەمنىڭ ياقىلىشىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم . نېمە گەپكىن ، دەپ هارۋامنى توختىتىپ ئۇقسام ، هېلىقى ئىككىسى تام قوشنا ئىكەن . «نېمىشقا مېنىڭ ئۆگزەمنىڭ ئۈستىدىن توك سىمىڭنى ئۆتكۈزىسەن !» دەپ سوقۇشۇۋېتىپتۇ . «خۇدايا تۇۋا !» دەپ ياقامنى تۇتۇپ قالدىم . مانا خەقلەر ئاسماننىمۇ بۆلۈشۈپ بولغانىكەن . ئۇنداقتا خۇدايىم مېنى بۇ ئالەمگە نېمىشقا ياراتتى ؟ تۆرەلگەنىكەنمەن ، دۇنيادا ماڭا تېگىشلىكمۇ نەرسىلەر بولۇشى كېرەك - دە ؟ ··· قېنى ، ماڭا تەئەللۇق نەرسىلەرنى زادى كىم ئىگىلىۋالدى !؟···

شۇنداق خىياللار بىلەن ئولتۇرۇپ هېلىقى بىر بوتۇلكا هاراقنىڭ هەممىسىنى ئىچىۋېتىپتىمەن . بىزنىڭ ئۇ يۇرتلارنىڭ هارىقى ناهايىتى كۈچلۈك بولىدۇ ، خانىم . شۇ ئايالنىڭ ئۆيىدىن قانداق قايتىپ چىققىنىمنى ، ئات - هارۋىنى ماخوغا قانداق هەيدەپ بارغىنىمنى ئۇقمايمەن . ماخودىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ، ئەترەت باشلىقىنىڭ دەرۋازىسىنى جالاقلىتىپ تېپىپ : «هەي ئەترەت باشلىقى ، بۇياققا چىق ، سەن بىلەن هېسابلىشىمەن . بۇ دۇنيادىكى ماڭا تەئەللۇق نەرسىلەر قېنى ؟ نېمىشقا مەن باشقىلارنىڭ ئەسكى ئۆيىدە قوشنا ئولتۇرىمەن ، سەن تېخى تۇغۇلمىغان بالىلىرىڭ ئۈچۈن جايلىق يەر ئىگىلىۋالىسەن !؟» دەپ خېلى چاتاق چىقىرىپتىمەن . ئەترەت باشلىقى مېنىڭ مەستلىكىمنى بىلىپ تالاغىمۇ چىقماپتۇ .

قىشنىڭ تۈنى شۇنچە ئۇزۇنمىكىن ، ئۆيگە كېلىپ يەنە خۇدۇمنى بىلمەي ئوبدان بىر ئۇخلاپتىمەن . سەهەردە بىرى

تۇرتۇپ ئويغىتىۋەتتى . كۆزۈمنى ئاچسام ، ئۇستۇمدە ساقچىلار قاراپ تۇرۇپتۇ . قولۇمغا كويزا سېلىشتى . «نېمە گەپ ، مەن نېمە گۇناھ قىلدىم ؟» دېۋىدىم ، شۇ يەردىلا تاياق يېدىم . كېچىدىن ياغقان قار توختىماي چۈشۈۋېتىپتۇ . ئۇلار مېنى سۆرەپ ئاچىقىپ ماشىنىغا سېلىشتى . قارنى ئويلىساملا ھەممە ۋەقە بىر - بىرلەپ ئېسىمگە چۈشىدۇ .

ساقچىغا كېلىپ بىلدىمكى ، شۇ كېچە مەن كۆمۈر ئاپارغان ئۆيدىكى ھېلىقى ئايالنى بىرى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كېتىپتۇ . قاتىل ئايالنى مېنىڭ شۇ ھويلىدا ئۇنتۇپ قالغان كۆمۈر ئۇسىدىغان گۈرجىكىم بىلەن باش قىسمىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ . مەن تاماق يېگەن ئۇستەلدە بىر كىر قولياغلىقىممۇ قالغانىكەن . ساقچىلار مەندىن باشقا بىرەر گۇمانلىق ئادەمنىمۇ تۇتۇپ كېلەلمىدى . شۇ قارلىق كېچىدە ھېلىقى ئۆيگە بارغان بىردىنبىر ئادەممۇ مەن بولۇپ چىقتىم . گۈرجەك بىلەن قولياغلىق قاتىل ئىكەنلىكىمگە ئىسپات بولدى . ھەرقانچە ئويلاپمۇ ھېلىقى مېھماندوست بىچارە ئايالنى ئۆلتۈرۈپ قويغىنىمغا ئۆزۈمنى ئىشەندۈرەلمىدىم ؛ ئادەم ئۆلتۈرمىگىنىمگە ساقچىلارنىمۇ ئىشەندۈرەلمىدىم . سوراقچىلار «سەن يامان نىيىتىڭنى ئىشقا ئاشۇرالماي ئۆلتۈرۈۋەتكەنسەن !» دەپ ئۇرۇپ ، قىيناشتى . كەمبەغەلچىلىكتە باشقىلارنىڭ ئىگىلىۋالغان مال - دۇنياسىغا كۆزۈم قىزارغان بولسىمۇ ، ئۆزگىلەرنىڭ ئاياللىرىغا كۆزۈم قىزارغان ئادەم ئەمەسمەن . بۇ تەرەپتىن قەلبىم پاك ، ئۆزۈمنىڭ سۆيۈپ تاللىۋالغان ئايالىم ، ياخشى كۆرىدىغان بالىلىرىم بار ئىدى... گەپلىرىمگە ھېچكىم ئىشەنمىدى . ئادەم ئۆلتۈرگەن ، دېگەن گۇمان بىلەن يىگىرمە يىللىق قاماققا كېسىلدىم .



— دەھشەت ! — دەپ ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى خانىم بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ، — ئازراق ھاراق قويايمۇ ، قانداقىنى ئىچىسىز ؟

— رەھمەت ! شۇ ئىشتىن كېيىن ھازىرغىچە ئاغزىمغا بىر يۇتۇم ھاراق ئالغان ئەمەسمەن... ھەئە ، ھەرقانداقىنى...

— بولمىسا ، باشقا بىرنېمە قوياي .

— ئازراق مېۋە شەربىتى ئىچىپ قوياي .

— خوش ، كېيىن سىز تۈرمىدىن قانداق قۇتۇلۇپ چىقتىڭىز ؟ — دېدى ئايال ئالدىمغا بىر ئىستاكان مېۋە شەربىتىنى قويۇپ ، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ، — ھەقىقىي قاتىل بىر كۈنى پاش بولۇشى كېرەكقۇ ؟

— سىز ئوقۇغان كىتابلاردا شۇنداق بولىدۇ . رېئال تۇرمۇشتا جاۋابى يوق تېپىشماقلار ناھايىتىمۇ تولا... بۇمۇ بىر تېپىشماقتەك ئىش بولدى . ھەقىقىي جىنايەتچى يوشۇرۇنۇپ قالدى ، مەن بىگۇناھ قولغا ئېلىندىم . تۈرمىدىن قېچىشنى ھەر كۈنى ، ھەر سائەت ئېسىمدىن چىقارمىدىم... خانىم ، بىز تەرەپتە «تەڭرىتېغى» دەپ بىر تاغ بار . بۇ «ئاللانىڭ تېغى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . تاغنىڭ بۈيۈك چوققىلىرى قىش - ياز ئاپئاق قار - مۇز بىلەن پۈركىنىپ ياتىدۇ . يۇرتىمىزنىڭ دەريالىرى ئاشۇ مۇقەددەس تاغدىن ئېرىپ چۈشكەن مۇزدەك قار سۇلىرى بىلەن تولۇپ ئاقىدۇ . تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى دۇنيا . جەنۇبىي تەرەپتە چەكسىز كەتكەن قۇملۇقلار ، قۇملۇقلار ئارىسىدا ئۈزۈك - ئۈزۈك بوستانلىق يۇرتلار بار ؛ شىمالىي تەرەپتە بولسا تۇتاش كەتكەن قارىغايزارلىقلار ، يايپېشىل ئوتلاقلار سوزۇلۇپ ياتىدۇ . دەسلەپتە مەن مەھبۇسلار بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى

چۆللەردە ئىككى يىلچە ئىشلىدىم . ئۈچىنچى يىلى بىز شىمالىي تەرەپكە ئۆتۈپ تاغ تەشتۇق . بۇ تاغنى تېشىش ھۆكۈمەت ئۈچۈن نېمىگە ھاجەت بولۇپ قالدى ، بۇنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيتتى . ئىشقىلىپ ، قەھرىتان بىر قىشنى شۇ يەردە ئېغىر ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزدۇق . ئەتىيازغا يېقىنلاشقاندا تاغنىڭ قاپتاللىرى خېلى ئىسسىپ قالدى . تاغ ئېتەكلىرىدىكى قارلار چىپىلداپ ئېرىپ ، جىرالاردا شىرغىپ سۇلار ئېقىشقا باشلىدى . بىز تاماقنى تۆۋەنكى بىر ئوچۇقچىلىقتا يەيدىغان بولدۇق . بۇ مەھبۇسلارنىڭ ئىچىدە ئوغرىلار ، قاتىللار ، باسقۇنچىلار ، سىياسىي جىنايەتچىلەر دېگەندەك ھەر خىل ئادەملەر بار ئىدى . ئۇلارغا زادىلا ئارىلاشقۇم كەلمەيتتى . ئۆزۈمنى ھامان بىگۇناھ ، پاك ھېسابلايتتىم . تاماق ۋاقتىدىمۇ قاچامنى كۆتۈرۈپ بىر چەتكە بېرىپ تاماق يەيتتىم ، خىيالدىن نېرى بولالمايتتىم . ماڭا ئىسسىق چاي ، سەي قورۇپ بېرىپ ، ئاخىرىدا پاجىئەگە ئۇچرىغان ھېلىقى ئايالنى ئۇستىلىق بىلەن ئۆلتۈرۈپ ئىز قالدۇرماي كەتكەن قاتىلنى ، قولۇمغا كويزا سېلىنغاندا يىغلىشىپ قالغان بالىلىرىمنى... يەنە شۇنداق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلايتتىم . ئويلاپ خىياللىرىمنى بىر باشقا ئاچىقالمايتتىم . نازارەتچىلەرمۇ مۇنداق غەيرىي مىجەزىمگە ئۆگىنىپ قېلىشقانىدى . تاغ ئىچىدە مەن يۇقىرىراق بىر يەردىكى چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان قارىغاي كۆتىكى يېنىغا بېرىپ تاماق يەيتتىم . ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تۆۋەندىن ھېلىقى قارىغاي كۆتىكىگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر يالغۇزئاياغ يولمۇ پەيدا بولغانىدى .

قۇياش خۇددى باھاردىكىدەك ئىسسىتىپ تۇرغان بىر كۈنى ئىدى . بىز چۈشلۈك تاماقتا ھېلىقى ئوچۇقچىلىققا چىققانىدۇق .



كۆتەك ئۈستىدە تاماق يەۋاتقىنىمدا قۇلىقىمغا گۈلدۈرلىگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ ، ئاستىمدىكى يەر تەۋرەپ كەتكەندەك بولدى - دە ، كۈچلۈك بىر شامال مېنى كۆتۈرۈپ ئىككىنچى بىر ئېگىزلىككە ئاچىقىپ دومىلىتىۋەتتى . تۆۋەندىن قار تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ ، ئاستا - ئاستا بېسىلىپ قالدى . نېمە ۋەقە سادىر بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي يىقىلغان ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، تۆۋەنگە قاراپ ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم . بايا ، قارشى تەرىپىمدىكى تاغ بىز قىشچە تەشكەن يەردىن ئاجراپ ، قار كۆچكەنىكەن . تۆۋەندىكى ئوچۇقچىلىقتىكى ھېلىلا ۋاراڭ - چۇرۇڭلىشىپ تاماق يەۋاتقان مەھبۇسلار ، نازارەتچىلەر ، كۆچمە ئاشخانا ، گەمىلەرنىڭ ھەممىسى قار ئاستىدا قاپتۇ . ئۇ يەردە يېڭى بىر ئېگىزلىك پەيدا بولۇپ چوقچىيىپ تۇرۇپتۇ . بىردەمنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ مۆجىزىدىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم . پۈتۈن ئەتراپ قايتا جىمجىتلىققا چۆككەن بولۇپ ، ئۆزۈم تەنھالا تۇراتتىم . بىردىنلا كاللامغا «قاچ ! بۇ ئاللانىڭ قېچىشىڭغا يارىتىپ بەرگەن پۇرسىتى بولۇشى مۇمكىن !» دېگەن پىكىر كەلدى - دە ، قاچتىم .

كېيىن ، بۇ يەردىن بىرمۇ ئادەمنى كولاپ ئالالمىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردۇم . ئادەملەر قار سۈرەپ كەلگەن قېلىن تاش - تۇپراق ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغانىدى . ھۆكۈمەت شۇ يەردىلا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ، بارلىق مەھبۇسلارنى ئۆلگەنلەر قاتارىدا رويخەتتىن ئۆچۈردى . مەن بالىلىرىمنى كۆرۈشكە شۇنچە تەشنا بولساممۇ ئۆيۈمگە قايتالمىدىم . چۈنكى ، مەن «ئۆلگەن» ئىدىم . ئەگەر تونۇش بىرەرى مېنى كۆرۈپ قالسىلا ئىش بۇزۇلاتتى . مەن بۇ مەملىكەتتىن مەڭگۈگە ، مەڭگۈگە يوق بولۇشۇم كېرەك ئىدى...

ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە مەلۇم ۋاقىت مۆكۈنۈپ يۈردۈم . قار كېتىپ ، داللار ئېچىلىشى بىلەنلا دۆلەت چېگرىسىدىن قېچىپ ئۆتۈپ كەتتىم . سەرگەردانلىق ھاياتىم ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى . ھەر تەرەپتە سەرسان بولۇپ يۈرۈپ بېشىمدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئويلىسام ، ئۆزۈمنى يۈز ياشتىن ئېشىپ ، قېرىپ ، مۈكچىيىپ كەتكەندەكلا ھېس قىلىمەن . خانىم ، بىلەمسىز ؟ مېنى خىيال ، ھەسرەت تۈگەشتۈردى . مەن روھىي جەھەتتىن گۇمران بولدۇم . يۇرتنى ، بالا - چاقىلىرىنى ھەر كۈنى سېغىنىدىغان ، ئەمما ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بارالمايدىغان ئادەمنىڭ ئازابىنى سىز چۈشىنەمسىز ؟... بەزىدە مەن ئۆزۈمنى راستتىنلا ساراڭ بولۇپ قالغاندەك ، ئويغاق تۇرۇپمۇ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن . بەلكى ھېلىقى ئائىلىنىڭ ئۆيىدە ئىچكەن ھاراق بىلەنلا ساراڭ بولغاندىمەن . مېنىڭ جىنايەتچى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھ بولغان ھېلىقى بىر گۈرجەك ، ئۇستەل ئۈستىدە ئۇنتۇلۇپ قالغان كىر قولياغلىق نېمىنى چۈشەندۈردۇ ؟ كىم بىلىدۇ ، ئۇ ئائىلىنى مەن راستتىنلا ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەندىمەن . بولمىسا مەن نېمىشقا قاچتىم ؟ ھەقىقىي جىنايەتچى قېنى ؟ نېمىشقا شۇنچىۋالا ئادەم تۈپراق ئاستىدا قالدى ، مەن يەنە ئامان قالدىم ؟ نېمىشقا مېنىڭ ھاياتىمدىكى ياخشى - يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى قار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالىدۇ ؟ مېنىڭ قەلبىمدە قار ئاقلىقىنىڭ ، پاكلىقىنىڭ سىمۋولى ئەمەسمىدى ؟... بۇ سىرلارنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمەيمەن . بەلكىم بىز ھەممىمىز شۇنداق خاتا بىر تۇيغۇنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقان بەندىلەردۇرمىز...

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە توختىدىم . ئارىمىزنى جىمجىتلىق باستى .



— ئاجايىپ ئىشلار ئىكەن ، — دېدى خانىم بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ، — تاماكا چېكىشىمگە رۇخسەت قىلامسىز ؟

— چېكىۋېرىڭ .

— قاراڭ ، شۇنچە ئادەم ئۆلۈپ ، يەنە سىز ئامان قاپسىز ، ئامەتلىك ئىكەنسىز .

— ئامەت !... كىچىك ۋاقتىمدا بىر رەمچى موماي ئالىقىنىمنى كۆرۈپ ، «بالام سەن ئامەتلىككەنسەن !» دېگەنىدى . مانا ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتتى . ھازىرغىچە ئۇ ئامەتنىڭ نەدىلىكىنى كۆرمىدىم . ئويلىسام ، ئۆمرۈم قېچىش ، يوشۇرۇنۇش بىلەنلا ئۆتۈپتۇ . بۈگۈنگە كەلگەندىمۇ يەنە ساراڭلار سارىيىغا كىرىپ قالماسلىق ئۈچۈن مۆكۈنۈپ يۈرىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم... سىز قېيىناتام بىلەن خانىممغا بېرىپ ئېيتىڭ . ئۇلارنىڭ ماڭا ئازراق بولسىمۇ ئىچى ئاغرىسۇن . ئۆلسەممۇ ساغلام ئادەملەر ئارىسىدا ، ئەركىنرەك يۈرۈپ ئۆلەي ! ...

زۆھرە !

پايلاقچى خانىم ئۆزىگە ئازراق تولۇقلاپ پەرداز قىلىپ ، ھىدايەت خانىم بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ چىقىپ كەتتى . مەن ئۇ قايتىپ كەلگۈچە ياتاقتا كۈتۈپ تۇرماقچى بولۇپ قالدىم . خانىم كېتىشى بىلەنلا چىقىپ ، مېھمانخانىدىن ھېسابىنى ئۈزدۈم - دە ، كېتىپ قالدىم . يەنە يەر ئاستى پويىزىغا ئولتۇرۇپ شەھەرنىڭ باشقا بىر تەرىپىگە يېتىپ باردىم . خالىي بىر جايدىكى مېھمانخانىغا چۈشۈپ ، ساڭا يېزىۋاتقان ئۇزۇن - ئۇزۇن خەتلىرىمنى داۋاملاشتۇردۇم . ھازىر يۇرتۇمغا ، سىلەرگە

يېزىۋاتقان مۇشۇ خەتلىرىملا كۆڭلۈمگە ئارام ۋە تەسەللى بېرىدىغان بولۇپ قالدى .

ئەتە بۇ يەردىنمۇ كېتىمەن . ئارقامغا چۇشۇۋالغان پايلاقچىلار تاپالمايدىغان يىراق بىر جايغا بېرىپ يوشۇرۇنىمەن .

## 11

زۆھرە !

پايلاقچى خانىمنىڭ ياتىقىدىن قېچىپ چىقىپ ، يىراق - يېقىنلاردا يەنە بىر ئايچە مۆكۈنۈپ يۈردۈم . بىر كۈنى ھىدايەت خانىم بىلەن قېيناتام مەن تۇرغان ئورۇننى تېپىپ كېلىشتى .

— سىزنى ناھايىتى كۆپ ئىزدىدۇق ، — دېدى ھىممەت ئەپەندى كۈلۈپ ، — يۇرتتىن بالىلىرىڭىزدىن خەت كەلگەنىكەن...

— قېنى ؟ ! — دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم .

— كەچۈرىسىز ، — دېدى ئايالىم ، — سىزنى ئىزدەپ تاپالماي ، خەتتە مۇھىم بىر گەپ بولۇپ قالمىسۇن ، دەپ ئېچىپ قويۇپتۇق...

خەتنى ئۇنىڭ قولىدىن بۇلاپ دېگۈدەك ئالدىم ، شۇ يەردىلا ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىدىم :

× ×

«تىلىۋالدى !

يازغان خەتلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى بىر كۈندە



تاپشۇرۇۋالدىم ، كېچىچە قايتا - قايتىلاپ ئوقۇدۇم ، قاتتىق ھاياجانلانغىنىمدىن يىغلىدىم ، كۈلدۈم . ئەتىسى ئىشقا بېرىپ خىيالىمدىمۇ ئوقۇدۇم...

تىلىۋالدى ، سىز راستتىنلا تىرىكمۇ ؟ زادى مۇشۇ كەڭ ئالەمنىڭ بىر يېرىدە بارمۇسىز ؟ ... مەن خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ قالدىم .

سىز ئادرېسنى خاتا يېزىپسىز . يىراقتىن كەلگەن خەت بولغاچقا ، قايتۇرۇۋېتىشكە پوچتىكەشنىڭ كۆزى قىيماي ، نۇرغۇن سۈرۈشتۈرۈپ ، ئاخىر تېپىپ كەپتۇ . ھازىر بۇ يەردىكى كوچا ئىسىملىرى ئۆزگىرىپ ، ئىشىك نومۇرلىرى ئالمىشىپ كەتتى . ئېيتىپ كەلسەم ، يېڭىلىقلار تولا . شەھەرنىڭ نۇرغۇن كوچىلىرى كېڭەيتىلىپ ، ئاسفالىت ياتقۇزۇلدى . كوچا ياقىلىرىغا قاتار - قاتار ئېگىز بىنالار سېلىنىپ كەتتى . بۇ يېڭىلىقلار كۆز ئالدىمىزدا ھەر كۈنى يۈز بېرىۋاتقاچقا بىزگە يەنە ئانچە بىلىنمەيدىغان ئوخشايدۇ . چەت ئەللەردىن تۇغقان يوقلاپ كەلگەنلەر : «شەھەرنىڭ قىياپىتى باشقىچە بولۇپ كېتىپتۇ . ئۇزاققا بارماي چەت ئەللەردىنمۇ ئېشىپ كەتكۈدەكسىلەر» دەپ ماختىشىدۇ . سىز خېتىڭىزدە يازغان كونا مەھەللىمىزنىڭ ھېلىقى ئەگرى - بۈگرى كوچىلىرى ئانچە ئۆزگەرمىدى . كىشىلەر توپا تاملارنىڭ ئورنىغا خىشلىق تاملارنى ئەتتى . كونا دەرۋازىلارنىڭ تولىسى يېڭىلىنىپ كەتتى . كوچىلار تېخى شۇ پېتى . كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ كوچىلارنى تۈزلەپ ، كېڭەيتىمىز ، دېسە نۇرغۇن ئۆيلەرنى چېقىشقا توغرا كېلىدىكەن . ھازىرچە شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ بۇنىڭغا ئىقتىسادى يېتىشمەيدىكەن . يەنە بەزى باشلىقلىرىمىز شەھەردىكى مۇشۇنداق

بىرقانچە كونا مەھەللىلەرنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشنىمۇ ئويلىشىۋېتىپتۇدەك، مەھەللىمىزنىڭ «ئويمانمەھەللە» دېگەن كونا نامىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرگۈدەك...

مەھەللە ئۆز پېتى بولغان بىلەن مەھەللىمىزنىڭ ئادەملىرىدە كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى. سىز بىلىدىغان چوڭلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۆز ۋاقتىدىكى ئاغىسىز ئىشتان كىيىپ يۈرىدىغان ئۇششاق باللار بىر چىرايلىق يىگىت بولۇپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالماي قالىمەن... راست، مەن نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭ باللىرى توغرىسىدا يازمايمەن؟ ھەر ئىككىلا ئوغلىڭىز — يالقۇن بىلەن دولقۇننىڭ ھازىر بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ قالدى. باشلاپ - ئۇشلايدىغان دادىسى بولمىغاچقىمىكىن، ناھايىتى بەڭباش چوڭ بولۇشتى. ئىككىلىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا «ئاپا، سىزنى باقىمىز» دېيىشىپ مەكتەپتىن چىقىۋالدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇتالمىغىنىمنى ئويلىسام يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى ئېچىشىدۇ. مانا، سىز خېتىڭىزدە يازغان «پاتقاق» لەقىمى بار تۇراخۇن ئاكام ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىككى بالىسى ھازىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ئانىسى ھازىر كىمنى كۆرسە: قاراڭلار، «پاتقاق» لارنىڭ ئىچىدىن ئىككى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى چىقتى، دەپ پەخىرلىنىپ يۈرىدۇ. تۇراخۇن ئاكامنىڭ باللىرىنى ھازىر ھېچكىم «پاتقاق» دەيدىغانغا تىلى بارمايدۇ.

مەھەللىمىزدىكى كونىلارنى ئېسىڭىزدە شۇنچە ياخشى ساقلاپ قالغىنىڭىزغا ھەيران بولدۇم. ئابدۇرېھىمكام «گۆي»



ھازىر قېرىپ قالدى. ھاراقنى تاشلاپ، مەسچىت جامائىتى بىلەن يۈرىدىغان بولدى. ئاچچىقى كەلسە ھازىرمۇ ئاغزىدىن گۆي دېگەن گەپلەر چىقىپ كېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى رېمونتخانىسى ھازىرمۇ بار. دۇكاننى باللىرى ئاچىدۇ. بىر كۈنى ئابدۇرېھىمكام بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ: «مۇنۇ گۆيلار تىلىۋالدىنى قاراپ تۇرۇپلا جىنايەتچى قىلىپ قويغان... سىڭلىم زۆھرە، باللىرىڭنىڭ بىرەرىنى بولسىمۇ بىزنىڭ دۇكانغا ئەۋەت، بىكار يۈرمىسۇن» دەپ چوڭ ئوغلىمىز يالقۇننى ئەكەتكەنىدى. يالقۇن ھازىر ئابدۇرېھىمكامنىڭ باللىرى بىلەن بىللە ۋېلىسىپىت رېمونت قىلىدۇ. باللارنىڭ تاپاۋىتى ياخشى. خېتىڭىزدە ئىسمايىلكام «زاڭ» توغرىسىدىمۇ يېزىپسىزغۇ؟ كىچىك ئوغلىمىز دولقۇن ئىسمايىلكامنىڭ قولىدا ساتىراشلىقنى ئۆگەنىدى. تاپاۋىتى ئاكىسىنىڭكىدىنمۇ ياخشى. ئىسمايىلكامنىڭ بازار ئىچىدىكى دۇكىنى ھازىر ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ كەتتى. سىز مېنى «ساتىراشخانا دېگەن قانچە زاڭلاشسىمۇ كۆتۈرىدىغان يەر» دەپ كۈلدۈرەتتىڭىز. راستتىنلا شۇنداقكەن. ئىسمايىلكام كونا دۇكاننى چېقىپ يېڭىلاپ سالدى. دۇكاندا ئىككى - ئۈچ شاگىرت باللاردىن باشقا، ئىچكىرىدىن كەلگەن مەخسۇس ئاياللارنىڭ چېچىنى بوياپ، بۇدۇر قىلىدىغان خېنىملارمۇ ئىشلەيدۇ. دولقۇننىڭ ئېيتىشىچە، دۇكاننىڭ ئىچىدە قاتلىما ئورۇندۇق، تام تۈۋلىرىدە يۇمشاق ساپا، تاملاردا ھەرخىل چاچ پاسونلىرىنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرسىتىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ رەسىملەر چاپلاقلىق ئىكەن. ئۇدۇل بىر تام باشتىن - بويىغىلا ئەينەك ئىمىش. ئىسمايىلكام «زاڭ»نى ھازىر ھەممىسى «ئىسمايىل لاۋبەن» دېيىشىدۇ. «لاۋبەن» دېگىنى «ئىسمايىل

خوجايىن ، دېگىنى ئوخشايدۇ . ھازىر ئۇ ئۆزى ساتىراشلىق قىلمايدۇ . دۇكاندىكىلەرگە يولىيورۇق كۆرسىتىپ ، قىزىل بىر موتىسكلىتنى تاتاتىلىتىپ مىنىپ ، دۇكاننىڭ كەم - كۈتە نەرسىلىرىنى تەييار قىلىپ بېرىپ يۈرىدۇ . ئىسمايىلكامنىڭ ھېلىقى بەزى قىلىقلىرى ئۆزگەرمىدى . ئىسمايىلكام يېقىندا مەھەللىدىكى كونا ئۆيلىرىنى بۇزۇپ ، ئاستى - ئۈستىنى تاختايلىق قىلىپ يېڭى ئۆيلەرنى سالدۇرغانىدى ، دەرۋازىسىغا كەلگەندە ، كىشىلەرنى بىر ھەيران قالدۇراي دېدىمۇ ، قىزىل ، يېشىل ، كۆك دېگەندەك ئالىيېشىل سىردا بوياپ ، بىر ئوبدان يېڭى دەرۋازىنى قۇراق كۆرپىگىلا ئوخشىتىپ قويۇپتۇ . ئۇ تېخى ئېشىپ قالغان سىرنى كۆتۈرۈپ ، مەھەللە مەسچىتىنىمۇ شۇنداق بويىۋەتمەكچى بولۇپ چىقىپتىكەن ، مەزىن ئاخۇنۇم : «ئۆزۈڭنىڭ زاڭلاشقىنىڭنى ئاز دەپ ئەمدى مەسچىتنى نېمە قىلماقچىسەن !» دەپ قوغلىۋېتىپتۇ .

كونا تام قوشنىمىز ئابلاكام «پىت»مۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتتى . ئۇنىڭ ئوغلى ئابلىزنىڭ سودىگەرچىلىك قىلمەن ، دەپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالدى . مەھەللىگە بىر قېتىممۇ كەلمىدى ، ئاڭلىساق ، ئۇ ئىچكىرىنىڭ گۇاڭجۇ دەمدۇ ، شېنجېن دەمدۇ ، شۇنداق بىر يەرلىرىدە قاڭقىپ يۈرۈپتۇ . بەزىلەر ھالى خارابكەن ، دېيىشىدۇ ، بەزىلەر بېيىپ كېتىپتۇ ، دېيىشىدۇ . ئۇ ئۆزى : پۇلنى تازا تېپىپ ، ئاتا - بوۋامنىڭ «پىت» دېگەن لەقىمىنى يۇمغىچە ئۆيگە قايتمايمەن ! دەپ يۈرگۈدەك .

خېتىڭىزدە ئەسلىگەن ياسىن «يالغان» ھازىر مەھەللىمىزدىن چىققان چوڭ بايلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى . يىلدا



بىر - ئىككى قېتىم ئىچكىرىگە كىرىپ چىقىدۇ . ئۇنىڭ قانداق يوللار بىلەن بېيىپ كېتىۋاتقىنىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ . ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە ، سودا دېگەنگە يالغان ئارىلاشمىسا پەقەت بولمىغۇدەك ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئوقەتتىگە دەسمايىمۇ كەتمىگۈدەك ؛ باشقىلارنىڭ مېلىغا خېرىدار تېپىپ بېرىپ ، ئالارمەن بىلەن ساتارمەننى بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرماي ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىپلا بېيىپ كېتىپتۇدەك . ياسىن «يالغان»نىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ قانچىرەكى راست ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ . يېقىندا ئۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن دەۋالىشىپ يۈرۈپ ، بازار ئىچىدىكى بىر كونا جاينى قايتۇرۇۋالدى . ئۇ يەرگە ئۈستىنى مېھمانخانا ، ئاستىنى سودا دۇكىنى قىلىپ ئۈچ قەۋەتلىك بىنا سالدۇردى . ئۇچراشقانلارغا ئۇ : «ئەسلىدە بۇ بىنا چېرتيوژدا بەش قەۋەت ئىدى . مەن يوق ، ئۈچ قەۋەت بولۇپ قاپتۇ . يەنە بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن بۇنىمۇ چېقىپ ، ئون قەۋەتلىك قىلىپلا سالدۇرىمەن . مەھەللىدىكى بىكارچى ياش باللارنىڭ ھەممىسىنى شۇ يەرگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىمەن» ، دەپ پو ئېتىپ يۈرىدۇ . ھازىر ئادەملەر ئۇنىڭ يالغان گېپىگىمۇ خېلى ئىشىنىدىغان بولۇپ قالدى .

تىلىۋالدى ، سىزگە نېمىلەرنى يېزىپ كەتتىم . قىلىدىغان مۇھىم گەپلەر بىر ياقتا قېلىپ ، باشقىلا گەپلەرگە چۈشۈپ كېتىپتىمەن . ئايرىلغىنىمىزغا ئۇزاق يىللار بولۇپ كەتتى . يىغلىپ قالغان سۆزلىرىم تولا . ھەممىنى بىراقلا ئېيتقۇم كېلىدۇ . قايسىنى بۇرۇن ، قايسىنى كېيىن ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن .

خېتىڭىزنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ، سىز كېيىنكى نۇرغۇن

ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىكەنسىز ، ئۆتكەن ئىشلار ئاللىبۇرۇن ھەقىقەتلىنىپ بولغان . سىز كۆپنىڭ ئالدىدا پاك ئادەمسىز . ئىشنى بېشىدىن سۆزلەي :

سىز ھېلىقى ئايالغا كۆمۈر چۈشۈرۈپ بېرىپ ، ھاراقنى تۈگىتىپ ئىچىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئېرى كەپتۇ . ئۇستەل ئۈستىدىكى ئېشىپ قالغان تاتلىق ـ تۈرۈم ، سەي ، چاي ، قىيسايغان بوتۇلكىلارنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇركۈپتۇ . «نېمىشقا سەن مەن يوق چاغدا يات بىر كىشىگە ھاراق قۇيۇپ بېرىسەن ! » دەپ ، تالادا ئىشىكنىڭ يېنىدا تامغا تىكلەكلىك تۇرغان گۇرجەكنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ، خوتۇنىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپلا قويۇپتۇ . ئەسلىدە ئۇ ئايالدىن گۇمانلىنىپلا يۈرىدىغان بىر نەرسە ئىكەن . شۇڭا ئۇ قونۇپ ئىشلەۋاتقان يېرىدىن يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز قايتىپ كىرگەنىكەن . بۇ قارا نىيەت خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ ، ئىزىنى يىتتۈرۈش ئۈچۈن يەنە ئىشلەۋاتقان يېرىگە كېچىلەپ قايتىپ كېتىپتۇ . ئىچكەركى ئۆيدە ئۇلارنىڭ يەتتە ـ سەككىز ياشلار چامىسىدا بىر قىزى بار ئىكەن ، بولغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن كۆرۈپ تۇرۇپتۇ .

كېيىن ، سىز يىگىرمە يىلغا كېسىلىپ تۈرمىگە كىرىپ كەتتىڭىز ، ھېلىقى قاتىل ئايالى ئۆلۈپ بىر يىل بولا ـ بولمايلا ئۆزى بۇرۇن باردى ـ كەلدى قىلىشىپ يۈرگەن بىر ئايال بار ئىكەن ، شۇنىڭ بىلەن توي قىلىۋاپتۇ . كېيىنكى خوتۇنى قىزىنى ياخشى كۆرمىگەن ئوخشايدۇ ، قىزنى ئاپىرىپ قىيناتىسىغا تاشلاپ بېرىپتۇ . بىر كۈنى ھېلىقى قىزچاق بوۋىسى بىلەن بىزنىڭ ئىشىكىمىز ئالدىدىن ئۆتۈپ قالغانىكەن ، بوۋىسى بىز



تەرەپنى كۆرسىتىپ ، «ئاپاڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىل مانا مۇشۇ قورۇدا ئىدى » دېگەن گەپنى قىپتۇ . قىز بوۋىسىغا : «بوۋا ، ئاپامنى ھېلىقى كۆمۈر ئەكەلگەن ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ، دادام ئۆزى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ! » دەپتۇ . قىزنىڭ بوۋىسى ئۆزىمۇ كۆيئوغلىدىن سەل گۇمانلىنىپ يۈرگەنىكەن . نەۋرىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، «نېمە دېدىڭ ! ؟ » دەپ تۇرۇپلا قاپتۇ . قىز ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بوۋىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ . بۇ ئادەم نەۋرىسىنى دەرھال ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ ، ۋەقەنى باشقىدىن سۆزلىتىپ ئۈنئالغۇغا ئېلىۋاپتۇ ، ئاندىن ئەھۋالنى ساقچىخانىغا مەلۇم قىلىپتۇ .

ئىش ئېنىقلىنىپ ، ھېلىقى قاتىل قولغا ئېلىندى . ئەپسۇسكى ، بۇ چاغ سىز تاغ غۇلىغاندا كۆمۈلۈپ قالغانلار قاتارىدا ئۆلگەن ھېسابلىنىپ ، بىز نەزىر ـ چىراغلىرىڭىزنى ئۆتكۈزۈپ بولغان ۋاقىت ئىدى . قانۇن ئورۇنلىرى مەھەللىدە چوڭ يىغىن ئېچىپ ، سىزنىڭ ئاقلىنىش قەغىزىڭىزنى قولۇمغا بەردى . قۇرۇق قەغەزنى تۇتۇپ يىغلىدىم . شۇ كۈنلەردە ئىككى بالام بىلەن تازا قىيىنچىلىق تارتىۋاتاتتىم . مەھەللە ھۆكۈمىتى بالىلار ئۈچۈن ھەر ئايدا ئاز ـ تولا قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىپ تۇرىدىغان بولدى . كېيىن ، باشلانغۇچ مەكتەپكە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشتىم .

تىلىۋالدى ، ئېغىر كۈنلەر يەنە ئۇنتۇلۇپ كېتىدىكەن . بالىلارمۇ ئاخىر چوڭ بولدى . مەھەللىدىكىلەر يەنە بالىلىرىمىزنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ ئىشسىز قويمىدى . مانا ھازىر ئۆيدىكى ھەممىمىز ئىشلەيمىز . مەنمۇ رەسمىي دۆلەت ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم . ھېلىقى سىز كېچىسى دەرۋازىسىنى ئۇرۇپ سوقۇشقان

ئەترەت باشلىقىمىز هازىر قېرىپ، باشلىقلىقتىن قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ: «تىلىۋالدى ئەترىتىمىزنىڭ كونا ئەزاسى ئىدى. شۇ بالىغا قاتتىق ئۇۋالچىلىق بولدى»، دەپ ئۆزى يول مېڭىپ يۈرۈپ، بىزگە بىر جايلىق يەر ھەل قىلىپ بەردى. بۇلتۇر ئۇ يەرگە چىنىدەك چىرايلىق ئۆي سېلىپ كۆچۈپ چىقىۋالدۇق. هازىر ھەممە نېمىمىز تەل. ئەگەر سىزلا كېلىپ قوشۇلسىڭىز ئارمىنىمىز قالمايتتى.

سىز تۇرغان ئۇ يەرگە نېمىشقا قار ياغمايدۇ؟ مەن خەرىتىنى ئاختۇرۇپ، ئادرېسقا يازغان يېرىڭىزنى زادىلا تاپالمىدىم. كاللام ئېلىشىپلا كەتتى. باللىرىدىم «ئاپا، نېمە ئىش قىلىۋاتقانسەن!»، دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشتى. ئىمىر - چىمىر خەتلەر، سانسىز چېگرا سىزىقلىرى… راست ئېيتىسىز، پۇقرا ئۈچۈن بۇ سىزىقلارنىڭ نېمە لازىمى؟!… سىز ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىڭىزنى يېزىپسىز، مەن بۇقۇلداپ يىغلىدىم، شۇ كۈنلەرگە يېتىپ كەلگۈچە تولچىلىقتا تارتقان جاپالىرىم ئازمۇ. ئەمدى سىزنىڭ هاياتلىق خەۋىرىڭىزنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان ۋاقتىمىزدا، خۇدا قايتا بىر جۇدالىقنى بېشىمىزغا سالارمۇ؟!…

تىلىۋالدى، بىر ئىلاجىنى قىلىپ تېز قايتىپ كېلىڭ. سىز ئۇ يەردىكى ئايالىڭىز ھەققىدە يېزىپسىز، ئۇ چوڭ بولسا ھەدەم، كىچىك بولسا سىڭلىم بولسۇن. خالىسا بىللە ئەكېلىڭ. باللار ھەممىمىزنىڭ باللىرى… باللارنىڭ توي ئىشچۇ؟ مەن سىزگە تېخى بۇنى يېزىشنى ئۇنتۇپتىمەن، خۇددى بىز سىزنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، قۇدىلىشىدىغان يەرلىرىمىز بىلەن پۈتۈشۈپ، توي كۈنىنى بېكىتمەي تۇرغانىدۇق. مېھمانلارنىڭ ئالدىدا باللىرىمىنىڭ ئۆز دادىسى قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرسا، مەن



ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئۇشۇق بەخت بولامدۇ؟… تىلىۋالدى، بىر چاغلاردا سىز ماڭا «سېنى بەختلىك قىلىمەن»، دەپ ۋەدە بەرگەنىدىڭىزغۇ؟ ئويلىسام، شۇنچە جاپالارنى تارتىپتىمەن. ئاخىرىدا بولسىمۇ ئازراق خۇشال قىلىڭ!…»

× ×

كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياشلار قۇيۇلدى. بۇ ئاددىيلا بىر پارچە خەت ئەمەس، مېنىڭ گۇناھسىزلىقىم توغرىسىدىكى تۇنجى خۇش خەۋەر، تۇغۇلغان يۇرتۇمنىڭ، باللىرىمنىڭ چاقىرىق قەغىزى ئىكەن. كۆڭلۈمدىكى مىسكىنلىك كۆتۈرۈلۈپ، مېنىڭمۇ ئىگىلىرىم بارلىقى بىلەن پەخىرلەندىم. قېيناتام كۆكسى - قارنى كەڭ ئادەم. ئۇ:

— تىلەك ئەپەندى، ۋەتەنگە قايتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— قايتىمەن! — دەپ كەسكىن ئېيتتىم.

— بوپتۇ بېرىڭ، — دېدى ئۇ رازى بولغان هالدا، — ئۇ يەردە باللىرىڭىز، ئايالىڭىز تۇرۇپتۇ. ۋەتەن دېگەن ئۇلۇغ نەرسە. ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى بىز كۆپ تارتقان. سىزنى چۈشىنىمىز… ھىدايەت سىزنىڭ ئىلكىڭىزدىكى خوتۇن، ئۇنى ئەكەتسىڭىزمۇ، قويۇپ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ؛ رۇخسەت خېتىنى بېرىۋەتسىڭىزمۇ ئىختىيار سىزدە. ھەممە ئىش ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ.

ئايالىم كېلىپ مۈرەمگە ئېسىلىپ، ئۆنچىقماي كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇ ئەردىن بەختى كەلمىگەن شۇنداق سەۋرلىك ئايال.

— بوپتۇ بېرىڭ، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ قۇلىقىمغا

ئاستا ، ـ باللىرىڭىزنى كۆرۈڭ . مېنى ئۇنتۇپ قالماسسىز ؟… سىزگە بىرەر پەرزەنت تۇغۇپ بېرەلمىگىنىمگە ئازابلىنىمەن .

زۆھرە ، مانا ئارىدىن يەنە ئىككى ئايچە ئۆتتى . شۇ كۈنلەردە مەن ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتىم . ۋەتەنگە قايتىش رەسمىيىتىم ئاخىر پۈتتى… بۇ يەردە قۇياش ھېلىمۇ ئوتتەك قىزدۇرۇپ تۇرۇپتۇ . بىزنىڭ يۇرتلاردا ھازىر كەچ كۈز بولۇپ ، بەلكىم قارمۇ چۈشۈپ قالغاندۇر ؟ نېمىشقىدۇر خىيالىمدا شۇ مۇقەددەس ماكانغا ئاپئاق قار لەپىلدەپ چۈشۈپ تۇرغان بىر قۇتلۇق كۈندە قەدەم باسسام دەپ ئارزۇ قىلىمەن .

زۆھرە ! سەن خېتىڭدە : ئېسىڭىزدىمۇ ، سىز ماڭا «سېنى بەختلىك قىلىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەنىدىڭىز ؟ دەپ يېزىپسەن ، شۇ ۋەدەمنى قاچان ، قەيەردە لەۋزە قىلغانلىقىم ھازىرقىدەك يادىمدا تۇرۇپتۇ . قۇياش كۈچسىز نۇرىنى چېچىپ كۈلۈپ تۇرغان بىر قىش كۈنى ئىدى . بىز قارلىق دالىدا كېتىپ باراتتۇق . ئەتراپىمىزدىكى قارلار قۇياش نۇرىدا خۇددى بىرى ئۈستىگە ئۈۋۈتىلغان ئەينەك پارچىلىرىنى چېچىۋەتكەندەك يالتىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى . سەن شەھەردىن ئون كىلومېتىرچە نېرىدىكى بىر يېزىدا تۇرىدىغان تاغاڭنىڭ ئۆيىگە كېتىپ باراتتىڭ ،مېنىڭ يېزىدا قىلىدىغان ئىشىم بولمىسىمۇ ، سېنى تاغاڭنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈنلا بىللە ماڭغانىدىم . يولدا بىز بىر دېھقاننىڭ ئۆكۈز ھارۋىسىغا چىقىۋالدۇق . ھارۋىدا ئولتۇرۇپ قارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىز ھەققىدە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق . ھېلىقى دېھقان بىزگە قاراپ :



— باللىرىم ، سىلەر قارنى نېمىشقا ياخشى كۆرىسىلەر ؟ — دېدى .

— قار ئاق ، ياغقاندا جىمى جاھان كۆڭۈللۈك بولۇپ كېتىدۇ ، — دېيىشتۇق ، راستىنى ئېيتقاندا تۈزۈكرەك جاۋاب بېرەلمىدۇق . دېھقان كۈلۈپ :

— شەھەرلىكلەر بىلەن چۈشەنچىمىز ئوخشاشمىكەن . مانا ، مەنمۇ بىر چاغلاردا شەھەردە ئوڭدا يېتىپ نان يەيدىغان بىكار تەلەپلەردىن ئىدىم . يېڭى ھۆكۈمەت كەلگەندە «يېزىغا چىقىڭلار !» دەپ تەشۋىق قىلدى . «ئادەم ئۆمرىدە بىرلا قېتىم توي قىلىدۇ ، مانا يېڭى زاماندا سىلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىم تويۇڭلار بولدى !» دەپ مەيدىلىرىمىزگە گۈللەرنى تاقاپ ، داقا-دۈمباقلارنى چېلىپ ، بۇ يەرگە ئاچىقىپ قويدى . شۇنىڭدىن بېرى مانا بۇ ئاسمىنى كەڭ يەرلەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدۇق ، — دېدى .

دېھقاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈشتۇق ، ئاندىن ئۇنىڭدىن :

— ئەمىسە ، سىز قارنى ياخشى كۆرمەمسىز ؟ — دەپ سورىدۇق .

— ياخشى كۆرىمەن ! — دېدى ئۇ ، — قار خۇدانىڭ رەھمىتى ، مول ھوسۇلنىڭ كاپالىتى . ناھايىتىمۇ خاسىيەتلىك نەرسە . ئۇ قىشچە يەر - جاھاننى قۇچاقلاپ يېتىپ ، زېمىنغا چۈشكەن ھاياتلىق ئۇرۇقىنى سوغۇقتىن قوغدايدۇ…

بىز بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىگە چۈشەندۇقمۇ ، چۈشەنمىدۇقمۇ ، ئىشقىلىپ ، يەنە كۈلۈشتۇق ، ئاندىن سەن قۇلىقىمغا :

— مۇشۇ مىسلداپ ماڭىدىغان كالا ھارۋىسى دېگەن بىلەن

پەقەت خۇشۇم يوق . پۇشقۇرۇپ تۇرغان ئاتلار قېتىلغان هارۋا بولسا ، كىشىنى قويۇندەك ئۇچۇرتۇپ كەتسە ، ئاجايىپ هۇزۇر بولاتتى ، — دېدىڭ .

يېرىم يولغا بارغاندا بىز دېھقانغا رەھمەت ئېيتىپ هارۋىدىن چۈشۈپ قالدۇق . يېقىن ئارىلىقنى تاللاپ ، ئاياغ يول بىلەن ماڭدۇق . يول بويى يۈگۈرۈشۈپ ، بىر - بىرىمىزگە قار ئېتىشىپ ، تويۇقسىز قۇچاقلىشىپ قالدۇق . كۆڭۈل سىرلىرىمىزنى ئېيتىشتۇق . ھېلىقى ۋەدىنى مەن شۇ چاغدا بەرگەنىدىم . شۇ غەمسىز ، كۆڭۈللۈك چاغلارنى ئەسلىسەم ، ھېلىمۇ كىچىلىرى «قار ، قار !» دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كېتىمەن .

زۆھرە ، چېگرىدىن چىقىش رەسمىيىتىنى پۈتتۈرگۈچە بىر ئىدارىدىن يەنە بىر ئىدارىگە ، بىر ئەمەلدارنىڭ ئالدىدىن يەنە بىر ئەمەلدارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ ، ئىشنىڭ تولىلىقىدا كاللامغا كىرىۋالغان ئۆلۈم ۋەھىمىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىم . ئىشتىھايىممۇ ئوبدان بولۇپ قالدى . باشقىلار : ‹ئەپەندىم ، يېقىندىن بېرى چىرايىڭىز ياخشىلىنىپ قاپتۇ ، سىزگە يەنە ئەت قونۇشقا باشلاپتۇ… › ، دېيىشىدۇ . ماكانسىزلىقنىڭ دەردى ئۈستىخاندىن ئۆتكەندە ئۆز يۇرتۇمنىڭ چۆللىرىدە ئۆلۈپ قالمىغىنىمغا ، مەھبۇسلار بىلەن تاغ ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتمىگىنىمگە پۇشايمان قىلغان چاغلىرىم بولغانىدى . قارىغاندا يەنە تەقدىرنىڭ باشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بار ئوخشايدۇ . تەڭرىدىن تىلەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى تىلىكىم — ئۆلسەممۇ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن شۇ تۇپراققا يېتىپ بېرىپ ئۆلەي !



زۆھرە ، كېچە مەن يەنە ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتىمەن . چۈشۈمدە قارلىق چوققىلارغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقۇدەكمەن ، بىردىنلا پەيدەك يەڭگىل بولۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتىمەن… بىر چاغدا ، ئۆزۈم ئويناپ چوڭ بولغان ۋادىلارغا ئاپئاق قار بولۇپ يېغىۋاتقۇدەكمەن . قىشچە شۇ زېمىننى مەھكەم قۇچاقلاپ يېتىپتىمەن ، كېيىن ، ئۈستۈمدە ئىللىق قۇياش پارلاپتۇ . شادلىقتىن جىسمىم ئاستا - ئاستا ئېرىپ تۈگەپتۇ . باھار كەلگەندە ، مەن ئېرىپ سىڭگەن تۇپراقتىن رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئۈنۈپ چىقىپتۇ…

خەير ، كۆرۈشكىچە سالامەت بولۇڭلار !

1992 - يىل ، غۇلجا

**图书在版编目（CIP）数据**

新旧轶事/买买提依明·吾守尔著．－乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2009.12
(买买提依明·吾守尔作品集．第2辑)
ISBN 978－7－5371－8022－1

Ⅰ．新… Ⅱ．买… Ⅲ．短篇小说－作品集－中国－当代 Ⅳ．1247.7

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第221994号

责任编辑：**阿布里克木·艾山**
责任校对：**阿布列孜·阿巴斯**
封面设计：**阿里甫·夏**

买买提依明·吾守尔作品选（2）
**新旧轶事**（维吾尔文）
**买买提依明·吾守尔** 著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路29号 邮编：830012）
E-mail: xjyashlar@126.com
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168毫米 32开本 12.125印张
2009年12月第1版 2015年4月第3次印刷

ISBN978-7-5371-8022-1 定价：30.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换